ئالىمجان ئىسمائىل



# قىسمەت

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# قىسمەت

(رومان)

ئاپتورى: ئالىمجان ئىسمائىل

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا، 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 14.375
2007 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN978—7 — 5371 — 4699 — 9
سانى: 1—4060
باھاسى: 25.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



# ئالىمجان ئىسمائىل

# 1

ھەلىمە بىر خىل جىددىيلىك، ئالاقزادىلىك ئىچىدە قورۇغا كىردى. مەجنۇنتاللار قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان، گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن جىمجىت ۋە ئازادە باشلىقلار قورۇسى بۈگۈن ئۇنىڭغا بۆلەكچە سۈرلۈك، قانداقتۇر بىر خىل ۋەھىملىك تۇيۇلدى. دەرۋازىدىكى قورallىق ساقچىمۇ ئۇنى تونۇۋېلىپ بېشىدىن - ئايىغىغىچە گۇمانلىق نەزەردە قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كىمنى ئىزدەيدىغانلىقىنى، نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە سوراپ بولۇپ نەگىدۇر تېلېفون قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەلىمەنى كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. ھەلىمە ئىلگىرىمۇ نەچچە قېتىم بۇ قورۇغا كەلگەن، لېكىن بۇنچىلىك قاتتىق تۇسۇپ كەتمىگەنىدى. ساقچىنىڭ بۈگۈنكى مۇئامىلىسى ئۇنىڭسىزمۇ دەككە - دۈككە ئىچىدە تۇرغان ھەلىمەنى تېخىمۇ بەتتەر جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى.

ھەلىمە «ئۇھ» دېدى - دە، تونۇش ئاسفالت يول بىلەن قورۇنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى. قورۇ ئىچى جىمجىت ۋە سالقىن ئىدى. ئايرىم - ئايرىم سېلىنغان، ئالدى تۆمۈر رىشاتكا بىلەن قورشالغان ھويلىلاردا ئادەم كۆرۈنمەيتتى، پەقەت يول بويىدىكى قويۇق دەرەخلەردىكى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىغان ئاۋازىلا بۇ ھەشەمەتلىك قورۇنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. قورۇنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر يەردىن كاككۇكنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلانغانىدى، ھەلىمەنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئېسىگە «لىپ» قىلىپ ئۇزاقتا قالغان قىزلىق چاغلىرى كەلدى: ئۇ كاككۇكنىڭ ئاۋازىغا تولىمۇ خۇشتار ئىدى. شۇنى بىلگەندەكلا ھەر يىلى ئۇلارنىڭ بېغىغا كاككۇك كېلەتتى. ھەلىمە كاككۇك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان قىلىۋاتقان

ئىشنى تاشلاپ باغقا كىرەتتى ۋە سائەت ـ سائەتلەپ ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق سايرىشىغا قۇلاق سېلىپ شېرىن خىياللارغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى . كېيىن ئۇ ياسىن بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى ئەترەتنىڭ بېغىغا ھەر يىلى ئەتىيازدا كاككۇك كېلەتتى . ھەلىمە بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئۇنسىز مۇڭدىشاتتى...

ھەلىمە ئالدىدىن كېلىۋاتقان پىكاپنىڭ ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ بەرگەن سىگنالىدىن ئېسىگە كەلدى . ئۇ ھودۇققان ھالدا ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ، يەر ئاستىدىن ماشىنىغا زەن سالدى . ماشىنا يېنىك ۋىشىلداپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى . «ياسىنىنىڭ ماشىنىسى ئەمەس ئوخشايدۇ » دەپ ئويلىدى ئىچىدە ۋە يېنىك بىر نەپەس ئېلىپ قەدىمىنى تېزلەتتى . ئۇ ئازراق مېڭىپ ئوڭغا قايرىلدى ۋە يىراقتىنلا ئۇزۇم باراڭلىق ھويلىنى كۆردى . بۇ ئۇنىڭ قۇدىسى — ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تۇردى ئوسماننىڭ ئۆيى ئىدى . تۇردى ئوسمان يېقىندا تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ ئۈرۈمچىگە داۋالىنىشقا كەتكەن ئىدى . تۈنۈگۈن ھەلىمە ئوغلى ئەنۋەردىن ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، بۈگۈن شۇ قۇدىسىنى يوقلاپ كېلىشى ئىدى . ئۇ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى دېمىگەن بولسا بۇ قورۇغا دەسسىگۈسى پەقەتلا يوق ئىدى . ئۇ ئەتىگەندىن بۇيان نەچچە تەمشىلىپ نەچچە يالتايدى ، ئاخىرى ئوغلىنىڭ يۈزى چوڭ كەلدى .

ئىشىكنى خىزمەتچى قىز ئاچتى . ئۇ ھەلىمەنى كۆرۈپ قىزغىن ئەھۋال سورىدى ۋە ئۇنى ساپالار بىلەن توشتۇرۇلغان مېھمانخانىغا باشلاپ تۇرۇپ :

— مەن ئاتىكەم ئاچامنى چاقىراي ،— دېدى ـ دە ، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى .

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىچكەركى ئۆيدىن ئېغىر چايقىلىپ دەسسەپ قۇدىسى ئاتىكەم چىقتى . ئۇ ئۇيقۇدىن ئەمدى

ئويغانغان بولسا كېرەك ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن ، گۆشلۈك يۈزىگە ياستۇقنىڭ ئىزى چىقىپ قالغانىدى . تۇردى ئوسمان بىلەن بەسلەشكەندەك تەڭ سەمرىۋاتقان بۇ ئايال ھەلىمەنىڭ كۆزىگە بۈگۈن سەل تارتىلىپ ، خالتىلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ ھەلىمە بىلەن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا سالقىن سالاملاشتى .

— سىلىنى دەم ئالغۇزماي قويدۇممۇ نېمە ؟ — ھەلىمە ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ئۆزرە ئېيتتى ، — ئاخشام ئەنۇەردىن سىلەرنىڭ يېنىپ كەلگىنىڭلارنى ئاڭلاپ كۆرۈشۈپ كېلەي ، دەپ كەلگەنىدىم… مىجەزلىرى يوقمۇ نېمە ؟

— قاندىكى شېكەر ئۆرلەپ قالدىمىكىن ، ئەتىگەندىن بېشىم قېيىپ بوشىشىپلا قالدىم ، شۇڭا دورا ئىچىپ .ياتقانىدىم ، — دېدى ئاتىكەم ئۇھ تارتىپ قويۇپ ، — ئىلاھىم تەن ساقلىقتىن ئايرىمىسۇن دېسىلە ، دۇنيادا ھەممە نېمە تېپىلىدىكەن ، سالامەتلىك تېپىلمايدىكەن ، ياش ۋاقتىمىزدا خۇدىمىزنى بىلمەي ئىشلەپ-تۇق ، ئۆزىمىزنى ئاياشنى بىلمەپتۇق ، مانا ئەمدى شۇنىڭ دەردىنى تارتقىلى تۇردۇق… ۋاقتى كەلگەندە ئىشلىگەنلىرىڭىز خەققە ، تارتقان جاپايىڭىز ، ئارتۇقالغان كېسەللىكىڭىز ئۆزىڭىزگە بولىدىكەن…

ئاتىكەمنىڭ كۆرۈشە - كۆرۈشمەي قايناپ كېتىشىگە ھەلىمە ھەيران بولدى . «بۇ خېنىم ئەجەب بىر سۆزلەپ كەتتىميا ، تۇردى ئوسماننىڭ ۋالىي بولالمىغانلىقى ئوبدانلا ئېغىر كەلگەن ئوخشىمامدۇ بۇلارغا ؟ ! ھېلىمۇ شۇنچىلىك ئەمەلگە ئېرىشتى ، ئاتا - بوۋىسى كۆرمىگەن ھۇزۇر - ھالاۋەتنى كۆرۈۋاتىدۇ . مۇشۇ ئاتىكەممۇ تۇزۇككىنە ئوقۇمىغان نېمە ئىدى ، ئېرىنىڭ سايىسىدە ئۆسۈپ ئاياللار بىرلەشمىسىگە مۇدىر بولدى . ھازىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن نى - نى بىلىملىك ئادەملەر ئادەتتىكى بىر خىزمەتنى تاپالماي ئىشسىز يۈرۈۋاتىدۇ . بۇلار بولسا تېخى شۇ مەنسەپكە رازى ئەمەس ، شۇڭا قارىغاندا ئەمەل ئۆسكەنسېرى قانا-

نىڭمۇ مىجەزى يوق ئىكەن، ئاۋارە قىلماي.
خىزمەتچى قىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى يېنىك چايقاپ قويۇپ ئاستا دېدى:
— يېڭى ۋالىي كەلگەندىن بۇيان تەڭلا كېسەل بولۇپ كەتتىڭىز بولار، نېمىنى تالىشىدىكىنتاڭ؟...
خىزمەتچى قىز شۇنداق دېگىنىچە تۇمشۇقى بىلەن ئۇدۇلدىكى ئۆينى ئىما قىلدى. قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەلىمە چۆچۈگەندەك ئۇ كۆرسەتكەن ئۆيگە قاراپ قويدى. ھەلىمەگە ھېلىلا ئاشۇ ئۆيدىن ئۇنىڭغا تونۇش ئادەم چىقىپ كېلىدىغاندەك، ھەلىمەنى كۆرۈپ: «سەن بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟» دەپ ۋارقىرايدىغاندەك تۇيۇلۇپ، ئەزايى - بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى.
— ياسىن ۋالىي مۇشۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەلىمە ئەندىكىپ تۇرۇپ.
— ھەئە... سىلى ئۇ ئادەمنى تونۇملا؟... خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئادەم ئەسلىي مۇشۇ يەرلىكمىشقۇ؟
ھەلىمە نېمە دېيىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى - دە، قىز بىلەن ئالدىراپ خوشلاشتى. ئۇ بۇ قارغىش تەگكۈر سۈرلۈك قورۇدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشنىلا ئويلايتتى. ئۇ ئۇزۇم باراڭنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ يولغا چىقتى ۋە قارشىسىدىكى ئۆيگە چۆچۈگەندەك قاراپ قويدى. ئۇ ياسىنجان ئۆمەرنىڭ يېقىندا ۋىلايەتكە ۋالىي بولۇپ كەلگەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان، كۆڭلىدە: «ئۇنى مۇشۇ قورۇدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كۆچۈپ كەلگەندۇ؟!» دەپ پەرەز قىلغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ تۇردى ئوسمان بىلەن ئۇدۇل قوشنا بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. «كۆزۈڭگە مىخ بولۇپ قادىلىپ تۇرىمەن دەپتۇ - دە! ھەي، ياسىن، نېمە دەپمۇ بۇ يەرگە كەلگەنسەن، بىزنى تىنچقىنا ياشىغىلى قويساڭ بولماسمىدى؟...» ھەلىمە چىگىش خىياللارغا چۆمگەن ھالدا ئۇدۇلدىكى ئۆيگە قاراپ قويدى. دېرىزىلەرگە رېشىلىيە ئىشلىگەن

ئاپئاق پەردە تارتىلغان ئۆي سۈكۈت ئىچىدە تۇراتتى . ھەلىمەگە ئاشۇ دېرىزىلەرنىڭ بىرىدە كىمدۇر بىرى ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي كۆزىتىپ تۇرغاندەك سېزىلىپ ۋۇجۇدىنى سوغۇق بىر تىترەك قاپلىدى . ئۇ خۇددى بۇ سۇرلۇك قورۇغا ئوغرىلىقچە كىرىپ قالغان ئادەمدەك ھودۇقۇپ كەتتى ۋە يەرگە قارىغىنىچە قەدىمىنى تېزلەتتى .

ھەلىمە ئالدىدىن كەلگەن ماشىنىنىڭ سىگنالىدىن ئېسىگە كەلدى . سىرلىرى ۋالىلداپ تۇرغان قارا پىكاپ ئۇنىڭغا ئۇن قەدەمچە ئارىلىقتا كېلىپ توختىدى - دە ، ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكىدىن ئاۋۋال پۈزۈر كىيىنگەن ، زىلۋا بويلۇق ئايال چۈش-تى . ھەلىمەنىڭ كۆزى ھەممىدىن بۇرۇن ئۇنىڭ پەرداز بىلەن پارقىراپ تۇرغان ئاق سېرىق يۈزىگە چۈشتى . ئۇنىڭ سوزۇنچاق كەلگەن يۈزى شۇنچىلىك سىلىق ، پارقىراق تۇراتتى . ئىنچىكە تېرىلگەن قاشلار ئاستىدىكى قوڭۇر كۆزلەر خۇددى ھەممىنى ياراتمىغاندەك بىزارلىق بىلەن تىكىلەتتى . ئۇنىڭ بۇدۇر قىلىنغان قوڭۇر چېچى ئىنچىكە بويىنىنى ياپقان ، پەقەت ئۇ ياق - بۇ ياققا قارىغاندا بويىنىدىكى ئالتۇن زەنجىرى كۈن نۇرىدا ۋالىلداپ چاق-ناپتتى . ئايال ماشىنىنىڭ ئالدىدا تېڭىرقاپ تۇرغان ھەلىمەگە بىپەرۋا قىياپەتتە قاراپ قويدى - دە ، بىر قەدەم چامداپ ئالدىدىكى شوپۇرغا ئېڭىشىپ بىرنېمىلەرنى دېگىنى تۇردى . ھەلىمەنىڭ قۇ-لىقىغا ئۇنىڭ چاڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى . شۇ ئارىلىقتا پىكاپنىڭ ئوڭ تەرەپ ئىشىكى ئېچىلىپ ماشىنىدىن ھەلىمەگە تونۇش گەۋدە ئالدىرىماي چىقتى . ئۈستىگە قارا كۆك رەڭدە كاستۇم - شىم كىيىپ گالستۇك تاقىغان ، شالاڭ ئاق ئارىلىغان چېچىنى كەينىگە ياتقۇزۇپ تارىغان بۇغداي ئۆڭ كىشىنى كۆرۈپ ھەلىمەنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى . ئۇ ھودۇققىنىدىن يا ئالدىغا مېڭىشنى ، يا كەينىگە يېنىشنى بىلەلمەي جايىدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى . ماشىنىدىن چۈشكەن ئادەممۇ ھەلىمەنى كۆرۈپ چۆچۈگەن-

دەك تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ سەل چەكچەيگەن كۆزلىرى ھەيران-
لىق ، شۈبھە بىلەن قېتىپ قالغانىدى . ئۇ ئېھتىمال بۇ ئۇچرى-
شىشنى كۈتمىگەن بولسا كېرەك ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي چەك-
چەيگىنىچە تۇرۇۋەردى .

— ياسىنجان !

زىلۋا ئايالنىڭ ئەركىلەتكەندەك سوزۇپ چاقىرىشىدىن ھەر ئىككىيلەن چۆچۈپ قايرىلدى . ئەر ھودۇقۇشنى يوشۇرماقچى بول-دىمۇ ، يۆتىلىپ قويۇپ ئۇنىڭغا بۇرۇلدى . ئايال ھەلىمەگە قاراپ قويۇپ :

— چۈشتىن كېيىن ئىشىڭىز يوقتۇ ؟— دەپ سورىدى .

— يوق ، نېمە بولدى ؟ — دېدى ئەر .

— ئەمىسە مەن شەۋكەت بىلەن دوختۇرغا بېرىپ كېلەي .

ئەر گەپ - سۆز قىلمىدى ، پەقەت تەرىنى تۈرۈپلا قويدى . ھەلىمە ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىدە پەيدا بولغان قورۇقلارنى ئېنىق كۆردى . تۇيۇقسىزلا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى . ھەلىمە ئۆ-زىگە تىكىلگەن كۆزلەردىن سوغۇق ، ھارغىن بىر تۇيغۇنى ھېس قىلىپ ، يۈرىكى ئەندىكىش بىلەن سىيلىپ كەتتى . ئۇنىڭغا ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەم : «سەن بۇ يەردە نېمىش قىلىسەن ، يوقال ! » دەپ ۋارقىرايدىغاندەك ؛ ئاۋۇ كېلىشكەن زىلۋا ئايال بولسا : «سىز ھەلىمە ئوخشىمامسىز ، ئەجەب بۇ مەھەللىنى چۆرگىلەپ قاپسىزغۇ ، كونا ئوتلار باشقىدىن تۇتۇشۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ ، خام خىيالنى سۈرمەي ئاستا يولىڭىزغا كېتىۋېلىڭ !··· » دەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ دېمى سىقىلدى ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى . ئۇ شۇ ھالەتتە يەنە بىردەم تۇرسا ئۆزىنى يوقىتىپ يىقىلىپ چۈشىدىغان-دەك ھېس قىلىپ پۈتۈن كۈچىنى يىغدى . ئۇنىڭ كاللىسىدا بىرلا سۆز تەكرارلىناتتى : «ھەلىمە ، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قالما !··· » ھەلىمە ئاخىرى ئۆزىنى قولغا ئالدى ۋە يەرگە قارىغانچە ئۆزىدىن كۆز ئۈزمەي تۇرغان سۈرلۈك ئادەم-

نىڭ يېنىدىن ياناپ ئۆتتى . ھەلىمە ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ، بۇرنىغا ئۆزگىچە تونۇش ۋە يېقىملىق بولغان بىر پۇراق ئۇرۇلغاندەك بولۇپ ، ۋۇجۇدى خۇددى توك سوققاندەك غۇژۇلداپ كەتتى ، پۇتلىرى بولسا تاش باغلىۋالغاندەك ئېغىرلاشتى . ئۇ ۋۇجۇدىدىكى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ قەدىمىنى تېزلەتتى . ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى بۇ قورۇدىن تېزرەك چىقىپ كېتىش ئىدى . ئۇ بەش - ئالتە قەدەم ئېلىشىغا كەينىدىن بايىقى ئايالنىڭ :

— ياسىنجان ، نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتىڭىز ، يۈرۈڭ ئۆيگە !— دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى .

ھەلىمە ئۆيگە قانداق كەلگىنىنى بىلمىدى . ئۇ ئادەمسىز ئۆيگە كىرىپ ساپاغا ئۆزىنى تاشلىغىنىچە «ئۇھ» تارتتى . پۈتۈن ئەزايى گويا بىرى ئۇرۇپ تاشلىۋەتكەندەك بوشىشىپ كەتتى . كاللىسى بولسا ھەرە ئۇۋىسىدەك غۇڭۇلدايتتى . ئەلەم - ھەسرەت ، ئەنسىزلىك - ۋەھىمە گىرەلىشىپ كەتكەن ، كۆڭلىنى دەككە - دۈككىگە سالىدىغان بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىنماي تىلغاپ ، پىكىرلىرىنى چىگىشلەشتۈرەتتى . ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا قانچە تىرىشسىمۇ ، بوگۈن يولۇققان ئىشلار — ئاتىكەمنىڭ سالقىن مۇئامىلىسى ، ياسىن (ھازىر ياسىنجان بولۇپتۇ)نىڭ ھەيرانلىق بىلەن غەلىتە قاراشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ بىئارام قىلاتتى . تۇرۇپ - تۇرۇپلا غايىب بىر قول ئۇنىڭ نەق يۈرىكىگە قول سېلىپ مۇجۇۋاتقاندەك بولۇپ ، يۈرىكىنىڭ بىر يېرى كۆيۈشۈپ ئېچىشاتتى ، گېلىغا نېمىدۇر قاپلاشقاندەك بولۇپ نەپىسى بوغۇلاتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر پاراكەندىچىلىكنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك ھە دەپ ئاغاتتى . «ئەمدى مېنى يەنە قانداق تەقدىر - قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرغاندۇ ؟— دېدى ھەلىمە ئىچىدە ،— ياراتقان ئىگەم ، سەندىن ئۆتۈنەي ، مەندەك ئاجىز بەندەڭنى ۋە ئوغلۇمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن !… »

## 2

ھەلىمەنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا يەنە شۇ سۇرلۇك ئادەم پەيدا بولدى . ئۇ ھەلىمەگە تىكىلگىنىچە ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر سورىماق-چىدەك لەۋلىرىنى قىمىرلاتتىيۇ ، لېكىن زۇۋان سۇرمىدى . شۇ ئارىدا ھېلىقى ئايال ئۇنى چاقىرىپ قالدى . «ئۇ ماڭا نېمە دېمەك-چى بولدىكىنا ، ئەنۋەرنى سورايتتىمىكىن ؟… — ھەلىمە ئۆزىچە پەرەز قىلدى ،— ئۇ ئوبدانلا ئۆزگىرىپتۇ ، بويىمۇ پاكارلاپ قال-غاندەك تۇرىدىغۇ ، يا مېنىڭ كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتتىمۇ - يا ! ئايالى ئۆزىدىن خېلى ياشمۇ نېمە؟ خېلىلىكى باردەك قىلىدۇ… ياسىن مېنى تونۇغانمىدۇ؟ تونۇمىغان بولسا ئۇنداق قاراپ كەتمەسسىدى . ماۋۇ تۇرقۇمنى كۆرۈپ نېمىدەپ قالدىكىن ؟… » ھەلىمەنى سوئاللار ئويغا سالاتتى . ئۇنى يىراقتا قالغان ، ھەلىمە ئۇچۇن تولىمۇ قەدىرلىك بولغان كۈنلەرگە ئېلىپ كېتەتتى . ئىنسان ھاياتىدىكى خاتىرىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ ، لېكىن ھەلىمەنىڭ قەلبىدە بولسا مۇشۇ ئادەمگە باغلىق خاتىرىلەر شۇ پېتى ساقلاقلىق ئىدى . ئۇ بۇلارنى يۈرىكىنىڭ ئەڭ پىنھان يېرىگە كۆمۈپ قويغان ، ئۇنى ھېچكىمگە تىنمايتتى . قايسىبىر دانىشمەن : «ئىنسان قەلبى دۇنيادىكى ھەممە خۇشاللىقنى ، گۈزەللىكنى ، شۇنداقلا پاسكىنىلىقنىمۇ ساق-لايدىغان بىخەتەر جاي» دەپ توغرا ئېيتقان ئىكەن…

ھەلىمە بۈگۈن ئاشۇ سىرلىق خاتىرىنى قايتىدىن ۋاراقلىدى :

ئۇ ياسىن ئۆمەر بىلەن تۇنجى قېتىم ئۆگىنىش كۇرسىدا تونۇشتى . ھەلىمە كۇرسنى تۈگەتكەندىن كېيىن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىندى . ئۇ مەكتەپكە كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىردى :

— ئالدىمىزدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردا گۈڭشې رەتلەش ھەرد-

كتى بولىدىكەن ،— دېدى مۇدىر چۈشەندۈرۈپ ،— ناھىيىلىك ئىدارىلەردىن خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىدىكەن ، مائارىپ بۆلۈمى بىزنىڭ مەكتەپتىن بىر ئادەم ئاجرىتىڭلار دەپ ئۇقتۇ- رۇش ئەۋەتىپتۇ ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دەرسى بار ، بىز مۇزاكىرىلىشىپ سىزنى بەلگىلىدۇق ، ئەته مائارىپ بۆلۈمىگە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرسىڭىز بولىدۇ .

ھەلىمە جەمئىيەتكە قەدەم قويغان تۇنجى قەدىمىنىڭ بۇنداق باشلىنىشىنى كۈتمىگەنىدى . ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن مۇدىر ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلىدى :

— بۇ سىز ئۈچۈن بىر چېنىقىش پۇرسىتى ، يۇقىرىنىڭ تەلىپى بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا سىياسىي جەھەتتە پاك كادىرلار- نى بەلگىلەشنى ئېيتىپتۇ . مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىمۇ قايتا - قايتا ئويلىنىپ سىزنى بېكىتتى ، بۇ سىزنىڭ كېيىنكى ئىستىق- بالىڭىزغا پايدىلىق… گۇڭشې رەتلەشنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا مەخسۇس ئۆگىنىش قىلىدىكەن…

ھەلىمەگە ماقۇل دېيىشتىن بۆلەك چارە قالمىدى . شۇنداقلا بۇ خىزمەتنىڭ ئۇنىڭ ھايات تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويۇشىنى تېخى- مۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى .

خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئاجرىتىلغانلار ئارىسىدا ئاياللار يوق دېيەرلىك ئىدى . ھەلىمەدەك ياش ، چىرايلىق قىزنىڭ پەيدا بولۇ- شى يىگىتلەرنىڭ ئىچىگە ئوت سېلىۋەتكەندەك بولدى . جۇرئەتلىك- رەكلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ ، چېكىپ باققىلى تۇرۇشتى . ھەلىمە بولسا خۇددى بۆرىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان قوزى- دەك ئالاقزادە بولاتتى ، نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى . شۇنداق كۈن- لەردە ئۇنىڭ يېنىغا ئېگىز بويلۇق ، ئاق سېرىق يىگىت كەلدى .

— ئاڭلىسام سىزنى ئاۋاتلىق دەيدۇ ، قايسى مەھەللى- دىن ؟— دەپ سورىدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ .

— چىلانباغدىن ، — ھەلىمە دەرھال جاۋاب بەردى ، — سىزمۇ ئاۋاتلىقمۇ ؟

— ھەئە ... مەن تۇگمەنبېشىدىن...

— قوشنا مەھەللىدىن ئىكەنمىز، — ھەلىمە بىر مەھەللىلىدىكىنى ئۇچراتقانلىقىدىن كۆڭلى ئەمىن تاپتى، — سىز قايسى ئىدارىدە ئىشلەيسىز؟

— مەن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە، ئېتىم تۇردى ئوسمان...

— مېنىڭ ئىسمىم ھەلىمە.

— مەكتەپتىكىغۇ دەيمەن؟

— ھەئە... سىفەننى تۈگىتىپ يېقىندىلا مەكتەپكە كەلگەندىم، كېلىشىمگە بۇ خىزمەتكە بەلگىلەپ قويدى؛ مەن يېزا خىزمىتىنى پەقەتلا قىلىپ باقمىغان...

— بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ، — دېدى تۇردى ئوسمان، — بىزلەر بولغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆگىنىسىز، ئەگەر قورقىسىڭىز مەن رەھبەرلىككە دەي، سىزنى بىزنىڭ پارتكوم گۇرۇپپىسىغا تەقسىم قىلسۇن، بولامدۇ؟

— مەيلى، — دېدى ھەلىمە خۇشال بولۇپ، — راستىنى ئېيتسام، يېزا خىزمىتىنىڭ ھېچنېمىسىنى بىلمەيمەن.

— بۇ قېتىمقى خىزمەت ناھايىتى مۇھىم سىياسىي ھەرىكەت، — دېدى تۇردى ئوسمان ئۇنىڭغا، — سىزگە ئوخشاش يېڭى خىزمەتكە قاتناشقانلار ئۈچۈن چېنىقىش پۇرسىتى، شۇڭا باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بەك دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ.

تۇردى ئوسماننىڭ ئاخىرقى گېپى ھەلىمەنى ئەندىكتۈرۈپ قويدى. كەچتە ئۆگىنىش ئاياغلاشقاندا تۇردى ئوسمان ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مەكتەپكە قايتامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە...

— يۈرۈڭ، مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي، — دېدى تۇردى ئوسمان.

هەلىمە بۇ بىر مەھەللىلىكىنىڭ يېقىنچىلىقىدىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ ماقۇل بولدى . شۇ كۈندىن باشلاپ تۇردى ئوسمان هەر كۈنى هەلىمەنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ ئەكېلىدىغان ، ئۆگىنىش تۈگىگەندە ياتىقىغا ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى . بۇنى كۆرگەندىن كېيىن هەلىمەنى ئەگىپ يۈرگەن يىگىتلەرنىڭمۇ ئايىغى يىغىلدى . ئۇلار هاكىمنىڭ ئىنىسى بولغان تۇردى ئوسماننىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى .

ئۆگىنىش تۈگەپ ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنى گۇڭشېلارغا تەقسىم قىلدى . تۇردى ئوسمان دېگىنىنى قىلدى . هەلىمەنىڭ ئىسمى تۇردى ئوسمان بار پارتكوم خىزمەت گۇرۇپپىسىدا ئېلان قىلىندى . بۇ گۇرۇپپا بولسا «داجەيچە ئۆلگىلىك گۇڭشې» بولغان «توغراق»قا چۈشتى . تۇردى ئوسمان هەلىمەنى ئۆزى گۇرۇپپا باشلىقى بولغان قارىباغ دادۈيىدە ئېلىپ قالدى . بۇ دادۈيدە ئۇلاردىن باشقا تۆت كادىر بولۇپ ، شۇنىڭ ئىچىدە ناهىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا كەلگىلى ئۇزۇن بولمىغان ياسىن ئۆمەرمۇ بار ئىدى . هەلىمە بۇ ئوتتۇرا بوي ، بۇغداي ئۆڭ ، تۇرقىدىن ئېغىر - بېسىقلىقى چىقىپ تۇرىدىغان يىگىتنى ئۆگىنىشكە قاتناشقان تۇنجى كۈنىلا كۆرۈپ ، كۆڭلىنى يېقىملىق بىر تۇيغۇ ئىگەللىگەنىدى . ئۆگىنىش جەريانىدىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پات - پات ئۇچرىشىپ قالاتتى - دە ، گويا چاقماق چاقىقاندەك بولۇپ ، هەلىمە ئۆزىچىلا قىزىرىپ كېتەتتى . ياسىن بولسا بىر نەرسە يازغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالاتتى . ئادەم ئۇچۇن ئەڭ مەخپىي بولغان سىر — قايرىلىپ بىر قاراش بىلەن ، پىسىڭكىدە بىر كۈلۈش بىلەن ، هەتتا چاندۇرمايمەن دەپ قىلغان بىھۇدە هەرىكەتلەر بىلەن ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ . كۆز ۋە چىرايدىكى چاقناش — قەلبىنىڭ ئەينىكى… ياسىن بۇ قىزنىڭ قاراشلىرىدىن تاتلىق خىياللارغا مەپتۇن بولۇشقا باشلىغانىدى ، لېكىن بۇنداق بېقىشلار ئۇزۇن داۋام قىلمىدى . تۇردى ئوسمان ئارىغا كىرىشى

بىلەن ھەلىمە بەئەينى ھەيكەلگە ئايلاندى . ياسىن ئۇنى تۇردى
ئوسماننىڭ ۋېلىسىپىتىدە كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇمىدىنى ئۇ-
زۇپ ، ئەلەم بىلەن ئىچىگە تىنىپلا قويدى .
ياسىن — تۇردى ئوسماننى ئوبدان بىلەتتى . ئۇ ھازىرغىچە
بىرنەچچە قىزنى ئالىمەن دەپ ئويناپ بولۇپ تاشلىۋەتكەن . ئاكى-
سى ھاكىم بولغاچقا ، ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلالمىغانىدى .
ناھىيىدە ھەممەيلەن ئۇنى «كەلگۈسىدە ناھىيىگە باشلىق بولىدۇ»
دېيىشەتتى . بۇ دورەممۇ ئۇنى دادۇي خىزمەت گۇرۇپپىسىغا مەس-
ئۇل قىلىپ بېكىتتى . ئۇ باشقىلارنى ئەترەتلەرگە تەقسىم قى-
لىپ ، ھەلىمەنى بولسا «كاتىپلىق قىلىدۇ» دەپ دادۇيدە ئېلىپ
قالدى . ياسىن دادۇيگە ئانچە يىراق بولمىغان ئۈچىنچى ئەترەتكە
چۈشتى . كۆنلەر ئالدىراش ، جىددىيلىك ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى . بۇ
تازا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلى بولغاچقا ، خىزمەت گۇرۇپپى-
سىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىر قولدا ئىنقىلابنى ، يەنە بىر
قولدا ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش ، ئىنقىلابنى تۇتۇش ئارقىلىق
ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پۈتۈن خىزمەتنىڭ مۇھىم
نۇقتىسى ئىدى .
ھەلىمەگە دادۇي ئىشخانىسىنىڭ بىرىنى ياتاق قىلىپ بەر-
دى . يېنىدىكى ئۆيگە تۇردى ئوسمان ئورۇنلاشتى . ئۇلارنىڭ تامى-
قىنى ئېتىشكە ئالتۇنخان ئىسىملىك گۈڭشې ئەزاسىنى بەلگىلەپ
بەردى . ئۇلار ھەلىمەنىڭ ياتىقىنى ئاشخانا قىلىشتى . ئالتۇنخاذ-
نىڭ ھەمراھ بولۇشى ھەلىمەنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى .
ئۇ ئىشى بولمىغان چاغلاردا ئاشپەزگە ياردەملىشىپ تاماق ئېتەت-
تى ، نان يېقىشاتتى . دەسلەپكى بىر ئاي ئالدىراشلىق بىلەن
ئۆتتى . ھەلىمە ئاستا ـ ئاستا بۇ خىزمەتكىمۇ كۆنۈپ قالدى .
ئۇ كۈندۈزلىرى تۇردى ئوسماننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يۇقىرىدىن
كەلگەن تېلېفون ، ھۆججەتلەرنى ئېلىپ ، تۇردى ئوسمانغا يەتكۈ-
زەتتى ؛ بەزىدە ئەترەتلەرگە بېرىپ «ئىنقىلابنى تۇتۇپ ، ئىشلەپ-

چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش » ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ كېلەتتى . ئۇ ياسىن بىلەن كۆرۈشۈپ قالغاندا نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلىنىپ قالاتتى ، يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئېچىشقاندەك بولۇپ ھودۇقاتتى . ئۇنى بىرەر ھەپتە كۆرمىسە قانداقتۇر سېغىنىش ، ھەسرەت گىرەلىشىپ كەتكەن سىرلىق بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ قەلبىنى تىلىغاپ ئازابلايتتى . ياسىن بولسا يىغىن دەپ چاقىرمىسا دادۇيگە كەلمەيتتى ، كۆرۈشكەندىمۇ ھەلىمە بىلەن قۇرۇقلا سالاملىشىپ قويۇپ ئارتۇق پاراڭ قىلمايتتى . ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى ھەلىمەنى تېخىمۇ قىينايتتى . تۇردى ئوسمان بولسا بىكار بولۇپ قالسىلا ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ ماختىناتتى . ھەلىمە بارغانچە ئۇنىڭ گەپلىرىدىن زېرىكىشكە باشلىدى .

بىر كۈنى كەچتە ھەلىمە كىر يۇيماقچى بولۇپ تەمشىلىپ تۇرۇشىغا تۇردى ئوسمان ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى . تۇرقىدىن ئۇ نېمىگىدۇر خۇشال ئىدى .

— تاماق يېدىڭىزمۇ ؟— دەپ سورىدى ھەلىمە ئۇنى كۆرۈپ ،— ئالتۇنخان ئاچام مانتا ئەتكەن ، سىزگە ئېلىپ قويغانتۇق .

— گۇڭشېدا تاماق يېدىم ،— دېدى تۇردى ئوسمان ھەلىمەنىڭ كارىۋىتىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ،— گۇڭشېنىڭ ئاشخانىسىدا پولۇ قىپتىكەن…

— ئوقۇر ئېگىز ئىكەن - دە ؟

— ھەلىمە ،— دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن ،— بۈگۈن مېنى تەبرىكلىسىڭىز بولىدۇ .

— نېمىگە ؟— ھەلىمە ھەيران بولۇپ سورىدى .

— بۈگۈن مەن پارتىيىگە ئۆتتۈم ، گۇڭشېغا شۇ ئىشقا چاقىرتىپتىكەن .

— شۇنداقمۇ ، مۇبارەك بولسۇن .

— سىزمۇ پارتىيىگە ئىلتىماس يازسىڭىز بولمامدۇ؟— دېدى ئۇ ھەلىمەگە.
— مەنمۇ؟— ھەلىمە كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى،— مېنىڭ قانداق شەرتىم توشسۇن؟
— ئۇنداق قارىسىڭىز بولمايدۇ، پارتىيىگە ماڭا ئوخشاش، سىزگە ئوخشاش ئىلغار ياشلار كىرىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقى خىزمەت سىزگە ياخشى چېنىقىش پۇرسىتى. بۇ جەرياندا ئۆتىمەك ئاسان، سىز ئىلتىماسىنى يېزىڭ، قالغان ئىشلارنى مەن بولغاندىن كېيىن توغرىلايمىز…
ھەلىمە ئۇنىڭ ئەستايىدىل دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى.
— پارتىيە ياچېيكىسى ماڭا يېڭى ۋەزىپە تاپشۇردى،— دېدى تۇردى ئوسمان ھەلىمەنى قىزىقتۇرۇپ،— مۇشۇ قېتىمقى خىزمەتتە ئىپادىسى ياخشى بولغانلارنى پارتىيىگە تونۇشتۇرىدىغان بولدۇم. شۇڭا ئالدى بىلەن سىزگە دەۋاتىمەن…
تۇردى ئوسمان شۇنداق دېدى ـ دە، ھەلىمەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ھاياجاندىن تىترەۋاتقان مۈرىسىنى سىلاشقا باشلىدى، ئاندىن ئۇنى تارتىپ كارىۋاتقا ئېلىپ كەلدى.
— تۇردى… ئۇنداق قىلماڭ! — دېدى ھەلىمە ھوشىغا كېلىپ ۋە ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ يۇلقۇندى.
تۇردى ئوسمان بولسا ئۇنى تېخىمۇ كۈچەپ قامالىلىدى ۋە بىلىدىن كۆتۈرگەنچە كارىۋاتقا باستى. ئۇ ھاسىرايتتى، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ھەلىمەنىڭ ۋۇجۇدىنى غەزەپ چىرمىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇردى ئوسماننىڭ مەيدىسىگە تەپكەندى، بۇ كۈتمىگەن زەربىدىن ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئۇ ئورنىدىن ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرۇپ بولغۇچە ھەلىمە ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ چوڭ يولغا چۈشۈۋالدى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈيتتى. ئۇ تۇردى ئوسماننىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتىمىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا قەدىمىنى ئاستىلى-

تىپ يېنىنىڭ تىن ئالدى . بۇ كېچە ئاي قاراڭغۇسى ئىدى . كۆندۈ-
زى ئىسسىق بولغىنى بىلەن كېچىسى سوغۇقنىڭ خېلى جېنى بار
ئىدى . يالاڭ كىيىم بىلەنلا چىققان ھەلىمە سوغۇقتىن تىترەشكە
باشلىدى . ئۇ ئەتراپىغا زەن سېلىپ ئۇچىنچى ئەترەتكە كېلىپ
قالغانلىقىنى ئىلغا قىلدى ـ دە ، ياسىنغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيت-
ماقچى بولدى ، لېكىن تۇرۇپلا : «بۇ كېچىدە بارسام ئۇ نېمدەپ
ئويلاپ قالىدۇ ؟ » دەپ بۇ نىيىتىدىن ياندى . ئۇ شۇنداق گاڭگىراپ
تۇرغان چاغدا نېرىدا يالغۇز كېلىۋاتقان بىرىنىڭ قارىسىنى كۆ-
رۈپ كەينىگە يانماقچى بولۇپ تۇراتتى . تونۇش ئاۋاز ئۇنى چاقىر-
دى :

— ھەلىمە !...

ھەلىمە ياسىننىڭ ئۈنىنى تونۇپ ھودۇقۇپ قالدى . قولچى-
راغ كۆتۈرۈۋالغان ياسىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى :

— بۇ كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسىز ؟— دېدى ئۇ ھەيران
بولۇپ ، — نەدىن كېلىشىڭىز ؟...

مۇزلاپ كەتكەچكىمۇ ھەلىمەنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قال-
دى . ياسىن ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنى
سەزدى ـ دە :

— توڭلاپ كېتىپسىز ، يۈرۈڭ ، مېنىڭ ياتىقىمغا
كىرەيلى ،— دېدى ۋە ئۆزى ئالدىغا چۈشۈپ باشلاپ ماڭدى .

مەش كۆيۈپ تۇرغان ئىسسىق ياتاققا كىرگەندىن كېيىن
ھەلىمە ئۆزىگە كەلدى . ياسىن قىزىق چاي دەملەپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا
ئەكەلدى .

— قىزىق ، قىزىق ئىچىڭ ،— دېدى ئۇ چاي
قۇيۇپ ،— قورسىقىڭىز قانداق ؟

— قورسىقىم توق...

— بۇ كېچىدە نەگە ماڭغانتىڭىز ، نېمە ئىش بولدى ؟— دەپ
سورىدى ياسىن .

ھەلىمەنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىدى ، ئۇ ئېسەدە-
گىنىچە :

— تۆردى ئوسمان ئەسكى ئىكەن… ،— دېدى .
ياسىن بايا يولدا ھەلىمەنى كۆرگەندىلا شۇنداقراق گۇمان قىلغانىدى .
— بولدى ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ ،— دېدى ھەلىمەنىڭ يىغىسىغا كۆڭۈل ئېيتىپ ، — ئۇ سىزنى نېمىدەپ رەنجىتتى ؟
ھەلىمە ئېسەدەپ تۇرۇپ يۈز بەرگەن ئىشلارنى ياسىنغا ئېيتىپ بەردى .
— ئۆزى مەست ئەمەستۇ ؟— ياسىن ھەيران بولۇپ سورىدى .
— ياق ، چۈشتىن كېيىن گۆشخېغا يىغىن دەپ كەتكەن . بۈگۈن تېخى پارتىيىگە ئۆتۈپتىكەن ، شۇنداق ئەسكى ئادەمنىمۇ پارتىيىگە ئالىدىكەن…
ياسىن ھەلىمەنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ :
— سىزگە بەك كۆڭلى بار ئوخشايدۇ ،— دېگەنىدى ، ھەلىمەنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى .
— كۆڭلى بولسا تۈز يولىدا دېمەمدۇ ؟ — دېدى ئاچچىقى بىلەن ،— زادى ئىستىلى بۇزۇق نېمىكەن…
بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىش ياسىننى ھودۇقتۇرۇپ قويدى . نېمە بولمىسۇن ، بۇ ئىش ياسىننى خوش قىلدى . «ھە ، تۆردىئاخۇن ، نەچچە ۋاقتىن بەكمۇ كۆرەڭلەپ كەتكەنىدىڭ ، مانا كارامىتىڭ ئاشكارا بولدى ، ئەمدى ئىككى پۇتۇڭ بىر ئۆتۈككە تىقىلىدىغان بولدى ، ھەلىمەدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىڭ ، بۇ قىزنىڭ كېچىدە مېنى ئىزدەپ كەلگىنىگە قارىغاندا ئەسلىدە ماڭا كۆڭلى بار ئىكەن - دە ! ئەجەب نەچچە ۋاقىتتىن سەزمەپتىمەن دېسە…»
ياسىن ئالدىراپ يەرگە قارىغىنىچە مۆكۈلۈپ ئولتۇرغان قىزغا قارىغىنىچە كۆڭلىدىن شۇلارنى ئۆتكۈزدى . ئۇ قىزنىڭ ئويىنى بىلمەكچى بولۇپ :
— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز ؟— دەپ سورىدى .

قىز ئېغىر خۇرسىنغىنىچە بېشىنى چايقىدى :
— بىلمەيمەن ،— دېدى ئۇ ئارقىدىن ،— مەكتەپكە قايتىپ
كېتەيمىكىن ، ئەمدى ئۇنىڭ قېشىدا تۇرمايمەن .
— كېتىمەن دېسىڭىز ئۆزىڭىز زىيان تارتىپ قالىسىز ،—
دېدى ياسىن ، — سىز تۇردىنىڭ خۇيىنى بىلمەيسىز ، ئۇنىڭ
قولىدىن ھەرقانداق شۇملۇق كېلىدىغان نېمە… ئەگەر سىز ھېچ-
نىمىدىن - ھېچنىمە يوق كېتىمەن دېسىڭىز ئۇ مەسىلىنى سىزگە
ئارتىپ قويۇشتىن يانمايدۇ ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تۇزۇم -
تەرتىپى ئېسىڭىزدە باردۇ ؟
— ئەمىسە قانداق قىلىمەن ؟— ھەلىمە ئەندىكىپ سورىدى .
— بۇ ئىشنى باشقا بىرەرى ئۇقمىغاندۇ ؟
— ياق ، سىزدىن بۆلەك ھېچكىمگە دېمىدىم .
— ئۇنداق بولسا ،— دېدى ياسىن جىددىي تەلەپپۇزدا ، —
بۇنى ۋاقتىدا تەشكىلگە ئىنكاس قىلىش كېرەك .
— ھازىرلىمۇ ؟
— ھەئە… ھازىرلا گۇڭشې خىزمەت گۇرۇپپىسىغا بېرىش
كېرەك .
— سىز بىللە بارامسىز ؟
— سىز ماقۇل كۆرسىڭىز باراي…
ياسىن ۋېلسىپىتىنىڭ كەينىگە ھەلىمەنى مىندۈرۈپ ،
گۇڭشې ئىشخانىسىغا كەلگەندە ئەلىياتقۇ مەزگىلى بولغانىدى . يا-
سىن ھەلىمەنى باشلاپ توپتوغرا خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى —
ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسىنىڭ قېشىغا كىردى .
جۇ شۇجى ياتماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن ، بۇلارنى كۆرۈپ جىددىيە-
لەشتى . ياسىن ھەلىمەنىڭ سۆزلىرىنى شۇجىغا تەرجىمە قىلىپ
بەرگەنىدى ، ئۇنىڭ چىرايى تۇرۇلۇپ كەتتى .
— بۇ ئىشنى ئىككىڭلاردىن بۆلەك بىرى ئۇقتۇمۇ ؟— دېدى
جۇ شۇجى بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىپ .

— ياق ، ھېچكىم بىلمەيدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى جۇ شۇجى خاتىرجەم بولۇپ ،— بۇنى باشقا ھېچكىمگە دېمەڭلار ، بىز بۇنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىمىز . ھەممە ھازىرچە داۋىگە بارماي گۇڭشېدا تۇرۇپ تۇرسۇن ، سىز ئۆز ئورنىڭىزغا قايتىۋېرىڭ !...

شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ، جۇ شۇجى «قارىباغ» داۋىگە كېلىپ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىنى ئاچتى .

— خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە كادىرلار تەڭشەلدى ،— دېدى ئۇ ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنى بىرقۇر خۇلاسىلاپ ،— يولداش تۇردى ئوسمان «قىزىلبايراق» گۇڭشېسىنىڭ خىزمەت دۈيىگە ئالماشتى ، ئۇنىڭ ئورنىغا يولداش ياسىن ئۆمەر «قارىباغ» خىز- مەت گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل بولىدۇ...

«ھاكىم قانات ئاستىغا ئاپتۇ - دە ؟ !— دېدى ياسىن ئاچچىق كۈلۈپ ، — ناۋادا ئۇنىڭ ئورنىدا مەندەك بىرى بولغاندا ئاللىقا- چان خىزمەتتىن ھەيدەلگەن بولاتتى . شۇنىڭغا قارىغاندا ، ھازىرقى كۈندە سېنى يۆلەيدىغان بىر ئارقا تىرىكىڭ بولۇشى كېرەككەن... »

قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇ تۇردى ئوسماننى كۆزدىن نېرى قىلـ- دى . ئەمدى ھەممە ئۇنىڭغا ئوڭچە قالدى . مۇشۇ باھانىدە خىز- مىتىمۇ ئۆستى ، مۇشۇمۇ يېتەرلىك . يىغىندىن كېيىن جۇ شۇجى ئۇنى ئايرىم يېنىغا چاقىرىپ :

-- تۇردى ئوسماننىڭ ساۋىقىنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇپ ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەڭ . بۇ قېتىمقى ھەرىكەت سىزنىڭ كەلگۈ- سى ئىستىقبالىڭىزنى بەلگىلەيدۇ ، بىزنىڭ ئۈمىدىمىز چوڭ ،— دېدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، ياسىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە بېرىلدى . ھەممە بىلەن پەقەت خىزمەتكە ئائىت گەپلەرنىلا قىلىـ- شاتتى . گويا ھەممە ئۇنىڭ كۆڭلىدە يوقتەكلا ئىدى . «تۇردى

ئوسماننىڭ قىلغانلىرىنى ئۇ باشقىچە چۈشىنىپ قالدىمۇ - يا ؟ مەن ئەجەب ئالدىراپلا ئۇنىڭغا دەپتىمەن » دەپمۇ ئويلىدى ئۇ تىتىلداپ . ئۇ ياسىنىنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز گەپنى دېيىشىنى كۈتەتتى ، لېكىن ياسىندىن ھېچبىر خەۋەر يوق ئىدى .

كۆز كېلىپ ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىمۇ ئاخىرلاشتى . خۇلاسە يىغىنىدا «قارىباغ» خىزمەت گۇرۇپپىسى گۇڭشې بويىچە ئىلغار بولۇپ باھالاندى . ئەتە ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېتىدۇ . شۇنى ئويلاپ ھەلىمەنىڭ كۆڭلى غەمكىن بولۇپ قالدى . ياسىن تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى :

— جۇ شۇجى گەپ بار دەيدۇ ، مېنى بىردەم ساقلاپ تۇرامسىز ، بىللە قايتايلى ،— دېدى ئۇ .

ھەلىمەنىڭ قەلبىدە ئۈمىد چىرىغى يانغاندەك بولۇپ خۇشال بولدى . ئۇ گويا بۇگۈن تەقدىرى ھەل بولىدىغاندەك ، ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن زارىقىپ كۈتكەن سۆزنى ئاڭلايدىغاندەك بولۇپ ھاياجانغا چۆمدى . يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ياسىن جۇ شۇجىنىڭ يېنىدىن چىقتى . ئۇ نېمىگىدۇر خۇشال ئىدى .

— جۇ شۇجى نېمە دەيدۇ ؟— دەپ سورىدى ھەلىمە ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قىزىقىپ .

— مېنى تەشكىلات بۆلۈمگە يۆتكەيدىغان بوپتۇ . مېنىڭدىن «پىكرىڭ بارمۇ ؟» دەپ سورىدى .

— سىز نېمە دېدىڭىز ؟

— مەن ھەلىمەدىن سوراپ باقاي دېدىم .

ياسىن گەرچە چاقچاق قىلىپ دېگەن بولسىمۇ ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەلىمەنىڭ يۈرىكى ئوقچۇپ كەتتى . ئىللىق ، شېرىن بىر ئېقىم تومۇر - تومۇرلىرىغا تارقىلىپ ۋۇجۇدىنى جىغىلدىتىپ ئۆتتى ، يۈز - كۆزى ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتى .

— ھەلىمە ،— دېدى ياسىن ھاياجان بىلەن ،— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن ، ماڭا جاۋاب بېرىڭ !...

ھەلىمە ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيتتى ، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ دەم ئالالماي قالدى...

ياسىن بۇ گەپلەرنى يولدىكى ئۆستەڭ بويىدا — سۆگەتنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ دېدى . ھەلىمەگە ياسىننىڭ قىزارغان چىرا-يى قوشۇلۇپ پۈتۈن جاھان ئالتۇنغا ئايلىنىۋاتقاندەك ، گويا ئوت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇلار شۇ يەردە تۇنجى مۇھەببەت-نىڭ لەززىتىگە غەرق بولۇپ ئۇزاق ئولتۇرۇشتى...

ياندۇرقى يىلى باھاردا ئۇلارنىڭ تويى بولدى . توي شۇنچە ئاددىي ئۆتسىمۇ ھەلىمەنىڭ كۆڭلى خۇشال ، قەلبى بەخت بىلەن يايراپ كەتكەنىدى . ئۇ ئارزۇ قىلغان تۇرمۇشقا ئېرىشكەن ، كەل-گۈسى ھاياتىدىن تولىمۇ خاتىرجەم ئىدى . ياسىن بولسا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە بېرىلگەن ئىدى . جۇ شۇجى ئۇنى تولى-مۇ ياخشى كۆرەتتى ، ھەتتا بىر قېتىم ئۆزىگە : «سېنى ئىتتىپاق كومىتېتىغا شۇجى قىلىشنى ئويلىشىۋاتىمىز » دېگەنىدى .

لېكىن ، ياسىن بالدۇرلا خۇش بولۇپ كەتكەنىدى . شۇ ئارىدا جۇ شۇجى باشقا ناھىيىگە يۆتكىلىپ كېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز ۋاقتىدا ھاكىم بىلەن بىللە ئىشلىگەن سۇڭ دېگەن ئادەم تەشكىلات خىزمىتىگە مەسئۇل شۇجى بولۇپ كەلدى . ئۇ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇردى ئوسمان تەشكىلات بۆلۈمىگە مۇئاۋىن بۇجاڭ بولۇپ ئۆسۈپ ، ياسىننىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى . ياسىن بۇ ئۆزگى-رىشكە ھەيران بولاتتى . ئۇ سۇڭ شۇجىغا تۇردى ئوسماننىڭ گۇڭشې رەتلەش خىزمىتى جەريانىدىكى ئىشلىرىنى ئىنكاس قىل-غانىدى ، بۇ ئىنكاس ئۇنىڭغا بالا تېرىپ بەردى . تۇردى ئوسمان ئۇنى چاقىرىپ يۈزىدىن - يۈزىگە «چېقىمچى» دەپ تىللاپ تەكشۇ-رۇش ماتېرىيالى يازغۇزدى . ھەممە سورۇنلاردا ئۇنى سېپسىتىشقا باشلىدى . بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان ياسىن ئاخىرى يۆتكىلىش ئىل-تىماسىنى يېزىپ تاپشۇردى . بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ-غا تاشيول ئۇچاستىكىسىغا يۆتكەلگەنلىك ئۇقتۇرۇشى چۈشتى .

ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن بۇ زەربە ياسىننى ساراڭ قىلىپ قويايلا دېدى . ئەلەم ، خورلۇق ئۇنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتات-تى . ئۇ ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان بۇنداق مۇئامىلىنىڭ كىمنىڭ قولى-دىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىپ تۇراتتىيۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىشقا مادارى يوق ، ئامالسىز ئىدى . ئۇ پەقەت بۇ يەردىن كېتىشنىلا ئويلايتتى . شۇنداق كۈنلەردە ئۇ خىزمەت بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى . ئۈرۈمچى-دىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىپ ھەلىمەگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان ، يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ جېدەل قىلىدىغان بولدى . ئاخىرى ئۇ ئوغلى ئەنۋەرنى يېتىم قىلىپ ھەلىمە بىلەن ئاجراشتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى . ھەلىمە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ سىرىنى كېيىن ئۇقتى...

شۇ ئىشلارغا مانا توپتوغرا يىگىرمە يىل بولۇپتۇ . شۇنچە يىللاردىن كېيىن تەقدىر ئۇلارنى يەنە ئۇچراشتۇرۇپ قويدى . ئۇ ھازىر بۇرۇنقى ياسىن ئەمەس ، بەلكى ۋىلايەتنىڭ باش ۋالىيسى ، نېمە قىلىمەن دېسە گېپى ئۆتىدىغان ھوقۇق ئىگىسى . «ئاھ ، خۇدا !— دېدى ھەلىمە ھەسرەت بىلەن ، — ئەمدى بۇ ئىككى رەقىب نېمە ئويۇنلارنى ئوينا ؟ يەنە كېلىپ ، ئىككىسىنىڭ قارىمۇ-قارشى قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇشقىنىنى دېسە ، بۇ ئىككىسى نېمە بولۇشسا مەيلىتىغۇ ، ئوتتۇرىدا ئەنۋەر بالامغا بىرەر پېشكەللىك كەلمىسىلا بولاتتىغۇ ؟... »

دالاننىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلىپ ، ئۆيگە «موما !» دەپ توۋلىغىنىچە نەۋرىسى كىرىپ ئۇنىڭ خىياللىرىنى چېچىۋەتتى .

— نېمە قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپ كەتتىڭ ؟— نەۋرىسىنىڭ كەي-نىدىن كىرگەن ئەنۋەر چىراغنى ياندۇرغاچ دېدى . ئوغلىنى كۆ-رۈپ ھەلىمەنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى . «توۋا ! ئەنۋەر بارغانچە دادىسىغا ئوخشاپ كېتىۋاتىدىيا ؟ ئىلاھىم ، خۇيى تارتىپ قالمىسىلا بولاتتى... »

— بىردەم يېتىپ كۆزۈم ئىلىنىپ قاپتۇ ،— دېدى ھەلىمە ئۆز خىياللىرىدىن ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ، — گۈلشەن كەلمەپتىغۇ ؟

— ئۇ بۈگۈن كېچىسى ئىشلەيدىكەن ، قېيناتامنىڭ ئۆيىگە باردىڭمۇ ؟

— ھەئە··· ،— دېدى ھەلىمە ئالدىراپ . ئۇ گويا ئوغلى : « ‹دادامنى كۆردۈڭمۇ ؟ › دەپ سوراپ قالارمۇ ؟ » دېگەن ئەندىشە بىلەن ھودۇقۇپ كەتتى ، — تۇردى شۇجى ئۆيدە يوق ئىكەن ، ئاتىكەم بىلەن بىردەم ئەھۋاللىشىپ يېنىپ كەلدىم··· تاماق يېمىگەنسىلەر ، قوزام ، نېمە تاماق يېگۈڭ بار ؟— ھەلىمە نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ تۇرۇپ سورىدى .

— پولۇ···

— ماقۇل ، بالام··· مەن ھازىرلا ئېتىمەن ،— ھەلىمە شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا مېڭىپ بولۇپ : «ۋاي ، خۇدايىم !» دېدى - دە ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى .

ئەتۋەر ئاپىسىنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولدى .

## 3

ئۇ سەھنىگە كىرىپ كەلگەندە ، سەھنىدە ئولتۇرۇشقان ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرى «گۆررىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك بىلەن قارشى ئالدى . يىغىن باشقۇرغۇچى ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىگەندەك قىلىپ باشلاپ ، سەھنىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئېلىپ كەلدى . ياسىنجان ۋالىي جايلىشىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ خۇشامەت بىلەن سورىدى :

— يىغىننى باشلىساق بولارمۇ ، ۋالىي ؟

ياسىنجان ۋالىي سائىتىگە قاراپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى .
— يولداشلار ! — دېدى پاينەكۋاش يىغىن باشقۇرغۇچى مىكروفوننى قوپال بىر ھەرىكەتتە چېكىپ تۇرۇپ ، — ھازىر يىغىنىمىزنى باشلايمىز ، يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن كۆپچىلىككە بۈگۈنكى يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن ، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ۋالىيغا خۇشامەت بىلەن قاراپ قويۇپ ئاۋازىنى كۆتۈردى ، — بۈگۈنكى يىغىنىمىزغا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى يولداش ياسىنجان ۋالىي خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي ئالاھىدە كېلىپ قاتناشتى . كۆپچىلىك ، ياسىنجان ۋالىينى قىزغىن قارشى ئالايلى !...

زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى . ياسىنجان ۋالىي ئالدىرىماي ، سالاپەت بىلەن ئورنىدىن يېرىم كۆتۈرۈلۈپ ، بېشىنى بوشقىنە لىڭشىتىپ قويدى . يىغىن باشقۇرغۇچى چاۋاكلار توختىغاندىن كېيىن ، سەھنىدىكى قالغانلارنى ئەمەل تەرتىپى بويىچە تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى . ھەربىر ئادەمنىڭ ئىسمى ئاتالغاندا ، زالدا بىر قېتىم چاۋاك ياڭرايتتى . ئاخىرىغا بېرىپ كىشىلەرمۇ ھېرىپ قالدىمۇ ، چاۋاكلارمۇ شالاڭ ، ئىگىز - پەس چېلىنىشقا باشلىدى . بۇنى ئاز دەپ يىغىن باشقۇرغۇچى ئەمدى ئېزىپ كېتىپ خاتا تونۇشتۇرغىلى تۇردى . زالدا چاۋاكنىڭ ئورنىغا كۈلكە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى . ياسىنجان ۋالىي بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تونۇشتۇرۇشتىن ئىچى پۇشتى . ئۇ تېخىچىلا تەرلەپ - پىشىپ ھاياجان بىلەن تونۇشتۇرۇۋاتقان يىغىن باشقۇرغۇچىغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويدى . «مۇشۇ ئادەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك ، — دېدى ئۇ ئىچىدە ، — مۇشۇنىڭغىلا يېرىم سائەتتىن كۆپ ۋاقىت كەتتى ، مەنغۇ بۇ يەرگە يېڭى كەلدىم ، بەزىلەر تونۇماسلىقى مۇمكىن ، قالغانلارنى كىم تونۇمايدۇ ؟ بۇنى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا دېسەم بولىدىكەن» . ئۇ سومكىسىدىن خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ

يېزىپ قويدى . شۇ ئارىدا ھەر خىل ئاپپاراتلارنى كۆتۈرۈشكەن
مۇخبىرلار ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ ، ۋال - ۋۇل قىلىپ
رەسىمگە تارتقىلى تۇردى . بۇ ، ياسىنجان ۋالىينىڭ كۆڭلىنى
كۆتۈرۈپ قويدى . ئۇ : «كۆرۈۋاتامسەن ؟» دېگەندەك ئۆزىدىن
ئۈچ ئادەم نېرىدا ئولتۇرغان تۇردى ئوسمانغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا
قارىدى . تۇردى ئوسمان قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا ئالدىدىكى ماتې-
رىيالدىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى . «چىدىمايۋاتىسەنغۇ -
ھە ! — ياسىنجان ۋالىي ئىچىدە دېدى ،— شۇ تاپتا ئىچىڭنى
مۈشۈك تاتىلاۋاتىدىغۇ دەيمەن ، بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغان بول-
غىيتتىڭ ، جاھاننىڭ ئىشلىرى مۇشۇنداق ، بۇرادەر . بىزمۇ بىر
چاغلاردا سېنىڭ كۆرەڭلىشىڭگە ، خورلۇقىڭغا چىدىغان ، دەردىم-
نى ئىچىمگە يۇتقان ، ھەتتا ئائىلەمنىمۇ ۋەيران قىلغانىدىم . كو-
نىلار : ‹خەققە قىلغىنىڭ خەقتە قالمايدۇ › دەپ بىكار ئېيتمى-
غان ، سەن بەلكىم مېنىڭ تۆپەڭگە كېلىپ ئولتۇرۇشۇمنى خىيا-
لىڭغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان بولغىيتتىڭ ؟ پەلەكنىڭ چاقى بەزىدە
مۇشۇنداقمۇ چۆرگىلەپ قالىدۇ ، ئالدىرىما ، بۇرادەر ، ھېساب -
كىتاب تېخى ئالدىمىزدا… »

مەدەنىيەت ساھەسىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ۋالىي ئۆزۈندىن -
ئۆزۈن بىر ماتېرىيالنى ئوقۇغىلى تۇرغانىدى ، ياسىنجان ۋالىينى
بىردىن شېرىن بىر مۈگدەك باسقىلى تۇردى . نەدىن پەيدا بولدى-
كىن ، تاپىنىدىن كىرگەن مەست قىلغۇچى ئىللىق بىر ئېقىم
ئاستا - ئاستا پۈتۈن بەدىنىگە يېيىلىپ ئۇنى بوشاشتۇرماقتا
ئىدى . «تۆۋەندە ئولتۇرغانلار سېزىپ قالمىغاندۇ - ھە ! — دەپ
ئويلىدى ئۇ چۆچۈپ ۋە جايىدا قىمىرلاپ قويدى ،— ماۋۇ ئاداش
نېمانچە ئەزمىسىنى ئېزىپ كەتتى ، ئەمدى بولدى قىلسىمۇ بولات-
تى » . ئۇ بىزار بولغان قىياپەتتە دوكلاتچىغا قاراپ قويدى ،
لېكىن مۇئاۋىن ۋالىي ماتېرىيالدىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئوقۇش
بىلەن ئىدى . ئۇ خاتىرىسىگە «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى يىغىنىدا

يىغىن دوكلاتلىرى توغرىسىدىكى مەسىلىنى قويۇش كېرەك» دەپ يېزىپ قويدى. ئۇ خاتىرىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىدا قولىدا چايدان كۆتۈرگەن ئاق يۈزلۈك، زىلۋا بىر قىز ئەدەپ بىلەن پەيدا بولدى ۋە تولىمۇ سىلىق ھەرىكەت بىلەن ۋالىينىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانغا چاي قۇيدى. قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقالغان يېقىملىق پۇراق ياسىنجان ۋالىينىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلاپ، بايىتىن ئۇنى قىيناۋاتقان مۈگدەشنى قاچۇردى. قىز بىر خىل قورۇنۇش ئىچىدە مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن كەتتى. ياسىنجان ۋالىينىڭ ئېسىگە ئۈرۈمچىدىكى بىر ئىش كېلىپ تېتىكلەشتى: ئۇ چاغدا ياسىنجان بىر باشقارمىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئىدارىنىڭ بىر مۇئاۋىن نازىرى بار ئىدى، ئۇ قاچانلا يىغىنغا كىرسە ئولتۇرۇپ ئۇخلايتتى. بىر كۈنى ئىدارە بويىچە چوڭ يىغىن بولۇپ، بۇ ئادەم ئادىتى بويىچە سەھنىدە ئولتۇرۇپلا ئۇيقۇغا چۈشتى. تۆۋەندە ئولتۇرغانلار: «ئاباسكام ئاخشام قاتتىق ئىچىپ قويغان ئوخشايدۇ - دە!» دېيىشتى. شۇ ئارىدا كۈتكۈچى ئايال كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويغانىدى، ئاباس نازىر بېشىنى يېرىم كۆتۈرۈپ: «بىرى ئۆتۈپ كەتسۇن» دېگەنىدى، ئالدىدىكى مىكروفون ئوچۇق ئىكەن، بۇ گەپ پۈتۈن زالغا ئاڭلىنىپ كەتسە بولىدۇ، تۆۋەندىكىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ پاراققىدە كۈلۈشتى - دە، يىغىن تەرتىپى بۇزۇلۇپ كەتتى. بايا ئۇ ئادەم ئۆزىنى ھاراق سورۇنىدا دەپ چاغلاپ، «بىر نۆۋەت ئۆتۈپ كەتسۇن» دېگەنىكەن. شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە رەڭگارەڭ لەتىپىلەر توقۇلۇپ كەتتى.

ياسىنجان ۋالىينىڭ ئېسىگە شۇ ۋەقە كېلىپ ئۆزىنى تېتىك تۇتتى ۋە سۈرلۈك بىر ھالەتتە تۆۋەندە ئولتۇرغانلارغا سەپسالدى. ئۇلارمۇ يېڭى ۋالىينى باھالىشىۋاتقاندەك ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قارىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەن سېلىپ

ئۆزئارا پىچىرلىشىپ قوياتتى . بەزى تونۇيدىغانلار ئۇنىڭغا قاراپ سالام قىلغاندەك بولۇشاتتى . بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇ كەلگەندىن بۇيان بىر - ئىككى قېتىمدىن سالام بېرىپ كەتتى ، كۆپىنچىسى تېخى قارىسىنى كۆرسەتمەيۋاتاتتى . «قېنى ، قاچانغىچە قاراپ باقىدىكەنسىلەر ، مەن كۆرۈپ باقاي ، بىلىمەن ، سىلەرنى تۆردى ئوسمان ئۆستۈرگەن ئادەملەر ، ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيۋاتىسىلەر ، لېكىن ئەمەل دېگەن يۈز - خاتىرنى تونۇمايدۇ ، بۇ قانۇنىيەتنى چۈشەنمىگەنلەر زىيان تارتىدۇ... »

تۇيۇقسىز چېلىنغان چاۋاك ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى . يىغىن باشقۇرغۇچى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— ۋالىي ، سىلىنىڭ يولىيورۇقلىرى بارمۇ ؟— دەپ سورىدى .

— يوق ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي سائىتىگە قاراپ قويۇپ .

يىغىن باشقۇرغۇچى يىغىنىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى - دە ، ئالدىراپ ياسىنجان ۋالىينىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ۋالىي ،— دېدى ئۇ خۇشامەت بىلەن ،— ھەرقايسىلىرىغا بىر ۋاخ تاماق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدۇق ، داخىل بولۇپ بەرگەن بولسىلا...

— رەھمەت ،— دېدى ئۇ ،— باشقىلار داخىل بولسۇن...

ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، ھېچكىمگە قارىماستىن سەھنىدىن چۈشۈپ كەتتى . سەھنىدىكىلەر يېڭى ۋالىينىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىپ ، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى . ياسىنجان ۋالىينىڭ بۇنداق قىلىشىدىمۇ سەۋەب بار ئىدى . ئۇ بۇ ۋىلايەتكە كېلەر چاغدا ئاقساقال ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ شۇنداق دېگەنىدى :

— سىز ئۆز يۇرتىڭىزغا ۋالىي بولۇپ كېتىۋاتىسىز ، مۇنداق ئىككى ئىشقا قاتتىق دىققەت قىلىڭ ، بىرى ، زىياپەت ، مېھماندارچىلىققا ئاز بېرىڭ ، بىزنىڭ كۆپىنچە كادىرلىرىمىز شۇ ئىشتىن

خاتالىشىپ كېتىۋاتىدۇ؛ يەنە بىرى، تۆۋەندىكىلەر ئەكەلگەن سوۋغا ـ سالاملارغا كۆز قىرىڭىزنى سالماڭ!...

ئۇ ئاقساقالنىڭ شۇ گېپىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، پەقەت مەركەزدىن ياكى ئاپتونوم رايوندىن رەھبەرلەر كەلسە تاماقتا بىللە بولغاندىن باشقا، ۋىلايەت ئۆزىنىڭ ئاچقان يىغىنلىرىنىڭ زىياپەت-لىرىگە پەقەتلا قاتناشمايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئادىتىگە كادىرلار ھەر خىل تەبىرلەرنى بېرىشتى. بەزىلەر: «يېڭى ۋالىي ئۆزىنى پاك كۆرسەتمەكچى بولۇپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دېسە؛ يەنە بەزىلەر: «بىرەر ۋاخ تاماق يېگەنگە نېمە بولىدۇ؟ يېڭى ۋالىينىڭ نەزىرى بەك ئۇستۇندەك قىلىدۇ، بۇنداق قىلسا ئامىمىدىن ئايرىلىپ قالى-دۇ» دېيىشتى. خەقلەر نېمە دېسۇن، ياسىنجان ۋالىي ھازىرغىچە بۇ ئادىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتاتتى. يەرلىك ئەمەلدار-لار بولسا يېڭى ۋالىينىڭ نېمىنى خۇش كۆرىدىغانلىقىنى بى-لىپ بولالماي ئاۋارە ئىدى.

ياسىنجان ۋالىي ماشىنىغا چىقىپ بولۇپ شوپۇردىن:

— چىمەنگۈل تېلېفون قىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قىلدى، — دېدى شوپۇر.

— نېمە دەيدۇ؟

— «مەن ئىدارىدە ساقلاپ تۇرىمەن» دېدى.

شوپۇرنىڭ دېگىنىنى ئاڭلاپ ياسىنجان ۋالىي خۇرسىنىپ قويدى ـ دە، شوپۇرغا «ماڭايلى» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. «ئۆزۈمدىنـمۇ كەتتى،— دەپ ئويلىدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن،— باشتىلا ئۇنى ماشىنىغا ئۆگەتمەيدىغان ئىشكەن، مانا ئەمدى مەھ-كەملا چاپلاشتى، خەقلەر مېنى نېمە دەۋاتىدىكىن، تازا خوتۇن-دىن قورقىدىغان سايىمئا خۇنىڭ بىرىكەن دېمىسە بولاتتىغۇ؟...» ئۇ بىر ـ ئىككى قېتىم چىمەنگۈلگە پۇرتىپ دەپمۇ كۆردى، لېكىن چىمەنگۈل ئۇنى تويغۇزۇپ قويدى:

— سىزنىڭ شۇنچىلىك بولسىمۇ راھىتىڭىزنى كۆرىمەن دەپ

ئۇرۇمچىنى تاشلاپ كەلدىم ، نېمانچە ئېھتىيات قىلىپ كېتىسىز ، مۇشۇ تەختكە سىزنى كىم قويغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ ،— دېدى .

ياسىنجان ۋالىي چىمەنگۈلگە گېپىنى ئۆتكۈزەلمىگەندىن كېيىن شوپۇرغا گەپ ئۆگەتكەندى ، لېكىن بۇمۇ ئاقمىدى . ئۇ رولدا ئولتۇرغان شوپۇرنىڭ گەجگىسىگە ئاچچىقى بىلەن ھومىيىپ قويدى . «ماۋۇ پايلاقچىمۇ گەپ ياساشنى بىلمەيدىغان دۆت چىقتى ، بولمىسا نەچچە دېدىم : ‹چىمەنگۈل تېلېفون بەرسە مېنى يىغىندا ، قاچان قايتىدۇ بىلمەيمەن دېگىن › دېدىم ، بۇمۇ چىمەنگۈلنىڭ گېپىدىن چىقالمايدۇ ، تېخى مېنىڭ نەگە بېرىپ نەدە تۇرغىنىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ... ئەسلىدە بۇنى ئۈرۈمچىدىن ئەكەلمىسەم بوپتىكەن... » ياسىنجان ۋالىي ئالدىدا كېرىلىپ ئولتۇرغان شوپۇرنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى . شوپۇر بولسا ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك ئالدىدىكى ئەينەككە قاراپ بىردەم گالستۇكىنى تۈزەيتتى ، بىردەم بولسا چېچىنى سىلاپ قوياتتى . ئۇنىڭدىن گۈپۈلدەپ ئەتىرنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتاتتى . ياسىنجان ۋالىيغا بىرلا يارايدىغان يېرى ، ئۇ ماشىنىنى قىز بالىدەك پاكىز تۇتاتتى . ئۆزىمۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا پاكىز ، رەتلىك يۈرەتتى . شۇڭلاشقىمۇ ئۇلار ۋىلايەتكە كېلەر چاغدا چىمەنگۈل :

— ئۇ يەردە قانداق بىرنېمىنى سىزگە شوپۇر قىلىپ بېرىدۇ ، كىم بىلىدۇ ، شوپۇر ئىشەنچلىك بولمىسا بېشىڭىزغا بالا تېپىپ بېرىدۇ ، شەۋكەت بىز بىلەنمۇ ئۆزلىشىپ قالدى ، مىجەزىمۇ ئوبدان ، ئاكاممۇ شەۋكەتنى بىللە ئەكېتىڭلار دەۋاتىدۇ ،— دېدى .

چىمەنگۈل ئاخىرقى گەپنى بۇيرۇق قىلغاندەك ئۇزۇپ دېدى . ئۇمۇ ياسىنجاننىڭ ئاكىسىنىڭ لەۋزىگە قارشى بىرنېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ئۇ شەۋكەتنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ ئىلاجسىز ماقۇل بولدى . «بوپتۇ ، ھازىرچە ماقۇل

دەپ تۇراي ، ئاقساقالنىڭمۇ پېنسىيىگە چىقىدىغان كۈنلىرى ئاز قالدى ، شۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ كەشىڭنىمۇ توغرىلاپ قويماق تەس ئەمەس ، بۇ نېمە قانداق بولۇپ ئاقساقالغا ياراپ قالدىكىنا ؟... » ياسىنجان ۋالىينىڭ كۆز ئالدىغا چىمەنگۈلنىڭ نەۋرە ئاكىسى بولغان ئاقساقال كەلدى - دە ، شۈكلەپ كەتتى . ۋۇجۇدىغا مۇزدەك تىترەك ئولاشتى . ئۇ كۆزىنى يۇمغىنىچە خىيالغا كەتتى...

ياسىن تاشيول ئۇچاستكىسىدا ئۈچ ئاينى بۇرۇقتۇرمىلىق بىلەن ئۆتكۈزدى . ئۇ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدىنى بىراقلا ئۈزۈپ ، پۈتۈن ئەلەمىنى هاراقتىن ئېلىپ ، كۈندە دېگۈدەك ئۆيگە غەرق مەست بولۇپ كېلەتتى - دە :

— هەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭ ، سەن بولمىغان بولساڭ تۇردى ئوسمانمۇ ماڭا بۇنچىۋالا ئۆچ بولۇپ كەتمەيتتى ، — دەپ هەلىمەنى تىللايتتى . هەلىمە بولسا ئۇنىڭ تاپا - تەنىلىرىگە لام دەپ جاۋاب ياندۇرمايتتى ، پەقەت كېچىسى ياسىنغا تۇيدۇرماي يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋالاتتى .

بىر كۈنى ئۇچاستكا باشلىقى ئۇنى ئىشخانىغا چاقىرىپ ، ئۇرۇمچىدە ئېچىلماقچى بولغان تاشيول ئاسراش سېپىدىكى ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا بېرىشنى ئېيتتى . ياسىن باشتا بىرەر سەۋەب كۆرسىتىپ بارماسلىقنى ئويلىدى ، لېكىن تۇرۇپلا : «ئۇرۇمچىنى كۆرمىگىلىمۇ ئۇزۇن يىللار بوپتۇ ، بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ ئويناپ كەلمەيمەنمۇ ؟ !» دېگەن يەرگە كېلىپ ماقۇل بولدى . ئۇ يىغىنغىمۇ تۈزۈك قاتناشماي كۈنىنى بازار ئايلىنىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى ، مېهمانخانىغا تاماق ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپلا كېلەتتى . بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە كوچا ئايلىنىپ قايتماقچى بولۇپ ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇراتتى . بىرى ئۇنىڭ كەينىدىن مۈرىسىنى ئاستا ئۇردى . ياسىن قايرىلىپ ئۆزىگە قاراپ هىجىيىپ تۇرغان

دوغىلاق ، كۆزلىرى كىچىك ئادەمنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى .

— هوي ، ئەخەتمۇ سەن ؟— دېدى ياسىن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرۇپ ،— قانداق ئەھۋالىڭ ؟ نەچچە كۈندىن بىرەر يۇرتلۇق تونۇشلار ئۇچراپ قالار ، دەپ كوچا ئايلىنىپ يۈرىمەن ، بىرىمۇ يولۇقمىغانىدى ، بۈگۈن سېنى بولسىمۇ كۆرۈپتىمەن...

ئەخەت بىلەن ياسىن بىر مەھەللىلىك بولۇپ ، ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇغانىدى . كېيىن ئەخەت سەنئەت مەك-تەپكە ئوقۇشقا كەتتى ، ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن بولسا ئۇ-رۇمچىدە قالغانىدى . ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمىگەن يۇرتلۇقلار خې-لىغىچە مۇڭداشتى . ياسىن ئۇنىڭغا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى .

— ئۇنداق يېرى بولسا بىر ئامال قىلىپ ئۈرۈمچىگە كېلى-ۋالساڭ بوپتىكەن ،— دېدى ئەخەت ئۇنىڭغا ،— باش ئۇچاستىك-دىكى باشلىقلار بىلەن تونۇشلۇقۇڭ قانداق ؟

— مەن بۇ ئىدارىغا يېڭى بولغاچقا ھېچكىمنى تونۇمايمەن دېگىنە .

— مۇنداق دە ،— ئەخەت بېشىنى چايقاپ قويدى ،— هازىر تونۇش بولمىسا بىكار دېگىنە ،— ئەخەت بولسا سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئالدىرىدى ،— مۇنداق قىلايلى ، سەنمۇ ئوبدان ئۇچراپ قالدىڭ ، بۈگۈن كەچكە بىرقانچە مۇھىم مېھمانلارنى ئۆيگە چاقى-رىپ قويغانىدىم ، ھەرقاچان ناخشا - مۇزىكىنىمۇ سېغىنىپ قال-غانسەن ؟ ئارتىسلاردىنمۇ دەپ قويىدۇم ، كېلەمسەن ؟ بولمىسا هازىر بىللە كېتەيلى...

ياسىنغا ناخشا - ساز ئاڭلىمىغىلىمۇ ئۇزۇن يىل بولغانىدى . شۇڭا ئۇ يۇرتدىشىنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدى . لېكىن ، «يې-غىنغا بىر كۆرۈنۈۋېتىپ باراي» دېدى . ئۇ ئارتىسلارنىڭ ئالدىغا شۇنداقلا بارغۇسى كەلمىدى . ئۇ ئەخەتتىن ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى

ئېلىنىپ ئۇدۇل ساتىراشخانىغا كىرىپ چېچىنى ياساتتى ، سا-
قال - بۇرۇتىنى ئالدۇردى ، ئاندىن ياتىقىغا بېرىپ يېڭى كىيىم-
لىرىنى كىيدى . ئاندىن دېگەن ۋاقىتتا ئەخەتنىڭ ئۆيىگە كەلدى .
ياسىن كېيىن بىلدىكى ، بۇگۈنكى مېھماندارچىلىق بىكار ئەمەس-
كەن ، ئاساسىي مېھمان — تەشكىلات بۆلۈمىگە يېڭىدىن تەيىنلەن-
گەن باشلىق ئىكەن . زىياپەت ناھايىتى مول ئىدى . ئەخەت
پات - پاتلا باشلىقنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۆمەكنىڭ ئەھۋاللىرىنى
سۆزلەپ تۇراتتى ، كىملەرنىدۇر قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان دەپ
سۆكەتتى . هاراق بىرنەچچە رومكىدىن ئايلانغاندىن كېيىن
ناخشا - ساز بولدى . مۇزىكانتلار مۇقامدىن چۈشكەندى ، باشلىق-
نىڭ تەرى تۇرۇلدى . ئۇ ئەخەتنى چاقىرىپ بىرنېمىلەر دېگەند-
دى ، ئۇ مۇزىكانتلارنى توختىتىپ پەدىنى يەڭگۈشلىدى . سازەندى-
لەر شوخ ئۇسسۇل پەدىسىگە چالدى . ئەخەت شۇ ئارىدا سورۇنغا
ئىككى ئايالنى باشلاپ كىردى . ئۇلارنىڭ بىرى پاكار بويلۇق ،
قونچاقتەك ئايال بولۇپ ، ئىككىنچىسى زىلۋا بويلۇق ، كۆزلىرى
ئويناپ تۇرىدىغان چىرايلىق چوكان ئىدى . زىلۋا چوكان تۆردە
ئولتۇرغان باشلىققا قاراپ ناز بىلەن كۈلۈپ قويدى - دە ، ئۆي
ئىگىسىنىڭ تارتىپ قويۇشى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى . ئۇ شۇنچە-
لىك لەرزان ، نازاكەت بىلەن ئوينىدىكى ، ئۇزۇندىن بۇيان بۇنچە-
لىك ئۇسسۇلنى كۆرمىگەن ياسىن ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزى ئېچىلىپلا
قالدى . بىر چاغدا ئۇنىڭ قېشىغا ئەخەت كەلدى :

— قانداق ؟ — دېدى ئۇ ئايالنى شەرەت قىلىپ ، —
ئۇسسۇلچىنىڭ پەيزى بارمىكەن ؟ تونۇشتۇرۇپ قويايمۇ ؟ قورقما ،
بېشى بوش...

— يولدىشى يوقمۇ ؟

— ئاجرىشىپ كەتتى ، ئۇ ئاداش هاراققا بېرىلىپ كەتتى ،
چىمەنگۈلمۇ زېرىكتى .

— ئىسمى چىمەنگۈلمۇ ؟

— هەئە ، بىلىپ بولۇپسەنا ، بۇرۇن تونۇشامتىڭ ؟

— ياق ، هازىر ئۆزۈڭ دېدىڭغۇ ؟

— هە ، راست ، مەن دېدىم ـ هە ،— ئەخەت كۈلۈۋېتىپ تۆرنى شەرەت قىلدى ،— ئاۋۇ بۇجاڭ ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسى ئىكەن ، هە ، راست... بۇ ئايال بىلەن تونۇشۇپ قويساڭ ئەسقېتىپ قالامدۇ تېخى ، ئەمما بوش تۇرساڭ سېنى سۇغا ئاپىرىپ سۇغارماي ئەكېلىدىغان چوكان جۇمۇ !...

ياسىنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد پەيدا بولدى . ئەمدى بۇ چوكان ئۇنىڭ كۆزىگە بۆلەكچە يېقىملىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئايالمۇ ياسىنىڭ كۆڭلىنى سەزگەندەك ئارىلاپ ئۇنىڭغا نازلىق بىر تەبەسسۇم بىلەن كۆز تاشلاپ قوياتتى . ئۇ هەربىر قارىغاندا ياسىنىڭ ۋۇجۇدى شېرىن بىر تۇيغۇغا غەرق بولاتتى . شۇ تاپتا بۇ ئايال دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ، ئەڭ يېقىملىق بولۇپ كۆرۈنەتتى . شۇ ئارىدا بۇجاڭغا تېلېفون كېلىپ قايتىدىغان بولدى . ئۇ چىمەنگۈلگە : «بىللە كېتەمسىز ؟» دېگەندى ، ئايال ناز بىلەن ئەركىلىدى :

— ئەخەتكام ئۇنىمايۋاتىدۇ ، ئۆيۈمگە ئۆزى ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى ،— دېدى ئۇ ۋە ياسىنغا «لاپ» قىلىپ قاراپ قويدى .

باشلىق كەتكەندىن كېيىن چىمەنگۈل تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى . ئۇ هەتتا ياسىنىمۇ ئۇسسۇلغا تارتتى . بۈگۈن ياسىن هەممە خاپىلىقلارنى ، هەلىمەنى ، ئۆيىنىمۇ ئۇنتۇدى . ئولتۇرۇش كەچ تۈگىدى . ئۆي ئىگىسى ياسىنىڭ قۇلىقىغا : «سەن تۇرۇپ تۇر !» دەپ قويۇپ قالغان مېهمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ كەلدى .

— ياسىن !— دېدى ئۇ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ،— چىمەنگۈلنىڭ ئۆيى سېنىڭ يولۇڭدا ، سەنلا ئاپىرىپ قويۇپ كېتەمسەن ـ يا ؟

— بولىدۇ ،— دېدى ياسىن خۇش بولۇپ .

بۇنى ئاڭلاپ چىمەنگۈل كۆزىنى ئوينىتىقان ھالدا ياسىنغا قاراپ قويدى ـ دە ، ئەخەتكە :

— ئاغىنىڭىز ئادەم بوزەك قىلمايدىغاندۇ ؟— دەپ سورىدى .

— چىمەنگۈل ، سىزنى بوزەك قىلىدىغان ئادەمنىڭ بېشى ئونمۇ ؟ مەنمۇ ئاغىنەمگە ئىشەنگەچكە سىزگە ھەمراھ قىلىۋاتىدىمەن ، قانداق ـ ھە ، ياسىن ؟

— بىز سەھرالىقلار ئادەم بوزەك قىلىشنى بىلىپ كەتمەيمىز ،— ياسىنىنىڭ ئاغزىغا شۇ گەپ ئارانلا كەلدى .

تۈن قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان تىنچ كوچا كىشىگە سېھىرلىك تۇيغۇ بېغىشلايتتى . ياسىن بۈگۈنكى تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن تېخى ئېسىگە كېلەلمىگەن بولۇپ ، ۋۇجۇدى بولسا ئېيتقۇسىز ھاياجانغا ، ساراسىمىگە تولغانىدى . ئۇ پات ـ پات كۆزىنىڭ قىرىدا يېنىدىكى كېلىشكەن ئايالغا قاراپ قويۇاتتى ۋە : «بۇ چۈشۈمۇ ، ئوڭۇممۇ ؟» دەيتتى ئىچىدە . ئايالنىڭ شوخلۇق بىلەن كۈلۈشلىرى ، بىرئاز ھەيران بولغاندەك جىلمىيىپ بېقىشلىرى ، قوڭغۇراقتەك چاڭىلدىغان ئاۋازى ئاجايىپ يېقىملىق ۋە چىرايلىق ئىدى . ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقىلىۋاتقان ئادەمنى مەست قىلغۇچى شېرىن بىر پۇراق ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى . چىمەنگۈل گويا ئۇلار كونا تونۇشلاردەك توختىماي سۆزلەيتتى ، ئۆمەكتىكى قايسىبىر ئۇسسۇلچىنى مازاق قىلاتتى ، ياسىن ئىسمىنى ئاڭلىمىغان ناخشىچىلارنى دوراپ بېرەتتى ، ياسىنغا يول بىردەمدىلا تۈگەپ قالغاندەك بىلىنىدى .

— ئۆيگىمۇ كېلىپ قاپتۇق ،— دېدى چىمەنگۈل كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ ،— سىزگە رەھمەت… بۈگۈن تونۇشۇپ قالدۇق ، كەتكىچە ئۆيگە كېلىپ تۇرۇڭ ، يىغىنىڭىزنىڭ ۋاقتى باردۇ تېخى ؟

— ئەتە تۈگەيدۇ .

— بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كەتمەمسىز ؟
— تۇرغۇدەك ئىشىمىز يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە...
— ئۆيدىكىلەرنى سېغىنىپ كەتتىم دەڭا ،— چىمەنگۈل قاش-لىرىنى ئۇچۇرۇپ كۈلدى ،— شۇڭا كۆزىڭىزگە ھېچ نەرسە كۆ-رۈنمەيۋېتىپتۇ - دە ؟

ياسىن ھودۇقۇپ قالدى . ئۇنىڭغا بۇ كېلىشكەن ئايال شۇ گەپ بىلەن «سىزمۇ تايىنلىق ئىكەنسىزغۇ !» دەۋاتقاندەك تۇيۇ-لۇپ جىددىيلەشتى . ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا :
— ئەگەر سىز تەكلىپ قىلسىڭىز بولدى تۇراي ،— دېدى .

ياسىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چىمەنگۈل باشتا ئەجەبلەنگەندەك قاشلىرىنى سوزۇپ كۈلدى . ئارقىدىن دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرۇپ :
— راست - ھە ؟— دەپ سورىدى .
— راست...
— ئەمىسە ئەتە كەچتە سىزنى ئۆيدە كۈتىمەن ، كېلەمسىز ؟
— تەكلىپ قىلسىڭىز چوقۇم كېلىمەن .
— ئۆي ئەنە ،— چىمەنگۈل كوچىنىڭ بويىدىكى ئالدى تام بىلەن قورشالغان بىر قەۋەتلىك ئۆينى كۆرسەتتى ،— ئەمىسە مەن سىزنى ساقلايمەن...

ئادەم بالىسى شۇنداق نەرسە... ئۇ بىرەرنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ ، بولدى ، ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ . ياسىنمۇ شۇنداق بولدى . چىمەنگۈل بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ، ئۇ ئۇرۇمچىدە توپتوغرا ئون كۈن تۇرۇپ قالدى . چىمەنگۈل ئۇنى كۆرۈنمەس يىپ بىلەن ئۆزىگە مەھكەم چىرمىۋالدى . ياسىننىڭ بولسا ئۇنى ئۆزگىچە مادارى يوق ئىدى . ئۇ خىزمەتنى ، ئۆينى ، ھەممىنى — ھەممىنى ئۇنتۇدى . ناۋادا تەشكىلنى دېمىگەن بولسا ئۇ يەنە تۇرىۋەرگەن بولاتتى . ئاخىرى چىمەنگۈلگە كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى :

— مەن قايتىپ بېرىپ خوتۇن بىلەن ئاجرىشىمەن ، ئاندىن بىز توي قىلايلى .

— ئايالىڭىز ئاجرىشىشقا ئۇنىمىسىچۇ ؟

— ئۇنىسۇن ، ئۇنىمىسۇن ئاجرىشىمەن ، مەن ئەمدى سىز-سىز ياشىيالمايمەن .

— مەن بىر گەپنى ئالدىن دەپ قوياي ، — دېدى چىمەنگۈل ئەركىلەپ تۇرۇپ ، — مەن ھەرگىز سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا بارمايمەن...

— مېنىڭمۇ ئۇ يۇرتتا بىر كۈن تۇرغۇم يوق ، لېكىن خىزمەتنى قانداق قىلىمەن ؟

— ئەگەر بىز توي قىلساق خىزمەت ئىشىڭىزنى مەن ھەل قىلىمەن .

— سىز قانداق ھەل قىلىسىز ؟

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ ، مەن ھەل قىلىمەن دېدىم-مۇ ، ھەل قىلىمەن .

ياسىننىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى . ئۇ چىمەنگۈلنىڭ ھەممە شەرتلىرىگە رازى بولدى . «چىمەنگۈل ماڭا ئامەت ئەكېلىدىغان-دەك تۇرىدۇ ، نېمىگە تارتىشىمەن ، ھەلىمەگىمۇ ؟ ئۇ ماۋۇ چىمەن-گۈلنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ ، ئۇ ماڭا نېمە قىلىپ بەردى ؟ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ مېنى پالاكەت باستى . چىمەن-گۈل بولسا مېنى شۇ پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرماقچى ، بولدى ، بالى-نىمۇ ھەلىمەگە بېرىمەن . ئۆيىنىمۇ ئالسۇن ، ئاشۇ تۇردى ئوسمان دېگەن چاياننىڭ ئالدىدا خارلىنىپ يۈرگەندىن ئۈرۈمچىدە ئىشچى بولسامۇ مەيلى ، كىم بىلىدۇ ، مېنىڭ ئىستىقبالىم مۇشۇ چوڭ شەھەردە ئېچىلىپ قالامدۇ ؟... جەمئىيەت دېگەننىمۇ كۆردۈم ، بۇ كۈندە سېنى قولتۇقىڭدىن يۆلەپ تۇرىدىغان يۆلەنچۈكۈڭ بولمىسا بىكار ئىكەن . تۇردى ئوسمان شۇنچە خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپمۇ يەنە ئۆسۈپ كەتتىغۇ ؟ چىمەنگۈل ئارقىلىق ئاكىسى بىلەن يېقىن بولۇ-

ۋالسام ئۈسۈپمۇ قىلىشىم مۇمكىن . جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ . ئامىتىمنى بىر سىناپ كۆرەيچۇ ؟… »

ياسىن ھەلىمەنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي ئۆيىنى بۇزدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇرۇمچىگە كېلىپ چىمەنگۈل بىلەن توي قىلدى . چىمەنگۈلمۇ ۋەدىسىدە تۇرۇپ ، نەۋرە ئاكىسىنىڭ قولى بىلەن ئۇنى يۆتكەپ كېلىپ ، كادىرلار نازارىتىگە ئورۇنلاشتۇردى . ياسىن ئۆز تەقدىرىنىڭ بۇنداق تېز ، كۆڭۈلدىكىدەك ھەل بولغانلىقىدىن بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى . ئۇ ئاقساقالنىڭ غەمخورلۇقىغا يارىشا ساداقەت بىلەن خىزمىتىنى قىلدى ، ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ تۇردى . ئاقساقالمۇ ئۇنىڭ سەممىيلىكىگە قول قويۇپ ئۆستۈردى . ئۇ باشتا باشقارمىغا ، ئالدىنقى يىلى بولسا نازارەتكە مۇئاۋىن نازىر بولدى . بۇ يىل بولسا ئاقساقالنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ۋىلايەتكە ۋالىي بولۇپ كەلدى . ياسىنجان ھاياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبچىسى چىمەنگۈل ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى ۋە بۇ ئايالغا ئۆمۈرلۈك قەرزدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمايتتى .

— سىز كىم ئىدىڭىز ؟— دېگەنىدى چىمەنگۈل بىر قېتىم گەپ تالىشىپ قالغاندا ،— تاشيولدا شېغىل تاسقاپ يۈرگەن نېمە ئىدىڭىز ، كىم سىزنى مۇشۇنچىلىك ئادەم قىلىپ قويغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتامسىز ، يۈرىكىڭىزگە قولىڭىزنى سېلىپ تۇتۇپ بېقىڭ جۇمۇ ! چىمەنگۈلچۇ ۋاقتى كەلگەندە سىزنى ئاشۇ كەلگەن يېرىڭىزگە ئاپىرىپمۇ قويالايدۇ ، مېنى قىلمايدۇ دېمەڭ !…

شۇڭا شوپۇر چىمەنگۈلگە تېلېفون قىلدى . دېگەندەك ياسىن ۋالىي «ياق» دېيەلمەي ئەلەم بىلەن ئىچىگە تىنىپلا قويدى . «يەنە بىر مەزگىل سەۋر قىلاي ، يا ئۆمەككە بىر ماشىنا تەستىقلاپ بېرىپ قۇتۇلساممىكىن ، چىمەنگۈل ئۇنداق ـ مۇنداق ماشىنىنى ياراتمايدۇ تېخى ؟ مۇشۇ مەسلىھەتنى سېلىپ باقايچۇ… » ياسىن ۋالىي خىيالىغا كەلگەن بۇ پىكىردىن خۇش بولدى .

## 4

زورىخان مومايغا بۇ ئىككى ھەپتە بىر يىلدەك بىلىنىپ كەتتى .

دەسلەپ بىر - ئىككى كۈن ئۇ ئۆزىنى گويا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ قالغاندەك سېزىپ ھاياجانلاندى . ئوغلىنىڭ كەڭتاشا ، چىرايلىق ياسالغان ئۆيىنى ، ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ئېسىل ئۆي سايمانلىرىنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى . «ئوغلۇمنىڭ بېشىغا دۆلەت قۇشى قونۇپتۇ ، — موماي كەڭ ، يۇمشاق كارىۋاتتا راھەتلىنىپ يېتىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى ، — ياسىن شۇنچە يىل ئۈرۈمچىدە بىكار يۈرمەپتۇ ، شۇنچە ۋالا جابدۇقلارنى ئايلىقىغا ئالغانمىدۇ ؟ ۋالىي بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتمۇ بىكارغا بەرسە كېرەك ··· رەھمەتلىك دادىسى ، ئوغلۇڭنىڭ مۇشۇ كۈنىنى كۆرەلمىدىڭلىدە ، بولمىسا قانچە خۇش بولاتتىڭلا ! ياسىن كىچىك چېغىدا مۇشۇ ئوغلۇم چوڭ بولسا كاتتا ئادەم بولىدۇ ، شۇڭا ئوقۇسۇن ، دەپ مەكتەپكە ئۆز قولۇڭلار بىلەن يېتىلەپ ئاپىراتتىڭلار ! توغرا دەپتىكەنسىلەر ، مانا پۈتۈن بىر يۇرتنى سورايدىغان ۋالىي بولدى ، ئەتە - ئۆگۈنكىچە يەنە نېمە بولىدۇ ، ياراتقان ئىگەم بالامنى يامان كۆزلەردىن ساقلارسەن··· » زورىخان موماي ھەر نامىزىدا ئوغلىغا ئاتاپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلىپ تۇردى .

قىزىقىش ، ھەۋەس بىلەن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى . مومايىنى ئەمدى يالغۇزلۇق ، زېرىكىشلىك باسقىلى تۇردى . ئۇ بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەيران بولاتتى . ئۇلار ئەتىگىنى ئالدىراپ چاينى چالا - بۇلا ئىچەتتى - دە ، ئىشقا مېڭىشاتتى . چۈشتە بىرى كەلسە بىرى كەلمەيتتى . ئاخشىمى بولسا ئۇلارنىڭ قايسى چاغدا كەلگىنىنى ئۇقۇپ بولمايتتى . ياسىن ۋالىي خىزمەت بىلەن ھېلى

ئۈرۈمچىگە ، ھېلى ناھىيىلەرگە كېتىپ نەچچە كۈندە بىر پەيدا بولاتتى . موماي كەلگەندىن بۇيان چىمەنگۈل ئۆيدە تۇرمايدىغان بولۇۋالدى . ئۇ زورىخان موماي يېتىپ قالغاندىلا كېلەتتى . كىچىك ئوغلى ئادىلجان ئۆيگە يېرىم كېچىدە پەيدا بولاتتى . زورىخان موماي تولىراق ئۆيدىكى خىزمەتچى قىز بىلەن قالاتتى . ئۇ بولسا ئۆي تازىلاش ، كىر يۇيۇش ، تاماق ئېتىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ مومايغا ئاشمايتتى . گويا بۇ ئۆي بۇ ئائىلىدىكىلەر ئۈچۈن ئاخشىمى قونۇپ چىقىپ كېتىدىغان ياتاقتەكلا ئىدى . «تۇۋا ، بۇلارنىڭ كۈنى مۇشۇنداق ئۆتەمدىغاندۇ ؟ — زورىخان موماي بارغانچە ھەيران بولۇشقا باشلىدى ، — شۇنداق كاتتا ئۆي ، ئۆيدە ھەممە نېمە تەل تۇرىدۇ ، تاماقنى ئېتىپ قويسا يەيدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق ، قانداق ئۆي بولدى بۇ ؟…» مومايىنىڭ ئەھۋالىنى پەقەت ياسىنجاننىڭ چوڭ قىزى ئاسىيەلا سوراپ تۇراتتى . دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان ئاسىيە خىزمەتتىن كەلگەندىن كېيىن ئۇدۇل مومايىنىڭ قېشىغا كىرىپ پاراڭلىشاتتى . بۈگۈنمۇ ئۇ كىچىك دىجورنىلىقنى تۈگىتىپ كېلىپ ئۆز خانىسىغا كىرمەستىن موماي يېتىۋاتقان ئۆيگە كىردى .

— موما ، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تۈگۈلۈپ ياتقان مومىسىغا يېقىن كېلىپ ،— نېمە بولدىڭىز ؟

— ھېچنېمە بولمىدىم ،— دېدى موماي ئۆرە بولۇپ ، — بىكارچىلىقتا ياتقانىدىم ، رەناگۈلنى چۈشەپ قاپتىمەن دېسە ، تۇۋا…

— نەۋرىڭىزنى سېغىنىپ قاپسىزدە ، موما ؟

— ئۆيدە مەن بىلەن بىللە ياتاتتى ، مەن يوق ئاپىسىغا جاپا سېلىۋاتامدىكىن ؟

— رەناگۈلنى بىللە ئەكەلسىڭىزمۇ بوپتىكەن .

«يائاللا ، چىمەنگۈل ئۇنى تۇرغۇزامدۇ ، شۇ تاپتا مەن ئاران يېتىۋاتىمەن» زورىخان كۆڭلىدىن شۇلارنى ئۆتكۈزۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە :

— ئوقۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، بولمىسا ئەكېلەتتىم، — دېدى.
— زېرىكىپ قالدىڭىز ـ ھە، موما، — دېدى ئاسىيە موماي-نىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، — بولمىسا مەن بىللە ياتاي…
— سىز ئىشلەۋاتقان ئادەم، — دېدى موماي، — دەم ئالمىسىڭىز بولمايدۇ، شۇنداق دېگىنىڭىزگە رەھمەت، بالام.
— سىز بىلەن ئولتۇرسام ھاردۇقىممۇ چىقىپ قالىدىكەن، بۇ ئۆينى سىزمۇ كۆرۈۋاتىسىز، كۆچمەنچىدەكلا ياشايمىز، دادامنىڭ بولسا خىزمىتى ئالدىراش، ئۆيدە تۇرغان كۈنىدىن سىرتتا يۈرگىنى جىق، ئاپام بولسا دادامدىنمۇ ئالدىراش. ئىلگىرى ئۇرۇمچىدىكى چاغدا ئاپام ئويۇن قويغىلى بىر چىقىپ كەتسە ئايلاپ كۆرمەيتتۇق. دادام بىچارە بىزگە تاماق ئېتىپ قارايتتى. بەزىدە دادامغا ئىچىم ئاغرىپ: «دادام ئۆيدە ئىشلەيدىغان ئايالنى ئالسىمۇ بوپتىكەن» دەپ قالىمەن. شۇڭا كىچىكىمدە ئاپام سەنئەت مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرەمسەن دېگەندە، «ئارتىس سىزدەك بولىدىغان بولسا ئوقۇماپتىمەن» دەپ دوختۇر بولغانىدىم.
— ياخشى كەسىپتە ئوقۇپسىز، بالام.
— ئۆزۈمگۇ ياخشى كۆرىمەن، لېكىن جاپاسى تولاراق…
— ساۋابلىق ئىش، بالام، كېسەلنىڭ دۇئاسىنى ئالغاندىن ئۇلۇغ ئىش يوق، ئادەم بالىسى ئاچ ـ توققا، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدايدۇ، كېسەلگە ئامال يوق. سىلەر دېگەن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەمگە جان بېرىسىلەر، ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇسىلەر، ساۋابلىق خىزمەت… گۈلشەن قىزىمغىمۇ ھەمىشە شۇ گەپنى قىلىمەن، گۈلشەننى بىلىدىغانسىز؟ ئۇمۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەيدۇ.
— ھەئە، — دېدى ئاسىيە، — بىز بىر بۆلۈمدە.
موماي ئاسىيەگە قاراپ قويۇپ دېدى:
— كېلىنىنىڭ غەيۋىتى ئەمەس، مىجەزى سەل ئىتتىكرەك. باشلىقنىڭ قىزى ئەمەسمۇ، سەل كىبىرى بار، ئەنۋەرجان

ئوبدان بولغاچقىلا چانماي كېتىپ بارىدۇ ، ھەي ، تەقدىر دېگەن شۇنداق ئىكەن...

موماي خۇرسىنىپ قويدى . ئۇنىڭ قورۇقلار بىلەن تورلاش- قان ياداڭغۇ يۈزىدە ھەسرەت پەيدا بولدى . كۆزلىرى مۇڭ بىلەن قىسىلدى . بۇنى كۆرۈپ ئاسىيەنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى . «مو- مامىمۇ تەس ،— دەپ ئويلىدى مومايىنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرى- تىپ ،— بۇ ياققا قارىسا ئوغلى ، ئۇ ياققا قارىسا نەۋرىسى... مومامنىڭ دېيىشىچە ، ئەنۋەركام ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ يوقلاپ تۇرىدىكەن . مومامۇ ئۇنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىكەن ، لېكىن ئەنۋەركام دادامنى كەچۈرمەيدىغان ئوخشاي- دۇ . مانا بىز كېلىپ ھازىرغىچە بۇ ئۆيگە دەسسەپ قويمىدى ، مومامنىڭ مۇشۇ ئىشلارغا ئىچى پۇشىدۇ ھەرقاچان . دادامۇ ئۆز ۋاقتىدا نېمىدەپ ئوغلىنى تاشلاپ كەتكەن بولغىيتتى ؟ بەلكىم ئاپام يول قويمىغان بولسا كېرەك... بۇنى ئاز دەپ ئەنۋەركام دادامنىڭ ئەڭ ئۆچ ئادىمىگە كۈيئوغۇل ئىكەن ، بۇلارنىڭ ئوتتۇ- رىسىدا نېمە ئىشلار يۈز بېرەر ؟...» بۇ سوئاللاردىن ئاسىيەنىڭ كاللىسى ئايلىنىپ كەتتى . ئۇ ھەممىدىنمۇ ئاپىسىنىڭ مومايىنى رەنجىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى . شۇڭا مومايىنىڭ يېنىدىن نېرى بولمايتتى ، لېكىن ئۇ قانچە دىققەت قىلسىمۇ كۆڭۈلسىزلىك ئاخىرى يۈز بەردى .

بىر كۈنى ئۆيدىكىلەر ھەممىسى ئىشقا كېتىپ زورىخان موماي ئۆيدە يەنە يالغۇز قالدى . خىزمەتچى قىزمۇ كۆكتات ئەكى- رەي دەپ بازارغا چىقىپ كەتتى . ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ ئىچى پۇشقان موماي ھاۋا يېگىلى ھويلىغا چىقتى . بۈگۈن كۈنمۇ شۇن- داق ياخشى ئىدى . ھويلىغا تېرىلغان گۈللەرنىڭ ئالدى ئېچىل- غان ، رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر گۈللەر ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرەتتى . مومايىنىڭ ئېسىگە شۇ ھامان ئۆزىنىڭ ھويلىسى كەلدى . ئۇ ھەر كۈنى نەۋرىسى رەناگۈلنى مەكتەپكە ماڭغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن

هويلىسىدا گۈللەرنى ئوتايتتى، سۇ قوياتتى. ئاڭغىچە قوشنا ئاياللاردىن بىرەرى كىرىپ كېلەتتى. ئۇلار ماموغا مەھەللىدىكى يېڭىلىقلارنى يەتكۈزۇپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاتتى. كۈنلەر شۇنداق كۆڭۈللۈك، موماي بىردەممۇ زېرىكمەيتتى. ئۇ بۇ ياققا كېلىشتىن ئاۋۋالمۇ قوشنىسى تۇخان كىرىپ ئۇزۇنغىچە پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇردى.

— شۇنداق قىلىپ ياسىنجان ۋالىينىڭ ئۆيىگە بارمەن دېسىلە، — دەپ سورىدى قوشنىسى، — بىز، سىلى يوق زېرىكىپ قالىدىغان بولدۇق ـ دە!

— ياسىنجان: «بىزنىڭ يېنىمىزدىمۇ تۇرساڭ» دەپ ئۇنىمايۋاتىدۇ، بارمىسا، كۆڭلىگە كېلىپ قالار.

— ۋالىيلارنىڭ ئۆيلىرىنى بەك كاتتا دەيدۇ، ئۇ يەرگە بېرىپ سەھراغا كەلگىلىرى كەلمەي قالارمىكىن.

— ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆز ئۆيۈڭ يەنە باشقا، قېنى، كۆرۈپ باقارمەن.

— كېلىنلىرىنى ئارتىس دەمدۇ؟

— ئارتىسلارنىڭ باشلىقى.

— ياسىنجان ۋالىيدىن كىچىك ئوخشامدۇ؟ ياشلا تۇرىدۇ.

— ياقەي، كىچىكلىكىمۇ چاغلىق، — دېدى موماي ياراتمىغاندەك، — ئۇرۇمچىنىڭ ئاياللىرى ئۆينىڭ ئىشىنى قىلماي ئۆزىنى پەردازلاپلا يۇرگەچكە ياش كۆرۈنىدىكەن.

— شۇنداق ئوخشايدۇ، ئۆتكەندە قاسىم مىرابنىڭ ئوغلىنىڭ تويىغا ئۇرۇمچىدىن ئاكىسى ئايالى بىلەن كەپتىكەن، ھېلىقى ئايالمۇ ئەللىككە كىرىپتۇ دەيدۇ، قارىسىلا، قىرىققا كىرمىگەندەك تۇرىدۇ، ئاڭلىساق، ئۇرۇمچىنىڭ چوكانلىرى بىرى بالا تۇغمايدىكەن؛ يەنە بىرى، ئۆي ئىشلىرىنى ئەرلىرى قىلارمىش، ياسىنجان ۋالىيغۇ ئاش ـ تاماق ئەتمەس؟

— ئۆيدە ئاش ـ تاماق ئېتىدىغان خىزمەتچىسى بار ئىكەن.

— شۇنداقمۇ ، ۋالىي بولغان ئادەم تاماق ئېتىپ يۇرسىمۇ سەنقۇ ؟... جىمى جاپانى يېزىدىكى خوتۇنلار تارتىدىكەنمىز ، خۇدا. يىم بەردى دەپ سانىماي تۇغىدىكەنمىز ، ئۇلارنى چوڭ قىلغۇچە قېرىپ بىر يەرگە بارىدىكەنمىز... مانا كۆرۈۋاتىلا ، ئون يىل بولدى ، ئوغۇللارنى ئۆيلەپلىۋاتىمىز ، ئەمدى ماۋۇ كەنجى ئوغۇل خوتۇن ئالىمەن دەپ قوپتى... ھە ، راست ، كېلەر يەكشەنبە چاي ئىچۇرمەكچى بولغان ، سىلى تۆپىدە تۇرۇپ بەرسىلە بولاتتى .

«بىچارە تۇخان قانداق قىلىۋاتىدىكىن ؟— زورىخان موماي گۇللۇكنى ئايلانغاچ خىيال قىلدى ، ئۇنىڭ بىر دىنىلا مەھەللىسىنى كۆرگۇسى كېلىپ قالدى ،— ياسىنجان بولغان بولسىمۇ مەسلە. ھەت سېلىپ باقسام بولاتتى ، قانداقلا بولمىسۇن ، قىيامەتلىك قوشنام ئەمەسمۇ ؟... رەناگۇلمۇ مەن يوق قانداق قىلىۋاتىدىكىن ، گۇللەرنى ئوت بېسىپ كەتكەنمىدۇ ؟... »

مومايىنىڭ كۆزى ئۇدۇل قورۇدىكى ئۈزۈم بارىڭىغا چۈشتى . باراڭنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا تۇردى ئوسمان قىزى گۇلشەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . شۇ ئارىدا ئۆيدىن بەش - ئالتە ياشلاردىكى ئوغۇل يۇگۇرۇپ چىقتى . «قەيسەرغۇ بۇ ؟ — زورىخان موماي ئەۋرىسىنى تونۇپ تۇرالماي قالدى ، — بۇ تۇرقىدا ئەنۋەر. جانمۇ كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟... ئۆتكەندە تۇردى شۇجىنى ئاغرىپ ئۇرۇمچىگە داۋالانغىلى كەتتى ، دەۋاتاتتى . يېنىپ كەپتۇ - دە ، بېرىپ كۆرۇشۇپ قويايچۇ ؟... » موماي ھويلىدىن چىقىپ باراڭ. لىق ھويلىغا قاراپ ماڭدى . تۇردى ئوسمان زورىخان مومايىنى كۆرۇپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۇشتى . ئاڭغىچە قەيسەر يۇگۇرگىنىچە كېلىپ مومايغا ئۆزىنى ئاتتى .

— ئەنۋەرجانمۇ كەلدىمۇ ؟— موماي تىنچلىق سورىشىپ بول. غاندىن كېيىن گۇلشەندىن سورىدى .

— ياق ، ئۇ ئىشقا كەتتى ، — دېدى گۇلشەن ئۇدۇلدىكى قورۇغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويۇپ ، — مەن دادامنىڭ ئوكۇلد.

نى سىلىپ قويغىلى كەلگەنتىم .
تۇردى ئوسمان مومايىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغاندى ، زورىخان موماي باراڭنىڭ ئاستى ھاۋالىق ، سالقىن ئىكەن ، دەپ ئۇنىمىدى . ئۇ ئۆز كۆڭلىدە : «ئۆيگە كىرسەم ئولتۇرۇپ قالىمەن ، چىمەنگۈل ئۇقسا خاپا بولىدۇ . ئۇنىڭدىن مۇشۇ يەردىلا بىردەم ئولتۇرۇپ يانىمەن» دەپ ئويلىغانىدى . ئۇ ئالدىرىغانچە قەيسەر ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چۈشمەي گەپ سوراپ تۇرۇۋالدى ، ئۆزىنىڭ يەسلىدە يېگەن تاماقلىرىنى سۆزلەپ كەتتى . شۇ چاغدا بىر قارا پىكاپ ياسىنجان ۋالىينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختاپ ، ماشىنىدىن سۆلەت بىلەن چىمەنگۈل چىقىپ كەلدى . ئۇ بىرنەرسىنى سەزگەندەك ، تۇردى ئوسماننىڭ ئۆيى تەرەپكە قارىدى ۋە زورىخان مومايىنى كۆرۈپ سەل تېڭىرقىغاندەك تۇرۇپ كېتىپ «شارتتىدە» بۇرۇلدى ـ دە ، كەينىگە قارىماستىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى زورىخان مومايىنىڭ يۈرىكىگە بىگىز سانجىغاندەك تەگدى . باراڭنىڭ ئاستىنى ئوڭايسىز جىمجىتلىق باستى . پەقەت گۈلشەنلا قاش ـ قاپىقىنى سۈزۈپ ياراتمىغان قىياپەتتە «ھې» دەپ قويدى .
زورىخان موماي ئەمدى ئارتۇقچە ئولتۇرالمىدى . ئۇنىڭغا چىمەنگۈل ھېلى ئۆيدىن چىقىپلا تىللاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ، كۆڭلى ئەنسىزلىككە چۈشتى . ئۇ تۇردى ئوسمانغا يەنە يوقلاپ كىرەرمەن دەپ خوش ئېيتىپ ياندى . ئۇ ئويلىغاندەك چىمەنگۈل ئىشىكتىلا ئۇنى سوراققا ئالدى :
— ئۆيدە جىم ئولتۇرماي نەدە يۈرۈيلا ؟ — چىمەنگۈل چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ سورىدى .
— تۇردى شۇجىنى ئاغرىپ قاپتۇ دېگەنتى ، ئەھۋال سوراپ قوياي دەپ كىرگەنىدىم ، قەيسەرجانمۇ شۇ ئۆيدە ئىكەن...
— كىم ئۇ قەيسەرجان دېگەن ؟
— ئەنۋەرجاننىڭ ئوغلىچۇ ، ئىككى ھەپتە بولدى كۆرمىگەننىم...

— ماڭا قارىسىلا ،— دېدى چىمەنگۈل قېيىنانىسىنىڭ گېپىدىنى قوپاللىق بىلەن بۆلۈپ ،— ماۋۇ قورۇدىچۇ ، ساپلا ۋىلايەتنىڭ باشلىقلىرى ئولتۇرىدۇ . بۇ يەر سىلىنىڭ ئاۋۇ سەھرادىكى مەھەللىلىرى ئەمەس ، بۇ يەردە ئۆي ئارىلاپ پەتىلەيدىغان ئادەت يوق ، بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكمەي ئۆيدە جىم ئولتۇرسىلا جۇمۇ !...

چىمەنگۈلنىڭ ئاخىرقى گېپى مومايىنىڭ زەردىسىگە تەگدى .

— مەنمۇ پەتىلەپ يۈرمىدىم ، — دېدى ئۇ خاپا بولۇپ ، — تۇردى شۇجى بىلەن قوشنا ئىكەنسىلەر ، ئەھۋال سوراپ قويدۇم .

— ھەرقاچان بىزنى تازا تىللاپ بەرگەندۇ ؟

— نېمىشقا تىللايدۇ ، ھېچ نەرسە دېمىدى .

— ئوبدان قىلدىلا ،— چىمەنگۈل ئاچچىقى بىلەن دىمىغىنى قاقتى ،— ئۇلار شۇنى كۈتۈپ تۇرغانتى ، ئۇلار ئەتىلىككىلا ياسىنجان ۋالىينىڭ ئانىسى تۇردى شۇجىنى يوقلاپ كىردى ، دەپ پۈتۈن شەھەرگە جار سالىدۇ . ئۇلارغا ئوبدان دەسمايە تېپىپ بەردىلا .

— ۋاي ، خۇدايىم !— دېدى موماي تەئەججۈپلىنىپ بولۇپ ،— سىلەرنىڭ بۇنچىلىك دۈشمەن بولۇشۇپ كەتكىنىڭلارنى نەدىن بىلەي ، بالام . قوشنا بولغاندىن كېيىن ئەھۋال سوراپ قويماي دەپتىمەن ، بوپتۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن كىرمەي...

چىمەنگۈل مومايىنى بىرھازا دۈشكەللىگەندىن كېيىن ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى . زورىخان موماي ئەتىگەندىلا يېگەن دەشنەمدىن كۆڭلى ئەسكى بولۇپ يىغا تۇتتى . ئىلگىرى ئۇ ئۈرۈمچىگە يوقلاپ بارغىنىدىمۇ چىمەنگۈل ئۇنى بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويغۇزۇپ كەتكۈزگەن . زورىخان موماي : «ئىككىنچى بوسۇغاڭغا دەسسىمەسمەن» دەپ قەسەم قىلىۋەتكەنىدى . ئوغلى ۋالىي بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ : «ئوغلۇمنىڭ ئەملى ئۆستى ، ئەمدى چىمەنگۈلمۇ پەسكويغا چۈشكەندۇ ؟» دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ، موماي كەلگەندىن بۇيان شۇنى سەزدىكى ، چىمەنگۈل پەسكويغا

چۈشۈش بۇياقتا تۇرسۇن ، تېخىمۇ ھازازۇل بولۇپ كەتكەندەك تۇراتتى . «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي ئۆزگەرمىگۈدەك . بىچارە ياسىن مۇشۇ خوتۇنىنىڭ پىشكەلچىلىكىگە ئۇچراپ قالمىسا بولاتتى-غۇ؟ بۇنىڭ قولىدىن ھەر بالالار كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ ... ھەلىمە بۇنىڭدىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى ئىدى... »

زورىخان موماي ئاچچىق خىياللارغا بېرىلىپ ئولتۇرۇپ پې-شىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى . ئۇ تامدىكى سائەتكە قاراپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى - دە ، ھاجەتخانىدا تاھارەتنى ئېلىپ نامازغا ئولتۇردى . ئۇ ئەمدىلا سۈرىنى باشلىغانىدى ، دالان-دا چىمەنگۈلنىڭ زەردىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى :

— قايسىڭلارنىڭ قىلغان ئىشى بۇ؟ ھاجەتخانىنىڭ ئىچى كۆل بولۇپ كېتىپتۇغۇ؟...

خىزمەتچى قىز چىقىپ بىرنېمىلەرنى دېدى بولغاي ، چىمەن-گۈل تېخىمۇ بەك قايىنغىلى تۇردى :

— ۋاي ، خۇدايىم ! تاھارەتتىن تويدىغۇ كىشى ، بۇ خەقنىڭ دەستىدە ھاجەتخانىغا كىرىپ ئولتۇرغىلىمۇ بولمىغان... نامىزىنى ئاشۇ سەھراسىغا بارغاندا ئوقۇۋالسا بولىدۇ...

زورىخان مومايىنىڭ نامىزى بۇزۇلدى . كېلىنىنىڭ ھەربىر سۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە بىلەن سانجىلغىلى تۇردى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيگە ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ، چىمەنگۈلنىڭ ئۇنى قوغلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنى بىردىن يىغا تۇتتى . «بۇ-گۈنلا كېتىمەن ، ئىككىنچى دەسسىمەيمەن» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزى-گە . شۇ ئارىدا ئاسىيە ئىشتىن قايتىپ كەلدى . ئۇ ئاپىسىنىڭ تۇرۇلگەن چىرايىنى كۆرۈپ سورىدى :

— نېمە ئىش بولدى؟

خىزمەتچى قىز بولغان ئىشنى دەپ بەرگەنىدى ، ئاسىيە ئاپىسىنى جىملىدى :

— شۇنىڭغىمۇ مۇشۇنچىۋالا چېچىلغان بارمۇ ، ئاپا . مومام

ئاران بىر كەلگەندە كۆڭلىگە كەلمەمدۇ؟... سۇ تېشىپ كەتسە تازىلاپ قويساق بولىدىغۇ؟...

— جۇمەكمۇ بۇزۇلۇپ بوپتۇ.

— بۇزۇلغان بولسا تۈزىسەك بولىدۇ، مەن خوجىلىق بۆلۈمىگە تېلېفون قىلاي، بولدى، سىز ئىشىڭىزغا كېتىۋېرىڭ، مەن جۆندەپ قويىمەن.

ئاسىيە ئاپىسىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئىشقا ماڭدۇرۇۋېتىپ زورىخان مومايىنىڭ يېنىغا كىردى. مومايىنىڭ غەمكىن تۇرقىنى كۆرۈپ كۆڭۈل ئېيتتى:

— موما، ھەرگىز كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، ئاپامنىڭ خۇيى شۇ، يوقىلاڭ ئىشلارغا چېچىلىپ ئۆزىنى ئۇپرىتىدۇ، بۇ ئاپام قاچانمۇ چوڭ بولىدىكىنتاڭ؟...

ئاسىيەنىڭ سۆزلىرى مومايىنىڭ دىلىنى يۇمشاتتى. ئاسىيەمۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل غەشلىكىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىزىق - قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بەردى. بىركەمدە ئۇ نېمىنىدۇر ئېسىگە ئېلىپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى:

— ۋاي، ئېسىم قۇرۇسۇن، مەن بۈگۈن سىزنى مۇنچىدا يۇيۇپ قويىمەن دېگەنىدىم، گەپ بىلەن ئولتۇرۇپلا كېتىپتىمەن، يۈرسىلە موما!...

— بولىدىلا، بالام، — زورىخان موماي كۆڭلى تارتمىغاندەك بولدى، — ئۆيۈمگە بارغاندا يۇيۇنۇۋالارمەن، سىزمۇ ئىشلەپ كەلدىڭىز، ئارام ئېلىڭ.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، موما! مېنى يات كۆرۈۋاتامسىز؟

— ياق، قىزىم... چىمەنگۈل يەنە خاپا بولۇپ كېتەرمىكىن؟

— ئۇش، — ئاسىيە قولىنى سىلكىدى، — نېمىگە خاپا بولاتتى، مەن ھەممىنى جاي - جايىغا كەلتۈرۈپ قويىمەن، بۈگۈن ئۆيدە باشقا ئادەممۇ يوق...

ئۇ مومايىنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي مۇنچىغا ئەكىرىپ يۇيۇپ

قويدى . ئىسسىق سۇ ، ئاسىيەنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى موماينىڭ كۆڭۈل غەشلىكىنى تارتىپ ، هاردۇقىنى چىقاردى .

— رەھمەت ، قىزىم ،— دېدى موماي ، ئاسىيە ئۇنى كىيىندۈرۈپ ، ئالدىغا قىزىق چاي دەملەپ ئەكىرگەندە خۇش بولۇپ ،— خۇدايىم بەختىڭىزنى بېرەر ، يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم...

—ياشانغاندا پات - پات يۇيۇنۇپ تۇرسا ، قان ئايلىنىش ياخشى بولۇپ ئادەم تېتىك بولۇپ قالىدۇ . بۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كۈندە بىر يۇيۇپ قوياي بولامدۇ ، موما ؟

— ماقۇل ، قىزىم...

موماي نەۋرىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن شۇنداق دېدى ، ئىچىدە بولسا «ئەتىلا ئۆز ئۆيۈمگە كېتىمەن» دېدى .

ياسىنجان ۋالىي كەچكە يېقىن ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كەلدى . ئۆيدە بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ھېچكىممۇ تىنمىدى . ياسىنجان ۋالىي ئاپىسىنىڭ روھلۇق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى . ئەتىسى چايدىن كېيىن ياسىنجان ۋالىيدىن بۆلەك ھەممىسى ئىشقا كەتكەندە ، موماي ئېغىز ئاچتى :

— بالام ، مەن كەلگىلىمۇ خېلى بوپتۇ... ئەمدى ئۆيگە قايتايمىكىن ؟— دېدى .

— نېمە دەۋاتىسىلا ، ئانا ،— ياسىنجان ۋالىي ھەيران بولدى ،— كەلگىلى ئىككى ھەپتە بولماي كېتىمەن دېگەنلىرى قانداق گەپ ؟... ئۆيدە بىرەرى رەنجىتىپ قويدىمۇ - يا ؟

— ياق ، ياق... ،— موماي ئىتتىك بېشىنى چايقىدى ،— ئاخشام رەناگۇل چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ . مەن يوق ، ئاپىسىغا جاپا سېلىۋاتامدىكىن ؟

— يائاللا ، ئانا ، شۇ نەۋرىڭىزگە ھېچكىمنى تەڭ قىلمايلا - ھە ! بولمىسا مەن تېلېفون بېرىپ ئۇقۇپ باقاي...

— ياق ، ئاۋارە بولمىسىلا ، بالام... سىلەر خىزمەتتىكى ئادەم ، بولۇپمۇ سىلىنىڭ خىزمەتلىرى بەك ئالدىراش ئىكەن ، مەن دەخلى قىلماي...

— سىلى نېمىگە دەخلى قىلىلا ، ھەرقاچان زېرىكىپ قالدى-
لىغۇ دەيمەن···

— زېرىكىپمۇ قالمىدىم ، قولۇم - قوشنىلىرىمنىمۇ كۆر-
گۈم كېلىپ قالدى . مەن بۇ ياققا ماڭغاندا قوشنام تۇخان :
«ئوغلۇمنىڭ تويىنى قىلىمەن ، سىلى تۆپىدە تۇرۇپ بەرمىسىلە
بولمايدۇ » دەپ كەتكەن ، ھەرقاچان يولۇمغا قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ···

— دوختۇرغا ئۆزۈمنى تەكشۈرتۈپ باقسام دېگەنتىملە ، بول-
مىسا بۇگۈن مەن ئاپىراي···

— بولدى ، بالام ، سىلەرنى كۆرۈپ ياخشى بولۇپلا قالدىم ،
ئاسىيە قىزىم تەكشۈرۈپ جىق دورىلارنى ئەكېلىپ بەردى ، ئاسىيە
تولىمۇ ئوڭلۇق قىز بوپتۇ ، بىر يەرلىرى ئەنۋەرجاننى
تارتىپتۇ···

ئاپىسىنىڭ ئەنۋەرنى تىلغا ئېلىشى ياسىن ۋالىينى ئوڭاي-
سىزلاندۇرۇپ قويدى . ئۇ قاچان بولمىسۇن ، ئاپىسىنىڭ مۇشۇ
گەپنى تېشىدىغانلىقىنى پەملەپ بىئارام بولۇپ يۈرەتتى . ئۇ بۇ
ۋىلايەتكە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن ئۇقتۇرۇشنى كۆرگەندىمۇ بى-
رىنچى بولۇپ ئەنۋەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى . ئۇ ئەنۋەرنىڭ
موماينى يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ، موماينىڭمۇ ئۇنى ياخشى كۆر-
دىغانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى . كېيىن ئۇ ئەنۋەرنىڭ تۇردى
ئوسماننىڭ قىزى بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى :
«مەن بىلەن قېرىشىپ قىلىۋاتىدۇ » دەپ ئويلىدى ئۇ . ئۇ ۋىلايەت-
كە كەلگەندىن بۇيانمۇ كۆڭلىدىكى چوڭ ئەنسىزچىلىكمۇ شۇ ئەن-
ۋەر ئىدى . ئۇ باشتا ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ سۆزلىشىشنى
ئويلىدىيۇ ، لېكىن يەنە جۈرئەت قىلالمىدى . يەنە بىر تەرەپتىن
چىمەنگۈلدىنمۇ ئەنسىرىدى . «مانا ، موماي ئەنۋەرنىڭ گېپىنى
دەۋاتىدۇ ، تۇرغان گەپ ، ئوچۇق دېمىگىنى بىلەن ‹ئەنۋەر سېنىڭ

ئوغلۇڭ ، مۇشۇنداق يات ئادەمدەك يۈرۈۋېرەمسەن ؟ ، دەپ ئەيىب-لەۋاتىدۇ . بۇ ئىشنى قانداق قىلسام بولار ؟... »

— ئەنۋەرجان بىلەن كۆرۈشتىلىمۇ ؟...

مومايىنىڭ تۇيۇقسىز سوئالى ياسىنجان ۋالىيىنى تەمتىرىتىپ قويدى .

— كۆرۈشكىدەك بىر پۇرسەت بولمايىۋاتىدۇ ،— دېدى ئۇ ،— ئۆزلىرىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپلا ، بىردەم ئارامچىلىق يوق ، بالا بولغاندىن كېيىن ئۆزى كېلىۋەرسە بولىدۇ .

— ئاۋۋال سىلى كۆرۈشسىلە توغرا بولار ، نېمە بولمىسۇن ، ئۆزلىرىنىڭ پۇشتى ، خۇدايىم ئۆمرىنى بەرسۇن ، ئەقىللىق ، بە-لەن ئادەم بولدى ، — دېدى موماي خۇرسىنىپ .

ياسىنجان ۋالىي قانچە يالۋۇرۇپ تۇتسىمۇ زورىخان موماي ئۇنىماي ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتتى .

## 5

ئاسىيەگە بۇ يېڭى شەھەر ھەممە تەرەپتىن يېقىپ قالدى . ئۇرۇمچىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ، قىستا - قىستاڭچىلىقىدىن يەتكۈچە بىزار بولغان ئاسىيەگە بۇ شەھەرنىڭ ئازادىلىكى ، جىم-جىت پاكىزلىقى گويا يىراق بىر سەھراغا كېلىپ قالغاندەك ئۇنىڭغا يېنىكلىك ، كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى . ئۇ گەرچە ئۇرۇمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسسىمۇ بۇ چوڭ شەھەرنى ياخشى كۆرمەيتتى ، ھەممى-دىنمۇ ئۇ بۇ شەھەرنىڭ قىش پەسلىگە ئۆچ ئىدى . ئىس - تۈتەك ، مەينەتچىلىك ، قارا سوغۇق بولىدىغان ئۇزۇن قىشنى تولىمۇ زېرىكىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى .

ئاسىيەنى بۇ شەھەردىن بىزار قىلغان باشقىمۇ سەۋەب بار
ئىدى . ئۇ تېببىي ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ
يول مېڭىشى بىلەن شەھەردىكى چوڭ بىر دوختۇرخانىغا ئورۇن-
لاشتى . باشتا ئۇ بۇ خىزمەت ئورنىدىن تولىمۇ رازى بولغانىدى .
«چوڭ دوختۇرلار توپلاشقان بۇ يەردە كەسپتە تېزلا ئۆسۈپ
كېتىمەنغۇ» دەپ ئويلىغانىدى ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ بۇ
ئارزۇسى سۇغا چىلاشتى . بىر يىلغىچە ئۇنىڭ كۈنى كېسەللەرگە
دورا يۆتكەش ، مەسئۇل دوختۇرنىڭ بۇيرۇغان يۈگۈر - يېتىم
ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن ئۆتتى ، بىرەر قېتىممۇ ئوپېراتسىيە-
لەرگە قاتنىشالمىدى . چۈنكى ئۇنىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن ئو-
قۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆچىرەت كۈتۈپ تۇرات-
تى . بۇنى كۆرۈپ ئاسىيەنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى . ئۇ ئاخىرى
بۇ چوڭ دوختۇرخانىدىن ئالمىشىپ كېتىش خىيالىغا كەلدى .
دەل شۇ چاغدا دادىسى ياسىنجان ئۆمەر بۇ ۋىلايەتكە ۋالىي بولۇپ
تەيىنلەندى . دادىسى بىلەن ئاپىسى : «ئاسىيەنى چوقۇم ئورۇمچىدە
قالىمەن دەيدىغۇ» دېگەن ئويدا ئۇنىڭدىن سورىغانىدى ، «سىلەر
بىلەن كېتىمەن» دېدى ئاسىيە ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپ .

ئاسىيەگە نىمىشقىدۇر ئىستىقبالى مۇشۇ چەت شەھەردە ئېچ-
چىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ دادىسىنىڭ يۈزى بىلەن ۋىلايەتلىك
دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتى . ئۇ ئىشقا چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا
بۆلۈم باشلىقى ئۇنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ ئوپېراتسىيەلەرگە
ئېلىپ كىردى ، بەزى ئاددىيراق ئوپېراتسىيەلەرنى ئۇنىڭغا مۇس-
تەقىل بەردى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوڭ شەھەردىن كەلگەن بۇ دوخ-
تۇرنىڭ نامى كېسەللەرنىڭ ئاغزىغا چىقىشقا باشلىدى . ئاسىيە
ئۈچۈن ھايات ئەمدىلا باشلانغاندەك تۇيۇلاتتى .

بۆلۈمدە پەقەت بىرلا ئادەم ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلات-
تى ، ھەتتا يۈزىدىن - يۈزىگە تەنە گەپلەرنى قىلىپ مەسخىرە
قىلاتتى . ئۇ بولسىمۇ تۇردى ئوسماننىڭ قىزى گۈلشەن ئىدى .

ۋىلايەتتىكى سېستىرالار مەكتىپىدە ئوقۇغان گۈلشەننىڭ بۇ بۆلۈم-
دە ئىشلەۋاتقىنىغا يەتتە ـ سەككىز يىل بولۇپ قالغان ، ئاسىيە
كېلىشتىن بۇرۇن بۆلۈمدە ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېغىز يېرىپ گەپ
قىلالمايدىغان ، دېگىنىنى قىلىدىغان ئەركە ئىدى . بۆلۈم باشلىقى-
دىن تارتىپ دوختۇرخانىنىڭ باشلىقلىرىغىچە ئۇنىڭدىن تەپ تار-
تاتتى ، خىزمەتتە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسىمۇ كۆرمىگەنگە سېلىپ
گەپ قىلمايتتى . «تۆردى ئوسمان ۋالىي بولىدىكەن» دېگەن گەپ
تارقالغاندىن كېيىن بۆلۈم باشلىقى ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋارلايدىغان
بولدى ۋە ئۇنى دوختۇرلۇققا ئوقۇشقا ئەۋەتىدىغان بولۇپ ۋەدىمۇ
بەرگەن ئىدى . قاچان ئاسىيە بۆلۈمگە كەلدى ، شۇنىڭدىن باشلاپ
گۈلشەننىڭ بۆلۈمدىكى ئورنى بىردىن ئۆزگەردى . بۆلۈم باشلىقى-
مۇ گۈلشەننىڭ خاتالىقىنى تۇتۇۋېلىپ تەنقىد قىلىدىغان ، قىلغان
ئىشىدىن قۇسۇر چىقىرىدىغان بولۇپ قالدى ، ئۇنىڭ «سىزنى
دوختۇر قىلىمەن» دېگەن ۋەدىسىمۇ ئۆز ئايغىدىن يوققا چىقتى .
گۈلشەن تەلىيىنىڭ تەتۈرگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى-
نى پەقەت ئاسىيەدىن كۆرەتتى . «مېنىڭ پېشانەمگە ئۇنۇپ بۇ
مەرەز نەدىن كەلدى ،— دەيتتى ئۇ ئەلەم بىلەن ،— ماۋۇ بۆلۈم
باشلىقى دېگەن يۈزسىز خۇشامەتچىمۇ ئۇنىڭ بېقىنىدىن چىقمايدى-
غان بولدى ، بىلىمەن ، شۇ ئارقىلىق ياسىنجان ۋالىيغا ياخشى
كۆرۈنمەكچى بۇ مايمۇن… خەپ ، توختاپتۇر ! گۈلشەن ئۇنداق
ئاسان بوزەك بولىدىغان ئادەم ئەمەس ، جاھان تېخى ئۆزۈن ،
ئەتە ـ ئۆگۈن پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي
قالىسىلەر… »

گۈلشەننىڭ مىجەزى شۇنداق ئىدى . ئۇ بىرەرى بىلەن ئېتى-
شىپ قالدىمۇ ، بولدى ، ئۇنى داد دېگۈزمىگۈچە ئارام تاپمايتتى .
شۇڭا دوختۇرخانىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئوشۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلىش-
تىن قورقاتتى . ئاسىيە كەلگەن كۈندىن تارتىپ گۈلشەننىڭ سو-
غۇق مۇئامىلىسىگە دۇچ كەلدى . ئۇ ئاسىيەنىڭ قىلغان ھەربىر

ئىشىدىن قۇسۇر چىقىراتتى ، كىيگەن كىيىملىرىنى ، قىلغان
پەردازلىرىنى زاڭلىق قىلاتتى . ئاسىيە ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قى-
لىپ باققانىدى ، لېكىن ئۇ رەڭ ئاچماي قويىدى . ئاخىرى ئاسىيە
ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ يۈرىدىغان بولدى .

بىر ھەپتە ئىلگىرى — ئاسىيە كېچىلىك دىجورنى كۈنى
بۆلۈمگە جىددىي بىر كېسەل كەلدى . بىمار ئەللىك ياشلاردىكى
تولىمۇ سېمىز ئايال بولۇپ ، ئۇ ئاغرىق ئازابىدا ۋايجانلايتتى .
ئاسىيە ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ جىددىي خاراكتېرلىك سوقۇر
ئۈچەي ياللۇغى ئىكەنلىكىنى ، ئەگەر دەرھال ئوپېراتسىيە قىلمى-
سا سوقۇر ئۈچەي يېرىلىپ كېتىش خەۋپى بارلىقىنى ئېنىقلاپ ،
دەرھال ئوپېراتسىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆزى قىلدى . ئوپېرات-
سىيە ئوڭۇشلۇق بولغان بولسىمۇ ، لېكىن كېسەلنىڭ قان بېسى-
مى چۈشمەي تۇرۇۋالدى ، ئوپېراتسىيىگە بىر ھەپتە بولۇپ قالغان
بولسىمۇ ، كەسكەن ئېغىزمۇ تۇتمايۋاتاتتى . ئايالنىڭ يولدىشى —
قاپىقى يامان شوپۇر كىرگەنلا دوختۇر ، سېسترالارغا دادىلىغىلى
تۇردى . بۈگۈن ئەتىگەن گۈلشەن ھەر كۈنلۈك داۋالىنىش ئىسچو-
تىنى كېسەللەرگە تارقىتىپ كېلىپ شوپۇرغا دېدى :

— سىلەرنىڭ داۋالىنىش پۇلۇڭلار تۈگەپتۇ ، ئامبۇلاتورىيى-
گە بېرىپ پۇل تۆلەپ كېلىڭ !

گۈلشەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ شوپۇر قايناپ كەتتى :

— بەش مىڭ كوي تۈگەپتىمۇ ،— دېدى ئۇ ھۈرپىيىپ ،—
نېمە قىلغانغا شۇنچىلا جىق پۇل ئالىدۇ ، بىز ئۆيدە پۇل
باسمايمىز…

— ھەي ئاكا ، ماڭا نېمە ۋارقىرايسىز ؟— گۈلشەن ئۇنىڭ
گېپىنى بۆلدى ،— گېپىڭىز بولسا مەسئۇل دوختۇرغا دېمەمسىز ؟

— قېنى ئۇ دوختۇر ؟ بۈگۈن زادى دېيىشىدىغان يېرى
كەلدى ، شۇنچە پۇلنى ئېلىپ خوتۇنۇنى يېرىم جان قىلىپ قويىدى ،
ئەمدى نەدىن پۇل تاپقۇدەكمەن ؟…

— ئىدارىدىن ئەكەلمەمسىز ؟
— نەدىكى ئىدارە ؟— شوپۇر قولىنى سىلكىدى ،— بۇنىڭ ئىدارىسى ۋەيران بولۇپ ئايلىقىنى بەرمىگىلىمۇ ئالتە ئاي بولدى .
— شۇنداقمۇ ؟ —گۈلشەن ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە قاشلىرىنى سۈزدى ، — بۇ ئەھۋالنى دوختۇرغا دېمىگەنمۇ ؟
— دېگەن . بىزنىڭ قولىمىز قىسقا ، بولسا ئازراق چىقىم قىلدۇرالا دېگەن…
گۈلشەن قولىدىكى داۋالاش ئىسچوتىغا سىنچىلاپ قاراپ بېشىنى چايقىدى :
— سىلەرگە بەك قىممەت ئوكۇللارنى يېزىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ ؟ شۇنىڭ ئورنىغا ئەرزان ئوكۇللارمۇ بار ئىدى . سىلىنى لاۋبەن چاغلاپ قالغان ئوخشايدۇ .
— شۇنداقمۇ ؟— شوپۇر تېخىمۇ كۆپتى ،— مەنمۇ گۇمان قىلىۋاتاتتىم ، ماۋۇ يېنىمىزدىكى كارىۋاتتا ياتقان يىگىت ئۈچ مىڭ تۆت يۈز كوي بىلەن ساقىيىپ چىقىپ كەتتى ، ئوخشاش كېسەل .
— لېكىن دوختۇر ئوخشاشمايدۇ ـ دە ؟— گۈلشەن كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى .
— مەن تېخى ئاسىيە دوختۇرنىڭ قولى يېنىك ، ئۇرۇمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردا پىشىپ كەلگەن دېسە راست ئوخشايدۇ ، دەپتىمەن .
گۈلشەن ئىشىككە قاراپ قويۇپ ئاستا دېدى :
— نەدە يۈرۈپ چوڭ دوختۇر بولىدۇ ، ئۈرۈمچىدە ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئىشىكىگىمۇ بارالماي يۈرۈپتىكەن ، بۇ يەردە دادىسى ۋالىي بولغاچقا ، بۆلۈمنىڭ باشلىقلىرى خۇشامەت قىلىپ ئوپېراتسىيىنى تۇتقۇزۇپ قويۇۋاتىدۇ .
— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دېگەنىدىم ، بۇ گەپچىزە تازا چالا قاسساپنىڭ قولىغا چۈشۈپتىمىزدە ؟… ئەمدى قانداق قىلارمىز ؟

— بوش تۇرسىلا دوختۇرلار ساتالمىغان ئۇكۇل ، دورىلارنى
يېزىۋېرىدۇ ، دوختۇرلارغا ئۇنىڭدىن نەپ تېگىدۇ ئەمەسمۇ ؟
— نېمە دېدىلە ؟
— ھازىرچۇ ، دوختۇرلار بىلەن دورا شىركەتلىرى كېلىشىـ
ۋالدى ، قانچە قىممەت ئۇكۇل ، دورىلارنى ئىشلەتسە دوختۇرلارغا
پىرسەنت ئايرىپ بېرىدۇ .
— مۇنداقمۇ ھۇنەرلەر بار دېسىلە ، بۇ گەپنى بالدۇرراق دەپ
قويسىلا بولمامدۇ ؟
— ماۋۇ گەپنى مەن دېمىدىم جۇمۇسىلا ،— گۈلشەن ئىشىكـ
كە يەنە قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى ،— سىلەرگە ئىچىم ئاغـ
رىپ دەۋاتىمەن . ئاسىيە دوختۇر بىلەن تەڭ تۇرغىلى بولمايدۇ ،
ئۇ دېگەن ياسىنجان ۋالىينىڭ قىزى دېسىلە .
— ۋالىينىڭ قىزى بولماي پادىشاھنىڭ قىزى بولسىمۇ نېمە
چاتىقىم ،— شوپۇر غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىدى ، — نوچى
بولسا بىزنى بوزەك قىلماي دادىسىغا ئوخشاش ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىـ
نى بېسىقتۇرۇپ بولالمايۋاتقانلارنى شىلىسۇن…
گۈلشەن بۇ سەپرا شوپۇرنى يەنە بىردەم ئېچىتقاندىن كېيىن
ئاستا چىقىپ كەتتى . ئۇ ئىشخانىغا كىرىپ ئاسىيەنىڭ كېلىشىـ
نى ، يۈز بېرىدىغان جېدەلنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تاقەتسىزلەنـ
دى . ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان بىر شادلىق ئۇنى ساراسىمىگە
سالاتتى . ئارىدىن چارەك سائەت ئۆتۈپ ئاسىيە بۆلۈمگە كىرىپ
كەلدى . ئەتىگەنلىك دورا ـ ئۇكۇل تارقىتىۋاتقان سېسترا يىگىرـ
مىنچى كارىۋاتتىكى كېسەلنىڭ ئۇنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى دېگەنـ
دى ، ئاسىيە ئالدىراپ كېسەلنىڭ يېنىغا ماڭدى . گۈلشەن بولسا
ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى . ئاسىيە كىرە ـ كىرمەي بۆلۈمدە
شوپۇرنىڭ قوپال ، غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى :
— سىلىنىڭ نەلىرى دوختۇر ؟ بىزنىزە يۇۋاش ، نېمە دېسەم
ھە دەيدۇ دەپ ئويلاۋاتامىلا ؟ بەش مىڭ كوينى بېرىپ بولدۇق ،

قېنى ساقايتقانلىرى ؟ مانا تېخىچىلا ماڭالمايۋاتىدۇ ، مەنچۇ ، بىر يەرنىڭ ئامبىلى ئەمەس ، يېنىم ئاغرىماي پۇل تاپىدىغان... قوللىرىدىن كەلمەيدىغان ئادەم باشتىلا قىلالمايمەن دېسىلە بولمامدۇ ؟...

ئاسىيە ئۇنىڭغا كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرسىمۇ شوپۇر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي تېخىمۇ ئەزۋەيلەشكە باشلىدى :

— سىلەرچۇ ، كېسەلنى دەسمايە قىلىپ پۇل تاپقىلى تۇرۇپسىلە ،— دېدى شوپۇر قولىدىكى داۋالىنىش ئىسچوتىنى ئاسىيەنىڭ ئالدىدا پۇلاڭلىتىپ ،— مېنى ئۇقمايدۇ دەۋاتامىلا ، مانا بىزگە ساپلا قىممەت ئوكۇللارنى يېزىپلىغۇ ، بۇنىڭدىن قانچىلىك پايدا ئالدىلا ؟... مەن سىلىگە دەپ قوياي ، ئەگەر ماۋۇ خوتۇن ساقايمايدىغان بولسا مېنىڭدىن كۆرىدىغانلىرى بار...

ياتاققا قوشنا ياتاقتىكى كېسەللەر ، دوختۇر ، سېستىرالار توپلاشتى . شوپۇر بولسا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئاسىيەنى ئېغىز ئاچۇرماي قويدى . ئۇ ئەتراپتىكى ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى . گۈلشەن ئارقىدا تۇرۇپ ئاسىيەگە سەپسالدى . ئۇ خۇددى مۇئەللىمىنىڭ ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئوقۇغۇچىدەك تىترەپ تۇراتتى ، چىرايى قورقۇنچلۇق تاتىرىپ كەتكەنىدى . «بەكمۇ تېرەڭگە پاتماي كەتكەنىدىڭ ، قانداق؟ بۇرنىڭغا يېدىڭمۇ ؟— گۈلشەن ئىچ - ئىچىدىن يايراپ كەتتى ،— توختاپتۇر تېخى ، كۆرىدىغانلىرىڭ ئالدىڭدا . ئۆزۈڭچە : ‹مەن دېگەن ۋالىينىڭ قىزى ، ھېچكىم ماڭا گەپ قىلالمايدۇ › دەپ ئويلىغاندىڭ ، مېنىڭ ئورنىمنى تالاشقاندىن كېيىن توي مانا ! بۇ دوختۇرخانىدا مەن بار ئىكەنمەن ساڭا ئورۇن يوق . مەنچۇ ، سېنى كەلگەن يېرىڭگە كەتكۈزۈۋەتمەيدىغان بولسام قاراپ تۇر... »

بۆلۈم باشلىقى يېتىپ كەلمىگەن بولسا جېدەل ئۇلغىيىپ نەگە باراتتىكىن ، ئۇ ئاسىيەنى ئاجرىتىپ ئىشخانىغا ئەكىرىۋېتىپ كېلىپ ، شوپۇرغا بىرمۇنچە قاتتىق گەپ قىلىۋىدى ، ئۇمۇ پەس-

ـكويغا چۈشتى . بالىنىسىنىڭ ئىچىنى سۈرلۈك كەيپىيات قاپلىدى . ھەممەيلەن بۇ جېدەلنى ئۆزلىرىچە مۇھاكىمە قىلاتتى . گۈلشەن بولسا ياتاق ـ ياتاققا كىرىپ شوپۇرنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ كېسەل- لەرگە يەل بېرەتتى . ئۇ بۈگۈنكى جېدەلدىن يايراپ كەتتى : «بۇ ئىش ئەتىلا پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىدۇ . ئاسىيەنىڭ ئابرۇيىمۇ مۇشۇ جېدەل بىلەن بىر يەرگە بارىدۇ ، تۇرغانلا گەپ ، ئۇ چوقۇم ئىشلىمەيمەن دەپ يېتىۋالىدۇ ، ئاۋۇ يالاقچى ئەمدى قانداق قىلار- كىن ؟...» گۈلشەن ئاسىيەنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ باقتىيۇ ، لېكىن بىر باشقا چىقالمىدى . نېمە بولمىسۇن ، بۈگۈنكى ئىشتىن خۇمارى چىققاندەك بولۇپ ئۆيگە قايتتى .

ئاسىيە بولسا بۈگۈنكى كۈتمىگەن ئاھانەتتىن ئۆزىنى يوقى- تىپ قويايلا دېدى ، ئەلەم ـ ئازابتىن يۈرىكى سىقىلاتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كىشىلەرنىڭ سوغۇق نەزىرى ، گۈلشەننىڭ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ تۇرۇشى كېلىۋېلىپ يىغا تۇتتى . شۇ تاپتا ئۇ ھېچكىمنى كۆرمەسلىكنى ، خالىي جايدا قانغۇچە يىغلىۋېلىشنى ئويلايتتى . بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭ كەيپىياتىنى سەزدىمۇ :

— بولدى ، بۈگۈن ئۆيگە كېتىپ ئارام ئېلىڭ ، دوختۇرخا- نىدا بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ . بۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن . لېكىن بۇ ۋەقەنى ۋالىي ئۇقمىسۇن ! — دېدى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ .

ئاسىيە ئۆيگە قايتىپ كەلدى . ئۆيدە خىزمەتچى قىزدىن بۆلەك ھېچكىم يوق ئىدى . ئۇ خىزمەتچى قىزنىڭ سوئاللىق قارىشىغا : «مىجەزىم يوق ، بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ» دېدى ـ دە ، ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى ۋە كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى . ئۇ : «ئاۋازىم- نى ئۆيدىكىلەر ئاڭلاپ قالمىسۇن» دەپ ياستۇقنى يۈزىگە بېسى- ۋالدى . ئۇنىڭ يۈرىكى بىگىز سانجىغاندەك ئېچىشاتتى ، ئاچچىق

بىرنەرسە بوغۇزىغا قاپلىشاتتى. كۆز ئالدىغا ھېلىدىن - ھېلى
گۈلشەننىڭ مەسخىرە يېغىپ تۇرغان چىرايى كېلىۋېلىپ، ئىچىد-
نى نېمىدۇر تاتىلايتتى.

ئاسىيە سىرتتىكى ماشىنا سىگنالىدىن ئېسىگە كەلدى ۋە
تامدىكى سائەتكە قاراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۆيدىكىلەرنىڭ چۈش-
لۈك تاماققا كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئالدىراپ
تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈز - كۆزىنى يۇيدى، ئاندىن پەرداز
ئۈستىلىگە كېلىپ چۇۋۇلۇپ كەتكەن چېچىنى تارىدى، يۈزىگە
ماي سۈركىدى. ئۇ ئەينەكتىكى ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سولغۇن
چىرايىنى كۆرۈپ ھەسرەت بىلەن خورسىنىپ قويدى. ئەينەكتە
ئىككى مەڭزىنىڭ ئۈستىخىنى بۆرتۈپ چىققان، تار پېشانە، ياپى-
لاق بۇرۇن قىز غەمكىن ھالدا قاراپ تۇراتتى. ئاسىيەنى پەقەت
كۆزىلا خۇش قىلاتتى. ئۇزۇن كىرپىكلەر يېپىپ تۇرغان بىر
جۈپ قوي كۆزلەر يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بەزىدە ئەينەك
ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆز چىرايىدىن ئۆزى مەيۈسلىنىپ كېتەتتى.
«مەن نېمە بولۇپ بۇنداق سەت تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن؟...» دەپ
ئويلايتتى. چىمەنگۈل بولسا بۇ قىزنى شۇ سەۋەبتىنمۇ ياخشى
كۆرمەيتتى، ئادەتتە ئۇنىڭغا چىرايىنىمۇ ئاچمايتتى. ئۆيدە ياسىن-
جانلا ئۇنىڭ ھالىغا يېتەتتى. كىچىك چاغلىرىدا ئۇنى پات - پات
باغچىلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەتتى. ئادىلجان تۇغۇلغاندىن
كېيىن بولسا چىمەنگۈل ئۇنىڭغا تېخىمۇ قارىماس بولدى، ئاپىسى-
غا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىغان ئادىلجان ئۆينىڭ ئەركىسى
بولدى. ئاپىسىمۇ، دادىسىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولاتتى.
ئۆيدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن ئاسىيە پۈتۈن زېھنىنى ئوقۇشقا
قاراتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا شەھەر بويىچە ئەڭ يۇقى-
رى نومۇر ئالدى ۋە ئارزۇسى بويىچە تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتقا
كىردى. ئۇ ھايات يولىنى ئۇتۇقلۇق باشلىغان ۋە يېڭى خىزمىتى-
دىنمۇ رازى ئىدى. لېكىن، بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىش ئۇنى

ئۇمىدسىزلەندۇردى . ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ئازابلايدىغىنى گۇلشەن بىلەن بىر بۆلۈمدە ئىشلەپ قالغىنى ئىدى . ئۇ ئۆگەي ئاكىسى ئەنۋەرنىڭ دادىسىنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى . ئۆز ۋاقتىدا ئاپىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ ، ئەنۋەرنى يېتىم قىلـ. غان . ئەنۋەر بۇنىڭ ئۈچۈن دادىسىدىن ، ئۆگەي ئاپىسىدىن قانچىـ. لىك ئۆچ ئالسا ھەقلىق ، لېكىن بۇنىڭدا ئاسىيەنىڭ نېمە گۇناھى بار ؟ گۇلشەن نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلىدۇ ؟ ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۇ بەدەل تۆلىشى كېرەكـ. مۇ ؟… تەقدىر نېمىشقا ئادىل ئەمەس…

ئاسىيەنى بىر ـ بىرىدىن ئاچچىق خىياللار قىينايتتى . دالانـ. دا ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ خىزمەتچى قىز بىلەن بىرنېـ. مىلەر دېيىشكەندىن كېيىن ، ئاسىيەنىڭ يېنىغا كىردى .

— ئىشتىن بالدۇرلا يېنىپ كەپسەنغۇ ؟— ئۇ ئاسىيەگە گۇـ. مانلىق بىر قىياپەتتە قاراپ قويۇپ سورىدى ،— يىغلىغان ئوخشىـ. مامسەن ، نېمە بولدى ؟

— ھېچنېمە بولمىدى ،— ئاسىيە ئوڭايسىزلىنىپ بېشىنى چايقىدى ،— بېشىم ئاغرىپ يېنىپ كەلدىم .

چىمەنگۇل قىزىنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ بولدى .

— گۇلشەن بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قالدىڭلارمۇ ؟

— ياق…

— ئەمىسە نېمە بولدى ؟

ئاپىسىنىڭ كوچىلاپ سوراۋېرىشىدىن بىزار بولغان ئاسىيە ئاخىرى بولغان ئىشنى قىسقىلا دەپ بەردى .

— ئۇ خوتۇن نېمىشقا تېخىچىلا ساقايمىدى ،— دېدى چىمەنـ. گۇل سەل جىددىيلىشىپ ،— ئوپېراتسىيىنى چاتاق قىلىپ قويمىغانسەن ؟

— ئوپېراتسىيىدىن ياخشى چىققان . لېكىن بۇ ئايالدا يوشۇـ.

رۇن خاراكتېرلىك قەنت سىيىش كېسىلى بار ئىكەن ، شۇڭا ئەت تۇتمايۋاتىدۇ ...

— ئوپېراتسىيىدىن بۇرۇن تەكشۈرمىگەنمۇ ؟

— تەكشۈرگەن ، ئۇ چاغدا قەنت ماددىسى تۆۋەن ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنى ئوپېراتسىيە قىلمىساق سوقۇر ئۈچەي يېرىلىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى .

بۇنى ئاڭلاپ چىمەنگۈل خۇرسىنىپ قويدى .

— ھازىرچۇ ، كىمگە ياخشىلىق قىلساڭ شۇنىڭدىن يامانلىق يانىدىغان بولۇپ قالدى ،— دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ ، — ئۆز ۋاقتىدا ئۇرۇمچىدە بىر ئوبدان ئىشلەۋاتقان ئورنىڭنى تاشلاپ ، بۇ يەرگە كېلىشكە ئالدىراپ كەتتىڭ ، كىچىك يەر دېگەن مىڭ قىلسىمۇ كىچىك ، ئادەملەرمۇ ئوخشاشمايدۇ ، كىم بىلىدۇ ، ئۇ كېسەلنى ئاۋۇ گۈلشەن دېگەن كۈشكۈرتۈۋاتامدۇ ؟...

— گۈلشەن بىلەن بۇنىڭ ئالاقىسى يوق ، ئاپا...

— سەن نەدىن بىلىسەن ؟— چىمەنگۈل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆل-دى ،— مەن ئۆز ۋاقتىدىلا : «گۈلشەن ئۇ يەردە بار ئىكەن ، ساڭا ئاراملىق يوق » دېگەن ئىدىمغۇ ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئېنىق ، سەن بىلەن ئېتىشىش ئارقىلىق داداڭ بىلەن مەندىن ئۆچ ئالماقچى... بولمىسا ، شەھەرلىك دوختۇرخانىدىغا ئالمىشىپ كېتەمسەنىيا ، داداڭ دوختۇرخانىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سۆزلىشىپ باقسۇن .

— ياق ، ياق ، — ئاسىيە ئاپىسىغا يالۋۇردى ، — دادامغا ھەرگىز دېگۈچى بولماڭ ، ئۇنى ئاۋارە قىلغۇدەك ئىش يوق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ شارائىتى ياخشى ئەمەس ، مەن ئۇ يەردە ئىشلىسەم ئوقۇغانلىرىمنى يەپ بولىمەن .

— مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي ، — دېدى چىمەنگۈل قىزىغا ئاچچىق ئارىلاش قاراپ قويۇپ ، — گۈلشەن بىلەن ئىككىڭلار غىزىلدىشىپ داداڭ ئىككىمىزگە كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بېرىدىغان

بولساڭ مېنىڭدىن كۆرىدىغىنىڭ بار جۇمۇ!... تۇۋا، خەقلەر ئۆرۈمچىدەك يەرنى ئارزۇ قىلىپ قالالمايۋاتسا، سەن شۇنداق ياخشى ئورۇننى تاشلاپ مۇشۇ يەرگە كەلدىڭ دېسە، دۇنيادا سېنىڭدەك ئەخمەق يەنە بىر ئادەم بارمىكىنتاڭ؟...

شۇ ئەسنادا خىزمەتچى قىز كىرىپ:

— ۋالىي تېلېفوندا سىلىنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى چىمەنگۈلگە.

چىمەنگۈل ئاسىيەگە ئالىيىپ قويۇپ تېلېفون ئالغىلى چىقىپ كەتتى. ئاپىسىنىڭ ئاخىرقى گېپى ئاسىيەنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلدى. «ئاپام قانداق ئانا ئىكەنكىنتاڭ؟! — دەپ ئويلىدى ئۇ يىغلىغۇسى كېلىپ، — مېنى خۇددى ئۆگەيدەكلا كۆرىدىغۇ؟ ئۇنداق ئادەم مېنى نېمىدەپ تۇغقان بولغىيتتى؟...» ئاسىيە ئويلىغانسېرى يۈرىكى تۈز سەپكەندەك ئېچىشتى. ئۇ بۇ ئۆيدە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئەسلىدە ئۈرۈمچىدە قالغانمۇ بولاتتى، لېكىن كېيىنكى كۈندە يۈز بەرگەن بىر ئىشتىن ئۇ بۇ شەھەردىن قەتئىي كېتىش، بولسا بۇ شەھەرنى مەڭگۈ كۆرمەسلىك نىيىتىگە كەلگەنىدى. بۇ سىرنى ئۆيدىكىلەردىن ھېچكىم بىلمەيتتى...

ئاسىيە تېبىبىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ چىققاندا يېشى يىگىرمە بەشكە ئۇلىشىپ قالغانىدى. ئۇزۇن يىللىق ئوقۇش، سۈرلۈك ئىمتىھانلاردىن ئازاد بولغان ئاسىيە ئۆزىنى خۇددى بىر كەڭ بوشلۇققا چىقىپ قالغاندەك، يەلكىسىدىكى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئەركىن، يېنىك ھېس قىلدى. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك دەرسكە ئالدىرىمايتتى، قېلىن - قېلىن كىتابلارنى يادلاپ ئولتۇرمايتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىغا ئاجايىپ شېرىن، كىشىنى مەست قىلغۇچى خىياللار پات - پات كېلىدىغان، ئەينەك ئالدىدا ئۆز چىرايىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قارايدىغان بولۇپ قالدى. كوچىلاردا كېتىۋاتقاندىمۇ ناۋادا بىرەر ئەر كىشى تىكىلىپ قاراپ

قويسا يۈرىكى سالىدىغان، ئۈزۈن كېچىلەرنى غايىۋى بىر سېغىنىش، ئۈمىد ـ ئارزۇلار بىلەن سىردىشىپ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. كونىلارنىڭ: «كېچىكىپ قوزغالغان مۇھەببەت تۇيۇقسىز چىققان قۇيۇندەك دەھشەتلىك بولىدۇ» دېگىنى راست ئوخشايدۇ. ئاسىيەنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىۋالغان تەلۋە ھېسسىيات ئۇنى ئەس ـ ھوشىدىن ئازدۇرماقتا ئىدى. ئۇ تەقەززا قىلىۋاتقان شۇ كۈننىڭ تېزرەك كېلىشىنى، ئۇنى بۇ شېرىن ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى زارىقىپ كۈتۈشكە باشلىدى.

ئۇ كۈتكەن كۈن ئاخىرى كەلدى. بىر كۈنى ئاسىيە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقىلى ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلدى. بېكەتتە ئادەملەر جىق ئىدى. شۇ ئارىدا بىر ئاپتوبۇس كەلگەنىدى، كىشىلەر «دۇررىدە» ئىشىككە قىستىلىشتى. ئاسىيەمۇ توپنىڭ ئارىسىغا سىقىلىپ كىرگەنىدى، كەينىدىن بىرى ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىۋالغان سومكىسىنى تارتىپ ئېلىۋالدى. ئاسىيە مىڭ تەسلىكتە توپتىن ئاجراپ چىقىپ ئەتراپقا قارىدى ۋە سومكىسىنى يالاڭۋاشتاق بىر بالىنىڭ ئەپقېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئېسىنى يوقىتىپ قويغان ئاسىيە يا ۋارقىراشنى، يا ئۇنى قوغلاشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ھېلىقى ئوغرى كوچىدىكى كىشىلەر قاينىمىغا كىرىپ كۆزدىن يىتتى. ئاسىيەنى بىردىن يىغا تۇتتى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى سومكىسىدىكى ئالغىلى بىر ئاي بولغان يانفونى بولدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئېگىز بويلۇق، تەقى ـ تۇرقى كېلىشكەن بىر يىگىت كەلدى.

— بۇ سومكا سىزنىڭمۇ دەيمەن؟— دېدى يىگىت سومكىنى كۆرسىتىپ.

ئاسىيە يىگىتكىمۇ قارىماستىن، سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ ئىچىنى ئاچتى. خۇداغا شۈكۈر، تېلېفونمۇ، باشقا نەرسىلىرىمۇ جايىدا تۇراتتى. ئاسىيەنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ شۇندىلا يې-

گىتكە سەپسالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا يارىشىملىق قىسقا بۇرۇت قويۇ-
غان ، ئاق يۈزلۈك يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى .
— رەھمەت ، سىزگە··· ،— دېدى ئاسىيە ھودۇققىنىچە .
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا يېقىملىق بىر ھارارەت تارقالغاندەك بولدى .
— نەرسىلىرىڭىز ساقمىكەن ؟ — يىگىت مۇلايىم بىر تەلەپ-
پۇزدا سورىدى .
— ساقكەن··· ،— ئاسىيە سومكىسىغا قاراپ قويۇپ ئىتتىك
جاۋاب بەردى ،— ماۋۇ يانفوننى تېخى يېقىندىلا ئالغانىدىم···
— ئاز نەرسە ئەمەسكەن ، — يىگىت تېلېفونغا قاراپ قويۇپ
بېشىنى لىڭشىتتى ،— بۇ جەللىگۇر ئىككى مىڭ كوينى قويۇپتىد-
كەن··· يېقىندىن بۇيان مۇشۇ كوچىدا مۇشۇنداق ئوغرى ، بۇلاڭ-
چىلار پەيدا بولۇپ قالدى . كۈپكۈندۈزدىلا خەقنى بۇلايدۇ···
ئۆيىڭىز نەدە ئىدى ؟
— دوستلۇق كوچىسىدا···
— ئۇنداقتا يولىمىز بىر ئىكەن ،— يىگىت خۇش بولغاندەك
جىلمىيىپ قويدى ،— ئۆزىڭىز دوختۇرخانىدا ئىشلەيسىزغۇ دەي-
مەن ؟
ئاسىيە سەل ھەيران بولدى .
— سىز قانداق بىلىسىز ؟
— سىز بايا يېنىمدىن ئۆتكەن چاغدا بۇرنۇمغا دورىنىڭ
پۇرىقى كەلگەندى .
— شۇنداقمۇ ؟
— سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارغا بىلىنمىسە كېرەك··· ماۋۇ ئاپتو-
بۇس بوش ، ئازادە ئىكەن ، چىقايلىمۇ ؟
ئۇلار ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇش-
تى . ئاسىيە بۈگۈن يۈز بەرگەن بۇ تاسادىپىي ئىشلاردىن تېخىچە
ئېسىنى يىغىۋالالمايۋاتاتتى . ئۇ ئۆزىنى توختىتىپ يىگىتكە
سەپسالدى . ئۇنىڭ پېشانىسى كەڭ ، يۈزى سەل سوزۇنچاقراق

بولۇپ، ۋۇجۇدىدىن بىر خىل ساغلاملىق، پاكىزلىق چىقىپ تۇراتتى. «نەقەدەر ماڭا بۇيرۇغان يىگىت مۇشۇ بولۇپ قالمىغىيتتى؟... ئاسىيە ۋۇجۇدىنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقان ھاياجانلىق تۇيغۇ ئىلكىدە خىيالغا چۆكتى، — تۇرقىدىن ئۆيلەنمىگەن يىگىتتەك قىلىدۇ، نېمە خىزمەت قىلىدىغاندۇ؟... ئوقۇتقۇچى، مۇخبىر، سودىگەرمىدۇ - يا؟... نېمىش قىلىسىمۇ ئوڭلۇق يىگىت ئىكەن، تېلېفوننى يىتتۇرۇپ قويغان بولسام ئاپامدىن تۈگمەس دەشنەم ئاڭلار ئىدىم... يىگىتنىڭ ئۆيىمۇ بىز تەرەپتە ئىكەن، ئەجەب نەچچە ۋاقىتتىن كۆرمەپتىكەنمەن دېسە؟...»

يىگىت ئاسىيەنى ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى.

— تونۇشۇپ قالدۇق، — دېدى يىگىت خوشلىشىپ تۇرۇپ، — كۆرۈشۈپ تۇرارمىز. سىزنىڭ تېلېفون نومۇرىڭىزنى يېزىۋالسام بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — ئاسىيە دەرھال تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى.

— مەن سىزگە تېلېفون قىلىمەن، — دېدى يىگىت ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

ئاسىيە ئۆيگە كىرىپمۇ تىنچلىنالمىدى. بۈگۈنكى ئۇچرىشىش ئۇنى باشقا بىر ئالەمگە باشلاپ كىرگەندەك بولدى. ئۇ ھازىرغىچىلىك ھاياتىدا ھېچقاچان بۇنداق ئارامسىزلىق، ۋەسۋەسە بىلەن يۈرىكىنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولغانلىقىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەنىدى. كىشىنى بىھوش قىلىۋېتىدىغان بۇ خىل شادلىقنى، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە يالقۇنجىۋاتقان نامەلۇم ئوتنى ھېس قىلىپ، قەلبى چەكسىز بىر راھەت تۇيغۇسىدا تەۋرىنەتتى. ئۇ ئەمدى يىگىتنىڭ تېلېفون بېرىشىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ يىگىت ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى. ئۇلار كۆزنىڭ سالقىن ئاخشىمىنى باغچىنىڭ خىلۋەت بۇلۇڭىدىكى

ئورۇندۇقتا سىردىشىپ ئۆتكۈزدى . ئاسىيە ئەمدى ئېنىق بىلدى ، يىگىتنىڭ ئىسمى مەردان بولۇپ ، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قانۇن كەسپىنى ئوقۇپ چىقىپ هازىر قانداقتۇر بىر ئادۋوكاتلار ئورنىدا ئادۋوكات بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ . هازىرغىچە بەش - ئالتە دېلونى مۇستەقىل ئىشلەپتۇ . ئۇنىڭ كەلگۈسىدە چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئاشۇرۇش ، دوكتورلۇقتا ئوقۇش ئارزۇسى بار ئىكەن . ئاسىيە بۇنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولدى . «مەرداننىڭ هەقىقەتەن يولى بار يىگىتتەك قىلىدۇ ، ئۇ ئاۋۋال چەت ئەلگە چىقسا ، ئارقىدىن مەنمۇ چىقىپ ئوقۇسام كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولاتتى ، ئاپامنىڭ تاپا - تەنىلىرىدىنمۇ قۇتۇلاتتىم...» دەيتتى ئىچىدە ۋە بۇ كۈنلەرنىڭ تېزرەك كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى .

ئۇلار كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك كۆرۈشەتتى . نۆۋەتتىكى ئۇچرىشىشتا مەردان ئۇنى خىلۋەت بىر كوچىدىكى چاققانغىنا بىر رېستوراننىڭ ئايرىمخانىسىغا باشلاپ ئەكىردى . رېستوراندا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى .

— سىز قانداق ئىكەنسىز ؟— دېدى مەردان ئاسىيەگە چۈشەندۈرۈپ ،— مېنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن تازا خۇشۇم يوق ، هازىرقى رېستورانلاردا ئادەم خاتىرجەم پاراڭلاشقىلى بولمايدۇ ، شۇڭا ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ توي - تۆكۈنىگە بارساممۇ بىردەمدىلا ئولتۇرۇپ كېتىمەن .

— مىجەزىمىز ئوخشاش ئىكەن...

— سىزمۇ تىنچلىقنى خالايدىكەنسىز - دە !— مەردان يايراپ كەتتى ،— مەنمۇ شۇنداقتۇ دەپ ئويلىغانىدىم... هە ، راست ، بۈگۈن ياپونىيىدىكى ئاكام تېلېفون قىلىپتۇ ،— دېدى ئۇ هاياجان بىلەن ،— «مەكتەپنى ئۇقۇشۇپ قويدۇم ، پات ئارىدا چاقىرىق قەغىزىنى ئەۋەتىمەن» دەيدۇ . مەنلا بېرىۋالسام ، سىزنىڭ ئىشىڭىز ئاسان...

ئاسىيە خۇشاللىقىدا مەردان مېۋە شەربىتى دەپ تۇتقان ئى-

چىملىكنى ناز قىلماي ئىچىۋەردى . بىر كەمدە ئۇ بېشىنىڭ قېيد-
ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . ھەممە نەرسە غۇۋا ، تۇمان ئىچىدە
ئۈزۈپ يۈرگەندەك ئىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلار بولغانلى-
قىنى ئۇ زادىلا ئۇقمىدى . تاڭغا يېقىن ئۇ باشقا بىر ئۆيدە قىپيالى-
ڭاچ ھالىتىدە ھوشىغا كەلدى . ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئىدى . ئىچى
تېشىغا ئۆرۈلگەن سومكىسى يەردە ياتاتتى . ئۇ باشتا بۇ ھالەتتىن
خۇدىنى يوقىتىپ قېتىپلا قالدى . بىردەمدىن كېيىن ئېسىگە
كېلىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى...

ئاسىيە ئالمان - تالمان كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا چىقى-
تى . ئالىلقاچان تاڭ ئاتقان ، كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى .
ئۇنىڭغا گويا كەينىدىن بىرى كىلىپ «نەگە بارىسەن ؟» دەپ
تۇتۇۋالىدىغاندەك ، ئۇدۇل ساقچىخانىغا ئېلىپ بارىدىغاندەك تۇيۇ-
لۇپ قورقۇنچ باستى . ئۇ تېز - تېز مېڭىپ باشقا كوچىغا قايرىل-
دى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپتىن تىترەيتتى ، پۇت - قولى بوشى-
شىپ ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . گويا تومۇرلىرى-
دىكى قان توختاپ قالغاندەك پۈتۈن ئەزايى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى .
ئۇ شۇ تاپتا ئادەمسىز خالىي بىر جاينى تېپىپ ، پۇخادىن چىققۇچە
يىغلاشنىلا ئويلايتتى . ئۇ بۇگۈن بىساتىدىكى ھەممە نېمى-
دىن — قىزلىقىدىنمۇ ، قىممەت باھالىق يانفونىدىنمۇ شۇنداق
ئاسانلا ئايرىلىپ قالغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى .

بىرنەچچە كۈنگىچە ئاسىيە ئىلىشىپ قالغاندەك گاراڭ بولۇپ
يۈردى . چىمەنگۈلنىڭ تېلېفون توغرىسىدىكى سورىقىغا «بۇلاڭ-
چىغا ئۇچراپ قالدىم» دەپلا تۇرۇۋالدى . ئاپىسى نەچچە كۈنگىچە
ئۇنى تىللىدى . ئاسىيە ئۇچۇن ئەمدى نېمە بولسىمۇ بەربىر
ئىدى . ھايات ئەمدى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ جاڭگال بولۇپ تۇيۇلاتتى .
بىر - ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ ، كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەندىن
كېيىن ، ئۇ مەردانىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردى . نەتىجىدە شەھەردە
مەردان ئىسىملىك ئادۋوكات يوق بولۇپ چىقتى . ئۇ شۇ چاغدىلا

ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ، تونجى مۇھەببىتىنىڭ پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشقىنىنى ئەلەم بىلەن بىلدى ـ دە ، يۈرىكى مۇز بولۇپ توڭلىدى . ئۇنىڭغا ئادەملەر ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولغان بۇ شەھەر كۈندىن ـ كۈنگە سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى ، خىزمەتتىندىمۇ سوۋۇدى .

دەل شۇنداق كۈنلەردە دادىسى بۇ ۋىلايەتكە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى . ئاسىيە ئۆزىگە تۇگمەس يۈرەك يارىسى ھەدىيە قىلغان بۇ شەھەردىن يىراق كېتىش ئۈچۈن ، دادىسى بىلەن ئاپىسىنى ھەيران قالدۇرۇپ ، ئۆزىنىڭمۇ ئۇلار بىللە كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئۇ ھاياتنى يېڭىدىن باشلاشنى ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئويلىغانىدى . ئۇ پەرەز قىلغاندەك ، بۇ كىچىك شەھەردىكى ھاياتى كۆڭۈللۈك باشلانغان ئىدى . خىزمەتتىكى ئۇتۇقلار ئۇنى ئۈمىدلەندۈرگەن ئىدى . لېكىن ، بۇگۈنكى جېدەل ، گۈلشەننىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى ، ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق ئاداۋەتلەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېڭى غەم ـ ئەندىشىنى سالدى .

## 6

قايسىر ھاجىم بانكا باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن خاپا بولۇپ يېنىپ چىقتى . «يۈزسىز كاززاپ ، مېنى كوي خەجلەپ مېھمان قىلغىنىم نەگە كەتتى ، قۇرۇق يولغا سالدىيا ، ئىسىت ، پۇلۇم !...— ئۇ بىنادىن چىقىۋېتىپ زەردە بىلەن يەرگە تۈكۈردى ، — بۇ نېمىلەرنىڭ نەپسىمۇ يوغىناپ كەتكىلى تۇردى . قىرىق ـ ئەللىك مىڭنى كۆرمىسە مانا مۇشۇنداق چىرايىنى ئاچمايدۇ ، ئەسلىدە ئىشلەيدىغان يەر بانكا ئىكەن... ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟... مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم بىرەر يىلغا بارماي دەسمايىنى تۈگىتىپ بولىمەن... شىركەتنى تارقىتىۋېتىپ باشقا

بىر ئوقەتنى قىلىدىغان ئىشمىكىن ؟... لېكىن ھەممىگە پۇل
كېرەك... تۆپىدە بىرەر يۆلەنچۈكۈڭ بولمىسا ئىش قىلماق تەس
ئىكەن بۇ كۈندە... نۇرىمان دېگەن قانجۇقنى ئالمىغان بولسامۇ
تۇردى ئوسماننىڭ ئادەملىرى بۇنچىۋالا چەتكە قېقىپ كەتمىگەن
بولاتتى . يېڭى ۋالىيىنى ئۇنىڭغا ئۆچ دەيدۇ ، شۇ ياق بىلەن
تونۇشۇشنىڭ يولىنى تاپسام بولاتتى... »
— ھاجىم ، خىيال بېسىپ قاپتۇغۇ ؟ قايىلاپ ماڭىلى
دەيمەن...
قايىر ھاجىم تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى .
ئۇنىڭ ئالدىدا شەھەردە خېلى نامى بار «قىزىلگۈل» رېستورانى-
نىڭ خوجايىنى ئەمەتجان كۈلۈپ تۇراتتى . ئۆزىدىن خېلىلا كى-
چىك بولسىمۇ ئۇلپەتچىلىكنى تەڭ قىلىشىدىغان بۇ ئاغىنىسى
بىلەن قايىر ھاجىم كۆڭۈلسىزلا سالاملاشتى .
— چوڭ بىر سودىنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ كېلىۋېتىپ-
تۇق - دە !— دېدى ئەمەتجان ئۇنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز
سېپىپ ،— يېقىندىن بۇيان بىز تەرەپكە قەدەم باسمىغانلىرىدا
گەپ بار ئىكەندە... پايدىنى ئانچە - مۇنچە خەجلەپ تۇرىلى دەي-
مەن ، بىزىمۇ سىلىدەك باينىڭ سايىسىدە كۈن كۆرەيلى
دەيمەن...
— ئەمەتجان ، نەدىكى سودا دەيسىلە ،— دېدى قايىر ھاجىم
ئۇھ تارتىپ قويۇپ ،— بىزگە ئوخشاش ئىگە - چاقىسى يوق
ئوقەتچىنىڭ كۈنى تەس بولۇپ قالدى . بىلگەن بولسام ، ئۆز
ۋاقتىدا سىلىدەك بىرەر رېستوران بىلەن ھەپىلەشسەم بوپتىكەن-
دۇق...
— خۇدايا توۋا دېسىلە ، ھاجىم . رېستوراننىڭ پارچە پۇلىغا
قانائەت قىلىدىغان ئادەممۇ سىلى ؟ ئاقىدىغان گەپنى قىلسىلا !
— ئەمەتجان ،— دېدى قايىر ھاجىم بېشىنى چايقاپ ،
—بولدى ، بۇ گەپنى قىلىشمايلى ! راست گەپنى قىلسام ، يانچۇق

قۇرۇقدىلىپ كەتتى ، بانكىلاردا بىرەر تونۇشلار باردۇ؟ ياردەم قىلامىلا ؟

— قەرز پۇل ئالاي دەملا ؟

— شۇنىڭ غېمى…

ئەمەتجان قايىر ھاجىمنىڭ پىششىقلىقىنى بىلگەچكە دەرھال ماقۇل دېمەستىن ئۇنى قىلتاققا دەسسىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى :

— ھازىر بانكىدىكىلەرمۇ رېستورانغا دەسسىمەيدىغان بولۇۋالدى ، دېسىلە . سىلىگە ئوخشاش چوڭ بايلار يانچۇقىغىلا سېلىپ يامان ئۆگىتىپ قويۇۋاتىدۇ ،— دېدى ئەمەتجان ،— مەنمۇ رېستوراننى يېڭىلاي دېگەن ، تېخى سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا بارماقچىدىم .

— خۇدايا توۋا دېسىلە ، ئەمەتجان . مەندىن پۇل سورىسىلا ئۆلۈكتىن جان سورىغاندەك بولىدۇ… ،— قايىر ھاجىم ماڭماقچى بولۇپ قوزغالغانىدى ، ئەمەتجان ئۇنى توختىتىۋالدى .

— سىلى يېڭى كەلگەن ياسىنجان ۋالىينى تونۇمامىلا ،— دېدى ئۇ ،— ئاڭلىسام ئۇ ياقنى «بوستان»لىق دەيدىغۇ ؟

— تونۇشمايدىكەنمىز ، سىلى قانداقراق ؟

— مەنمۇ ئۇ ئادەمنى تونۇمايمەن ، بىزنىڭ رېستورانغىمۇ كېلىپمۇ باقمىدى ،— دېدى ئەمەتجان ۋە دەرھال كۆڭلىگە بىر پىلان كىرىپ قوشۇپ قويدى ، — ئۇ ياقنىڭ ساقچىدىكى ئوغلى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايىر ھاجىم تېتىكلەشتى .

— ئوغلى دېدىلىمۇ ؟— دېدى ئۇ ياندۇرۇپ ،— ساقچىدا ئىشلەمدىكەن ؟

— ھەئە…

— ئەمەتجان ،— دېدى ئۇ خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ ،— سىلىدىن خۇش بولاي ، شۇ يىگىت بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويامىلا ؟

— بولىدۇ ، قاچانلىققا ؟

— بۇگۈنلا ئۇلتۇرايلى ، ھەممە چىقىم مەندىن ،— دېدى قايىر ھاجىم مەيدىسىگە ئۇرۇپ ،— ئۇ يىگىت قانداق ئويۇنغا ئامراقكىن ؟

— ھەر قېتىم رەڭلىك ئۇلتۇرۇپ كېتىدۇ .

— مال باردۇ ؟

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا…

قايىر ھاجىم بۇ رېستوراننىڭ كونا خېرىدارلىرىنىڭ بىرى ئىدى . رېستوراننىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئايرىمخانىدا ئۇ نۇرغۇن سودىلارنى پۈتتۈشكەن ، تالاي خېنىملار بىلەن شېرىن كېچىلەرنى ئۆتكۈزگەنىدى . ئەمەتجانمۇ ئادەتتە پىخسىق ھاجىمنىڭ خېنىملارنى كۆرگەندە مەردلىشىپ پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىغىنىنى ئوبدان بىلەتتى ، شۇڭا ئۇ بۇ سودىگەرنى قولدىن چىقىرىپ قويغۇسى كەلمىدى . «ئاۋۇ ئادىلجان دېگەنمۇ تازا ئويۇن قېپى نېمە ئىكەن ،— ئەمەتجان ئىچىدە ئويلىدى ،— ئۇنىڭغا قىزلا بولسىلا بولىدىكەن ، نەچچە قېتىم بولدى ، ئەل ـ ئاغىنىلىرى قىزلارنى باشلاپ كېلىپ ، يەپ ـ ئىچىپ ، بىر تىيىن تۆلىمەي كېتىۋاتىدۇ ، بۇمۇ ياخشى بولدى ، ماۋۇ سودىگەرنى تونۇشتۇرۇپ قويسام مەنمۇ زىياندىن قۇتۇلىمەن…»

— مۇنداق بولسۇن ، ھاجىم ،— دېدى ئەمەتجان تۇرۇپ كېتىپ ،— مەن شۇ تاپتا ساقچى ئىدارىسىغا ئىش بىلەن ماڭغان ، بېرىپ ئادىلجان بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي ، ئەگەر ۋاقتى بولسا سىلىگە تېلېفون قىلاي ، بولامدۇ ؟

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، ئەمىسە مەن ساقلاپ تۇرىمەن جۇمۇسىلا !

ئەمەتجان ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئادىلجانغا تېلېفون بەردى .

— ھازىر قوللىرى بىكارمۇ قانداق ؟ — دېدى ئەمەتجان ئادىلجان دەرۋازا ئالدىغا چىققاندىن كېيىن . ئادىلجان ئۇنىڭ ئوي-

ناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ھەممىنى چۈشەندى .
— ياق . قانداق ، ئوينايمىزمۇ ؟
— بىر سودىگەر ئاغىنەم ھېلى رېستورانغا كەلمەكچى ئىدى ، بىللە ئولتۇرۇشۇپ بېرەمدىكىن دېگەنىدىم .
— رەڭلىك ئويۇندۇ ؟
— يائاللا ، ئادىلجان ، ئاخشاملا رەڭلىك ئوينىغانتىلا ، قاندىمىدۇقمۇ ؟
— قىزلار بولمىغان ئويۇننىڭ پەيزى بولامدۇ ؟
— ئۇمۇ بولۇپ قالار ، — دېدى ئەمەتجان ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ ، — بۇگۇنكىسى شەھەردىكى چوڭ بىر لاۋبەننىڭ زىياپىتى ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قويسىلا زىيىنى يوق…
ئادىلجان ئويلىنىپ قالدى : «بۇ شەھەرگە كېلىپ چوڭراق بايلار بىلەن تونۇشۇپ باقماپتىمەن ، ئەمەتجان دېگەندەك تونۇشۇپ قويسام ماڭا نېمە زىيىنى بار ، ئۆيدىكىلەرمۇ ئەمدى : ‹كادىر بولدۇڭ ، ئۆزۈڭنىڭ ئايلىقىنى خەجلە › دەپ پۇلدىنمۇ قىسقىلى تۇردى . كىم بىلىدۇ ، بۇ بايدىن نەپ تېگىپ قالامدۇ ؟ بوپتۇ ، كۆرۈپ باقمايمەنمۇ ؟ ئۇ بەلكىم مەن ئارقىلىق دادامغا يېقىنلاشماقچىدۇ ؟ نېمە قىلسا قىلمامدۇ ، ماڭا نەپ بەرسىلا بولدى… »
ئادىلجان شۇلارنى ئويلاپ ئەمەتجاننىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدى .
— ئۇ لاۋبەننىڭ ئېتى كىم ؟— ئادىلجان سورىدى .
— قايىر ھاجىم…
— ھاجىم ؟— ئادىلجان ياراتمىغاندەك تەرىنى تۈردى ،— ئۇ ھاجىملىرى ماڭا ئىماندىن دەرس ئۆتمەس - ھە ؟
— خاتىرجەم بولسىلا ، بارغاندا كۆرىلا …
ئادىلجاننىڭ كۆز ئالدىغا شۇ ھامان ئۇزۇن پەشمەت چاپان كىيگەن ، ساقال قويغان ئادەم كەلگەنىدى . لېكىن رېستوراندا ئادىلجاننىڭ ئالدىغا ئۈستىگە قىممەت باھالىق كاستۇم - شىم كىيىپ ، بوينىغا گالستۇك تاقىغان ، ساقال - بۇرۇتىنى پاكىز

قىردۇرغان ئوتتۇرا ياش ئادەم چىقتى . ئۇ ئادىلجاننى تولىمۇ
قىزغىن ، سىپايە سۆزلەر بىلەن قارشى ئالدى :
— بىزنىڭ بۇ يۇرتقا كۆنۈپ قېلىشۋاتامىلا ؟— دېدى ئۇ سالام-
لىشىپ بولۇپ ،— چوڭ شەھەرنىڭ ئادەملىرى بۇ يەرگە كۆنىمىكى
تەسرەك ، بىر ھېسابتا بۇ يەرلەر سەھرا- دە···· ئۈرۈمچىنىڭ
رېستورانلىرى ، مەيخانىلىرى قالتىس - دە . ھەر قېتىم ئۈرۈم-
چىگە بارسام قايتقۇم كەلمەي قالىدۇ···
«خېلى كۆزى ئېچىلىپ قالغان بايۋەچچىمۇ نېمە ؟ مەيخانى-
نىڭ گېپىنى قىلىشۋاتىدىغۇ ؟— ھاجىمنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگ-
مەي دەۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئادىلجان ئىچىدە ئۇنىڭغا باھا
بەردى ،— تۇرقىغا قارىغاندا ، ھەممە ئويۇنلارنى ئويناپ كۆرگەن
نېمىدەك قىلىدۇ ، ھەرقاچان ئۈرۈمچىدىمۇ ئېلىپ قويغان خوتۇنى
بار بۇنىڭ ، ھازىر دۆلەتنىڭ راھىتىنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بايلار
كۆرۈۋاتىدىغۇ ، توختاپ تۇر ، سەنلا ياشىما ، بىزمۇ تەڭ
كۆرەيلى··· »
قايىر ھاجىم ئادىلجاننىڭ خىيالغا چۆكۈپ قالغانلىقىنى كۆ-
رۈپ ئۆزرە ئېيتتى :
— بۈگۈن خالىي مۇڭدىشايلى ، دەپ باشقىلارنىمۇ چاقىر-
مىدىم ، خۇدايىم بۇيرۇسا ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق خىزمەت-
لىرى بولسا بىز تەييار ، يا بۇنداق ئولتۇرساق زېرىكىپ
قالامسىلەر - يا ؟
— ياق ، ياق ، مۇشۇمۇ بولدى ،— دېدى ئادىلجان ئەمەتجانغا
قاراپ قويۇپ .
— ئەمەتجان سىلىنىڭ جىق تەرىپلىرىنى قىلىپ بەرگەنى-
دى ، شۇڭا ئاۋۋال بىر دىدارلىشايلى ، دەپ لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ
مۇشۇ داستىخانغا ئاۋارە قىلىپ چاقىردىم . بۈگۈن كېلىپ بەرگەن-
لىرىگە قەۋەتلا خۇش بولدۇم . قېنى ، مەن خۇش بولاي ، ماۋۇ
تائاملاردىن ئالغاچ ئولتۇرسىلا !

ئادىلجاننىڭ بىر ئادىتى بار ئىدى . ئۇ زىياپەتلەردە تاماقتىن ئىلگىرى ئىككى رومكا ئىچىۋالمىسا ئىشتىھاسى پەقەت ئېچىلمايتـ-تى . شۇڭا ئۇ ئەمەتجانغا سوئال نەزىرىدە قاراپ قويغانىدى ، ئۇ دەرھال چۈشىنىپ قايىر ھاجىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى . ھاجىم ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ئۆزرە ئېيتتى :

— ئەپۇ قىلسىلا ، سەۋەنلىك مەندە ، — دېدى ئۇ ئالدىراپ ۋە مۇلازىمنى چاقىرىپ پىچىرلىغانىدى ، ئۇ چىقىپ كېتىپ پەتـ-نۇستا ئالىي دەرىجىلىك بىر بوتۇلكا ئاق ھاراق بىلەن بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراقنى كۆتۈرۈپ ھاجىمنىڭ ئالدىغا قويدى . ھاجىم ئىكـ-كى رومكىغا ئاق ھاراقنى ، يەنە بىر رومكىغا قىزىل ھاراقنى قۇيۇپ ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ھۆرمەت بىلەن قويدى :

— بۈگۈن مەن تولىمۇ خۇشال بولدۇم ،— دېدى قايىر ھاجىم قىزىل ھاراق بار رومكىنى قولىغا ئېلىپ ،— ئادىلجان لەۋزىمنى ياندۇرماي كېلىپ بەردى ، خۇدايىم بۇيرۇسا ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ قويۇق ئارىلىشىپ ئۆتەرمىز . ئەسلىدە ئادىلجاننى بالدۇرراق ئىزدەيدىغان ، ئەھۋال سورايدىغان يولىمىز بار ئىدى ، لېكىن بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئۈرۈمچىلىكلەرگە ئوخشاشمايدۇ ، يوق يەردىن گەپ تېپىشـقا ئامراق . ھە ، مـانا ، ياسىـنجان ۋالـي كېلە ـ كەلمەي بالىسىنى مېھمان قىلدى ، بۇنىڭ مەقسىتى بار ، دەپ پىتنە توقۇيدىغانلار ئاز ئەمەس . بىزغۇ مەيلى ، بۇنداق پىتنە ـ پاساتقا كۆنۈپ كەتتۇق . لېكىن ياسىنجان ۋالىينىڭ شەنىگە ياخشى بولمايدۇ ، دەپ شۇڭا سىلىنى ۋاقتىدا ئىزدىيەلمـ-دۇق . كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا… خوش ،— ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئادىلجاننىڭ ئالدىغا كەلدى ، — مېنىڭ قارىسىلا ، ھاجى دېگەن قالپىقىم بار ئىدى ، لېكىن بۈگۈن ئادىلجاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قالپاقنى ئېلىۋېتىپ تۇرىمىز ، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا !…

— قانداق ، ھاجىمنىڭ پەيزى بارمىكەن ؟ — ئەمەتجان ئادىلـ-جانغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى .

— پەيزى بار ئىكەن ،— دېدى ئۇ ماقۇللاپ .
— ئاڭلىق ھاجىمدە•••
ماختاشلاردىن يايرىغان قايىر ھاجىم رومكىلارغا يەنە ھاراق
قۇيدى .
— مېنىڭ تۇتقان يولۇم شۇ ،— دېدى ئۇ ئىككىنچى رومكى-
نى كۆتۈرۈۋېتىپ ،— «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە» دېگەن گە
بار ، بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز سودا بولغاندىن كېيىن ھ
خىل ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەنمىز ، شۇلارغا ئۆز لايىقى
دا ماسلاشمىساق بولمايدۇ ، مەسىلەن ، سىلەرنىڭ قېشىڭلارد
ئىچمەيتتىم دېسەم كەيپىڭلارغا تەسىرى بولىدۇ ، پارىڭىمىزمۇ
قىزىمايدۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟••• ھاجىملارنىڭ ئارىسىغا كىرگەن
دە بولسا سوپى بولۇۋالىمىز ، مېنى مانا ئەمەتجان ئوبدان بىلىدۇ .
مەن بەزىلەرگە ئوخشاش مۇتەئەسسىپ ھاجىلاردىن ئەمەس•••
قېنى ، يەنە بىرنى كۆتۈرۈۋېتىمىزمۇ ؟
ئادىلجانغا بۇ ئادەم بارغانچە ياراپ قالدى .
— شاراب دېگەننىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا پايدىسى بار ،— دېدى
قايىر ھاجىم توختىماي سۆزلەپ ، ئەمدى ئۇنىڭ مايلاپ قويغاندەك
سىلىق يۈزى قىزىرىپ كۆپۈپ چىقتى ، — مەسىلەنگە دېسەك ،
ئادەم خۇش بولغاندا ئىچكەندە خۇشاللىقى خۇشاللىق قوشىدۇ ،
خاپىلىق تارتقان چېغىمىزدا ئىچسەك قويساق دەرد - پىغاننى تارقى-
تىدۇ . بۇ ئوقەت نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئادەملەرگە ھەمراھ
بولۇپ كېلىۋاتىدۇ . بۇنداق دېسەم مېنى ساختا ھاجىكەن دەپ
قالمىسىلا ، ھەر ئىش ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ، شۇنداقمۇ ؟•••
«ياشاشنى بىلىدىغان ئادەمدەك قىلىدۇ ،— ئادىلجان ئۇنىڭ
خۇشخۇي چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئويلىدى ،— ھازىر دۇنيانىڭ
راھىتىنى مۇشۇنداق ئوغرىلار كۆرۈۋاتىدۇ ، بۇنىمۇ يايرىتىۋاتقان
ھارامدىن تېپىۋاتقان پۇلىغۇ ، بۇنىڭغا ‹ھە› دەپ قويۇپ پۇلىنى
خەجلىمەيمەنمۇ ؟••• »

رومكىلار بىرقانچە نۆۋەت ئايلانغاندىن كېيىن قايىر ھاجىم گەپنى يۆتكىدى :

— ياسىنجان ۋالىينىڭ بۇ ۋىلايەتكە كەلگىنى قالتىس بەلەن ئىش بولدى ،— دېدى ئۇ ئادىلجانغا قاراپ قويۇپ ،— يۇقىرىدىكى تەشكىلنىڭمۇ كۆزى بار ئىكەن ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ ۋىلايەتنى ئاۋاتلىق دېۋانىلەر سوراپ كەتتى ئەمەسمۇ ؟ بۇ ئاۋاتلىقلارنى سىلى تازا بىلىپ كەتمەيلا ، ئۇلار ئەزەل ـ ئەزەلدىن دېۋانچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرگەن كۆزى كىچىك خەق . مانا مۇشۇ ئەمەتجاننىڭ دادىسىنى ئالساق ۋىلايەتتىكى ئەڭ كونا ، بىر ئۆمۈر قانۇندىلا ئىشلىگەن ئادەم ، ئەسلىدە سوتقا يۇەنجاڭ قىلىسا بولىدىغان كادىر ، لېكىن ئۇ ياقمۇ ئاۋاتلىق بولمىغاچقىلا ئادەتتىكى كادىرلىقتىن ئۆسەلمەي پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى . ھەممىنى قىلىۋاتقىنى ئاۋۇ تۇردى ئوسمان دېگەن كاززاپ ، ھېلىمۇ تەشكىل بىلىدىكەن ، ئۇنى ۋالىي قىلىپ قويمىدى .

— سىلى قايسى مەھەللىدىن ؟— ئادىلجان قىزىقىپ سورىدى .

— مەن ياسىنجان ۋالىي بىلەن بىر يېزىلىق...

— ئۇنداقتا دادام بىلەن تونۇشىدىكەنلىدە ؟

— ياسىنجان ۋالىي بۇ يەردە ئىشلىگەن چاغلاردا بىز تېخى بالا ئىدۇق ، كېيىن ئۇ ئادەم ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېتىپ قالدى ، ئىنىسى بىلەن تونۇشلۇقىمىز بار ، باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرىمىز ،— قايىر ھاجىم يالغاندىنلا دېدى ،— ياسىنجان ۋالىي كەلگەندىن كېيىن ئەسلىدە بىزنىڭ سالام بېرىپ كېلىدىغان يولىمىز بار ئىدى ، لېكىن بەزى ئادەملەرگە گەپ تېپىپ بەرمەيلى ، دەپ ئۆزۈمنى تارتتىم...

— خەقنىڭ گېپىدىن قورقۇپ جان توشامدۇ ؟ — ئادىلجان قولىنى سىلكىدى ، — دادامغىمۇ سىلىدەك قوللاپ بېرىدىغان ئادەملەر كېرەك .

— شۇنداق ، شۇنداق ، ياسىنجان ۋالىينى قوللىمامدىغان .

— بولدى ، ئەته ئۆيگه بارسىلا ، دادامغا سىلىنى تونۇشتۇرۇپ قويىاي…

قايىر هاجىم ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى : «بۇ بالا راست دەۋاتامدۇ ؟ ۋالىينى ئۆزى باشقۇرىدىغاندەكلا گەپلەرنى قىلىپ كېتىۋاتىدىغۇ ، قارىغاندا بۇ يىگىت ئۆيىنىڭ ئەركىتايىدەك قىلىدۇ ، بۇنى چىڭ تۇتسام بولغۇدەك… »

— ۋالىينىڭ ۋاقتى ئالدىراش ، ئۇ ئادەمگه دەخلى قىلىپ قويارمىزمۇ ؟

ئادىلجان نېمىدۇر ئېسىگه كەلگەندەك بولۇپ :

— هه ، راست ، دادام ئەتىگەن ناهىيىلەرگه بارىدىغان گەپنى قىلىۋاتاتتى ، مۇنداق قىلايلى ، سىلى ماڭا تېلېفون نومۇرلىرىنى بەرسىله ، مەن دادامنىڭ ئۆيدە بار چېغىدا سىلىگه خەۋەر قىلاي ، بولامدۇ ؟— دېدى .

— بولىدۇ ، بولىدۇ ،— قايىر هاجىم خۇشاللىقىدا ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ قويۇن يانچۇقىدىن ئۆزىنىڭ ئىسىم - شەرىپى بېسىلغان كارتۇچكىنى ئېلىپ ئادىلجانغا سۇندى .

— سىلىگه جاپا سېلىپ قويىدىغان بولدۇم ،— دېدى ئۇ خۇشامەت بىلەن ،— بۈگۈن داستىخىنىمىز تولىمۇ ئاددىي بولۇپ قالدى ، كۆڭۈللىرىگه ئالمىسىلا . خۇدايىم بۇيرۇسا ، كېيىنچه كۆڭۈللىرىنى ئېلىۋالارمىز ، زېرىكىپ قالسىلا تېلېفون قىلسىلا ، پېقىر خىزمەتلىرىگه تەييار…

بىرەر سائەت ئۆته - ئۆتمەي ئۇلار كونا قەدىناسلاردەك بولۇپ كەتتى . قايىر هاجىمغىمۇ ۋالىينىڭ بۇ بايۋەچچىسى ياراپ قالدى . «ئويۇن - تاماشا دېسه جېنىنى بېرىدىغان نېمىدەك قىلىدۇ ، بۇنىڭ جاجىسى ماۋۇ بوتۇلكا ، گېلىغا قويۇپ بەرسەم خېلى ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان تەلۋە ئىكەن . بۇمۇ ياخشى بولدى ، ساقچىدا ئىشەنچلىك ئادىمىمدىن بىرى بولدى . ئەڭ مۇهى-

مى ، بۇ ئارقىلىق ياسىنجان ۋالىي بىلەن تونۇشۇۋالسام بولدى .
تۇرقىدىن قارىغاندا دادىسىغا گەپ يېگۈزەلەيدىغاندەك تۇرىدۇ .
ئۆزىنىڭ قولىدىنمۇ ئىش كېلىدىغان نېمىدەك قىلىدۇ... ھە ،
راست ، نەچچەيلەن ھەرەمگە چىقىدىغان پاسپورتىنىڭ گېپىنى قىلى-
غانتى ، شۇنى دەپ باقمايمەنمۇ ؟... »
شۇ ئارىدا ئەمەتجاننى بىر مۇلازىم قىز چاقىرىپ چىقىپ
كەتتى . ئۇلار خالىي قالغاندا قايىر ھاجىم ئېغىز ئاچتى :
— ئادىلجان ، ئۆزلىرىنى قايسى بۆلۈمدىن سورايمىز ؟
— رازۋېدكا ئەترىتىدە...
— مۇنداق دېسىلە ،— قايىر ھاجىم ئىككىلەنگەندەك تۇرۇپ
كەتتى .
— بىرەر ئىش بارمىدى ؟— ئادىلجان كوچىلاپ سورىدى .
— ھېلىقى چەت ئەلگە چىقىدىغان پاسپورتنى سىلىنىڭ
بۆلۈمدە ئىشلىمەيدۇ ـ ھە ؟
— پاسپورت لازىممىدى ؟
— ماڭغۇ لازىم ئەمەس ، پاسپورتۇم بار . ماۋۇ ھەرەمگە
بارىمىز دېگەنلەردىن نەچچىسى ماڭا سىلى يولىنى بىلىلا ، بىزگە
ھەل قىلىپ بەرگەن بولسىلا ، دەپ خىجىل قىلىپ كېتىۋاتىدۇ .
«ياق » دەي دېسەم خۇدا يولىدىكى ساۋابلىق ئىش ئىكەن
قارىسىلا...
«مۇشۇ سودىنىمۇ قىلىدىكەنسەندە ؟— ھاجىمنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ ئادىلجان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ،— بۈگۈن نەق قولۇمغا
چۈشتۈڭ ـ دە ! بۇمۇ بولدى ، پاسپورت دېگەننى پۈتۈرمەك تەس
ئەمەس ، جاجىسى پۇل... نەچچە ۋاقىتتىن نېمىدەپ مۇشۇ سودا
كاللامغا كەلمىگەن بولغىيتتى ؟... » ئادىلجان خۇشاللىقتىن ياي-
راپ كەتتى . لېكىن ئۇ چاندۇرماستىن :
— پاسپورت بېجىرىشنىڭ رەسمىيىتى ھازىر بەك چىڭ
بولۇپ كەتتى ،— دېدى ئۇ ،— ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ مېنىڭ قو-

لۇمدىكى ئىش ئەمەس ، باشقىلارغا يالۋۇرىدىغان گەپ ، ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ، هازىر قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇشياقمايدۇ .
— ئەلۋەتتە ، ئەلـۋەتتە ،— دېـدى قايـىر هـاجىم جانلىـنىپ ،— مەنمۇ ئۇلارغا ئەھۋالنى دېدىم . ئۇلار بازار نەرخىدىن بىرىشكە رازى ، بۇ ئىشتا هەرگىزمۇ سىلىنى خىجالەت قىلىدىغان ئىش بولمايدۇ...
— قانچە پاسپورت كېرەك ؟
— دەۋاتقانلارغۇ تولا... دەرۋەقە ، سىلىگىمۇ ئاسان ئەمەس ، بولسا بۇدا بەشنى هەل قىلغىلى بولسا...
— بەشنى ؟
— سەل جىق بولۇپ كەتتىمۇ ؟
— بىر قېتىمـدا ئۇنچـىۋالا جـىق پاسـپورتنى بېجىرمەك تەس ،— دېدى ئادىلجان سەل ئويلىنىپ تۇرۇۋېتىپ ،— مۇنداق قىلايلى ، سىلىمۇ ماڭا تۇنجى قېتىم ئېغىز ئېچىۋاتىلا ، ياق دېيىشكە تىلىم بارمايۋاتىدۇ . هازىرچە ئۈچنى هەل قىلىشقا ۋەدە قىلاي ، قالغىنىنى يەنە بىر دورەمدە هەل قىلارمىز ، قانداق ؟
— بولىدۇ ، بولىدۇ ،— قايىر هاجىم قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ رەھمەت ئېيتتى ،— مېنىزە بىر خىجالەتچىلىكتىن چىقىرىدىغان بولدىلا ، هە ، راست ، بۇنىڭ نەرخىنى ؟...
— ئۆتكەندە دادامنىڭ يىراق بىر تۇغقىنى يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىپ ، ئاخىرى هەل قىلىپ بەرگەنىدىم ،— دېدى ئادىلجان يالغاندىنلا توقۇپ ، — ئالـدى ـ كەيـنى بولـۇپ ئـون مىڭ بىلەن پۈتتىغۇ...
— ئون مىڭ دېسىلە ؟— قايىر هاجىم بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇ باياتىن ئىچىدە هېساب قىلىپ : «ئادىلجاننى جىق دېسە بەش مىڭنى دەيدىغۇ ، شۇنىڭدا قالغان بەش مىڭنى ماڭا تەۋە بولىدۇ» دەپ ئايرىپ بولغانىدى . ئۇنىڭ بۇ هېسابىنى ئادىلجان بۇزۇۋەتتى . «بوپتۇ ،— دېدى هاجىم ئاخىرى ،— ئۇ خەققە

ھازىر پاسپورت ھەل قىلماق چىڭ بولۇپ كېتىپتۇ ، ئون بەش مىڭ بىلەن ئاران پۈتتۈردۇم دېمەيمەنمۇ ، بۇ ئەخمەق مۇسۇلمانلار ھەرەمگە بارىدىغانلا ئىش بولسا ئۆي - بىساتىنى سېتىپ بولسىمۇ ماڭىدۇ... ئەگەر بۇ سودا قاملىشىپ قالسا ، مۇشۇنىمۇ قىلغاچ تۇرمايمەنمۇ ، ماڭا ھەر تەرەپتىن پايدا... »

— ئەمىسە كېلىشتۇق ،— دېدى قايىر ھاجىم بېشىنى سىلىكىپ ،— سىلىنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم ، خۇدا بۇيرۇسا ...

— توختاپ تۇرسىلا ، ھاجىم ،— دېدى ئادىلجان ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ،— ئاۋۋال بىر ئىشنى كېلىشىۋالايلى ، مەن بايا دېگەندەك پاسپورت بېجىرىدىغانلارغا قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ دېسىلە ، ئاۋۋال ئۇلارغا ئازراق بىرنېمە بېرىش كېرەك...

— سىلىچە قانچە بەرسەك بولار ؟

— ئاۋال يېرىم پۇلنى بەرسۇن ، قالغىنىنى پاسپورت پۈتكەندە تۆلىسە بولار .

— بولىدۇ ، بولىدۇ... مەن ئەتىلا جۆندەپ ئەكېلىمەن...

— ئاندىن يەنە بىر گەپ ،— دېدى ئادىلجان ھاجىمغا يېقىن ئېڭىشىپ ،— بۇ ئىشنى بىر سىلى ، بىر مەن بىلىمەن جۇمۇ سىلا .

— خاتىرجەم بولسىلا ،— دېدى قايىر ھاجىم قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ،— پېقىرنىڭ ئاغزىدىن جان چىقسا چىقىدۇكى ، زۇۋان چىقمايدۇ...

قايىر ھاجىم ئادىلجان بىلەن ئۇچرىشىشتىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك خۇش بولدى . ئۇ خېلىدىن بۇيان ئامەتنىڭ قاچقىنىدىن خاپا ئىدى . نەچچە يىلدىن بۇيان ، ئۇ روزى ۋالىيغا تاغدەك ئىشىنىپ پېشىنى تۇتقانىدى ، لېكىن ئۇنىڭدىن قايىر ھاجىمغا تۈزۈك مەنپەئەت يوقىدى . قۇرۇق ۋەدىنى كېكەرگىچە بېرىپ ،

ئاخىرى ئۇنى داغدا قويۇپ كەتتى . شۇ تۇپەيلى ئۇ تۇردى ئوسمانغا تېخىمۇ سەت كۆرۈنۈپ قالدى . تۇردى ئوسماننىڭ ئادەملىرى ئۇنى ھەر قەدەمدە پۇتلاپ ، زىيانغا دەسسىتىپلا كەلدى . ئاخىرى ئۇ بۇ قارغىش تەگكۇر شەھەردىن بېشىنى ئېلىپ كېتىدىغان يەرگىمۇ كېلىپ قالغاندى . ئىنسان ھاياتىدىكى ياخشى كۈنلەرمۇ ، يامان كۈنلەرمۇ تەڭشىلىپ تۇرىدىكەن . ئۇنىڭ ئاھ - زارى يارانقان ئىگىسىگە يەتتىمۇ قانداق ، ۋىلايەتكە ئۇنىڭ مەھەللىلىكى ۋالىي بولۇپ كەلدى . بۈگۈن مانا ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن ئەسرا بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ . ئەمەلدارلار بىلەن خېلى ئارىلىشىپ تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان قايىر ھاجىم بۇ تۇنجى ئۇچرىشىشتىن قەۋەتلا مەمنۇن بولدى . «ياسىنجان ۋالىي بۈرۈنقى روزى ۋالىيغا ئوخشاشمايدۇ ، بۇ ئادەم تۇردى ئوسماننىڭ كونا رەقىبى ، ئۇنىڭ پېشىنى تۇتسام زىيان تارتمايمەن… ماۋۇ يىگىت ئەجەب ئاسانلا ئىندەككە كەلدى دېسە ، بولدى ، بۈگۈن بۈرنىدىن چىققۇچە بىر مېھمان قىلاي»… ئۇ شۇلارنى ئويلاپ چىقىپ ئەمەتجاننى يېنىغا چاقىردى :

— داستىخان غورىگۈل بولۇپ قالمىغاندۇ - ھە ، ئەمەتجان ،— دېدى ئۇ ،— ئادىلجاننىڭ مىجەزىنى سىلى بىلىلا ، كۆڭلى يەنە نېمە تارتىدۇ ، دېسىلە ؟ !

— مېنىڭچە ، يېمەك - ئىچمەك بولدى ، ئەمدى كەم نەرسە ھېلىقى… ،— دېدى ئەمەتجان كۆزىنى مەنىلىك قىسىپ .

— سىلىنىڭ تونۇش ماللىرى باردۇ ؟

— بارلىقىغۇ بار ، لېكىن مۇنداقلىرىنى ئادىلجاننىڭ ئالدىغا ئەكىرگىلى بولمايدۇ - دە ، سەرخىللىرىنىڭ باھاسى ئۆردەرەك …

— قانچە بولسىمۇ مەيلى ، چاقىرسىلا !— دېدى قايىر ھاجىم ۋە قويۇن يانچۇقىدىن تىترەپ تۇرۇپ يۈز كويلۇق پۇلدىن نەچچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى…

قايىر هاجىم يېرىم كېچە بولغاندا ئۆيىگە ياندى . ئۇ «قىزىلـ
گۈل» رېستورانىدىن چىققاندا مەستلىكى تامامەن يېشىلگەنىدى .
ئۇ قويۇن يانچۇقىدىكى ئېشىپ قالغان پۇللىرىنى ئېلىپ ساناپ
كۆردى . «سەككىز يۈز كوي كېتىپتۇ ، — دېدى ئۇ ئىچى ئېـ
چىشقان هالدا ، — ئەمەتجان دېگەن بۇ تۈلكە بۇگۈن بىر قويۇۋالـ
دى ـ دە ••• بوپتۇ ، بۇ زىياننى ئاۋۇ پاسپورتلاردىن ئۇندۇرۇۋالـ
مەن ، ھەممىدىن ئادىلجان بىلەن تونۇشۇۋالغىنىم بەلەن
بولدى••• »

قايىر هاجىمنىڭ «لاۋبەن» بولۇپ ئاتىلىشى ئاسانغا توختىـ
مىدى . ئىنسانغا ئامەت كەلسىمۇ بىردەملىك ئىش ئىكەن . تېخى
ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئۇ قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئەتىدىن كەچكىـ
چە كېسەك ، لاي بىلەن ھەپىلىشىدىغان قايىر تامچى ئىدى . ئۇنى
مەھەللىسىدىكىلەردىن بۆلەك ھېچكىممۇ تونۇمايتتى . كىچىكىدىن
ئاتا كەسپى تامچىلىق بىلەن ئۆتكەن بۇ ئادەم ھۆكۈمەت بازارنى
قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ، ئىچىگە جىن كىرىپ سودا قىلماقچى
بولدى . ئۇ يېزىلىق سودا كوپىراتىپىدا مۇدىر بولۇپ ئىشلەيدىغان
نەۋرە ئاكىسى بىلەن سۆزلەشتى :

— ئۆرۈك قېقىدىن تۆت توننا بەرسىلە ، — دېدى ئۇ ،—
ئۈرۈمچى بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم ، پايدىسىغا تەڭ شېـ
رىك بولىمىز .

ئامباردىكى قاقلارنى بىر تەرەپ قىلالمايۋاتقان مۇدىرغا قاـ
يىرنىڭ تەكلىپى مايدەك ياقتى . ئۇ بىر ماشىنا قاقنى نېسىگە
بەردى . قايىرنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ، قاقنىڭ بازىرى چىدـ
قىپ تەڭدە ـ تەڭ پايدا كۆردى . ئۇ ئۈرۈمچىدە ئىچكىرىدىكى
بىر كونسېرۋا ئىشلەيدىغان زاۋۇتنىڭ مال سېتىۋالىدىغان ئادىمى
بىلەن تونۇشۇۋالدى . ئۇ هاجىم بىلەن قانچىلىك قاق بولسا ئۇنىڭـ
غا ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ كېلىشتى . ئىشلىرى ئوڭغا تارتقان قايىر
يېزا ـ يېزىلاردىن قاق يىغىپ ئۈرۈمچىگە توشۇيدىغان بولدى .

باشقىلار كۆزىنى ئېچىپ سودىغا كىرىشكۈچە ، ئۇ مىليوننى سانايدىغان بايدىن بولۇپ قالدى . ئىلگىرى قاۋاقتىن بېرى كەلمەيدىغان ، «قايىر تولۇ» دېمىسە ھېچكىم تونۇمايدىغان بۇ ئادەم بەش يىل ئىلگىرى ھەرەمگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ «تولۇ» دېگەن لەقىمىنىڭ ئورنىغا «ھاجىم» دېگەن ھۆرمەتلىك ئىسىم ئالماشتى . قايىر ھاجىم ئاۋۋال ھاراقنى تاشلىدى ، ئارقىدىن ئۆزىگە نامرات كۈنلەردە ھەمراھ بولغان يېزىلىق ئايالىنى قويۇۋېتىپ ، نۇرىماننى ئالدى . قايىر ھاجىمغا قارىغاندا جىقراق ئوقۇغان ، سودىدا پىشقان بۇ ئايال ھاجىمنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ يۈرۈشتۈرۈۋەتتى .

ئۈچ يىل ئاۋۋال نۇرىمان ئۇنىڭغا يېڭى مەسلىھەتنى بەردى :

— قاق - جىگدىنىڭ سودىسىنى ئەمدى تاشلىسىلا بولامدىكىن ؟ — دېدى ئۇ .

— ئۇ سودىنى قىلمىسام نېمىش قىلىمەن ؟

— باشقا يېڭىراق بىر ئىشنى تۇتۇپ باقسىلا دەيمەن .

دەرۋەقە ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، قۇرۇق مېۋە سودىسى قىلىدىغانلار كۆپىيىپ ، قايىر ھاجىمغا مال ئاشمايدىغان بولدى . ئۇنى ئاز دەپ ئىچكىرىدىكى كونسىرۋا زاۋۇتىنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرى كېلىپ باغۋەنلەر بىلەن توختام تۈزۈشۈپلا مالنى يۆتكەپ كېتىدىغان ئىشنى چىقىرىۋالدى . شۇڭا ھاجىمنىڭمۇ بېشى قېتىپ يۈرەتتى . ئۇ نۇرىماننىڭ مەسلىھىتىگە قىزىقتى :

— يېڭىراق قانداق سودا بار ؟

— ئاڭلىسام ، سىلى بۇرۇن قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشلەپتىكەنلىغۇ ؟

— ھە... قانداق ؟

— ھازىر ئۇلارنىڭ ھال - كۈنى قانداق ؟

— كۈنى چاتاق ، ئاڭلىسام نەچچە ئاي بوپتۇ ئىشچىلارنىڭ ئايلىقىنىمۇ بېرەلمەيۋاتىدۇ دەيدۇ .

— سىلى ئاشۇ قۇرۇلۇش شىركىتىنى كۆتۈرە ئالامىلا ؟
بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايىر ھاجىم كۇلۇۋەتتى .
— كۆتۈرەم بولۇپ يىقىلاي دېگەن شىركەتنى ئېلىپ نېمە قىلىمەن ؟ — دېدى ھاجىم قولىنى سىلكىپ ، — قىپقىزىل زىياننى سېتىۋالىمەنمۇ ؟
— سىلى ئالسىلا زىيان بولمايدۇ ، — دېدى نۇرىمان چۈشەندۈرۈپ ، — ھازىر دىققەت قىلدىلىمۇ ، خەقلەر ئۆي - زېمىن سېلىشقا ، ئۆي ياساشقا يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ . ئەتە - ئۆگۈن بۇنىڭ بازىرى تازا چىقىدۇ . سىلى قانداقلا بولمىسۇن ، قۇرۇلۇشنىڭ تىلىنى بىلىلا ، مۇشۇ تاپتا شىركەتنى ئالىمەن دېسىلا ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئەرزانلا ئېلىۋالغىلى بولىدۇ .
— ئىشچىلىرىنىچۇ ، ئۇلارنى نەگە ئاپىرىمەن ؟
— كارغا يارايدىغان ئۇستىلارنى ئالسىلا ، قالغانلىرىنى جىنىڭنى باق دەيلا .
قايىر ھاجىم ئويلىنىپ قالدى .
— قۇرۇلۇش دېگەنگە ئاز دەسمايە كەتمەيدۇ ، — دېدى ئۇ دېلىغۇل بولۇپ ، — ئۇنى ئېلىپ قويۇپ پۈتۈن دەسمايىدىن ئايرىلىپ ئولتۇرارمىزمىكىن ؟
— ھەرقانداق ئىشقا تەۋەككۇل قىلماي بولمايدۇ ، مەيلى ، كۆزلىرى يەتمىسە بىلگەن سودىلىرىنى قىلىۋەرسىلە . كېيىن «ۋاي ، ئىسىت !» دەپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن دەيمىنا...
قايىر ھاجىم بىرنەچچە كۈنگىچە نۇرىماننىڭ دېگەنلىرىنى ئويلىدى . قۇرۇلۇش شىركىتىدىكىلەر بىلەن پاراڭلاشتى . ھەممىنى بىرمۇبىر ھېسابلاپ كۆرۈپ باقتى . باشتا قورققان بۇ ئىشقا ئۇ بارغانچە قىزىقىپ ، ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ شىركەتنى كۆتۈرە ئالدى . ئۇ يىلى تەلىيىگە قۇرۇلۇشمۇ جىق چىقىپ بەردى . نۇرىمان توغرا ئېيتقان ئىكەن . بۇ ئوقەتنىڭ پايدىسى قاق - جىگدە سودىسىنى نەچچە قاتلىۋەتتى . دەسمايە كۆپەيگەنسېرى قايىر ھاجىم چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلارغا قورقماي خېرىدار

بولىدىغان بولدى . ئۇنىڭ مىللىي ئۇسلۇبتا ياسىغان قۇرۇلۇشلى-
رىنىڭ داڭقى چىقىپ ، خېرىدارلار ئۆزلىرى ئالدىغا ئىزدەپ كې-
لىدىغان بولدى . قايىر ھاجىم بۇ ئوقەتنى قىلىش جەريانىدا شۇنى
ئېنىق ھېس قىلدىكى ، بۇ ئىشتىن ياخشى پايدا ئېلىش ئۈچۈن
ھوقۇقدارلار بىلەن يېقىن ئۆتۈش ، ئۇلارغا نەپنى بېرىپ تۇرۇشى
كېرەك ئىكەن . نەچچە ۋاقىتتىن تۇردى ئوسمان ئۇنى يېقىن
يولاتمىدى ، قېرىشقاندەك ئۇنىڭ بىر تۇغقىنىمۇ قۇرۇلۇش شىر-
كىتى قۇرۇپ ، قايىر ھاجىمنىڭ نېسىۋىسىنى تارتىپ كەتكىلى
تۇردى . قايىر ھاجىمنىڭ كۆنى تەس بولۇپ قالغانىدى . بۈگۈنكى
ئۆچرىشىش ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلىدى ، ھەتتا ۋالىينىڭ ئوغلى
بىلەن شېرىك سودىمۇ قىلىشىدىغان بولدى . بۇنىڭ ئۈچۈن قانچى-
لىك پۇل خەجلىسە ئەرزىيدۇ··· قايىر ھاجىم تىجارەت بىلەن
ئۆتكەن ھاياتىدىن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالدى — پۇلنى
پۇل تاپىدۇ ، پۇل خەجلەشنى بىلگەن ئادەم پۇل تاپالايدۇ ···
نۇرىمان بۇرۇنقىدەكلا ھاجىمنى خۇش چىراي قارشى
ئالدى :

— بۈگۈن پەيزىلىرى بارغۇ ؟ — دېدى ئۇ ، — ھاراق
ئىچىپلا - ھە ؟

— بۈگۈن ئىچىدىغان يېرى بولۇپ قالدى .

— چوكانلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالمىغانلا ؟

قايىر ھاجىم نۇرىماننىڭ مەڭزىنى چىمداپ قويدى :

— «توخۇ داڭگال چۇشەيدۇ ، ئۆچكە جاڭگال» دەپ بىكار
دېمەپتىكەندە ؟— دېدى بېشىنى چايقاپ ، — شۇنىڭدىن بۆلەك
خىيال يوقمۇ ؟

— چېقىشىپ دەپ قويدۇم ،— نۇرىمان ئىنچىكە قاشلىرىنى
سوزۇپ ئەركىلىدى ،— بىرەر سودىنىڭ ئېپى بولغان ئوخشىما-
دۇ ؟ قانداق سودا ؟

قايىر ھاجىم ئۇنىڭغا بۈگۈنكى ئادىلجان بىلەن بولغان ئۆچ-
رىشىشنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى . ئۇ سودا ئىشلىرىدا پەقەت
نۇرىمانغىلا مەسلىھەت سالاتتى ، كۆپ چاغلاردا نۇرىماننىڭ بەرگەن

مەسلىھەتى توغرا بولۇپ چىقاتتى . شۇڭا ئۇ ئەمدىكى يولنى قانداق بېسىش توغرۇلۇق نۇرىماننىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقماقچى بولدى .

— ئادىلجان دادىسى بىلەن كۆرۈشتۇرەي دېدىمۇ ؟

— ھەئە ، دادىسى كەلگەندە تېلېفون قىلىدىغان بولدى .

— ھىم ،— دېدى نۇرىمان ئويلىنىپ ،— مېنىڭچە ، كۆرۈ-شۇشكە بەك ئالدىراپ كەتمىسىلە بولارمىكىن ؟

— قانداق دەيسىلە ؟

— ئاڭلىسام ، يېڭى ۋالىينىڭ ئايالىنى خېلىلىكى بار خېنىم دەيدۇ ، ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسى ئاپتونوم رايوندا چوڭ ئەمەلدارمىش ... ياسىنجان ۋالىينى ئۆستۈرگەنمۇ شۇ ياق ئىكەن...

— بۇ گەپچە ، ۋالىينىڭ تىزگىنىنى خوتۇنىنىڭ قولىدا ئىكەن - دە ؟

— هازىرقى باشلىقلارنىڭ تولىسىنى خوتۇنى باشقۇرىدىغان ئىش مودا بولۇپ قاپتۇغۇ ، بىزلا ئىكەنمىزغۇ غوجامىنىڭ كۆزىگە قاراپ تىترەپ تۇرىدىغان...

— ھاي - ھاي ، بىزمۇ چاغلىق ،— دېدى قايىر ھاجىم بېشىنى چايقاپ ،— ئۇنداقتا ئاۋۋال بۇ خېنىمنى ئىندەككە كەلتۈ-رۈش كېرەك ئىكەندە ، سىلىچە قانداق قىلساق بولار ؟ يا بىر چاي قىلىپ چاقىرامسىلە - يا ؟

— ھېچنىمىدىن - ھېچنىمە يوق چاقىرساق ئۇ ياق باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن يەنە ؟ ئۇرۇمچىنىڭ خېنىملىرى بەك قائىدە - يوسۇن سۈرۈشتۈرىدۇ ، ھەرقاچان ، شۇ تاپتا باشلىقلارنىڭ خوتۇن-لىرى ئۆچىرەت بولۇپ بىزگىمۇ نۆۋەت تېگىشى ناتايىن...

ئۇلار قانداق قىلىش ھەققىدە خېلى بىر چاغقىچە مەسلىھەت قىلىشتى .

## 7

تۇردى ئوسماننىڭ ئائىلىسىدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىز-چىل داۋاملىشىپ كەلگەن بىر ئادەت بار ئىدى . يەنى ھەر يەكشەن-

بە كۈنى ئەتىگەندە ، ھېيت ـ بايراملارنىڭ بىرىنچى كۈنى ھەممە
باللار ، نەۋرىلەر چوڭ ئۆيگە يىغىلىشى ، ئائىلە يىغىنىغا قاتنىد-
شىشى كېرەك . بۇ تۈزۈمگە ھەرقانداق سەۋەب كۆرسىتىپ قات-
ناشماسلىققا بولمايتتى . تۇردى ئوسمان بۇ ئادەتنى «ئائىلىمىز-
نىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى» دەپ ئۇنى ئۇرۇق ـ تۇغقان ، ئەل ـ
ئاغىنىلىرىگىمۇ تەشۋىق قىلىپ تۇراتتى .

بۇ يىلقى روزا ھېيتمۇ شۇ ئادەت بىلەن باشلاندى . ئەتىگەن
سائەت ئونغىچە بۇ ئائىلىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئەزالىرى
چوڭ ئۆيگە جەم بولدى . نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان جىمجىت تۇرۇۋات-
قان ئۆي بۇگۈن قايناق بازارغا ئايلاندى . تۇردى ئوسمان ئادىتى
بويىچە يوقلىمىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئاۋۋال ھەممە نەۋرى-
لەرگە ئوخشاش قىلىپ ئون يۈەندىن ھېيتلىق پۇل تارقاتتى .
بۇنى كۆرۈپ تۇرغان گۈلشەن قېشىدىكى ئاكىسىنىڭ قۇلىقىغا
پىچىرلىدى :

— يېقىندىلا مائاش ئۆسكەنتى ، دادامنىڭ ئۆلچىمى يەنە
بۇرۇنقىدەكلا بولدىغۇ ؟

— مائاش ئۆسكەن بىلەن دادامنىڭ ئەمەلى ئۆسمەي
قالدى ـ دە ! ئەگەر باش ۋالىي بولغان بولسا ھېيتلىق چوقۇم
ئۆسەتتى .

— بۇ گەپچە ، ھېيتلىق ئون كويدا توختاپتۇ دېگىنە ؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ ، تېخى مۇشۇ ئۆلچەمدىن چۈشۈپ
كەتمىسە خۇش بولساق بولىدۇ .

گۈلشەن ئىتتىك ئاكىسىغا قارىدى :

— دادامنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا بىرەر گەپ ـ سۆز ئاڭلىد-
دىڭمۇ نېمە ؟

— ھازىرچىغۇ گەپ سۆز يوق ،— دېدى ئۇ تۇمشۇقى بىلەن
ئۇدۇلدىكى ياسىنجان ۋالىينىڭ ئۆيىنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ ،—
يېڭى ۋالىي دادامنى جىم قويماسمىكىن دەيمەن ، قايسى كۈنى

بىرىدىن دادامنى سىياسىي كېڭەشكە چىقارغۇدەك دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم .

— نېمە دەيدىغانسەن ، راست شۇنداق بولارمۇ ؟

— بىرنېمە دەپ بولمايدۇ ، ئۇ ياق كونا ھېسابنى قىلماي قويمايدۇ ،— دېدى ئۇ خۇرسىنىپ قويۇپ ،— ھە ، راست ، ئەنۋەر دادىسىنىڭ ئۆيگە كېلىۋاتامدۇ ؟

— كەلگىنىنىمۇ ئۇقمىدىم ،— دېدى گۈلشەن ،— بىر قېتىم نېمە دەيدىكىن دەپ دادىڭىزنىڭكىگە بېرىپ كەلمەيلىمۇ ، دېسەم تېرىكىپلا كەتتى . ئىككىنچى مەنمۇ گەپ قىلمىدىم .

— شۇنداقمۇ ؟··· قېنى كۆرۈپ باقمىزغۇ···

ئاتىكەم كىرىپ تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندى ، ھەممەيلەن مېھمانخانا ئۆيگە يىغىلىپ ئۇزۇن ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى . تۇردى ئوسمان ئادىتى بويىچە ئۈستەلنىڭ تۆرىدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇ گويا ھۆكۈمەتنىڭ يىغىنىنى باشقۇرىدىغان قىياپەتتە ھەممەيلەنگە سالاپەت بىلەن قاراپ ، گېلىنى قىرىپ قويغاندىن كېيىن :

— قېنى ، تاماققا بېقىڭلار ! — دېدى .

شۇ گەپتىن كېيىن ھەممەيلەنگە جان كىرگەندەك بولۇپ تاماققا قول سوزۇشتى . بۈگۈن تۇردى ئوسماننىڭ ئىشتىھاسى تاماق تارتمىدى . ئۇنىڭ كاللىسىنى بىر - بىرىدىن كۆڭۈلسىز خىياللار چىلغاپ بىئارام قىلاتتى . تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇھ تارتىپ قوياتتى . ئۇنىڭ كەيپىياتى بالىلارغىمۇ تەسىر قىلدى بولغاي ، ھەممىسى تاماقتىن بالدۇرلا قول تارتتى . ئاتىكەم قانچە زورلاپ باقسىمۇ تاماق ئېشىپ قالدى . بىرەر پىيالە چاي ئىچكەندىن كېيىن داستىخان يىغىلدى . ئەمدى ئۆينىڭ ئىچىنى سۇرلۇك جىمجىتلىق باستى . ھەممەيلەن تۆردە خىيال بىلەن قاپقىنى تۇرۇپ ئولتۇرغان تۇردى ئوسماننىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى . ئەنۋەرنىڭ ئوغلى بوۋىسىغا

قاراپ قويۇپ ئەنۋەردىن سورىدى :
— دادا ، بوۋام بۈگۈن يەنە مەجلىس ئاچامدۇ ؟
ئەنۋەر ئوغلىنى «جىم تۇر !» دەپ سىلكىپ قويدى . نەۋرە-سىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان تۇردى ئوسمان خىيالدىن بېشىنى كۆ-تۈرۈپ ئۆزىنى ئوڭشىدى .
— ھەممىڭلار ئالدىراۋاتقاندەك قىلىسىلەر ، ئەمىسە يىغىننى ئاچساقمۇ ئاچايلى ،— دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ ،— نەچچە ھەپتە بولدى ، مەنمۇ ئاغرىپ ئۆرۈمچىگە كېتىپ قېلىپ ئائىلە يىغىنىنى ئاچالمىدۇق ، ئارىلىقمۇ ئۇزىراپ كەتتى ، شۇڭا سىلەر-نىڭ ئەھۋالىڭلارنىمۇ دېگەندەك ئۇقۇپ كېتەلمىدىم . يېقىندىن ئاڭلىسام ، ئەيساجانلار ئۆينى ياسىماقچى دەيدۇ ، شۇنداقمۇ ؟— تۇردى ئوسمان ياندا ئولتۇرغان چوڭ ئوغلىغا قايرىلدى .
چىراي تۇرقى ئاپىسى ئاتىكەمگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدى-غان ئەيساجان ئايالىغا قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى :
— ئۆينىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كونىراپ كەتتى... قوشنىلار ھەممىسى ياساۋاتىدۇ ، بىزمۇ...
— خەقلەرنى دوراپ قىلماقچىمىز دەڭلا ،— تۇردى ئوسمان ئوغلىنىڭ سۆزىنى قوپاللىق بىلەن بۆلدى ،— مەن سىلەرگە داۋاملىق دەپ كېلىۋاتىمەن ، ھەرگىز خەقلەرنى دوراپ ئىش قىل-ماسلىق كېرەك دەپ... ئۆيۈڭلارنى تېخى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ ياسىدىڭلار ، بىر ئوبدانلا تۇرىدىغۇ ، بىز سىلەردەك چاغلىرىمىزدا بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرغان ، ئۆينى بېزەش دېگەننى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەيتتۇق...
ئەيساجاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئورۇق ، چېچىنى لەمپە چى-قىرىپ كۆپتۈرۈۋالغان قارامىتۇل چوكان تەردىنى تۈرۈپ غو-دۇرىدى :
— يەنە ئۆتمۈشنى ئەسلەش باشلاندى ، ھەممە ئادەمنى ئۆزى-دەك چاغلايدىكەن ، ئۇ دېگەن قايسى زامان ؟...

ئەيساجان «جىم تۇر !» دېگەندەك ئايالىنى نوقۇپ قويدى.

— بىزنىڭ پىكرىمىز، — دېدى تۇردى ئوسمان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — خەقلەرنى دوراپ ئۆي ياسىشنى قىلماڭلار، بۇنىڭ تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. بىز ھەر كۈنى ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرايلى، دەپ تەشۋىق قىلىۋاتىمىز. ئۆزىمىز قوپۇپ ئۇنىڭغا رىئايە قىلمىساق خەقلەر نېمە دەيدۇ؟ بۇ ياخشى بولمايدۇ...

تۇردى ئوسمان «گەپ تۈگىدى» دېگەن مەنىدە ئوغلى بىلەن كېلىنىگە قاراپ قويدى - دە، ئالدىدىكى خاتىرىنى ۋاراقلاپ بىر بەتكە ئۇزاق قارىۋەتكەندىن كېيىن گېلىنى يەنە بىر قىرىۋېتىپ بېشىنى كۆتۈردى:

— خوش، مەخەتجان، — دېدى ئۇ ئىككىنچى ئوغلىغا قاراپ، — ئاڭلىساق، سىلەرنى مېھمان چاقىرماقچى دەيدىغۇ، شۇنداق خىيال بارمۇ؟

دادىسىدەك بويلۇق، سەل دۇمچەكرەك كەلگەن مەخەتجان چۆچۈگەندەك مىدىرلاپ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان دۇپدۇگىلەك، سېرىق ئايالىغا قاراپ قويۇپ ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— «يېڭى ئۆيگە كۆچۈپسەن» دەپ ئەل - ئاغىنىلەر كېلىمىز دېگەنىدى، شۇڭا بىراقلا چاقىرىۋالايلى دېگەنىدۇق...

— ئەمدى ئۆي كۆچىسىمۇ چاي بېرىدىغان پەدە چىقتىمۇ؟ — تۇردى ئوسمان ئاچچىقى بىلەن ئۈستەلنى چېكىپ قويدى، — مەن سىلەرگە ھەر دائىم دەپ كېلىۋاتىمەن، سىلەر ئادەتتىكى ئادەمنىڭ بالىۋاقىسى ئەمەس، ھەرقانداق ئىشنى قىلىدىغان ۋاقىتتا ئاۋۋال بىزلەرنى ئويلىشىڭلار كېرەك. مەن بولسام ۋىلايەتنىڭ بىر رەھبىرى، ئاناڭلارمۇ ئادەتتىكى كادىر ئەمەس، ئەتە - ئۆگۈن جەمئىيەتتە تۇردى شۇجىنىڭ بالىسى ئۆي چېيى قىلىپتۇ دېسە تەسىرى ياخشى بولامدۇ؟ سىلەر تېخى باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان يەردە بۇنداق ھەشەمەتچىلىكنى قىلساڭلار خەقلەر نېمە

قىلمايدۇ ؟... جەمئىيەتتە كىشىلەر ھەممىدىن ئاۋۋال بىزلەرنى كۆرىدۇ ، بىزنىڭ ئۈستىمىزدە گەپ قىلىدۇ ، ھېلىمۇ بۇ ئىشتىن بىز ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپتۇق . مېنىڭچە ، بۇ چاينى ئۆتكۈزۈشكە قەتئىي بولمايدۇ... ئەگەر پۇلۇڭلار تېشىپ كېتىۋاتقان بولسا بىزگە بېرىڭلار !...

تۇردى ئوسمان مۇھىم بىر ئىشنى تاماملىغاندەك يەنە گېلىدىنى قىردى . بۇ ئۇنىڭ گەپنى يۆتكەش بەلگىسى ئىدى . ئۆي ئىچىنى كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق باستى . ھەممەيلەن ئەمدى نۆۋەت ئەنۋەر بىلەن گۇلشەنگە كەلدىغۇ دېگەندەك يەر ئاستىدىن ئۇلارغا قاراپ قويدى .

— بۇگۈن سىلەرگە قايتا تەكىتلەپ قويىدىغىنىم ، — دېدى تۇردى ئوسمان خاتىرىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — جەمئىيەتتىكى ئېقىمغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كەتكىلى بولمايدۇ . توغرا ، ھازىر تۇرمۇش ياخشىلاندى ، ئايلىقمۇ ئۆستى ، لېكىن پۇل بارغۇدەپ مودا قوغلاشساق ئاسانلا خاتالىشىپ كېتىمىز . بولۇپمۇ سىلەر باشقىلارغا ئوخشىمايسىلەر ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزۈڭلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ تۇرۇشۇڭلار كېرەك... ھازىر جەمئىيەت ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ كەتتى . ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى بەزىلەر خاتا چۈشىنىپ ، ھەممىنى ئۆزگەرتىمىز دەۋاتىدۇ . بۇ توغرا ئەمەس ، بەزىلەر ئاددىي ـ ساددا ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش ئادىتىنى چۆرۈپ تاشلاپ ھەشەمەتچىلىككە بېرىلىپ كەتتى . ھە دېسە باي بولۇشنى تەرغىپ قىلىۋاتىدۇ ، بايلىق دېگەنمىچۇ ، چېغىدا بولمىسا ئادەمنى كاردىن چىقىرىدۇ . سىلەرمۇ كۆرۈۋاتىسىلەر ، ئىسلاھاتتىن كېيىن بەزىلەر پۇل تېپىپ باي بولغانتى ، بىزنىڭ شەھىرىمىزدىمۇ خېلى كاتتا بايلار چىققانتى ، ئاخىرى نېمە بولدى ؟... بەزىلەر قىمارغا بېرىلىپ ۋەيران بولدى ، بەزىلەر ئاق تاماكا چېكىپ ئاخىرى جەھەننەمگە كەتتى ، پۇل ، بايلىقنىڭ پايدىسى شۇ بولدى . شۇڭا ھازىر ھەرقانداق بىر ئىشنى

قىلغاندا ئەتراپلىق ئويلىمىساق بولمايدۇ ، مەن بايا دېگەندەك سىلەر ئادەتتىكى ئادەمنىڭ بالىۋاقىسى ئەمەس ، بۇنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار !...

تامدىكى سائەتنىڭ جاراڭلىشى تۇردى ئوسماننىڭ نۇتقىنى ئۈزۈۋەتتى . ئۇ سائەتكە ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويۇپ گېپىنى خۇلاسىلىدى :

— بۇگۇن ھېيت بولغاچقا مەجلىسنى مۇشۇ يەرگىچە ئاچايلى ، يىغىننىڭ داۋامىنى كېلەر يەكشەنبە ئاچىمىز... — تۇردى ئوسمان ئادىتى بويىچە گېلىنى كۆچ بىلەن قىرىپ قويۇپ ئالدىدىكى خاتىرىنى ياپتى . باياتىن يىغىننىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ ئاران ئولتۇرغان نەۋرىلەر چۇرقىراشقىنىچە سىرتقا يۈگۈردى . ئەيساجاننىڭ ئايالى دالانغا چىقىـقاندىن كېـيىن مـەخەتجاننىڭ ئايالىغا پىچىرلىدى :

— ھېلـىمۇ ئايـال كىشى بولـۇپ قالـماپتىكەن بۇ ئەسمەتخان ،— دېـدى ئۇ كۆزى بىلەن كەينىنى ئىـما قىلىپ ،— پوق - سۈيدۈكىنىڭ ھەممىسىگە ئارىلىشىپمۇ ئىچى پۇشمىدى .

— شۇنى دېمەملا ؟— دېدى دۇگىلەك چوكان كالپۇكىنى پۇرۇشتۇرۇپ ،— قۇرۇق نەزىرىيىنى بىزگىلا سۆزلىگەن ، ئۆزى بولسا نەچچە يەرگە زېمىن سېلىپ بولدى ، گۆرىگە ئەكىتەمدىكىن ئۇنى ؟

— يۇقىرىدىكىلەرمۇ بىلىپ قالغان چېغى ، ۋالىيلىقنىمۇ بەرمەي قويدى ، شۇڭا كېسەل بولۇپ كەتمىدىمۇ بۇ قىزىل پاچاق .

— قېينانىمىزنىڭ جېنىغا ۋاي جومۇ ، شۇنچە يىل ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ چىداپ ئۆتكەندۇ دەيمەن .

— شۇنى دېسىلە... ھە ، راست ، بۇگۇن ئەجەب ئەنۋەر بىلەن گۇلشەنگە تېگىپ قويمىدىيا ، گۇلشەن دېگەن ئۆتكەندە تۇغۇلغان كۇننى شۇنداق كاتتا ئۆتكۈزدىغۇ ؟

— ئۇلار بىلەن بىز ئوخشىمايمىز ـ دە ! ئەنۋەرنىڭ دادىسى

دېگەن ۋالىي ، بۇ قاقۋاش بۇنى ھېسابقا ئالدۇ ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇمۇ گۇلشەن دېگەن ھازازۇلدىن قورقىدۇ .

— دەشىنەم ئاڭلايدىغان بىزلا ئىكەنمىز – دە !... مۇشۇ ئەسمەتخانغا كېلىن بولغان ئۆزىمىزگىمۇ ئاز...

تۇردى ئوسمان بالىلارغا خوشمۇ دېمىدى ، پەقەت ئەنۋەرگە قول ئىشارىتى قىلىپ :

— سىلەر سەل تۇرۇپ تۇرامسىلەر ، — دېدى .

ئەنۋەر قېيناتىسىنىڭ باياتىن گەپ قىلمىغانلىقىدىن كۆڭلىدە گۇمان چۇشكەنىدى . ئۇلار ئايرىم قالغاندا تۇردى ئوسمان گۇلشەنگە «سىز چىقىپ كېتىڭ» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى .

— ھەلىمەنىڭ تېنى ساقتۇ ؟— ئۇ كويئوغلى بىلەن خالىي قالغاندىن كېيىن سورىدى .

— ئانام ياخشى...

— ھېيتلىق تەييارلىقنى قىلدىمۇ ؟

— قىلدى ، تۈنۈگۈن گۇلشەن ئىككىمىز بىرنەرسىلەرنى ئاپىرىپ بەردۇق .

— ئوبدان قىپسىلەر... مەن تېخى ھېيتلىقنى قانداق قىلغاندۇ دەپ تۇراتتىم... ،— ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى – دە ، بىردەم ئۇدۇلدىكى ھويلىغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ،— دادىڭىزنىڭ ئۆيىگىمۇ ھېيت پەتىسى قىلدىڭلارمۇ ؟— دەپ سورىدى .

ئەنۋەر قېيناتىسىنىڭ قاچان بولمىسۇن ، مۇشۇنداق سوئالنى سورايدىغانلىقىنى تۇيۇپ يۇرەتتى . شۇڭا ، ئۇ بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ قويماقچى بولدى .

— مەن ئىسمىمنى بىلسەم دادام يوق ئىكەن ،— دېدى ئۇ ،— مېنىڭ داداممۇ ئانام ئۆزى...

تۇردى ئوسمان كويئوغلىدىن بۇنداق جاۋابنى كۇتمىگەن بولسا كېرەك ، ئۇ تېڭىرقىغان ، سەل ھەيران بولغان ھالدا تۇرۇپ كەتتى .

— ياسىنجان ۋالىي قانداقىلا بولمىسۇن سىزنىڭ دادى-
ڭىز ،— دېدى ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن نەسىھەت تەلەپپۇ-
زىدا ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز قوشنا بولۇپ قالدۇق ، ھېلى
كىرىپ قويمىساڭلار سىلەردىن ئەمەس ، مەندىن كۆردۇ . بۇ
ياخشى بولماسمىكىن ؟

«بۇ ئادەم ئۆز بېشىنىڭ غېمىنى يەۋېتىپتۇ - دە !» دېدى
ئەنۋەر ئىچىدە .

— دادا ،— دېدى ئەنۋەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ،— مەن كىچىك
بالا ئەمەس ، بىز بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى .

تۇردى ئوسمان بۇ كۈيئوغلىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى
ۋە ئۇنىڭدىن سەل تەپ تارتاتتى . شۇڭا ئۇ يەنە نەسىھەت قىلىشنى
ئارتۇقچە كۆرۈپ :

— بوپتۇ ، بوپتۇ ، ئەمدى سىزگە كېيىنچە بىرەر ئاۋارىچى-
لىك بولمىسۇن دەيمەنغۇ ، بوپتۇ ، ھەلىمەنىڭ قېشىغا بېرىڭلار .
ھەرقاچان ، سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا قاراپ تۇرىدىغاندۇ ؟ —
دېدى .

باللار ، نەۋرىلەر ئۇزاپ كېتىشتى . ھېيت خۇشاللىقىمۇ
گويا ئۇلار بىلەن كەتكەندەك ئۆي ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى .
جاراڭلاپ تۇرغان ئۆيلەردىن ئەمدى كىشىنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان
بىر خىل سوغۇقلىق چىقىپ تۇراتتى . ئۆيدە پەقەت ئاتىكەمنىڭ
ئېغىر - ئېغىر چامداپ پۇشۇلداپ مېڭىشلىرى ، قاچا - قۇچىلار-
نى جاراڭلىتىپ يىغىشتۇرغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى . تۇردى ئوسمان
تامدىكى سائەتكە قاراپ قويدى . سائەتنىڭ تىلى بىرنى كۆرسىتىپ
تۇراتتى . بۇرۇنقى چاغلار بولسا بۇ كەمگىچە ئىدارە ، جەمئىيەت-
نىڭ باشلىقلىرى ئىشىكتە ئۆچىرەت بولۇپ كېتىشەتتى . تۇردى
ئوسمانلار ھەر ھېيتتا پەتىچىلەر ئۈچۈن ئىككى ئۆينى راسلايتتى .
بۆلۈم باشلىقلىرى بىلەن ئادەتتىكى كادىرلارغا كىچىكرەك بىر
ئۆينى ، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا بولسا چوڭ

مېھمانخانىنى تەييارلايتتى . بۇ دورەممۇ تەييارلىق شۇنداق بولغا-
نىدى . لېكىن ، مانا ھازىرغىچە باللاردىن بۆلەك بىرەر ئادەممۇ
ھېيتلاپ كەلمىدى ، گويا ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى . تۇردى
ئوسمان دېرىزىدىن ئۇدۇلدىكى قورۇغا قارىدى . قورۇنىڭ ئالدى-
دىكى يولدا ئىككى كىچىك ماشىنا تۇراتتى . «بۇلار كىمنىڭ
ماشىنىسى بولدى ؟ » تۇردى ئوسمان شۇنداق ئويلاپ تۇرۇشىغا
ئۆيدىن يۈز - كۆزلىرى پوكاندەك قىزارغان ئىككى - ئۈچ ئادەم
خوش ئېيتىپ چىقىپ كەلدى . تۇردى ئوسمان ئالدىدىكى پاكار ،
چوقۇر ئادەمنى تونۇدى . «تۇرسۇن بۇجاڭ ئىكەنغۇ ، — دېدى ئۇ
تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭىنى تونۇپ ،— كەينىدىكى
تۇرغۇن شياڭجاڭ ئوخشىمامدۇ ؟... سەمەت خاڭجاڭمۇ كەپتۇ -
دە ؟... » ئۇلار ماشىنىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ بىردەم گەپ قىلى-
شىپ تۇرۇشتى . بانكا باشلىقى سەمەت — تۇردى ئوسماننىڭ ئۆيى
تەرەپكە قاراپ قويۇپ بىرنېمىلەرنى دېگەنىدى ، تۇرسۇن بۇجاڭ
قولىنى سىلكىپ قويۇپ ماشىنىغا كىرىپ كەتتى . ئارقىدىن قال-
غانلارمۇ ماشىنىلارغا چىقىپ مېڭىپ كېتىشتى . «نائەھلى تۇز-
كورلار ،— تۇردى ئوسمان ئۇلارنىڭ كەينىدىن غەزەپ بىلەن
تىللىدى ،— نەچچە زاماندىن ئىتتەك بوسۇغامنى ئايلىنىپ كې-
تىشمەيتتىڭ ، سىلەرنى ئۆيدىن ھەيدەپمۇ چىقارغىلى بولمايتتى ،
ئەمدى تونۇماس بولۇپ كېتىشىۋاتقىنىنى بۇ يۈزسىزلەرنىڭ . ئاۋۇ
تۇرسۇن دېگەن چوقۇرنى جاڭگالدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدىن
ئەكېلىپ قويغان ئادەم مەن ئىدىم . ئەجەب قىلدى - ھە ، سەن
كاززاپىنى... توختاپ تۇر ! جاھان تېخى ئۆزۈن ، ئەتە - ئۆگۈن
ئالدىمغا ئىتتەك ئۆمىلەپ كېلىشىسەن تېخى... »
تۇردى ئوسماننىڭ مېڭىسىنىڭ بىر يېرىگە نېمىدۇر سانجىل-
غاندەك بولۇپ بېشى «پىررىدە» قايدى . بىردىن ئۇنىڭ بېشى
چىڭقىلىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى . يەر تەۋرىگەندەك ، ئۆينىڭ
تاملىرى چايقىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قوي-

ـدى ، پۈت ـ قولى بوششىپ ئېسىنى يوقىتىپ قويدى . ئۇ يېنىدىكى ئورۇندۇققا قانداق ئۆلتۈرۈپ قالغانلىقىنى كېيىنمۇ ئېسىگە ئالالمىدى . ئۇ پەقەت ئىككى قولىدا ئورۇندۇقنىڭ يۆلەن- چۈكىنى چىڭ تۇتۇۋالدى . ئۇ پەقەت بېشىنىڭ بىر يېرىدە قانداق- تۇر بىر ئاچچىق سانجىقنى ، مېڭىسىنىڭ ھېلىلا پارتلاپ كېتىدى- غاندەك چىڭقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى . «ياق ، ياق !» دەيتتى ئۇ ۋە ئاتىكەمنى چاقىرماقچى بولۇپ كۆچىنەتتى ، لېكىن نېمىشقىدۇر تىلى كالۋالاشقاندەك بولۇپ گەپكە كەلمەيتتى . شۇ ئارىدا مېھمانخانا ئۆيگە ئاتىكەم كىرىپ قالدى ۋە ئېرىنىڭ قان دىدارى قالمىغان رەڭگىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى :

— نېمە بولدىلا ؟ — ئاتىكەم ئىتتىك كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى ۋە تۇردى ئوسماننىڭ ئىما ـ ئىشارىتى بىلەن دورىسىنى ئەكېلىپ ئىچكۈزدى . ئارىدىن بىرنەچچە سېكۇنت ئۆتۈپ تۇردى ئوسمان ئېسىگە كېلىپ ئۇلۇغ بىر تىندى :

— ئەجەب قورقاتتىلا ،— دېدى ئاتىكەم ئېرىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ ،— ئەتىگەندىن باللارغا گەپ قىلىمەن دەپ ھې- رىپ قالغان ئوخشايلا ، بۈگۈن مەجلىسنى ئاچمايدىغانمۇ گەپ ئىكەن...

«سەن كالۋا نېمىنى بىلىسەن ؟... ،— تۇردى ئوسمان ياراتـ- مىغاندەك ئايالىغا قاراپ ئالىيىپ قويدى ،— ماڭا مۇشۇ كېسەلنى تېپىپ بەرگەنلەر باللار ئەمەس ، ماۋۇ ئۇدۇل ھويلىدىكى دۈشمە- نىم ، ئۇ مېنىڭ يولۇمنى توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ، ئۇنى كۆزدىن يوقاتمىغۇچە ماڭا ياخشى كۈن يوق... »

— يۈرسىلە ، ئاۋۇ ئۆيگە چىقىپ بىردەم يېتىپ ئارام ئالسى- لا ،— ئاتىكەم شۇنداق دەپ ، ئۇنى يۆلەپ ياندىكى ياتاق ئۆيگە ئېلىپ چىقتى .

دورا تەسىر قىلدىمۇ ، تۇردى ئوسماننىڭ بېشىنىڭ ئاغرىقى ئاستا ـ ئاستا قويۇپ بەردى ، پۈت ـ قولىغىمۇ جان كىرگەندەك

بولۇپ يېنىك نەپەس ئالدى . ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىغا غەمكىن ئويلار كىرىۋېلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى . مانا مۇشۇ كېسەل يېقىندىن بۇيان ئۇنى پات - پات چۆچۈتۈپ ، قانداقتۇر بىر ۋەھىمىدىن بېشارەت بېرىدىغان بولۇۋالدى . ئۇ شۇ ياشقىچە بىرەر قېتىم قاتتىق ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ باقمىغان ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىدىن تولىمۇ رازى ئىدى . ئىنقىلاب جەريانىدىمۇ ئەلەم كۆرەشلىرىگە قاتناشتى ، تاياق - توقماقنىمۇ يېدى ، لېكىن ئاغرىپ يېتىپ قالمىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئۇنىڭ ئالتۇن دەۋرى باشلاندى . ئاكىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ ھاكىم بولدى ، شەھەر باشلىقى بولدى ، ۋىلايەتكە مۇئاۋىن ۋالىي ، مۇئاۋىن شۇجى بولدى . ئوسمانلارنىڭ جامائىتى ۋىلايەتنى سورايدىغان بولدى . تۇردى ئوسمان ئۇچۇن ئاخىرقى پەللە — ۋالىيلىق ئورۇن قالغاندى . ھەممە ئادەم : «بۇ ئورۇننى چوقۇم ئۇ ئىگىلەيدۇ» دېيىشىپ تۇرغاندا ئويلىمىغان يەردىن ياسىنجان كېلىپ ئىگىلىۋالدى ، باشقا بىرى بولسىمۇ بىر گەپ ئىدى . كونا رەقىبىنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر كەلدى . بۇ دەردنى ئاز دەپ يېقىندىن بۇيان ماۋۇ نىجىس كېسەل پەيدا بولۇپ ، پات - پات ۋەھىمە سالىدىغان بولۇۋالدى . «مېنىڭ ئۆسۈپ يەتكەن يېرىم مۇشۇ بولدىمۇ ؟— دېدى ئۇ ئەلەم - ھەسرەت بىلەن ،— ياسىن دېگەن كىم ؟ مەن دېگەن كىم ؟··· مەن ھاكىم بولۇپ ، بىر ناھىيىنى چۆرۈپ يۈرگەن ۋاقتىمدا ئۇ ئادەتتىكى بىر كادىر ئىدى . بۈگۈنگە كېلىپ مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتتىيا ، يۇقىرىدا ئۇنى يۆلەيدىغانلار بار ئىكەن ، ئەجەب نەچچە ۋاقىتتىن شۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىكەنمەن دېسە . ئۇ چوقۇم كونا ئۆچىنى ئالغىلى كەلدى ، قېنى كۆرۈپ باقاي ، تۇردى ئوسمان سېنىڭ ئالدىڭدا يىقىلىپ باقمىغان ، ئوسمانلار جامائىتىنىڭ يىلتىزى بوش ئەمەس ، ساڭا تېتىيالايدۇ··· بىرىنچى قەدەمنى قانداق بېسىش كېرەك ؟ ماۋۇ ئەنۋەر دېگەن نېمىدىن پايدىلىناي دېسەم بۇ بالا گەپنى

ئۇزۇۋەتتى ، ئۇنىڭ دادىسىغا تېخىچىلا ئاچچىقى بار ئوخشايدۇ ، لېكىن ياسىن قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئۆز دادىسى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋالىي ، ئەنۋەر ھەرقانچە ئاچچىق قىلغان بىلەن بۇنى ھېسابقا ئالىدۇ ، ئەمەل ، ھوقۇق دېگەن كىملەرنى يۇمشاتمىغان ؟ ئەڭ ياخشىسى ، ئەنۋەرنى بىلەپ ئۇنىڭغا قارشى قويۇش كېرەك… »

دالاندا ئاتىكەمنىڭ بىرەيلەن بىلەن سالاملاشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا ئېغىر چايقىلىپ ئاتىكەم كىردى :

— ھاشىم شىجاڭ كەپتۇ ، — دېدى ئۇ خۇشخۇي ھىجىيىپ ،— مېھمانخانىغا باشلاپ قويدۇم ، چىقالامىلا ياكى مۇشۇ ئۆيگىلا كىرسۇنمۇ ؟

ھاشىمنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇردى ئوسماننىڭ ۋۇجۇدىغا جان كىرگەندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاتىكەمگە چىقىدىغان ئىشارەتنى قىلدى . شەھەر باشلىقى ھاشىم بىلەن ئاتىكەم بىر نەۋرە بولۇپ ، ئۇزۇن يىل تۇردى ئوسماننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ، ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئۆستۈرگەن ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ھېيتلاپ كېلىشى تۇردى ئوسماننىڭ غېرىبلىق باسقان كۆڭلىنى ئازراق بولسىمۇ كۆتۈرۈپ قويدى .

ئوتتۇرا بوي ، ياپىلاق يۈز ، قىسىق كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ھاشىمنىڭ خەقلەرنىڭ ئارىسىدا «يەل تاپان» دېگەن لەقىمى بار ئىدى . ئۇ ھەرقانداق ئىشتا چاققانلىقى بىلەنمۇ ئوسمانلار جامائىتىنىڭ ئىچىدە ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ شەھەر باشلىقى بولۇپ كەتكەنىدى . ھاشىم ئىشىكتە تۇردى ئوسماننى كۆرۈپ چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ،— دېدى ئۇ تۇردى ئوسماننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ ،— ئەھۋاللىرى قانداق ؟ چىرايلىرى شۇنداق ئوبدان بولۇپ قاپتۇ… يېقىندىن بۇيان تۆۋەنگە بارىدىغان

ئىشلار جىقلاپ كېتىپ سىلىنى يوقلاپمۇ كېلەلمىدىم...
«سەن يەل تاپان كىملەرنى يوقلاپ تۇرۇۋاتىسەن ، خۇدا بىلىدۇ ، مېنى سىياسىي كېڭەشكە چىققۇدەك دېگەننى سەنمۇ ئاڭ-لىمىدىڭ ، شۇڭا قاراڭنى كۆرسەتمەي قاراپ بېقىۋاتىسەن ، كىم بىلىدۇ ، باياتىن ماۋۇ ئۇدۇلدىكى هويلىغا كىرىپ چىقتىڭمۇ تې-خى ؟»... تۇردى ئوسمان ئىچىدە شۇلارنى ئويلىسىمۇ ، لېكىن چاندۇرماي سالىمىغا جاۋاب قايتۇردى .
— ئۇرۇمچىدىن كەلگەندىن بۇيان دەم ئېلىپ تۇرغانتىم ، قوزغاپمۇ باقمىدى ، — تۇردى ئوسمان چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن ئاتىكەمگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ دېدى ،— ئويلاپ باقسام ، نەچچە ۋاقىتتىن چارچاپ كېتىپتىمەن...
— شۇنداق ، شۇنداق ،— شەھەر باشلىقى هاشىم ئۇنى قۇۋ-ۋەتلىدى ،— هاردۇق يەتكەندۇ... هازىرچۇ ، دوختۇرلار سانجىق تۇرۇپ قالسىمۇ راك دەيدىغان بولۇۋالدى... چىرايلىرىمۇ شۇنداق ئوبدان بولۇپ قاپتۇ...
تۇردى ئوسمان ئۇنىڭ كېسەل هەققىدە ئەزمىلەپ كېتىشى-دىن ئېھتىيات قىلىپ گەپنى يۆتكىدى :
— هە ، شەھەردە نېمە يېڭىلىقلار بار ؟
— شەھەردە دەملا ؟ — هاشىم سەل تۇرۇپ كېتىپ بېشى بىلەن ياسىنجان ۋالىينىڭ ئۆيىنى ئىشارەت قىلىپ دېدى ، — يېڭى ۋالىي كېلە - كەلمەي شەھەرگە قول تىققىلى تۇردىغۇ ؟
— قانداق ؟
— «بوستان»دىكى تۇرغۇننى شەھەرگە مۇئاۋىن شۇجى قىل-لىمىدىغان بوپتۇ...
— كىم دەيدۇ ؟
— تەشكىلات بۆلۈمىدىكى تۇرسۇن بۇجاڭ ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى ، سىلىنىڭ خەۋەرلىرى يوقمۇ ؟
تۇردى ئوسماننىڭ بېشى يەنە زىڭىلداپ كەتتى ، لېكىن ئۇ

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كۆڭۈلشىمىگەن قىياپەت بىلەن :
— تۇرغۇننى مۇئاۋىن شۇجى قىلىش خېلى بۇرۇنلا بار گەپ ئىدى ،— دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ،— تۇرغۇن شياڭجاڭ «بوستان» دا ئۇزۇن ئىشلەپ كەتتى ، يۆتكەيدىغان ۋاقتىمۇ بولغان ، بۇنىڭ ياسىنجان ۋالىي بىلەن ئالاقىسى يوق...
— قانداقلا بولمىسۇن ، ئۇلار ئىككىسى بىر مەھەللىلىك ، ھازىردىنلا شەھەردە «تۇرغۇن شەھەر باشلىقى بولىدىكەن» دېگەن گەپ چىقتى .
— شۇنداقمۇ ؟
— ھەئە ، بەزىلەر شەھەرنى نەچچە زاماندىن ئاۋاتلىقلار سورىغان ، ئەمدى بوستانلىقلار سورايدىغان ئوخشايدۇ ، دەپ يۈرگۈدەك .
— ھازىر گەپلا بولسا دەيدىغان بوپتۇ ـ دە !— دېدى تۇردى ئوسمان ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ،— مۇشۇمۇ گەپمۇ ؟ بۇ توغرا بولماپتۇ ، سىلەر بۇنداق پرىنسىپسىز گەپلەرنىڭ چىقىشىغا يول قويمىساڭلار بولىدۇ ، يىغىنلاردا تەنقىد قىلىڭلار... بىز خەقزە قاچان ئادەم بولىمىزكىنتاڭ ، ھەرقانداق بىر ئىش بولسا يۈرتۋازلىق قىلىپلا تۇرىمىز...
تۇردى ئوسمان يۈرتۋازلىقنىڭ زىيىنى ھەققىدە قايناپ سۆزلەشكە باشلىدى . شەھەر باشلىقى ھاشىم ھەيران بولغان ، ئەجەبلەنگەن ھالدا تىڭشاپ ئولتۇردى . كۆڭلىدە بولسا بۇ كونا باشلىقنىڭ نېمىنى كۆزلەپ دەۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىپ ئاۋارە ئىدى . «بۇ ئادەم ياسىنجان ۋالىيغا ياخشى كۆرۈنمەكچىمۇ قانداق ؟ بۇرۇن بوستانلىقلارنىڭ گېپى چىقسا تەتۈر قارىۋالىدىغان ئادەم ئىدى . ئۆز ۋاقتىدا تۇرغۇننى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىقىغا نامزات قىلغاندا ، بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ ئادەم قارشى چىقىپ قالدۇرۇۋەتكەنىدى . بۈگۈن ئەجەب سەكسەن گرادۇس ئۆزگىرىپ قاپتۇ ـ يا ! بۇ ئادەم زادى نېمە قىلماقچى ؟...»
شۇ ئارىدا تۇردى ئوسماننىڭ يېنىدىكى تۇغقانلىرى كېلىپ

گەپنى ئۈزدى. تۇردى ئوسمان هاشىمنى دالانغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ چەتكە تارتتى.

— بىزنىڭ كۆيئوغۇل ئەنۋەر قانداقراق؟ — دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا.

— بانكىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا ماختايدۇ، — دېدى هاشىم ئالدىراپ.

— ئۇمۇ بانكىدا ئىشلەۋاتقىلى خېلى بولۇپ قالدى... ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانسىلە؟

— خەۋىرىم بار.

— ياسىنجان ۋالىي ئەنۋەر توغرۇلۇق گەپ - سۆز قىلدىمۇ؟

— ياق... قانداق ئىش ئىدى؟

— هاشىم شىجاڭ، — دېدى ئۇ ياراتمىغاندەك بېشىنى چايقاپ، — سىلىنى خېلى هوشيار ئادەم دېسەم، نېمە بولدۇڭلا، يەنە قانداق ئىش دەپ سوراۋاتىسىلەرغۇ؟... ۋالىينىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەمسىلە؟

— چۈشەندىم، چۈشەندىم، — دېدى شەھەر باشلىقى هاشىم باشلىقنىڭ مەقسىتىنى ھېس قىلىپ، — مەنغۇ ئويلىغان، بۈگۈنمۇ شۇ توغرۇلۇق سىلىنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئالاي، دەپ كەلگەندىم... ئەنۋەرجانغۇ كەسپىمۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا دەيدۇ، ئۆستۈرسەك بولىدۇ...

— ھەر ھالدا بۇ ئىشنى تولا سوزماي قىلىۋەتكىنىڭلار ياخشى، — دېدى تۇردى ئوسمان، — نەچچە ۋاقىتتىن ماڭا كۆيئوغۇل بولغاچقا باشقىلار خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن، دەپ گەپ قىلمىغان... مەن ماۋۇ گەپنى سىلىگە كۆيۈنۈپ دەۋاتىمەن...

تۇردى ئوسمان شۇ گەپنى دېدى - دە، خوش ئېيتتى. هاشىم بولسا خوجايىنىنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىدىن گاڭگىراپ قالدى. «بۇ ئادەمنى كېسەل سەل ئېلىپ قويۇۋاتامدۇ نېمە؟... قارىغاندا، بۇمۇ ئۆز بېشىنىڭ غېمىنى قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، بۇنىڭدىمۇ ئىشەنچ قالمىدى. مەن يېڭى ۋالىينىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ قويسام بولىدىغان ئوخشايدۇ جۇمۇ!...» ئۇ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇدۇلدىكى قورۇغا قاراپ ماڭدى.

# 8

ئۇلار شۇنداق ئاسانلا تونۇشۇپ قالدى . شەھەرلىك پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ ئۆسكەن تۇرغۇننىڭ ئايالى خەلچەم «ھېيت چېيى» دېگەن نام بىلەن چىمەنگۈل قاتارلىق ۋىلايەت ، شەھەردىكى باشلىقلارنىڭ ئاياللىرىنى مېھمانغا ئېيتتى . ئۇ چىمەنگۈلنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراقلىقىنى بىلىپ نۇرىماننىمۇ چاقىرىپ قويدى .

— بۈگۈن ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ قىزىتىپ بەرسىلە ، خېنىم ،— دېدى ئۇ نۇرىمان كەلگەندە…

تاماق تارتىلىپ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن خەلچەم ئوتتۇرىغا چىقتى :

— بۈگۈن ھەرقايسىلىرىنى ئېچىلىپ ، كۆڭۈللۈك ئولتۇرسۇن ، دەپ شەھىرىمىزنىڭ بۇلبۇلىنى تەكلىپ قىلغانىدىم ،— دېدى ئۇ نۇرىماننى كۆرسىتىپ ،— ئەمدى مېھمانلارغا نۇرىمان خانىم بىردەم پەيزى قىلىپ بەرسە دەيمەن ، چىمەنگۈل خانىم ، شۇنداق قىلساق بولامدۇ ؟

— ئاڭلايلى ، ئاڭلايلى ،— دېدى چىمەنگۈل نۇرىمانغا قاراپ قويۇپ ،— يەيدىغاننى يېدۇق ، ئەمدى ئۇنى ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن سىڭدۈرمىسەك ئېشىمىز ئارتىپ ئاغرىپ قالمايلى… ،— ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يېنىدا ئولتۇرغان ئاتىكەمگە قاراپ قويدى .

ئاتىكەمگە چىمەنگۈلنىڭ گېپى تىك كەلدىمۇ ياكى نۇرىماننىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغۇسى كەلمىدىمۇ ، شۇئان قوپۇپ ماڭدى . ئۇ خەلچەمگە : «تۇردى ئوسماننىڭ مىجەزى يوق» دەپ خەلچەم قانچە يالۋۇرۇپ تۇتسىمۇ ئۇنىماي قايتىپ كەتتى . ئۇنىڭ كەتكىنىنى كۆرۈپ چىمەنگۈل ئاچچىق كۈلۈپلا قويدى .

ئاتىكەمنىڭ يامانلىغاندەك كېتىشى بىلەن سوۋۇپ قالغان

ئولتۇرۇشنى نۇرىماننىڭ دۇتار بىلەن ئېيتقان ناخشىسى قىزىتىد-
ۋەتتى . ئۇ خۇددى پىشقان ئارتىسلاردەك خۇلق چىقىرىپ ، شۇ
كۇنلەردە ئەڭ مودا بولغان بىر يۇرۇش ناخشىلارنى ئۇلاپ ئېيتتى :

يېڭى ئېرىققا سۇ كەلدى ،
كونا ئېرىققا سۇ نەدە ؟
قىز باللار سامان نەرخى ،
تۇل خوتۇنغا ئەر نەدە ؟

دېگەن بېيىتنى ئېيتىۋېدى ، چىمەنگۇل هاياجىنىنى باسالماستىن
چاۋاك چېلىۋەتتى . ناخشىنىڭ چىمەنگۇلگە يارىغانلىقىدىن ئىلهام-
لانغان نۇرىمان دۇتارنى يېڭى - يېڭى پەدىلەرگە يۆتكىدى .

بۇ يەردە بۇنچىلىك دۇتار چېلىپ ، ناخشا ئېيتىدىغانلارنىڭ
بارلىقىدىن هەيران بولغان چىمەنگۇل خەلچەمنى شەرەت قىلىپ
يېنىغا چاقىردى :

— بۇ چوكان كىم بولىدۇ ؟ — دەپ سورىدى نۇرىماننى
كۆرسىتىپ .

— نۇرىماننى دەمىلا ؟— دېدى خەلچەم خۇش بولۇپ ، —
سودىگەر ئايال ، «بوستان» شىركىتىنىڭ خوجايىنى قايىر ها-
جىمنى ئاڭلىغان بولغىيدىلىمىكىن ، شۇ ياقىنىڭ ئايالى… قانداق
ناخشىسى بولامدىكەن ؟

— خېلى پەيزى بار ئىكەن… نەچچە ۋاقىتتىن ئەجەب چاقىر-
ماپسىلە ؟

— راست گەپنى دېسەم ، هەممەيلەن ئاتىكەم مۇدىردىن ئېھ-
تىيات قىلىپ چاقىرالمايدۇ ، باياتىنمۇ كۆردىلە ، نۇرىماننى كۆ-
رۇپلا كەتتى…

— بۇ ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قالغانمىدى ؟

— شۇنداقراق بىر يېرى بار ،— دېدى خەلچەم سىرلىق

كۆلۈپ قويۇپ . چىمەنگۈلمۇ چۇشەنگەندەك قاش ـ كۆزىنى سۈ-
زۈپ قويدى ـ دە :
— سودىگەر دېدىلىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— ھەئە··· تۆت كوچىدا دۇكىنى بار··· ساپلا ئاياللارنىڭ
كىيىمىنى ساتىدۇ .
— كىيىملىرى قانداقراق ؟
— ئاياللارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭدىن ئالىدۇ ، تولىسى چەت-
نىڭ ماللىرىنى ئەكېلىپ ساتىدۇ . بىر كۈنى مەن سىلىنى باشلاپ
باراي ، كۆرۈپ باقسىلا···
— ئۈستىگە كىيىۋالغان كوپتا ـ يوپكىسى چىرايلىق ئى-
كەن ، — دېدى چىمەنگۈل .
— يېڭى ئەكەلگەن مال ئوخشايدۇ··· بۇ يەردە ھېچكىمنىڭ
ئۈستىدە يوق···
چىمەنگۈلگە نۇرىماننىڭ ئېيتقان ناخشىسىمۇ ، كىيگەن كى-
يىمىمۇ يېقىپ قالدى . «تۇرقىدىن قارىغاندا خېلى يۇرت كۆرگەن
ئايالدەك قىلىدۇ ، چىرايىمۇ تونۇشتەكلا ، ئۇرۇمچىدە كۆرگەندەك-
لا قىلىمەن··· سودىگەر بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىكەن ،
ماۋۇ باداڭ قورساق تۇلۇملارغا پەقەت ئوخشاشمايدىكەن ، —
چىمەنگۈل يېنىدىكى داستىخاندىن قول ئۇزمەي ئۈنى ـ بۇنى يەپ
ئولتۇرۇشقان ئاياللارغا ياراتمىغاندەك قاراپ قويدى ، —
مۇشۇلارمۇ ئايال ـ ھە ! مەن ئېرى بولۇپ قالغان بولسام ئاللىقا-
چان كۆڭۈلسىز بولۇپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاتتىم ، تۇرغان ـ
پۈتكىنى چوشقىغۇ ؟··· »
ناخشا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چىمەنگۈل «بىردەم ھاۋا يەي-
لى » دەپ ھويلىغا چىقتى . ئۇزۇم باراڭلىق ھويلا شۇنداق سالقىن
ئىدى . چىمەنگۈلنىڭ كەينىدىنلا چىققان ئۆي ئىگىسى ئۆزى بىلەن
بىللە نۇرىماننى باشلاپ چىقىپ چىمەنگۈلگە تونۇشتۇردى .
— ناخشىغا پەيزىلىرى بار ئىكەن ،— دېدى چىمەنگۈل ئۇ-

نىڭغا يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، — سەنئەت مەكتەپتە ئوقۇغان ئوخشىماملا؟

— ياقەي، — دېدى نۇرىمان كۈلۈپ، — ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆگەنگەن، ئەسلىدە سەنئەتچى بولۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى، پېشانەمگە يېزىلمىغان ئىكەن، ئارمىنىمغا يېتەلمىدىم، ئاخىرى سودىگەر بولۇپ ئولتۇردۇق...

— مەكتەپتە ئوقۇماي تۇرۇپ شۇنچىلىك چالىدىكەنلا، بولدى، سەنئەت مەكتەپتە نەچچە يىل ئوقۇغانلارمۇ سىلىچىلىك ئېيتالمايدۇ... مەن سىلىنى ئۈرۈمچىدە كۆرگەندەكلا قىلىمەن، ئۈرۈمچىدە تۇرغانمۇ؟

— ئون نەچچە يىل ئىلگىرى بىر مەزگىل تۇرغان... ئۆمەكتىكى سائادەتنى تونۇيدىغانلا؟

— سېرىق سائادەتنىمۇ؟ — چىمەنگۈل نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك بولدى، — نېمىشقا تونۇمايمەن...

— شۇنىڭ يېنىغا ئارىلاپ باراتتىم...

چىمەنگۈل ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ گەپنى يۆتكىدى:

— خەلچەم سىلىنىڭ كىيىم - كېچەك دۇكىنى بار دەيدىغۇ؟

— ھەئە، — دېدى نۇرىمان، — بىكار ئولتۇرغۇچە دەپ دۇكام ئېچىپ قويغان. نەچچە كۈندىن ئۈرۈمچىگە مالغا بېرىپ تېخى ئاخشام كەلدىم.

— يېڭى كىيىملەر ئەكەلدىلىمۇ؟ — دېدى چىمەنگۈل ئالدىراپ، — ماۋۇ ئۇستىلىرىدىكى كوپتا چەتنىڭغۇ دەيمەن؟

— كورىيىنىڭ، بۇدا ئەكەلدىم... باشقا پاسونلىرىمۇ بار...

— كۆرۈپ باقساق بولغۇدەك، — دېدى چىمەنگۈل كوپتىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، — مەن ئەتە باراي، باشقىلارغا بېرىۋەتمەي تۇرسىلا...

— بولىدۇ، بولىدۇ...

ئۆي ئىگىسى خەلچەم كېلىپ يېڭى تاماقنىڭ تەييار بولۇپ

قالغانلىقىنى دەپ ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغانىدى ، چىمەنگۈل :
— ئەمدى تاماقنى نەگە يەيمىز ؟— دېدى .
— ئۇنداق دېمىسىلە ، چىمەنگۈل ،— دېدى ئۇ يالۋۇ-
رۇپ ،— يەنە ئىككى تامىقىم بار .
— توۋا دېسىلە ، خەلچەم ،— چىمەنگۈل بېشىنى سىل-
كىپ ،— بىزغۇ مەيلى ، ئاۋۇ ئۆيدىكى چوكانلار ئېتىلىپ كېتىدۇ
جۇمۇ !...
چىمەنگۈلنىڭ گەپلىرى نۇرىمانغا يېقىپلا قالدى . ئۆيگە كىر-
گەندىن كېيىن چىمەنگۈل ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپ نۇرى-
ماننى ئۆزىنىڭ يېنىغا — باياتىن ئاتىكەم ئولتۇرغان ئورۇنغا
ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى . ئۇلارنىڭ تونۇشۇشى ئەنە شۇنداق تېزلا
بولدى . چىمەنگۈل بۈگۈن بۇ شەھەرگە كېلىپ دىتىغا يارىغۇدەك
بىر ئايالنى ئۇچراتقانلىقىغا خۇشال ئىدى . «ناخشا - سازغىمۇ
پەيزى بار ئىكەن ، چىراي دېسە چىرايىمۇ بار ئىكەن ، — دەپ
ئويلىدى ئۇ نۇرىمانغا كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ ،— ئەڭ مۇھىمى ،
كىيىم - كېچەك سودىسى قىلىدىكەن ، بۇنىڭدىن كېيىن كىيىم-
دىن غەم قىلمايدىغان بولدۇم . ئېرىنىمۇ چوڭ لاۋبەن دەيدۇ ،
ئارىلىشىپ ئۆتسەك پايدىسى تېگەر...» كىچىككىدىن ئويۇن -
تاماشا ئىچىدە چوڭ بولغان ، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئارتىسلىق-
نى كەسىپ قىلغان چىمەنگۈل ئۈچۈن ئويۇن - تاماشا ئۇنىڭ
ھاياتى ئىدى . ئۇ ھازىرغىچە شۇنىڭدىن ئايرىلماي ياشاپ كەلدى .
ئۇ بۇ شەھەرگە كېلىدىغان چاغدا «قانداقراق يەردۇ ؟» دەپ ئەن-
سىرىگەن ، كۆڭلىگە يارىغۇدەك ، ئارىلاشقۇدەك دوستلاردىن غەم
يېگەنىدى . تىنچ كۈنلەرنى خالىمايتتى ، ئۇ ھەر كۈنى ئەينەكنىڭ
ئالدىغا كېلىپ ، ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ قىياپىتىگە قاراپ كۆڭلى
يېرىم بولاتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا كۆزىنىڭ ئەتراپىدا ئىنچىكە سىزىق-
لار پەيدا بولغان ، چاچلىرى شالاڭ ، سولغۇن چىراي ئايال تۇر-
غاندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ بوشاپ خالتىلىشىپ كېتىۋاتقان كۆكسىنى

ئەلەم بىلەن چىمداپ قويياتتى . ئۇ بۇ باياشات كۈنلەرنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ كىچىككىنە كەلگەنلىكىگە ، كۈنلەرنىڭ تۇرغۇن سۇدەك مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەسرەت چېكەتتى . لېكىن ، چىمەنگۈل ئۇمىدۋار ئايال ئىدى . ئۇ ئۆزىنى كۈتۈشنى ، چىرايلىق يۇرۇشنى بىلىدۇ . ھازىر مانا ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە كەم ئەمەس ، پەقەت نۇرىمانغا ئوخشاش ئويۇن - تاماشىغا ئامراق ، خوشاللىقىغا ھەمدەم بولۇپ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان دوست كېرەك . شۇڭا ئۇ بۈگۈن نۇرىماننى ئۇچراتقىنىغا ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولدى .

نۇرىمان بولسا ئۇنىڭدىن بەتتەر خۇشال ئىدى . خەلچەم ئۇ-نىڭغا : «ئەتىكى چايغا يېڭى ۋالىينىڭ ئايالىمۇ كېلىدۇ» دېگەندە سەل ھودۇقۇپ قالدى . «قانداقراق ئايالدۇ ؟ ئاڭلىسام ئارتىس دەيدۇ ، ئۇنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويارمەنمۇ ؟...» لېكىن ، ئۇ چىمەنگۈلنى كۆرۈپلا كۆڭلى جايىغا چۈشتى . «بۇ ئۈرۈمچىدىكى سائادەتنىڭ دوستى شۇغۇ ، ياسىنجان ۋالىي قاچانلاردا بۇ چوكاننى ئېلىۋالغان بولغىيتتى ؟» نۇرىمان خېلىغىچە ئۇنىڭدىن كۆز ئۈز-مەي ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئېسىگە دوستى سائادەتنىڭ ئۆيىدە بولغان بىر ئولتۇرۇش كەلدى . بۇ نۇرىماننىڭ ئۈرۈمچىگە يېڭى بارغان چاغلىرى بولۇپ ، ئۇ «چولپان» دېگەن كىچىك بىر رېستوراندا ناخشا ئېيتاتتى . سائادەت بولسا ئىسكىرىپكا چالاتتى . ئۇلار شۇ رېستوراندا تونۇشۇپ ، يېقىن سىرداشلاردىن بولۇپ قالغانىدى . بىر كۈنى سائادەت ئۆز نومۇرىنى ئورۇنلاپ بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى :

— كەچتە باشقا ئىشىڭىز بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ياق ، قانداق ؟

— ھېلى ئەكبەر تېلېفون قىپتۇ ، ئۆيىڭىزدە بىردەم ئولتۇ-رايلى دەيدۇ .

— ئۇ ياق كەلسە مەن نېمىش قىلىمەن .

— بىر ئاغىنەمنى باشلاپ بارىمەن ، دوستلىرىڭىزدىن بىرنى

چاقىرىلىق ، دېگەنىدى . ئەكبەرنىڭ دېيىشىچە ، ئىچكىرىدە ئوقەت قىلىشۋاتقان لاۋبەنمىش…

«لاۋبەن» دېگەننى ئاڭلاپ نۇرىمان قىزىپ دەرھال ماقۇل بولدى . سائادەت دېگەندەك ئەكبەر پۇزۇر كىيىنگەن ، چىراي تۇرقى قاملاشقان بىر يىگىتنى باشلاپ كەلدى . نۇرىمان ئۇنىڭ گەپلىرىدىنلا خېلى چوڭ سودىنى قىلىدىغان پۇلدار يىگىت ئىكەنلىكىنى سېزىپ بولدى . سائادەت بىلەن نۇرىمان بىرى چاي تەييارلىسا ، بىرى قورۇما قورۇپ بىردەمدە ئۇستەلنى توشتۇردى . ئەكبەر ئىچىملىكلەرنى ئالغاچ كەلگەن ئىكەن . ئۇلار ئەمدى ئولتۇرۇشنى باشلاپ تۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلىپ ، ئۇيگە مۇشۇ چىمەنگۇل كىرىپ كەلدى .

— ۋىيەي ، مېھمان بار ئىكەنغۇ ؟— دېدى ئۇ ئىشىكتە ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ تۇرۇپ ،— بىئەپ ۋاقىتتا كىرىپتىمەن… مەن…

— كەل ، كەل ،— دېدى سائادەت چاندۇرماي ،— سەنمۇ مېھمان…

چىمەنگۇل ئەكبەرنى تونۇيدىغان بولسا كېرەك ، ئۇنىڭ بىلەن خۇشخۇي كۈلۈپ سالاملاشتى . نۇرىمان ئۇنىڭ «لاۋبەن» يىگىتكە لاپ - لاپ قىلىپ جىلۋە بىلەن كۆز تاشلىغانلىقىنى سېزىپ ئۈلگۈردى . مېھمان يىگىتمۇ ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ جىلمىيىپ قويغان ئىدى . چىمەنگۇل ئارتۇقچە تۇزۇت قىلماستىن ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى . سائادەت باشقىلارغا ئۇنى تونۇشتۇردى :

— ئۆمەكتە ئۇسسۇلچى ، ئىسمى چىمەنگۇل…

«لاۋبەن» مېھمان بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ جانلاندى . ئۇ باياتىن نۇرىمان بىلەن ئانچە - مۇنچە پاراڭ قىلىشىۋاتقانىدى . چىمەنگۇلنى كۆرۈپ ، ئۇ نۇرىماننى ئۇنتۇپ ، چىمەنگۇل بىلەن بولۇپ كەتتى . چىمەنگۇلمۇ ناز - كەرەشمە بىلەن ئۇنى ئۆزىگە

تارتىشقا باشلىدى . رومىكىلار ئۈچ - تۆت ئايلانغاندىن كېيىن يۈز - كۆزى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزارغان «لاۋبەن» مېھماننىڭ تىلى چىقتى :

— چىمەنگۈل بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناپ بەرگەن بولسىكەن ؟ — دېدى ئۇ .

— بۈگۈن سىلەرنىڭ كېلىشىڭلاردىن خەۋىرىم يوق ، دۇتار تېپىپ قويماپتىمەن . بولمىسا ، نۇرىمان ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى ،— دېدى سائادەت نۇرىماننى كۆرسىتىپ .

— دۇتار بولمىسا ئۇنئالغۇ باردۇ ؟— دېدى مېھمان .

— بار ، بار ،— دېدى سائادەت ۋە چىمەنگۈلگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ ئۇنئالغۇنى قويدى ،— قېنى ، چىمەنگۈل ، تەلەپنى ئورۇنداپ بېرەرسەن ؟

چىمەنگۈل ئارتۇقچە تۇزۇت قىلماستىنلا ئوتتۇرىغا چۈشتى . بىرنەچچە رومكا ئىچىپ قىزىۋالغان چىمەنگۈل پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئاجايىپ بىر ناز بىلەن ئويناشقا باشلىدى . ئۇ ئەرلەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ جىلۋە قىلاتتى . ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي ھاياجاندا ئولتۇرغان «لاۋبەن» مېھمان ئۆزىنى باسالماستىن چىمەنگۈلنىڭ تارتىشىنى كۈتمەستىنلا ئوتتۇرىغا چۈشتى . ئۇنىڭمۇ ئۇسسۇلغا خېلى پەيزى بار ئىكەن . ئۇلار ئىككىسى خۇددى سەھنىدىكى بىر جۈپ ئۇسسۇلچىلاردەك بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئويناپ كەتتى . ئۇلار ئىككىنچى قېتىم ئۇسسۇلغا چۈشكەندە نۇرىمان قوپۇپ ماڭدى .

— مەن قايتاي ،— دېدى ئۇ كەينىدىن چىققان سائادەتكە .

— ۋىيەي ، سەت بولىدى ،— دېدى سائادەت ئوڭايسىزلىنىپ ،— ماۋۇ چىمەن دېگەن نېمە نەدىن كىردى··· يا ئۆزىنى سوراپ چىقىپ كەتمىدى···

— ئۇياق مېھماننى ئېلىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ ،— دېدى نۇرىمان كۈلۈپ ···

نۇرىمان شۇنىڭدىن كېيىن سائادەتنىڭكىگە بارمىدى . چىمەن-گۈلنىمۇ كۆرمىگەنىدى . مانا يىگىرمە يىلدىن كېيىن ئۇنى بۇ يەردە كۆرۈپ ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى . «جىققمۇ ئۆزگىرىپ كەتمەپتۇ ، ئارتىس بولغاچقا يەنە ئىسكەتىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ . توۋا ، ياسىنجان ۋالىيغا قاچانلاردا تېگىۋالغان بولغىيتتى ؟... بۇ خوتۇننىڭ قولىدىنغۇ ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ . ئەجەب ئوبدان بولدى ، ئاۋۇ تۇردى ئوسمان بىلەن ئاتىكەم دېگەن كالۋاغا مۇشۇ ئۆزىلا تېپىيدۇ ، ئەمدى بۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرىدىكەنمەن ، بۇ ئايالنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك . مەن كۈتكەن كۈنلەرمۇ ئاخىر كەپتۇ... »

نۇرىماننى بۇ شەھەردە بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى . ئۇ ئەسلىدە ئاتىكەمگە شىرەم تۇغقان بولۇپ ، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا دادىسى بىلەن ئاپىسى كەينى ـ كەينىدىن تۇيۇقسىز ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىپ ، نۇرىمان قارا يېتىم بولۇپ قالىدۇ . ئىگە ـ چاقىسىز قالغان نۇرىمان ئوقۇشىنىمۇ داۋاملاشتۇ-رالمايدۇ . شۇنداق يۈرگەن كۈنلەردە ئاتىكەم ئۇنى ئۆيدە بالىسىغا قاراپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا ئەكېلىۋالىدۇ . نۇرىمان ئاپىسىغا تارتقان چىرايلىق قىز ئىدى . قىز بالا ئۈچۈن چىرايىنىڭ دۈشمەن بولىدىغانلىقى راست ئىكەن . ئۇنىڭغا خېلى يىگىتلەرنىڭ كۆزى چۈشۈشكە باشلىدى ، ئەلچىلەرمۇ كىردى . لېكىن ، تۇردى ئوس-مان كەلگەنلەرنى قوغلاپ ياندۇرۇۋەردى . ئۇ :

— قىز بالا خىزمىتى بولمىسا كېيىنچە ئەرنىڭ قولىدا خارلىنىپ قالىدۇ . ئاۋۋال بىر مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاش-سۇن ، ئاندىن كېيىن توي قىلسىمۇ كېچىكمەيدۇ ،— دەپ توختى-تىپ قوياتتى . لېكىن ، تۇردى ئوسمان ئۇنىڭ خىزمىتىنى كېچىكتۈرۈۋەردى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئاتىكەم ئورۇمچىگە ئايالار بىر-لەشمىسىنىڭ قۇرۇلتىيىغا ماڭدى . ئۇ كېتىپ ئىككىنچى كۈنى

كېچىسى تۇردى ئوسمان نۇرىمان ياتقان ئۆيگە كىردى ۋە ئۇنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشىغا قارىماي نومۇسىغا تەگدى . شۇ كۈندىن تار- تىپ تۇردى ئوسمان پات - پاتلا ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ تۇرىدىغان بولدى . ئۇ ھەر قېتىم : «ياخشىراق بىر ئورۇننى ئوقۇشۇۋاتى- مەن ، ئازراق تەخىر قىلىڭ» دەيتتى . كۈنلەر بولسا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى ... دۇنيادا ئېچىلمايدىغان سىر يوققۇ؟... تۇردى ئوسمان بىلەن نۇرىماننىڭ ئىشى بىر كۈنلەرگە كېلىپ ئاتىكەم- نىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالدى . ئۇ تۇردى ئوسمان سىرتقا خىزمەت- كە كەتكەن چاغدا نۇرىماننى ئۆيگە سولىۋېلىپ ئۇرۇپ ، ھەممىنى ئىقرار قىلغۇزدى - دە : «ئىككىنچى بۇ ئۆيگە دەسسىگۈچى بولما ! » دەپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى . ئىپپەت - نومۇسىدىن ، قارانچۇقىدىن ئايرىلغان نۇرىمان كوچىدىلا قالدى . ئاتىكەم ئېرى- نى بۇ رەسۋاچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خەقلەرگە : «نۇرى- مان ئاتا - ئانا تەربىيىسىنى كۆرمەي يولدىن چىقىپ كېتىپتۇ ، كوچىدىكى لۈكچەكلەرنى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتتى» دېگەن گەپنى تارقاتتى . بۇ ئاھانەت ، تۆھمەتكە چىدىمىغان نۇرىمان يۇرتنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە كەتتى . ھاياتنىڭ بورانلىرى ئۇنى ھەر سەنەم- لەرگە دەسسەتتى . ئۇ قىلمىغان ئىشلار قالمىدى . دوختۇرخانىدا تازىلىق ئىشچىسى بولدى ، مېھمانخانىدا كۈتكۈچى بولدى ، رېستو- رانلاردا ناخشا ئېيتتى . شۇنداق يۈرگەن چاغلاردا ، ئۇ رېستوراندا بىر يۇرتلۇقى قايىر ھاجىم بىلەن تونۇشۇپ قالدى . قايىر ھاجىم سودا بىلەن پات - پات ئۈرۈمچىگە كېلەتتى ۋە نۇرىمان بىلەن نەچچە كۈن بىللە بولاتتى . بىر مەزگىل ئارىلاشقاندىن كېيىن ھاجىم ئۇنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان يەرگە كېلىپ ، ئاخىرى سەھرالىق ئايالىنى قويۇۋېتىپ نۇرىماننى نىكاھىغا ئالدى . ئۇ نۇرىماننى يۇرتقا ياندۇرۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ تەلپى بويىچە شەھەر- نىڭ كۆزىدىن بىر دۇكان ئېچىپ بەردى . يۇرت كۆرۈپ كۆزى پىشقان نۇرىمان دۇكاننى ئاياللارنىڭ مودىلىق كىيىملىرى بىلەن

تولدۇردى . ئۇزۇنغا قالماي ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ نامى ھەممە ئايال-
لارنىڭ ئاغزىغا چىقتى...

چاي ئاخىرلىشىپ ئۇزاپ چىققاندا ، چىمەنگۇل نۇرىماننى
توختىتىپ قالدى .

— بىردەم تۇرۇپ تۇرسىلا ،— دېدى ئۇ ،— ھېلى ماشىنا
كېلىدۇ ، بىللە كېتەيلى...

مېھمانلار چىمەنگۇلنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بىر - بىرىگە
مەنىلىك قارىشىپ قويۇشتى . نۇرىمان بولسا بۇ ئىلتىپاتتىن ياي-
راپ كەتتى .

— ئاتىكەم مۇدىر بىلەن تونۇشاملا ؟ — ماشىنىغا چىققاندىن
كېيىن چىمەنگۇل نۇرىماندىن سورىدى .

نۇرىمان «نېمە دېسەم بولار ؟» دېگەندەك بىردەم تۇرۇپ
كېتىپ چاندۇرمىغانغا سېلىپ :

— تونۇشمىز ، — دېدى .

— باياتىن سىلىنى كۆرۈپلا كېتىپ قالدىيا ، سىلىدىن رەن-
جىپ قالغانمۇ نېمە ؟

— مەنمۇ ئۇقمىدىم ،— دېدى نۇرىمان ئاچچىق كۈلۈپ
قويۇپ ،— مەن يا ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى تالاشمىغانتىم...

— مەنمۇ بۇ چوكاننىڭ مىجەزىنى ئۇقالماي قالدىم ، يا
ئىسسىقىنى ، يا سوغۇقىنى بىلگىلى بولمايدىغانلا نېمە
ئىكەنغۇ ؟...

— قورسىقىدا ئۇماچنىڭ تايىنى يوق ، ئۆزىچە تېخى ئادەم
ياراتمايدۇ . ئۇچۇ ، تۇردى شۇجىنىڭ يۈزى بىلەنلا ئۆسۈپ قالغان
نېمە ، شۇنىڭ ئايالىلار مۇدىرى بولغىنىغا توۋا دېگۈم كېلىدۇ...

— شۇنى دېمەملا ؟— دېدى چىمەنگۇل ئاغزىنى قىساي-
تىپ ،— خەق ئادەم ئېتىپ چاقىرسا قىلغان قىلىقىنىڭ سەتلى-
كىنى...

— ئۇچۇ ، ماڭىمۇ ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمەيتتى ،— دېدى

نۇرمان، — سىلى كېلىشتىن ئاۋۋال تۆرنىڭ ئىگىسى شۇياق ئىدى، هازىر پەگاھقا چۈشۈپ قالغىنىغا چىدىماي كېتىپ قالدى.

— شۇنداقمۇ؟ — چىمەنگۈلنىڭ قاشلىرى يىمىرىلدى، — تۆرگە ياراشسا بولار.

نۇرمان ئۇنىڭ ئوت ئالغانلىقىنى تۇيۇپ:

— هازىر ئۇ تۆرنىلا ئەمەس، خېلى جىق ئىشلاردا سىلىدىن خاپا ئوخشايدۇ، — دېدى.

— قانداق دەيلا؟

— قايسى كۈنى بىر چايدا يېقىن بىرىگە: «چىمەنگۈل مېنى كۆرەلمەيدۇ، هازىر كېلە - كەلمەيلا ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىگە قول تىققىلى تۇردى. ئۇنىڭ مەقسىتى مېنىڭ ئورنۇمنى ئېلىش ئوخشايدۇ» دەپ دادلاپ بېرىپتۇ.

— شۇنداق دەپتۇمۇ؟ — چىمەنگۈلنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى، — مەن ئۇنىڭ ئابرۇيىنى قىلىپ گەپ قىلمىسام، تېخى مەندىن يامانلاپ يۈرۈپتۇ - دە؟

— نېمە ئىش بولغانتى؟

— بىزنىڭ ئۆمەكتە مەلىكە دېگەن ئارتىسنىڭ ئېرى ئايالىدىن چېنىپ باشقا بىر ئايالنى ئېلىۋاپتۇ، مەلىكە مېنىڭ قېشىمغا نەچچە قېتىم يىغلاپ كىردى. مەن ئۇنىڭغا: «بۇنداق ئائىلە ئىشىغا مەن ئارىلىشىپ يۈرمەي، ئاياللار جەمئىيىتى ئاياللارنىڭ هوقۇقىنى قوغدايدىغان ئورۇن، هالىڭىزنى شۇلارغا بېرىپ دەڭ» دەپ ئەۋەتتىم. كېيىن مەلىكە يىغلاپ كەپتۇ، نېمە بولدى دېسەم، «ئاياللار جەمئىيىتىگە بارمىسام بوپتىكەن، ئاتىكەم مۇدىرغا هالىمنى ئېيتسام ماڭا ئىچ ئاغرىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، بىر تاغا تۆهمەتنى ئارتىپ تىللاپ چىقىرىۋەتتى» دەيدۇ. كېيىن ئۇقساق، ئېرىنىڭ كېيىن ئالغان خوتۇنى تۇردى ئوسماننىڭ تۇغقىنى ئىكەن... مەن تېخى بۇ ئىشلارنى بىرىگە تىنمىدىم...

— سىلى بىلمەيلا، — دېدى نۇرمان ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، —

بۇ ئاتىكەمنىڭ ئىچى بەك تار خوتۇن، سىلى ھەرقاچان قوشنىغۇ دەيمەن، ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلسىلا ...

چىمەنگۈل ئاچچىقى بىلەن دىمىغىنى قاقتى:

— ئۇچۇ، مەن بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرىمەن دېگۈچە ئۇ-مىچىنى ئىچسە بولىدۇ، نېمە يېتىم قوۋۇرغامنى ئېگىدۇ...

نۇرىمان بۈگۈن شۇنى ھېس قىلدىكى، چىمەنگۈل قەھرىمۇ، زەھىرىمۇ بار ئايال ئىكەن. قارىغاندا ئۇ، ۋالىيغىمۇ گېپىنى ئۆتكۈزىدىغاندەك ئىدى. «بۇ ئايالنى چىڭ تۇتسام بولغۇدەك، مەندىن كەتسە لاتا - پۇتا كېتىدۇ، كېيىملەردىن نېمە خالىسا شۇنى بېرەي، مەن مۇشۇنىڭ قولى ئارقىلىق تۇردى ئوسمان بىلەن ئاتىكەمدىن ئۆچۈمنى ئالمايمەنمۇ؟...»

نۇرىمان بۈگۈنكى چايدىن تولىمۇ خۇشال قايتتى.

## 9

ياسىنجان ۋالىي ئىشخانىسىغا كىردى - دە، تېلېفوننى ئېلىپ كاتىپىنى چاقىردى.

— خوش، بۈگۈن قانداق ئىشلار بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئادىتى بويىچە.

— چۈشتىن ئاۋۋال ۋىلايەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت يىغىنى ئېچىلماقچى، — دېدى ئۇ قولىدىكى خاتىرىسىنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ، — سىلىنى يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بەرسە دەپ نەچچە قېتىم تېلېفون قىلدى... چۈشتىن كېيىن سۇ ئىشلار يىغىنى بار، كەچتە بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىشى بويىچە تېلېفون يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدىكەن...

ياسىنجان ۋالىي خۇشياقمىغاندەك تەرىنى تۈردى. ئۇنىڭ كۆڭلىرى مانا مۇشۇنداق تۈگىمەس يىغىنلارغا قاتنىشىش، يىغىن سەھنىسىدە نەچچە سائەتلەپ بىكار ئولتۇرۇش بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى.

بۇ ئىشلارنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ ئىچى پۇشاتتى . مانا بۇ يەرگە ۋالىي بولۇپ كەلگىلىمۇ يېرىم يىلدىن ئاشتى . لېكىن ئۇ ئۆزىنى كۆر-سەتكۈدەك ، كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىققۇدەك بىرەر چوڭ ئىشنى قىلالمىدى ، كۆڭلىرى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ئۆتتۈۋاتقاندەك ئىدى . ئىشنى نېمىدىن باشلاش كېرەك ؟... بۇ سوئال ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز ئارام تاپقۇزمايتتى . ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىكى ، ۋىلايەتتە تۇردى ئوسماننىڭ تەسىرى خېلى كۈچلۈك ئىكەن ، نۇرغۇن ئىدارە ، ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ، يېقىنلىرى تۇتۇپ تۇرۇۋې-تىپتۇ . ئۇلار ياسىنجان ۋالىيغا پەقەت ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ھىجى-يىپ قويۇپ ، ئىچىدىكى سىرلىرىنى بەرمەيۋاتاتتى . بەزىلەر بولسا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قىر كۆرسىتەتتى ، ياسىنجان ۋالىينىڭ تەستىقلىرىنى رەت قىلىۋېتەتتى . شەھەر باشلىقى ھاشىم دەل شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى . شەھەرلىك پارتكومغا نۇرغۇننى مۇئا-ۋىن شۇجى قىلىپ ئۆستۈرىدىغان گەپ چىققاندا ، ئۇ ھەممە ياققا قاتراپ نۇرغۇننىڭ ئۇستىدە توقۇمىغان گېپى قالمىدى . ھەر ھالدا لى شۇجى ياسىنجان ۋالىينىڭ پىكرىنى قوللىغاچقا ، نۇر-غۇن مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ بېكىتىلدى . لېكىن ، ئۇ ئەنۋەرنى بانكا باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈشتە بولسا چىڭ تۇردى . «بۇنىڭ غەرە-زى زادى نېمە ؟ ماڭا خۇشامەت قىلىۋاتقىنىمۇ ياكى قىلتاق قۇرۇ-ۋاتامدۇ ؟ ئەنۋەرنى مەن كەلمەستە ئۆستۈرمەي ، ئەمدى ئالدىراپلا بانكىغا باشلىق قىپتۇ ، بۇنىڭدا بىر ئويۇن بارمۇ نېمە ؟...»

ياسىنجان ئۇزۇن يىللار ئەمەلدارلار قاتلىمىغا ئارىلىشىپ يۈرگەچكىمۇ ، ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى ئوبدان بىلەتتى . بەزى-لەر بار : ئۇلار پەقەت سېنىڭدىن نەپ ئۇندۇرۇش ، ئەمەل ئېلىش ئۈچۈنلا ئالدىڭدا قۇرتتەك ئۆمىلەيدۇ ، مەقسىتىگە يەتكەندىن كې-يىن بولسا سېنى خۇددى ئەزەلدىن كۆرمىگەندەك قىياپەتتە يۈزى-نى ئۆرۈپ ، سېنىڭدىن چوڭراق ھوقۇقدارنىڭ بوسۇغىسىنى يالاي-

دۇ ، بۇنداقلار ئۆمۈرۋايەت قانائەت قىلمايدۇ ، ئۇلارنىڭ يېقىن ئادىمىمۇ بولمايدۇ ؛ يەنە بەزىلەر بار : ئۇلار سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭنى قەرز دەپ بىلىپ ساڭا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىدۇ . جاپانىمۇ ، راھەتنىمۇ تەڭ كۆرىدۇ . بۇنداق ئادەملەر ھازىر بارغانچە ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ... ماۋۇ ھاشىمچۇ ؟ بۇنىڭ يۈرىكىنى بىلىپ بولمايدۇ ، بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلغان ياخشى...

— ئۇ يىغىنلارغا شۇ ساھەگە مەسئۇل مۇئاۋىن ۋالىيلار قاتناشسۇن ،— دېدى ئۇ سەل ئويلىنىپ ،— سىز ھازىر تۇرغۇن شۇجىغا تېلېفون بېرىڭ ، ھازىرلا مېنىڭ يېنىمغا كەلسۇن !

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتمەي تۇرغۇننىڭ ئېگىز بەستى ۋالىينىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولدى . ياسىنجان ۋالىي كىچىكىدىن بىر مەھەللىدە بىللە چوڭ بولغان ، ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ بىر سىنىپتا ئوقۇغان بۇ دوستىنى ئەڭ يېقىن كۆرەتتى . تۇرغۇنمۇ ئىلگىرى ھەر قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ قالسا ياسىنجاننى يوقلىماي قويمايتتى . شۇڭا ، ئۇ بۇ يەرگە ۋالىي بولۇپ كەلگەندىن كېيىن تۇنجى قىلغان ئىشى تۇرغۇننى شەھەرگە مۇئاۋىن شۇجى قىلىپ ئۆستۈردى .

— ئىشلار قانداقراق ؟ — ياسىنجان ۋالىي تۇرغۇننى تەكلىپ قىلغاچ سورىدى .

— قەدىر ئەھۋال ، يىغىندىن باش كۆتۈرمەي كېتىۋاتىمىز . قارىسىلا... ئەتىگەندىن بۇيانمۇ بىر يىغىنغا كىرىپ چىقتىم .

— شۇڭا ، «گومىنداڭنىڭ بېجى تولا ، گۇڭچەنداڭنىڭ يىغىنى تولا» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان - دە . يىغىننى ئاز ئاچايلى دېگەنچە بۇ يىغىنلار كۆپىيىپ كېتىۋاتامدۇ ، شۇڭا بىرەر يېزىغا بېرىپ تۇرۇپ كېلەي دەيمەن .

— يېزىغا ؟ — تۇرغۇن ھەيران بولۇپ سورىدى .

— تۈنۈگۈن پارتكوم يىغىن ئېچىپ ۋىلايەت مەسئۇللىرىنى

بىردىن ئەڭ نامرات يېزىنى ھۆددىگە ئېلىپ ، نۆۋەتتە تۈرۈپ ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇردى . «قايسى يېزىغا بارسام بولار ؟» دەپ سىلىنى چاقىرىشىم .

— شەھەرنىڭ يېزىلىرىدىنمۇ ؟

— ھەئە… شەھەردىكى ئەڭ نامرات دېگەن يېزىنى دەپ بېقىڭلار ؟

— نامراتلىقتا «توغراق»نىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان يېزا يوق ، لېكىن ئۇ يەردە جاپا تارتىپ قالالىمىكىن… شارائىتى بەكلا ناچار… ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يېزىنىڭ باشلىقى ھاشىم شىجاڭنىڭ توغقىنى…

— كىم دېگەن ؟

— تۇراپ دېگەن… شەھەردە ئۇنى تۇراپ توكۇر دېمىسە بىلمەيدۇ .

— تۇراپ توكۇر ؟— ياسىنجان ۋالىي ھەيران بولدى ، — راست توكۇرمۇ ؟

— ھەئە… ئۇنى كىم دېسىلە ھاشىم شىجاڭنىڭ ئىنىسى بولىدۇ . ئۇ ئەسلىدە قۇشخانىدا ئىشلەيدىغان قارا ئىشچى ئىدى . مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا جۇسادۇي بولۇپ قىلمىغان ئىشى قالمىغان نېمە ئىدى . ئىنقىلابتىن كېيىن ھاشىم شىجاڭ تەشكىلات بۆلۈمىگە بۇجاڭ بولۇپ تۇرغان چاغدا ئۇنى ئىشچىلىقتىن كادىر قىلىپ ، بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى . شەھەردىكى ھەممە تىجارەتچىلەر تۇراپ دېسە زار قاقشايتتى ، ئاخىرى بىر قاساپ ئۇنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي پۇتىغا پىچاق سېلىۋېتىپ توكۇر قىلىپ قويۇپتۇ . ھاشىم بۇجاڭ شەھەر باشلىقى بولغاندىن كېيىن تۇراپنى ئۈستۈرۈپ توغراققا يېزا باشلىقى قىلىپ ئەۋەتتى . شەھەردىكى تىجارەتچىلەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولدى ، لېكىن توغراقنىڭ دېھقانلىرى بۆرىگە تۇتۇلدى ، ئۇ بارغاندىن بۇيان توغراق تېخىمۇ بەتتەر نامراتلىشىپ كەتتى .

— مۇنداق دەڭلا ،— ياسىنجان ۋالىي چۈشەنگەندەك دىمىغىنى قېقىپ قويدى .

— بۇ توكۇرنىڭ ھىيلىسى تولا ئىمە ، سىلىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرەمدىكىن ؟

— قېنى ، كۆرۈپ باقمايمىزمۇ ؟— دېدى ياسىنجان ۋالىي . ئىچىدە بولسا شۇ يېزىغا بېرىشنى قارارلاشتۇردى .

ئەتىسى ياسىنجان ۋالىي ھېچكىمنىمۇ ئالماستىن ئۆزى «توغراق» يېزىسىغا يول ئالدى . ئۇ تۇرغۇن شۇجىنىڭ يېزىدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ قويىماي دېگىنىنى رەت قىلدى .

— ئۇ يېزىنىڭ يولىنى بىلىمەن ، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ ، — ئۇلارنى ئاۋارە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق...

ياسىنجان ۋالىي بۇ يېزىنى ئوبدان بىلىدۇ . ئارىدا ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئېسىگە پات ـ پاتلا مۇشۇ يېزىنىڭ توپىلىق يوللىرى ، ھەلىمە بىلەن ياشلىقتىكى تۇنجى مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى سۈرگەن شېرىن كۈنلەر ، ئاق كۆڭۈل ، ساددا دېھقانلار كېلەتتى ـ دە ، كۆڭلى بىئارام بولۇپ قالاتتى . مانا ، ئىككى قاسىنقى قويۇق تېرەكلىك تار يېزا يولى . تېرەكلەر يوغىناپ قېرىپ كېتىپتۇ ، بەزىلىرى قۇرۇپ ، قۇرۇپ قاقشال بولغان شاخلار دارديىپ تۇرىدۇ . ئۇ مۇشۇ يولدا ھەلىمەنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە مىندۇرۇپ تالاي قېتىم ماڭغان . ئۇ چاغلاردا بۇ يولنىڭ ئەسكىلىكىمۇ ، ئۇزۇنلۇقىمۇ پەقەتلا بىلىنمەيتتى ، مانا ، ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن زادىلا چىقمايدىغان ، ھەر قېتىم ئەسلىسە يۈرىكى ئاچچىق بولىدىغان كۆۋرۈك — ئۇ ھەلىمە بىلەن بازارغا ياكى گۇڭشېغا بېرىپ يېنىشىدا توختاپ ئارام ئالىدىغان يەر ، ئىلگىرى ئۇ ياغاچ كۆۋرۈك ئىدى . ھازىر ئۇنىڭ ئورنىغا سېمونتتىن سالاسۇن چىقىرىپ يېڭى كۆۋرۈك چۈشۈپتۇ . ئېرىق بويىدىكى سۆگەتلەر ھازىر يوغىناپ ئۇنىڭ شاخلىرى ئېرىقنىڭ ئۈستىنى بېسىۋاپتۇ . ئېرىقنىڭ ئىككى تەرىپى تۈز كەتكەن ئې-

تىزلىق بولۇپ، ئادەم بېلىگە كېلىدىغان قوناقلار خۇددى يېشىل دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇراتتى. ياسىنجان ۋالىي كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ماشىنىنى توختاتتى.

— تاماكا چېكىۋالاي، — دېدى ئۇ شوپۇرنىڭ سوئاللىق قارىشىغا.

— ياسىنجانكا، قالتىس يېزىنى تاللاپسىز - دە؟ — دېدى شوپۇر توپىغا مىلەنگەن ماشىنىغا قاراپ بېشىنى چايقاپ، — قارىغاندا، بۇ يېزىغا باشلىقلارمۇ ئېزىپ - تېزىپ چىقىپ قويمايدىغان ئوخشايدۇ.

— قانداق دەيسەن؟

— باشلىقلار چىقىپ تۇرسا يولمۇ بۇنچىۋالا رەسۋا بولۇپ كەتمەسسىدى.

— ئۆز ۋاقتىدا بۇ يول شۇنداق چىرايلىق ئىدى، — دېدى ياسىنجان ۋالىي خۇرسىنىپ قويۇپ، — بۇ يېزىمۇ ۋىلايەت بويىچە «داجەيچە قىزىل بايراقدار» يېزا ئىدى.

— قارىغاندا، داجەي زىيان قىپتۇ - دە؟

ياسىنجان ۋالىي گەپ قىلمىدى. ئىچىدە بولسا، قاتناش ئىدارىسى بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ يولنى بۇ يىلقى پىلانغا كىرگۈزسە بولغۇدەك دېدى. ئۇ كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ، سۆگەت سايە تاشلاپ تۇرغان ئېرىق بويىغا كەلدى. مانا، بىر چاغلاردا ھەلىمە ئىككىسى يانمۇيان ئولتۇرىدىغان چىملىق. يولدىن ئۆتكەن - كەتكەنلەر بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنى كۆرەلمەيتتى. ھازىر سۆگەتلەر يوغىناپ يېيىلىپ تېخىمۇ كۆرۈنمەس قىلىۋەتكەن ئىدى. ياسىنجان ۋالىي تاماكىنىڭ قالدۇقلىرى چېچىلىپ ياتقان چىملىققا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە شۇ ھامان ئۆزىنىڭ ئاشۇ چاغدا كۆڭلىدىكى گېپىنى ھەلىمەگە دېيەلمەي كەينى - كەيندىن تاماكىنى يۆگەپ چەككەنلىكى كېلىپ «ئۇھ» تارتىپ قويدى، يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولۇپ، ئىتتىك سۆگەت تۈۋىدىن

چىقىپ ئېتىز قىرىغا چىقتى . تومۇز ئاپتىپىغا بەرداشلىق بېرەل-
مەي يوپۇرماقلىرى سالپايغان قوناقلار سۇكۇت ئىچىدە تۇرغان-
دەك ، ئېتىزلىقتىن ئادەمنىڭ دىمىنى سىققۇدەك بىر ھاۋا ئادەم-
نىڭ يۈزىگە ئۇراتتى . ئۇنىڭ كۆزى ئېچىق بېشىدا توپىغا چاپلى-
شىپ سولىشىپ ياتقان ئىككى تۈپ قوناق مايسىسىغا چۈشۈپ ،
شۇ ھامان قۇلاق تۈۋىدە : «قاراڭە ، ياسىن ! ئىككى تۈپ قوناقنىڭ
جېنىغا زامىن بولدۇق ، مۇشۇنىڭ قىساسىنى تارتىپ قالمىساق
بولاتتىمۇ ؟ » دېگەن ھەلىمەنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى .
ياسىنجان ۋالىينىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، گېلىغا ئاچچىق بىر
نەرسە قاپلاشقاندەك بولدى . ئۇ ئىتتىك يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ
تۇتاشتۇردى ـ دە ، تولدۇرۇپ ـ تولدۇرۇپ ئىچىگە تارتتى :
«ھەلىمە توغرا ئېيتقانىكەن ، مەن شۇ چاغدا قوناقلارنىڭ جېنىغا
زامىن بولۇپلا قالماستىن ، ھەلىمەنىڭ بەختىگىمۇ زامىن بولۇپ ،
ئۇنى بىر ئۆمۈر ھەسرەتتە قويدۇم . مېنى كەچۈرگىن ، ھەلىمە !
مەن شۇ چاغدا سېنى قان يىغلىتىپ تاشلاپ كەتمىگەن بولسام
مۇشۇ كۈنگە ، ماۋۇ ئەمەلگە ئېرىشەلمەيتتىم ، ئاشۇ تۇردى ئوس-
مان دېگەنلەرنىڭ قول ئاستىدا ئىتتەك خارلىنىپ يۈرەتتىم .
ھايات دېگەن شۇنداق ئىكەن ، كونىلار : ‹جاندىن كەچمىگۈچە
جانانغا يەتكىلى بولماس › دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن . سەن
بىلمەيسەن ، مەن مۇشۇ ئورۇنغا چىقىش ئۈچۈن ھەممە جاپا ،
خورلۇقلارغا چىدىدىم . توغرا كەلگەندە ، ۋىجدانىمنىمۇ قايرىپ
قويدۇم . ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداق ئىكەن ، بىر ئادەمنىڭ
بەخت ـ سائادىتى يەنە بىرىنىڭ پاجىئەسىنىڭ بەدىلىگە كېلىدى-
كەن ، ماڭىمۇ باشقا ئامال بولمىدى… »
يېقىنلا يەردە ئېشەكنىڭ تۇيۇقسىز ھاڭرىشى ياسىنجان ۋا-
لىينى ئازابلىق خىيالدىن سەگىتتى . ئۇ قولىدىكى كۆيۈپ بولاي
دېگەن تاماكىسىنى قاتتىق بىر شوراپ يەرگە تاشلىدى ـ دە ،
كەينىگە ياندى . «بۈگۈن ماڭا نېمە بولدى ؟— دېدى ئۇ ئۆزىنى

جىملەپ ، — ئۆتكەن ئىشلار كەتتى ، بەربىر ئورنىغا كەلمەيدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە ، ئۇلارغا قولۇمدىن كېلىدىغان ياردەمنى قىلسام بولىدىغۇ ، شۇنداق قىلسام ئۇلارمۇ مېنى كەچۈرەر ، ئاۋۋال ئەنۋەر بىلەن بىر كۆرۈشسەم بولاتتى ، توۋا ، ئۇمۇ خۇددى مەن بىلەن قىرىشقاندەك تۇردى ئوسمانغا كۆيئوغۇل بولۇۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان… »

ۋىلايەت ۋالىيسىنىڭ خەۋەرمۇ قىلماي قويماستىن تۇيۇقسىزلا كېلىشى تۇغراق يېزىسىنىڭ كادىرلىرىنى ئۇرە - تۆپە قىلىۋەتتى . ئۇلار تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ يېزىنىڭ باشلىقلىرىنى چاقىرغىلى تۇردى . بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن ئىشخانىغا ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي ، قارامتۇل يىگىت ئالدىراپ كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ ئۇستىۋېشى توپا - چاڭغا مىلەنگەنىدى .

— بۇ ياق يېزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئېزىزجان بولىدۇ ،— دەپ تونۇشتۇردى يېزىنىڭ كاتىپى ئۇنى . ئاندىن ئېزىزجانغا ياسىنجان ۋالىينى تونۇشتۇردى .

ياسىنجان ۋالىيغا يېزىنىڭ بۇ باشلىقىنىڭ چىرايى تونۇشتەكلا سېزىلدىيۇ ، لېكىن «بىر كىمگە ئوخشاتقان ئوخشايمەن» دېدى - دە ، بىرەر قۇر ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن :

— تۇراپ شياڭجاڭ يوقمۇ ؟— دەپ سورىدى .

ئېزىزجان ئىتتىك كاتىپقا قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى :

— ئۇ ئادەم شەھەرگە يىغىنغا كىرىپ كەتكەنىدى… بىز ھېلىغىچە خەۋەر قىلالايلى…

— ياق ، بولدى ، ھاجىتى يوق ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي ، ئۇ تۇراپنىڭ يېزىدا بولمىغانلىقىغا بىر ھېسابتا خۇش بولدى ،— مەن بۇ يەردە نەچچە كۈن بار ، كۆرۈشۈۋالىمىز…

چۈشتىن كېيىن ئۇ يېزا باشلىقى ئېزىزجان بىلەن كەنتلەرنى ئارىلاپ ئەھۋال بىلەن تونۇشتى . ئېزىزجان ئۇنىڭغا يېزىنىڭ

پۈتۈن ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى .
— توغراق ئەسلىدە مېۋە ماكانى ئىدى ،— دېدى ئۇ ،— بولۇپمۇ بۇ يەرنىڭ ئۆرۈكى داڭلىق ئىدى . لېكىن بىز توغراقنىڭ مۇشۇ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرالمىدۇق .
— نېمىشقا؟ سەۋەب نېمە؟
— 70 ـ يىللاردا داجەيدىن ئۆگىنىمىز دەپ نۇرغۇن باغۋا- رانلارنى بۇزۇپ ئېتىزلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتۇق ، كېيىنچە سىياسەت ئۆزگىرىپ دېھقانلار باغلارنى يېڭىۋاشتىن يېتىشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقاندا ، يۇقىرىدىن «توغراق يېزىسىنى پاختا تېرىپ باي قىلىمىز» دەپ باغلارنى يەنە بۇزدۇق ، سىلىمۇ كۆرگەنلا ، بىزنىڭ بۇ يېزا تاغ باغرىغا جايلاشقان ، كېۋەز ئۆستۈرۈشكە پەقەتلا ماس كەلمەي- دۇ ، دېھقانلار كېۋەز تېرىشقا قارشى ، لېكىن يۇقىرىدىن ۋەزىپە قىلىغاندىن كېيىن ئامال يوق دېھقانلارنى مەجبۇرىي تېرىتىۋاتى- مىز ، لېكىن ھوسۇلىنىڭ تايىنى يوق...
— بۇ ئەھۋالنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلمىدىڭلارمۇ؟
— شەھەر باشلىقلىرىمۇ بىلىدۇ ، ھاشىم شىجاڭ ئۆتكەن كۈزدە كېلىپ پاختىنىڭ ھوسۇلىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەتتى . لېكىن بۇ يىل كېۋەز ۋەزىپىسىنى ئۆتكەن يىلدىكىدىن ئاشۇرۇپ چۈشۈردى .
ياسىنجان ۋالىي چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .
— سىز توغراقلىقمۇ؟— ياسىنجان ۋالىي توساتتىنلا سورىدى .
— ھەئە ، قارىباغ كەنتىدىن...
— قارىباغدىن؟— ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭغا قايرىلدى ،— كىمنىڭ بالىسى؟
— سەلەي مىرابنىڭ ئوغلى .
— ھوي ، ماڭا قارا ، سەن قايسى ئوغلى؟
— مەن ئىككىنچىسى...

— داداڭ ، ئاناڭ تىنچلىقمۇ ؟
— ئانام ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا قازا قىلىپ كەتتى ، دادام تىنچلىق ، ئاخشام دادامغا سىلىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى دېگەنتىم ، بەك خۇش بولۇپ كەتتى . دادام پات - پات سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بېرەتتى .
— سەلەيكام تېخى هايات دېگىن ! ئۆي ئاۋۋالقى يەردىمۇ ؟
— هەئە... دادام كۆچكىلى زادى ئۇنىمايدۇ .
— ئەمىسە بىزنى ئۆيگە باشلا ، سەلەيكامغا سالام بېرىپ كېلەيلى...
سەلەي مىراب ياسىنجان ۋالىينىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي قوي سويدى .
— سىلىدەك ئەزىز مېهمانغا ئاتاپ قويغان قوي بۇ ،— دېدى سەلەي مىراب خۇش بولۇپ ،— ئەسلىدە سىلىگە تۆگە سويساقمۇ ئەرزىيتتى ، كۆرۈپ تۇرۇپلا ، قولىمىز سەل قىسقا بولۇپ قالدى ، ئەيىبكە بۇيرۇمايلا...
سەلەي مىرابنىڭ ئۆيى هېيت بولغاندەك تەنتەنىگە چۆمدى .
— ئاخشام ئىبزىزجان سىلىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى دېگەندى ، بىر تۇرۇپ ئىشىنىمەن ، بىر تۇرۇپ ئىشەنمىدىم . ۋالىي توغراق-تەك نامرات يېزىدا نىمە قىلىدىغاندۇ ، دېدىم . هەر هالدا ئۆزلى-رى تۇرغان يەرنى ئۇنتۇماپلا ، بىرنەچچە كۈن تۇرالا ؟
— تۇرىمەن ، مەن مۇشۇ يېزىنى كۆتۈرە ئالدىم .
— شۇنداقمۇ ؟— سەلەي مىراب هەيران بولدى ،— ئۆز ۋاقتىدىمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن كېلىپ گۇڭشېنى خېلى ئىزىغا سېلىپ كەتكەن ئىدىلا ، توغراق دېسە پۈتۈن ۋىلايەت بىلەت-تى ، ماۋۇ نەچچە يىلدىن بۇيان كۆز تەگدىمۇ نىمە ؟ يىلدىن - يىلغا كەينى قاشقا دەسسىگىلى تۇردۇق . هەي ، دەپكەلسەك گەپ تولا جۇمۇسىلا ! ...
تاماق ئۈستىدە سەلەي مىراب تۇيۇقسىزلا :

— ھەلىمە خانىم تىنچلىقتۇ ؟ بىللە چىققان بولسىمۇ بوپتىكەن ؟— دەپ سوراپ قالدى . ياسىنجان ۋالىي بىردەم نېمە دېيىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى . ۋالىينىڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالغان ئېزىزجان گەپنى دەرھال يېزىنىڭ ئەھۋالىغا يۆتكىۋەتتى .

سەلەي مىراب بىلەن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئېزىزجاننىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن ياسىنجان ۋالىي شۇنى ھېس قىلدىكى ، توغراق يېزىسىدىكى تۈپ مەسىلە رەھبەرلىكتە ئىكەن . تۇراپ بۇ يەرگە يېزا باشلىقى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ، يېزا ، كەنتلەرنىڭ باشلىقلىرىنى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى قويۇپتۇ . ئۇلار دېھقانلارنىڭ پىكرىنى ئەمەس ، بەلكى تۇراپنىڭ دېگىنىنى قىلاتتى . يۇقىرىدىن ھەر يىلى بېرىۋاتقان ياردەم ، قۇتقۇزۇش مەبلىغىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى تۇراپتىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى .

— ئىقتىسادنى تۇراپ شياڭجاڭ ئۆزى تۇتىدۇ ، — دېدى ئېزىزجان ۋالىينىڭ سوئالىغا ،— بىر كويلۇق ھۆججەت بولسىمۇ شۇ ئادەم ئۆزى تەستىقلايدۇ...

ئەتىسى ئەتىگەندە ، ياسىنجان ۋالىي ئىشخانىغا كەلگەن ئېزىزجاندىن :

— تۇراپ شياڭجاڭ كەلدىمۇ ؟— دەپ سورىدى .

ئېزىزجان ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ :

— سىلدىگە راست گەپنى قىلسام ، شياڭجاڭ يىغىنغا بارمىدى ،— دېدى .

— ئەمىسە نەدە ؟

— يېزىنىڭ كادىرلىرىنى باشلاپ ئىلىغا ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى كەتكەندى...

— ئېكسكۇرسىيە ؟

— سىلىنىڭ خەۋەرلىرى بارمىكىن ، شەھەردىن ھەر يىلى

يېزا كادىرلىرىنى قوشنا ۋىلايەتلەرگە ئېكسكۇرسىيە ، ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ ئەۋەتىدۇ ، توغراقمۇ ھەر يىلى كادىرلارنى ئايلاندۇ-رۇپ كېلىۋاتىدۇ . بۇ يىل تۇراپ شياڭجاڭ ئۆزى باش بولۇپ كەتكەندى .

— نېمىشقا بالدۇرلا شۇنداق دېمىدىڭ ؟

— ئەمدى قارىسىلا ، تۇراپ شياڭجاڭنىڭ مىجەزى چۇسراق ئادەم . «بۇ ئىشنى بىرىگە دېمەڭلار !» دېگەن .

— قانچە ئادەم كەتتى ؟

— ئوتتۇزغا يېقىن بار .

— سېنى ئېلىپ ماڭماپتۇغۇ ؟

— مېنى يېزىغا قاراپ تۇر ، دەپ قويۇپ كەتتى .

— مۇنداق ئىش دەڭلا ، — ياسىنجان ۋالىي ئاچچىقى بىلەن دېمىغىنى قاقتى . «دېھقان قورسىقىنى تويغۇزالماي ھەلەكچىلىكتە ، بۇ غوجاملار دېھقانىنىڭ نېسىۋىسىنى قايرىۋېلىپ تاماشا قىلىدۇ ، ياخشى گەپ ئىكەن ، بۇنى چوقۇم ئېنىقلاش كېرەك !...» ياسىنجان ۋالىي يېنىدىن ئايرىمايدىغان خاتىرىسىنى ئېلىپ يېزىپ قويدى . شۇ ئەسنادا ئىشخانىغا يۈز - كۆزىنى قاپقارا كۇيە باسقان ئوتتۇرا ياش ئادەم ئېتىلىپ كىردى . ئۇ ھودۇققىنىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەيتتى .

— تۇراپ شياڭجاڭ !... ،— دېدى ئۇ ئۆي ئىچىدىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ ،— تۇراپ شياڭجاڭ يوقمۇ ؟...

— قادىراخۇن ، نېمە بولدۇڭلا ؟ — ئېزىزجان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى .

— ئېزىزجان شياڭجاڭ بولمىدى... چاتاق بولدى...

— نېمە بولدى ، ئالدىرىماي دەڭلا !

— چاتاق بولدى ... ،— دەيتتى ئۇ شۇ گەپنى تەكرارلاپ ،— خاڭ... خاڭ پارتلاپ كەتتى...

— نېمە ؟— ئېزىزجان چۆچۈپ سورىدى ، — خاڭ پارتلاپ

كەتتى ؟ ئىچىدە ئادەم بارمىدى ؟
— بار ئىدى··· ئون نەچچە ئادەم تېگىدە قالدى··· بىر ئامال قىلىسىلا···
ئىشچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ياسىنجان ۋالىي ئېزىزجاندىن سورىدى :
— نېمە گەپ ؟
— يېزىنىڭ ئاچىقان كۆمۈر كانىدا ۋەقە يۈز بېرىپتۇ··· ۋالىي ، قانداق قىلىمىز ؟
— نېمىگە قاراپ تۇرىمىز ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي ئىتتىك قوپۇپ ،— دەرھال خاڭغا بارايلى !
ياسىنجان ۋالىي باشچىلىقىدىكى يېزىنىڭ كادىرلىرى تاغ باغرىدىكى كۆمۈر خاڭغا كەلگەندە ، خاڭنىڭ ئاغزىدا بىر مۇنچە ئىشچىلار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ ئۇ ياق ـ بۇ ياققا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى . ئۇلار كېلىشۋاتقان پىكاپنى كۆرۈپ جىم بولۇشتى .
ياسىنجان ۋالىي ماشىنىدىن چۈشۈپلا سورىدى :
— بۇ يەرنىڭ مەسئۇلى كىم ؟
كىشىلەر ئارىسىدىن ئېگىز بويلۇق ، قارامتۇل ئادەم ئالدىغا چىقتى .
— خاڭنىڭ باشلىقى تۇراپ شىياڭجاڭ بىلەن يىغىنغا كەت-كەن ،— دېدى ئۇ تىترىگىنىچە ،— مېنى قاراپ تۇرغىن دېگەنىدى···
— قۇدۇقنىڭ ئىچىدە قانچە ئادەم بار ؟
— ئون بەش ئادەم···
— خاڭ پارتلىغىلى قانچە ۋاقىت بولدى ؟
— بىر سائەتتىن ئاشتى .
— قۇدۇققا چۈشكىلى بولامدۇ ؟
— چۈشكىلى بولمايدۇ··· گاز توشۇپ كەتتى···
ياسىنجان ۋالىي يانفوننى ئېلىپ ، بۇ ۋەقەنى لى شۇجىغا

مەلۇم قىلدى . ئۇ لى شۇجىدىن دەرھال قۇتقۇزۇش خادىملىرىنى ئەۋەتىشنى ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تېخنىك خادىملارنىڭ دەرھال كېلىشىنى تەلەپ قىلدى . ئۇ تۇرغۇنغىمۇ ۋەقەنى خەۋەر قىلدى . ئارىدىن بىر سائەت ئۆتمەي قۇتقۇزۇش خادىملىرى ، تېخنىكا نازارەت ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى . ھەممىنىڭ كەينىدە شەھەر باشلىقى ھاشىم پەيدا بولدى . ئۇ قۇدۇق بېشىدا تۇرغان ۋالىينى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى .

— تۇراپ قېنى ؟ — دېدى ئۇ ئېرىنجانغا ، — دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرىپ كېلىڭلار !... ئەستەغپۇرۇللا ،— دېدى ئۇ ياسىنجان ۋالىينىڭ يېنىغا كېلىپ ،— مەن بۇلارغا بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىڭلار ، دەپ ھەر يىغىندا دەپ كەلدىم . قۇلاقتا تۇتمايدۇ...

ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭ گېپىگە زەن قىلماستىن قۇتقۇزۇش خادىملىرىغا ئۆزى ئىگەللىگەن ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ بار ئامال بىلەن ئىشچىلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىشىنى تاپىلىدى . شۇ ئارىدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان دېھقانلار ۋە تېلېۋىزىيە ، گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرلىرى كەينى - كەينىدىن يېتىپ كەلدى . قۇدۇق ئاغزى سۈرلۈك تۇسكە كىردى . ھەممەيلەن ئۈمىد ، تەقەززالىق بىلەن قۇدۇققا كۆز تاشلاپ تۇراتتى . ياسىنجان ۋالىي شۇ ئارىدا يېتىپ كەلگەن تېخنىكا نازارەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئالدىغا چاقىردى :

— سىلەر بۇ خاڭنى تەكشۈرگەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— بىز ئۆتكەن يىلى تەكشۈرۈپ ، ئىشلەپچىقىرىشتا «لاياقەتسىز» دەپ پېچەتلىگەن ئىدۇق .

— ئەمىسە كىم رۇخسەت قىلدى ؟

— بۇنى بىلمەيدىكەنمىز .

— سىلەر قايتا تەكشۈرمىدىڭلارمۇ ؟

— بىز بۇ خاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنلىكىدىن خە-ۋىرىمىز يوق .
ۋالىي مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئېزىزجاننى ئالدىغا چاقىردى :
— بۇ خاڭنى ئېچىشنى كىم تەستىقلىدى ، سىنىڭ خەۋىرىڭ بارمۇ ؟
— تۇراپ شياڭجاڭ يىغىندا : «يۇقىرىدىن رۇخسەت قىلدى» دېدى . باشقىنى ئۇقمايدىكەنمەن .
— هاشىم شىجاڭ ، سىلىنىڭ خەۋەرلىرى بارمۇ ؟
— يوق ، يوق ، بۇنداق دوكلاتنىمۇ كۆرمىدىم ، بۇنى تەكشۇ-رۇپ تۇرمىغان سەۋەنلىك بىزدە...
— سەۋەنلىك ؟ — ياسىنجان ۋالىينىڭ چىرايى غەزەپ بىلەن تۇرۇلدى ، — بۇ سەۋەنلىك ئەمەس جىنايەت ، كىشىلەرنىڭ هاياتى بىلەن ئويناشقانلىق . بىز بۇ ۋەقەنى ئېنىقلايمىز...
ۋالىينىڭ ئاخىرقى گېپى شەهەر باشلىقى هاشىمنىڭ يۈرە-كىگە نەشتەردەك سانجىلىپ پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشتى . ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي مەڭدەپ تۇرۇپلا قالدى . قۇتقۇزۇش خا-دىملىرى بىر - ئىككى سائەت هەپىلىشىپ قۇدۇق ئاستىدىن بىرنەچچە ئادەمنى ئاچىقتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى هوشسىز هالەتتە ئىدى . ئۇلار شۇ هامان ماشىنىدا دوختۇرخانىغا ماڭغۇزۇلدى . ئەڭ ئاخىرى تۆت ئادەمنىڭ ئۆلۈكى چىقتى ، قۇدۇق بېشىنى ئېچىنىشلىق يىغا - زار قاپلىدى...
قۇتقۇزۇش ئىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، ياسىنجان ۋالىي مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى يىغىپ يېزىدا يىغىن ئاچتى :
— قارىباغ كۆمۈر كانىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقە بىزگە ناهايىتى ئاچچىق بىر ساۋاق بولدى . تۆت ئادەم قازا قىلدى ، ئىككى ئادەمنىڭ ئەهۋالى ئېغىر... بىزنىڭ بەزى كادىرلىرىمىز ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ، پۇل تېپىشنى هەممىنىڭ ئالدىغا قويۇپ

خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن كارى بولمىغان، ئېغىر دەرىجىدە
مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، بىزگە بۇنداق كادىرنىڭ كېرىكى
يوق… مەن لى شۈجى بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، ۋىلايەتلىك پارت-
كوم بۇ ۋەقەگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس تەكشۈرۈش
گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك
ئورۇنلاردىنمۇ ئادەملەر كەلدى. بىز بۇ ۋەقەدىكى مەسئۇلىيەتنى
چوقۇم ئېنىقلاپ، ئامما رازى بولغۇدەك بىر تەرەپ قىلىمىز. مەن
لى شۈجىغا: «بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاپ چىقمىغۇچە قارىباغدىن
كەتمەيمەن!» دېگەنىدىم، ئۇ ئادەممۇ قوشۇلدى. بىزنىڭ مەقسى-
تىمىز مۇشۇ ئاچچىق ساۋاق ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇن-
داق پاجىئەنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش…

*　　　　*

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قارىباغ كۆمۈر كانىنىڭ مەسىلىسى-
نى ئۇزۇنغا قالمايلا ئېنىقلاپ چىقتى. تۇراپ ھەممە مەسئۇلىيەت-
نى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ تۇرۇۋالدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا شە-
ھەر باشلىقى ھاشىم قاتارلىق شەھەردىكى بىر تۈركۈم رەھبىري
كادىرلارنىڭ بۇ كانغا پاي قوشۇپ ئالغان پايلىرى پاش بولدى.
تۇراپنىڭ خاتىرىدىن بۆلەك يېزىغا بېرىلگەن قۇتقۇزۇش سوممىسىغا
خىيانەت قىلغان مەسىلىلىرىمۇ چۇۋۇلۇپ چىقىپ، ئاخىرى قانۇن
بويىچە قولغا ئېلىندى. مۇشۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋىلايەتلىك
پارتكوم شەھەرنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنى زور كۆلەمدە تەڭشى-
دى. ھاشىم شەھەر باشلىقلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا
تۇرغۇن مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى بولدى. ئېزىزجان توغراق
يېزىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ بېكىتىلدى.
— توغراقنىڭ ئەمدىكى تەقدىرى ساڭا باغلىق، — دېدى
ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ، — يۈرەكلىك

ئىشلە، ياردەم كېرەك بولسا ئۇدۇل مېنى ئىزدە!...

ياسىنجان ۋالىينى ھەممىدىن خۇش قىلغىنى ئاقسالنىڭ تېلېفونى بولدى:

— توغراق يېزىسىدا قىلغان ئىشلىرىڭىزنى گېزىتتىن كۆردۈم، — دېدى ئۇ مەمنۇنىيەت تەلەپپۇزىدا، — ياخشى ئىشلارنى قىلىپسىز، مۇشۇنداق ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىش كېرەك. باياتىن سىلەرنىڭ لى شۇجى بىلەنمۇ سۆزلەشتىم، ئۇ سىزدىن رازى ئىكەن، بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى كۆمۈر كان ۋەقەسىدە سىزنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغىنىڭىزنى ماختىدى...

«توغراق» يېزىسىدا يۈز بەرگەن كۆمۈر كان ۋەقەسى پۈتۈن ۋىلايەتنى تەۋرىتىۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ياسىنجان ۋالىينىڭ نام - شۆھرىتى پۈتۈن ۋىلايەتكە پۇر كەتتى. ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا مۇشۇ پاراڭ ئىدى. نەچچە ۋاقىتتىن ئۇنىڭغا قىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتقانلارمۇ بىردىنلا توقسان گرادۇس ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگىلى تۇردى. ۋەزىيەت بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. «قېنى، ئەمدى كۆرۈپ باقاي، — ياسىنجان ۋالىي تۇردى ئوسماننىڭ سۈكۈت ئىچىدە جىمجىت تۇرغان ئۆيىگە دېرىزىدىن قارىغىنىچە خىتاب قىلدى، — ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ سەن ئۆزۈڭچە بۇ يۇرتنى مەنلا سورايمەن، سەن بۇ يەردە ھېچقانداق ئىش قىلالمايسەن، دەپ ئويلىغانتىڭ. چوتنى خاتا سوقۇپ قويدۇڭ، بۇرادەر. مەنچۇ، سەن ئۆز ۋاقتىدا تاشيول ئۇچاستىكىسىغا ئاپىرىپ قويغان ياسىنجان ئەمەس، مېنى ئۇرۇمچىدە يىگىرمە يىل بىكار يۈردى دەمسەن؟ مەن ھوقۇقنى قانداق تۇتۇشنى، سەندەكلەرنى قانداق جايلاشنى ئوبدان ئۆگەندىم. ماۋۇ تېخى بىسمىللاسى، مەن سېنىڭ يىلتىزىڭنى بىر - بىردىن چاناپ قۇرۇتۇۋېتىمەن، سېنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قىلغانلىرىڭ تېخى يۈرىكىمدە، مەن شۇ ئەنتىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم. ئەڭ ياخشىسى،

چىرايلىقچە مېنىڭ پۇتۇمغا يىقىل ! گۇناھىڭنى تىلە ! ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە . مەن بۇ يەردە بىر كۈن ۋالىي بولۇپ تۇرىدىكەنمەن ساڭا كۈن يوق ، سېنىڭ دەۋرىڭ تۈگىدى . ئەمدى بۇ يەرنىڭ خوجايىنى مەن… »

## 10

چىمەنگۈل خەلچەمنىڭ چېيىدا نۇرىمان بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن ، بۇ سودىگەر ئايال ئۇنىڭغا يېقىپ قالدى ـ دە ، ئەتىسىلا كىيىملىرىنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ ، ئۇنىڭ دۇكىنىغا كەلدى . نۇرىمان ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە دۇكاننىڭ ئىچىدىكى ئايرىم ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ، ئەكەلگەن كىيىملىرىنى بىرمۇ ـ بىر كۆرسەتتى . چىمەنگۈلگە ھاۋا رەڭ كوپتا ـ يوپكا ياردى .

— مەنمۇ مۇشۇ يارىشامدىكىن دېگەنىدىم ،— دېدى نۇرىمان ئۇنىڭغا كىيىمنى كىيگۈزۈپ تۇرۇپ ،— نېمە دېگەنبىلەن ئۇرۇمـ چىنىڭ چوكانلىرى بۆلەكچە… بۇ يەردىكى ئاياللارغا قانچە جالدىر ـ جۇلدۇر گۈللىرى جىق بولسا شۇنى ياخشى كۆرىدۇ…

چىمەنگۈل كىيىمنىڭ باھاسىنى سورىغانىدى ، ئۇ :

— تونۇشقىنىمىزنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن ، — دەپ باھاسىنى دېگىلى زادى ئۇنىمىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، چىمەنگۈل كۈن ئارىلاپلا نۇرىمانغا تېلېـ فون قىلىپ سۆزلىشىدىغان ، بىكار بولسىلا ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىدىغان بولدى . ئۆتكەن ھەپتە نۇرىمان مال ئەكېلىدىغان بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېتىپ نەچچە كۈن يوق بولۇۋېدـ دى ، چىمەنگۈل زېرىكىپ بىر بولدى . بۈگۈن ئەتىگەن چىمەنگۈل ئىدارىغا كېلىپ تۇرۇشىغا نۇرىمان تېلېفون قىلىپ ئاخشام يېنىپ كەلگەنلىكىنى دېگەنىدى ، چىمەنگۈل ئولتۇرالمايلا قالدى .

— يېڭى مال ئەكەلدىڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئالدىراپ .

— ئەكەلدىم ، كېلىپ كۆرۈپ باقامىلا ؟

چىمەنگۈل قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ نۇرىماننىڭ يېنىغا ماڭدى . بۇلار خۇددى ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمىگەن قەدىناس دوستلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

— بۇ دورەم ئەجەب ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ ؟ — دېدى چىمەنگۈل نۇرىماننىڭ پەرداز بىلەن پارقىراپ كەتكەن يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ تۇرۇپ .

— ئىچكىرىدىن مال كەلمەي ساقلاپ قالدىم .

— مال كەلمەيمۇ ياكى كونا تونۇشلار قويۇۋەتمەي قالدىمۇ ؟

نۇرىمان قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ كۈلدى .

— نەدىكى تونۇشلار دەيلا ، — دېدى نۇرىمان قىزىرىپ ، — هازىر ئۇرۇمچىنىڭ ئەرلىرى يىگىرمە ـ ياشلىق قىزلارنى ياقىلاي-دىغان بولۇۋاپتۇ ، مەن قارىسام يەندىلا ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىمىز تۇزۇكتەك قىلىدۇ .

— ئۇنداقتا ھاجىمىزمۇ ئۇرۇمچىلەرگە ئازراق ئەۋەتسىلە بولغۇدەك ـ دە ؟

— هازىر بىر خۇداغا تاپشۇرماقتىن بۆلەك چارە يوق دېسى-لە ، — دېدى نۇرىمان بېشىنى چايقاپ ، — بۇ كۈندە سودىگەرلەر يانچۇقىغا تۆت تەڭگە كىرسە ئىككى تەڭگىسىنى خېنىملارغا خەج-لەيدۇ ، باشلىقلار بولسا ئىشىڭنى ھەل قىلىپ بېرىمەن ، دەپ ئالدايدۇ . توۋا دەيمەن ، هازىرقى باشلىقلارغىمۇ ھەيران قېلىۋاتى-مەن ، ئەمىلى يوق چاغدا شۇنداق يۇۋاش ، يەردىن ئۇستۇن قارى-ماي يۈرىدۇ ، شۇنداقلا ئەمەلگە ئولتۇرغاندىن كېيىن خۇيى چىق-قىلى تۇرىدىكەن . ئۇلار بىرىنچى بولۇپ قورساق سالىدىكەن ، ئىككىنچى قەدەمدە ئاياللارغا كۆز تاشلىغىلى تۇرىدىكەن . ياسىن-جان ۋالىيدەك ئۆزىنى تۇتۇۋالغان باشلىقلار ئاز جۇمۇ ، سىلىنىڭ-ىزە تەلەيلىرى بار چوكان جۇمۇ !...

نۇرىماننىڭ ئاخىرقى گېپى چىمەنگۈلنىڭ كۆڭلىنى خاتىر-

جەم قىلدى . دەرۋەقە ئۇ ياسىنجاننى ئۇزۇن يىل سىناپ كۆردى . هازىرغىچە بىرەر گۇمانلىق ئىشلار كۆزىگە چېلىقمىدى . لېكىن ، بۇ شەهەرگە كەلگەندىن بۇيان ئۆزىگە بۇرۇنقىدەك يېقىنچىلىق قىلمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئەنسىزلىك بار ئىدى . «ئاۋۇ هەلىمەك بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتامدۇ ـ يا ! ئۇ نېمىمۇ بۇنى ساقلىغاندەك هېلىغىچە ئەرگە تەگمەي ئولتۇرۇپتۇ . بۇنىڭدا بىر گەپ بار... ئاپىسى دېگەن جادىمۇ شۇ كېلىنىنى ياخشى كۆرىدۇ . هازىرغىچە ئانا ـ بالا بولۇشۇپ يۈرۈشۈپتۇ . بەلكىم ئەندىۋەر بىلەنىمۇ تېپىشىۋالدى-مىكىن ؟... بۇنىڭغا دىققەت قىلمىسام بولمايدۇ... »

چىمەنگۈلنىڭ ئۆزىنى تىڭشاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ نۇرىمان گەپنى يۆتكىدى :

— ئەتىگەندە نەدىكى يوق گەپنى قىلىشىپ كەتتۇق ـ هە ،— دېدى ئۇ كۈلۈپ ،— ئۇ ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ كەتسەك قېرىپ كېتىمىز . هازىرچۇ ، بىر كۈن بولسىمۇ ئويناپ ـ كۈلۈپ خۇشال ئۆتكەنگە يەتمەيدۇ ، ئوش... ،— دېدى ئۇ قولىنى سىل-كىپ ،— يۈرسىلە ، ئەكەلگەن كىيىملىرىمنى كۆرۈپ باقسىلا .

— بۇ نەنىڭ پوپايكىلىرى ؟ — چىمەنگۈل ئۇ كۆرسەتكەن رەڭگارەڭ پوپايكىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ سورىدى .

— تۇركىيىنىڭ ، ئۇرۇمچىدىمۇ تېخى هېچبىر دۇكانغا چىقمىدى .

كىيىم چىمەنگۈلگە قويۇپ قويغاندەك خوپ كەلدى . ئۇ ئەي-نەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى كۆرۈپ يايراپ كەتتى .

— سىلىگە چوقۇم يارىشىدۇ دېگەنتىم . دېگىنىمدەك كەل-دى ، رەڭگىمۇ تازا ماسلاشتى ،— دېدى نۇرىمان ئۇنىڭغا هەۋەس بىلەن قاراپ .

— بۇنى بىرەرگە ساتمىغانلا ؟

— سىلىگە ئاتاپ ئەكەلگەن كىيىمنى نېمىدەپ باشقىسىغا

ساتمەن ؟ بۇنىڭدىن مۇشۇ ئىككى تاللا ، بىرىنى ئۆزۈمگە ئېلىپ قويدۇم .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىمەنگۈلنىڭ كۆڭلى تىندى .

— نۇرىمان ،— دېدى ئۇ ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۇ ياق - بۇ ياققا ئايلىنىپ ، — بۇنىڭ باھاسى قانداق بولدى ؟

— ئوش··· نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىلا ؟ — دېدى نۇرىمان خاپا بولغاندەك ، — بۇ دېگەن مېنىڭ كۆڭلۈم .

— بۇنداق قىلىۋەرسىلە مېنى خىجىل قىلىپ قويۇلا .

— ئۇنداق دېسىلە ئىككىمىز دوست بولالماي قالىمىز ، كۆڭلۈمنى ياندۇرمىسىلا .

— سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى قاچان ئېلىپ بولارمەن ، خېنىم ،— دېدى چىمەنگۈل خىجالەت بولغان قىياپەتتە ، — مېنى بەك قەرزدار قىلىۋېتىپ بارىلا .

چىمەنگۈل ئاغزىدا شۇنداق دەپ قويغىنى بىلەن نۇرىماننىڭ پۇل ئالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . نۇرىماننىڭ كۆڭلىدە بولسا باشقىمۇ ھېساب بار ئىدى : «چىمەنگۈل بۇ كىيىمنى ئەتىلا بىرەر توي ياكى چايغا كىيىپ بېرىپ ، شەھەردىكى پۈتۈن ئاياللارنىڭ ئىچىگە ئوت يېقىۋېتىدۇ . ئۇلار چىمەنگۈلنى دوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ دۇكىنىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ، نۇرىمان ئۇنىڭغا نەچچە باراۋەر باھا قوشۇپ ساتسىمۇ ئېلىشىدۇ . ئەڭ مۇھىمى ، نۇرىمان مۇشۇ لاتىلار ئارقىلىق ياسىنجان ۋالىيدەك چوڭ يۈلەنچۈككە ئىگە بولۇۋالىدۇ ، بۇ ھەرقانداق پايدىدىنمۇ مۇھىم··· ئەمدى نۇرىماننى ھېچكىممۇ بوزەك قىلالمايدۇ . ئۇ ياسىنجان ۋالىي بىلەن تۇردى ئوسمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى بىلىدۇ . يېڭى ۋالىي كېلە - كەلمەيلا تۇردى ئوسماننىڭ ئادەملىرىنى تەپكىلى تۇردى . ھاشىمدەك مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرگەن نوچىنىمۇ شەھەر باشلىقلىقىدىن ئېلىۋەتتى . قارىغاندا خېلى ئىش قىلىدىغاندەك قىلىدۇ . ماۋۇ چىمەنگۈلمۇ ئاتىكەم دېگەن كالىغا تېتىغۇدەك . بۇنىڭغا

‹هه › دەپ قويۇپ ، مۇشۇلارنىڭ قولى بىلەن تۇردى ئوسمانلاردىن ئۆچۈمنى ئالمايمەنمۇ ، هازىر جاهـاننىڭ يولى مـۇشۇنـداق بولـ-دىغۇ ؟ »...

— ئۆتكەندە ئۆمەكتىكى بىرقانچە ئارتىسلار دۇكانغا كەلگە-نىدى ،— دېدى نۇرىمان ئۇنى ماختاشقا ئۆتۈپ ،— هەممىسى ئاغ-زى - ئاغزىغا تەگمەي سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلىشىپ كەتتى .

— نېمە دەيدۇ ؟— چىمەنگۇل دىققەت بولۇپ سورىدى .

— نېمە دەيتتى ، «سەنئەت ئۆمەك تارىخىدا بۇنداق باشلىققا ئېرىشىپ باقمىغان ، خۇدايىم بىزگە يەتكۈزۈپتۇ ، بىزدىن يۆتكەپ كەتمىسە بولاتتى » دېيىشتى... هە ، راست ، ئۆمەككە بىنا سالدۇ-غان بولدى دېيىشىدىغۇ ، راستمۇ ؟

— هەئە... نەچچە ۋاقىتتىن ۋىلايەتنىڭ باشلىقلىرى سەنئەت ئۆمەكنى تاشلاپلىۋەتكەن ئىكەندۇق ، بىچارىلەرنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيلىرىگە قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ . قۇرۇق گەپنى قىلغان بىلەن بىكار ، ئاۋۋال مۇشۇلارنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى هەل قىلاي ، دەپ ياسىنجاننى باشلاپ بېرىپ كۆرسەتتىم . قايسى كۈنى ۋىلايەتتىن بىنانىڭ پۇلىنى تەستىقلاپ چۈشۈرۈپتۇ...

— ئارتىسلار بىكار ماختىماپتىكەن - دە ؟ — دېدى نۇرد-مان ،— باشلىق دېگەنگۇ ئەسلىدە شۇنداق بولسا بولىدۇ .

— ياسىنجانغا ئوچۇق دېدىم . «بىنانىڭ پۇلىنى تەستىقلاپ بەرمىسەڭلا ئۆمەك باشلىقلىقنى ئېلىڭلار ، قىلمايمەن» دېدىم .

— يامان چوكان ئىكەنلا... ،— دېدى نۇرىمان ، — ئاشۇ تۇردى ئوسماننىڭ ئاتىكەممۇ ئۆزىنى باشلىق دەپ كېرىلىپ يۈرىدۇ ، قولىدىن پوقنى ئىككى قىلىش كەلمەيدۇ ، ئەسلىدە ئايالالار بىرلەشمىسىگە سىلى مۇدىر بولىدىغان يەردە...

— ئالدىرىمىسىلا ، مەن ئۇنىڭدىن مۇدىرلىقنى تارتىۋالمى-سام قاراپ تۇرسىلا...

نۇرىماننىڭ ئېسىگە نېمىدۇر كەلگەندەك بولۇپ سورىدى :

— ئاتكەملەرنىڭ چېپىغا قاتنىشىۋاتامىلا ؟
— يېڭى كەلگەندە بىر - ئىككى قاتار قاتناشقانىدىم ،— دېدى چىمەنگۈل ياراتمىغاندەك قىلىپ ، — قارىسام ، ئېپىم كې-لىشمەيدىكەن ، يېقىندىن بارمىدىم .
— ھەرقاچان ، غەيۋەتتىن بۆلەك گەپ يوقتۇ ؟
— شۇ ئىكەن ، ھەي راست ، ئۆزىمىز ئايرىم چاي ئويناماي-لىمۇ ؟
نۇرىمانمۇ شۇنى دېمەكچى ئىدى ، چىمەنگۈلنىڭمۇ ئېغىز ئاچ-قىنىنى كۆرۈپ يايراپ كەتتى .
— ئاياللاردىن بىرقانچىسى ماڭا دېگەنتى ، مەن تېخى سىلى-نى چاي بىلەن خۇشى بارمۇ ، يوق ؟ سوراپ باقاي ، دەپ قويغان .
— قانداقراق ئاياللار ؟
— خېلى پەيزى بار خوتۇنلار ، ئاۋۇ ئاتكەمنىڭ باداڭ قور-ساقلىرىغا ئوخشاشمايدۇ ، بۇدا مەن چاي ئۆتكۈزۈپ چاقىراي ، سىلى كۆرۈپ باقسىلا ، چوقۇم سىلىنىڭ دىتلىرىغا يارايدۇ .
— ماقۇل ، شۇنداق قىلايلى ،— چىمەنگۈل سائەتكە قاراپ قويۇپ ئالدىرىدى ،— مەن ماڭاي ، نۇرىمان . قۇرۇلۇش شىركى-تىنىڭ ئادەملىرى كەلمەكچىدى .
— قۇرۇلۇشنى باشلىۋەتتىقمۇ ؟
— ياق تېخى... نەچچە كۈندىن بۇيان شۇنىڭ ھەلەكچىلىكىدە دېسىلە ، بۇ قۇرۇلۇش شىركىتىدىكىلەرمۇ قويمىچى بولۇپ كې-تىپتۇ ، پۇلنى يەتمەيدۇ دەپلا تۇرىدۇ .
— ھازىر ئۇ خەقلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ ، ئۇلار سىلى-نىڭ ۋالىينىڭ خانىمى ئىكەنلىكلىرىنى بىلىپ شۇنداق دەۋاتقان گەپ . «يەتمەيدۇ دەپبەرسەك پۇلنى ھەل قىلالايدۇ» دەيدىغاندۇ ؟
— شۇنداق ئوخشايدۇ .
— بىزنىڭ ھاجىم بىلەن سۆزلىشىپ باقسىلا بولمامدۇ ؟
چىمەنگۈل بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى .

— ھە ، راست ، ھاجىمنىڭمۇ قۇرۇلۇش شىركىتى بار - ھە ! نەچچە كۈندىن نېمىدەپ ئېسىمگە كەلمىگەندۇ ؟ ھاجىم ئۆزى باردۇ ؟

— بار··· ئۇمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغان چېغى ، ئاخشام تېخى : «چىمەنگۈل — قويمىچى شىركەتلەرگە ئۇچراپ قالمىغىيتتى» دەۋاتاتتى .

— ئەجەب ئوبدان دېدىلا ، خېنىم ، ھاجىمغا دېسىلە ، مەن بىلەن بىر كۆرۈشسۇن···

نۇرىمان چۈشتىلا بۇ خەۋەرنى قايىر ھاجىمغا يەتكۈزدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاجىمنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەندەك بولدى .

— ياسىنجان ۋالىيىنىڭ ئۆيىگە ئەمدى پەتە قىلساق بولىدۇ ،— دېدى نۇرىمان .

— قاچان بارىمىز ؟

— بۈگۈن كەچتىلا بارايلى ، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك ،— دېدى نۇرىمان ۋە تۇرۇپ كېتىپ سورىدى ،— بىر چاغدا بىر ئالتۇن سائەتنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتىلا ، شۇ باردۇ ؟

— بار ، ئۇنى سوراپ قالدىڭلارغۇ ؟ — دېدى ھاجىم چۈشەنمەي .

— ۋالىينىڭ ئۆيىگە تۇنجى كىرگەندە قۇرۇق قول كىرسەك نېمە دەيدۇ ؟ سىلى دېگەن يوغان بىر شىركەتنىڭ خوجايىنى ، نام - ئاتاققا لايىق ئىش قىلساق بولار ؟

— سائەتنىمۇ ۋالىيغا قويارمىز ، ئايالىغىچۇ ؟

— ئۇنىڭغا بۇدا ئۇرۇمچىدىن بىر ئالتۇن زەنجىر ئالغاچ كەلگەن ، ئەسلىدە ئۆزۈم تاقارمەن دېگەن . بوپتۇ ، شۇ ياققا بېرەي···

— ئەقلىڭلار بار خوتۇن جۇمۇ ،— قايىر ھاجىم نۇرىماننىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى ، — ئەگەر مۇشۇ قۇرۇلۇشنى قولغا

كەلتۈرۈۋالسام ئىشىمىز ئوڭغا تارتاتتى ، سىلىگىمۇ پىكاپتىن
بىرنى ئېلىپ بېرەتتىم .
— ئەمىسە مۇشۇ گەپلىرىدە تۇرسىلا جۇمۇ !
— گېپىم گەپ…
چىمەنگۈل ئۇلارنى خۇددى كونا قەدىناسلاردەك قىزغىن قار-
شى ئالدى ۋە ياتاق ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان ۋالىينى
باشلاپ چىقىپ مېھمانلارنى ئالاھىدە تونۇشتۇردى .
— ھاجىم سىزنىڭ مەھەللىلىكىڭىز ئىكەن ، — دەپ ئالاھى-
دە قىستۇرۇپ قويدى .
ياسىنجان ۋالىي ھاجىمغا قىزىقسىنىپ قاراپ سورىدى :
— سىلى قايسى مەھەللىدىن ؟
— لەنگەردىن .
— قوشنا ئىكەنمىزغۇ ؟ — دېدى ياسىنجان ۋالىي ، —
لەنگەردە بىزنىڭ تۇغقانلار بار .
— قاسىمكاملار بىلەن بىز قوشنا ، ئۇرۇق - تۇغقاندەك
ئۆتۈشىمىز…
— سىلى شىركەتنى قۇرغىلى قانچە يىل بولدى ؟
— ھېسابتا بەش - ئالتە يىل بولۇپ قالدى ، — دېدى قايىر
ھاجىم چۈشەندۈرۈپ ، — مەن ئەسلىدە قۇرۇلۇش شىركەتتە
ئىشلىگەن . كېيىن شىركەتنىڭ ئىشلىرى ئاقماي قالغاندىن كې-
يىن چىقىپ سودا بىلەن بولۇپ ئاز - تولا پۇل تاپتىم . مېمارچى-
لىق بىزنىڭ ئاتا كەسپىمىز ، ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ شۇ ھۈنەرنى
تاشلىۋەتمەسلىكنى مەسلىھەت بەردى . شۇنىڭ بىلەن ۋەيران بول-
غان قۇرۇلۇش شىركىتىنى كۆتۈرە ئېلىپ بىر شىركەت قۇرغان-
دىم ، لېكىن نەچچە ۋاقىتتىن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تازا قوللى-
ماي قويدى .
— قانچىلىك ئىشچى - خىزمەتچىڭلار بار ؟
— ئىككى يۈزگە يېقىن…

— قەۋەتلىك بىنالارنىمۇ سېلىپ باقتىڭلارمۇ؟
— سالىمىز، ئۆتكەن يىلى قاتناش ئىدارىسىنىڭ ئىككى
يۇرۇش ئائىلىلىكلەر بىناسىنى ئالغان، مۇددەتتىن ئىلگىرى پۈت-
تۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. «بوستان» يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ
ئىشخانا بىناسىنى كۆردىلىمىكىن؟
— كۆردۈم.
— شۇنىمۇ بىزنىڭ شىركەت سالغان.
— مىللىي پاسوندا ئىكەن.
— بىزنىڭ تېخنىكلىرىمىز مىللىي پاسوننى كۆپرەك ئىشلە-
تىدۇ، قۇرۇلۇش نازارىتىدىن كەلگەن رەھبەرلەرمۇ بىزنىڭ سال-
غان قۇرۇلۇشلىرىمىزنى ئالاھىدە ماختىدى. شۇنىسى، سىلى
ئۇقمايلا، نەچچە ۋاقىتتىن بۇ يەردە «بوستان»لىقلارغا كۈن يوقلا
بولۇپ كەتتى، مەنمۇ شىركەتنى تارقىتىۋېتىدىغان يەرگە كېلىپ
قالغانىدىم...
ياسىنجان ۋالىي چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— مىللىي مېمارچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىيىتىڭلار
ياخشى ئىكەن، — دېدى ياسىنجان ۋالىي سەل تۇرۇۋېلىپ، —
مېنىڭ مۇشۇ كۈندە سېلىنىۋاتقان بىنالارغا قاراپ ئىچىم پۇشى-
دۇ. قارىساڭ، ھەممىسىلا قېلىپتا قۇيغاندەكلا بىر خىل، سە-
رەڭگە قېپىدەكلا. بىنالار ھەر خىل بولۇشى كېرەك - دە.
ئالدىنقى يىلى مەن ئېكسكۇرسىيە بىلەن ياۋروپادىكى بىرقانچە
دۆلەتلەرگە باردىم. ماڭا بەك تەسىر قىلغىنى ئۇلارنىڭ بىنالىرى
بولدى، بىر بىنا يەنە بىر بىناغا ئوخشىمايدۇ، نەقىشلىرىمۇ
شۇنداق چىرايلىق. بىزنىڭمۇ مىللىي پاسوندىكى نەقىشلىرىمىز
بارغۇ، نېمىشقا شۇلارنى ئىشلەتمەيمىز، مىللىي رايوننىڭ ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكى بولۇش كېرەك - دە. قانداق دېدىم؟
— ناۋاتتەك گەپ قىلدىلا، ۋالىي، — دېدى قايىر ھاجىم
خۇشامەت بىلەن ئورنىدىن قوپۇپ تۇرۇپ، — نەچچە ۋاقىتتىن مانا

سىلىدەك گەپ قىلىدىغان ئادەم يوق ، زەردىگۆش بولۇپ كەتتۇق ئەمەسمۇ ؟

ياسىنجان ۋالىي نىمىنىدۇر ئىسىگە ئالغاندەك بولۇپ ، نۇردىمان بىلەن نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتكەن چىمەنگۇلنى چاقىردى :

— سىلەرنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسىنى ھاجىمنىڭ شىركىتىگە بەرسەڭلا بولامدۇ ؟ — دېدى ئۇ بۇيرۇق قىلغاندەك .

— پىلانلاش ئىدارىسى بىز ئورۇنلاشتۇرىمىز دەپ چات كىرىۋېلىپ كېتىۋاتامدۇ ، بۇ خەقنىڭ رەسمىيىتىنىڭ جىقلىقى ، ... سىز بىرنېمە دېسىڭىز بولىدىغان ئوخشايدۇ .

— ئەتە مەن ئۆزۈم سۆزلىشەي ، ئەتىگەندە ئېسىمگە سېلىپ قويۇڭا ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي قايىر ھاجىمغا قاراپ ، — ئەمىسە ، ھاجىم ھۇنەرلىرىنى بىر كۆرسەتسىلە ، سىلىگە ئالدىن دەپ قوياي ، بۇ ئارتىس خەققە بىرنېمە ياراتماق تەس ، ئاشۇلارنى رازى قىلسىلا بولىدۇ .

— خاتىرجەم بولسىلا ، ۋالىي ، چوڭ گەپ ئەمەس ، بىنا پۈتكەندە كۆرۈپ باقسىلا ، — دېدى قايىر ھاجىم خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي .

— كونكرېت ئىشلارنى چىمەنگۇل بىلەن سۆزلىشەرسىلە ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي ئورنىدىن تۇرۇپ ،— بىر مەھەللىلىك ئىكەنمىز ، ئىش - كۈشلار بولسا تارتىنماي كېلىڭلار... مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى ، چىقاي ، — دېدى .

— رەھمەت ، ۋالىي ،— دېدى قايىر ھاجىم ئېگىلىپ تۇرۇپ .

نۇرىمان قايىر ھاجىمغا «قايتايلى» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى .

— بىنانىڭ ئىشلىرىنى ئەتە ئىدارىدا كەلسىلە سۆزلىشەيلى ،— دېدى چىمەنگۇل ئۇلارنىڭ قوزغىلىشقا تەمشەلگىنىنى سېزىپ ، — بىزنىڭ ئوشۇق پۇلىمىز يوق ، بولسا ئەرزانراق قىلىپ بېرەلا .

— خاتىرجەم بولسىلا ، بىز كېلىشىپ قالىمىز ، — دېدى قايىر ھاجىم ۋە نۇرىمانغا «سوۋغاتلارنى قويىماسەن» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى .

— بىز بۈگۈن قۇرۇقلا كېلىپ قالدۇق ،— دېدى نۇرىمان ۋە نەرسىلەرنى ئۈستەلگە قويۇپ تۇرۇپ ،— بۈگۈ ، ھەرقايسىلىرىنىڭ لايىقلىرىدا ئەمەس ، ئەمدى ئاز كۆرمەي ...

— ۋاي ، نېمە قىلىۋاتىلا ؟ — دېدى چىمەنگۈل نەرسىلەرگە ئىنتىسىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ ،— ئۆزۈڭلار كېلىۋەرسەڭلا بولاتتى ئەمەسمۇ ؟

— قۇرۇلۇشىنىڭ كۆڭلى ئايرىم ، — دېدى قايىر ھاجىم ئېھتىيات بىلەن . چىمەنگۈلمۇ شۇنداق دېگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

قايىر ھاجىم بىلەن نۇرىمان كەتتى . چىمەنگۈل ئۇلارنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويۇپ مېھمانخانىغا كىرىپ سوۋغاتلارنى قولىغا ئېلىپ كۆردى . ئۇنىڭغا ئالتۇن زەنجىرنىڭ مېدالىئونى بەك ياراپ كەتتى . ئۇ زەنجىرنى بويىنىغا تاقاپ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇنىڭ ئېسىگە ھاجىمنىڭ «قۇرۇلۇشىنىڭ كۆڭلى ئايرىم» دېگەن گېپى كېلىپ يايراپ كەتتى : «مانا ھوقۇق دېگەننىڭ ھالاۋىتى ، ئۆز ۋاقتىدا بىز ئادەتتىكى ئادەم چېغىمىزدا كىم بىر نەرسە ئەكېلەتتى ؟... ناۋادا مېنىڭ قولۇمدا ياسىنجاننىڭ ھوقۇقى بولىدىغان بولسا ئىككى يىلغا قالماي مىليونېر بولۇپ كېتەتتىم ، ھېلىمۇ بولسا شۇنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىش كېرەك . ئەمەل دېگەن خۇددى قىمارۋازنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلغا ئوخشاش نېمە ، ئۇ بۈگۈن سېنىڭ يانچۇقىڭدا تۇرغىنى بىلەن ئەتە تەلىيى كەلگەن باشقا بىرىنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كېتىۋېرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ قولۇڭدىكى چاغدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىل ، ئۆزۈڭنى چىڭدا ، ئۇ قولدىن كەتكەندىن كېيىن ‹ۋاي ، ئىسىت !› دەپ ھەسرەت چېكىش ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق ، نادانىنىڭ ئىشى»

...شۇڭا چىمەنگۈل ۋىلايەتكە كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا سەنئەت

ئۆمەكنى تەۋسىيە قىلغاندا ، ئۇ گەپ - سۆز قىلمايلا ماقۇل دېدىيۇ ، لېكىن بىر شەرتنى قويدى :

— بوپتۇ ، ئۆمەككە باراي ، — دېدى ياسىنجان ۋالىيغا ، — لېكىن مەن باش تۆەنجاڭ بولىمەن .

چىمەنگۇلنىڭ ئۆز پىلانى بار ئىدى : «ھازىر ياسىنجان بۇ يەرگە يېڭى كەلدى . ئۇمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولمىسۇن . شۇڭا كىچىكرەك بولسىمۇ ئۆمەكتە ئىشلەپ تۇراي . مانا ، بىسمىللا دېمەي بىر قۇرۇلۇشنى تۇتتۇم . بۇ ھاجىم قانچىلىك بېرەر ؟ بۇنى باشقىلاردىن ئۇقۇشۇپ بېقىش كېرەك . نۇرىمان تېخى ماڭا ئاتىكەمنىڭ ئورنىنى سايە قىلىۋاتىدۇ ، ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئوخشاش سۇپىرسى قۇرۇق ئىدارىدە نېمە قىلىمەن ؟ ئۇ يەردە ئاشۇ ئاتىكەمدەك ئەخمەقلار ئىشلىسە بولىدۇ ، مەن كېيىنچە پۇلى بار بىر ئىدارىنى قولۇمغا ئالىمەن… »

شۇ ئارىدا ئۆيگە ئوغلى ئادىلجان كىرىپ كەلدى . ئۇ ئۈستەلدىكى ئالتۇن سائەتنى كۆرۈپ قولىغا ئالدى :

— كىملەر كەلدى ؟ — دېدى ئۇ سائەتنى ئايلاندۇرۇپ كۆرۈپ .

— «بوستان» شىركىتىنىڭ خوجايىنى كەلگەنتى شۇ ، داداڭغا دەپ ئەكەپتۇ .

— قايىر ھاجىممۇ ؟— دېدى ئادىلجان سائەتنى قولىغا تاقاپ بېقىپ ،— دادام بۇ سائەتنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ ، بولدى ، مەنلا تاقاي…

چىمەنگۇل بۇ ئەركە ئوغلىغا گەپ - سۆز قىلمىدى .

## 11

زورىخان موماي تاڭنى تەستە ئاتقۇزدى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرسىلا ئۆي چۆرگىلىگەندەك بولۇپ ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى . بېشى گويا تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى . ئۇ «بامدات نامىزىنى قازا قىلماي» دەپ قانچە كۇچەپ باقسىمۇ ئورنىدىن

تۇرالمىدى . «رىزقىم توشۇپ قالدىمۇ نېمە ؟— دەپ ئويلىدى ئۇ ئەندىكىپ تۇرۇپ ،— بۇگۈن ئەجەب بىرقىسما بولۇپ قېلىۋا-تىمىنا ! بۇنداق ئاغرىپ يېتىپ قېلىشىمنى بىلگەن بولسام قاسىم-جانلارنى ماڭدۇرماس ئىكەنمەن . ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟… قوشنىلاردىن بىرەرىمۇ كىرىپ سالمىدى ؟… » ئۇزۇم باراڭلىق چوڭ هويلىدا تىكەندەك يالغۇز قالغان زورىخان موماينى ۋەهىمە باستى . قاسىمجان تۇنۇگۇن كۆڭلى تۇيغاندەك : «تويغا گۇلخان باللار بىلەن بېرىپ كەلسۇن ، مەن بارماي » دېسە ، موماي ئۇنىماي : «قېيناكاڭنىڭ تۇنجى قىلىۋاتقان مەرىكىسى ، مەنمۇ بارمىسام ، سەنمۇ بارمىساڭ بىزنى ياراتمىدى دەپ كۆڭلىگە كېلىدۇ » دەپ زورلاپ يولغا سالغانىدى . مانا كېسەلمۇ ئۇنىڭ يالغۇز قېلىشىنى كۇتۇپ تۇرغاندەك تۇيۇقسىز باسسا بولىدۇ . «قېرىشقاندەك ئەتىگەندىن قوشنىلارنىڭ بىرەرىمۇ كىرمەيۋاتقىنىنى دېسە ، ياسىنجان بالام خەۋەر تاپقان بولسا ئۇچۇپ كېلەر ئىدى … » مومايىنى بىردىن ۋەهىمە باستى .

مومايىنىڭ قۇلىقىغا بىرى دەرۋازىنى قېقىۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ ، ۋۇجۇدىغا جان كىرگەندەك بولدى . لېكىن ئۇ قانچە كۆچەپ باقسىمۇ ئورنىدىن قوپالمىدى . دەرۋازا كەينى - كەينىدىن قاتتىق قېقىلدى . «قوشنىلاردىن بىرەرىدۇر هەرقاچان ، تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەن بولسىمۇ ؟… » موماي قۇلاق سالدى . ئۇنىڭ قۇلىقىغا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدىيۇ ، لېكىن كىم ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى . دەرۋازا يەنە بىر قېتىم ئەنسىز قېقىلدى - دە ، جىمىپ قالدى . «كېتىپ قالدىمۇ نېمە ؟ كىم بولغىيتتى ؟… » موماي شۇ خىياللار بىلەن ئەندىكىپ تۇرۇشىغا ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ، تونۇش ئاۋاز ئۇنى چاقىردى :

— چوڭ ئانا !…

موماي نەۋرىسى ئەنۋەرنىڭ ئۇنىنى تونۇپ بېشىنى كۆتۈردى :

— جېنىم بالام… سەن كەلدىڭمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئۇمچىيىپ .

ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ ياش پەيدا بولدى .
— چوڭ ئانا ، نېمە بولدىڭىز ، مىجەزىڭىز يوقمۇ ؟
— بىلمەيمەن ، بالام ، ئەتىگەندىن بېشىم قېيىپلا تۇرىدۇ ، مىدىرلىغۇدەك ھالىم يوق ، سىلەرنى كۆرەلمەي قالارمەنمۇ ، دەپ قورققان ئىدىم .
— قاسىمجان ئاكاملار نەگە كەتتى ؟
— قېيناكىسى توختاخۇن ئوغلىنى ئۆيلەيدىغان بولۇپ تويغا چىللىغان ئىدى ، بالىلىرىنى ئەكەتكەنىدى . بۇنداق تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىشىمنى نەدىن بىلەي...
ئەنۋەر موماينىڭ قورۇق باسقان پېشانىسىنى تۇتۇپ چۆچۈپ كەتتى :
— چوڭ ئانا ، قىزىۋېتىپسىز ، دەرھال دوختۇرغا بارايلى .
— بىردەم ياتسام ئوڭشىلىپ قالارمەن ، بالام .
— ياق ، دوختۇرغا بارمىساق بولمايدۇ .
ئەنۋەر موماينىڭ «ياق» دېگىنىگە قويماي ھاپاش قىلىپ تالاغا ئېلىپ چىقتى . دەرۋازا ئالدىدا پىكاپ ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى . ئۇ موماينى ئاۋايلاپ ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ شوپۇرغا :
— شەھەرگە قايتايلى ، — دېدى .
ئەنۋەر موماينى يۆلەپ ئولتۇردى .
— ئۆيدە يالغۇز قالغان ئادەم بىزنىڭ ئۆيگە يېنىپ كىرسىڭىز بولمامتى ؟ — ئەنۋەر رەنجىگەندەك دېدى ،— ھېلىمۇ مەن كېلىپ قاپتىمەن ، بولمىسا...
— مېنى يوقلاش قانداق ئېسىڭگە كېلىپ قالغاندۇ ، بالام ؟
— قوشئېرىق يېزىسىغا خىزمەت بىلەن ماڭغان ، يولدىن ئۆتكەچ سىزنى يوقلاپ ئۆتەي دەپ كىرىشىم ئىدى...
— رەھمەت ، بالام...
زورىخان موماي ئەنۋەرنى بۆلەكچە ياخشى كۆرەتتى . ئۇز

ۋاقتىدا ئوغلى ياسىنجان ھەلىمە بىلەن ئاجرىشىپ ئۈرۈمچىگە ماڭغان چاغدا ئۇ يەتتە ياشقا كىرىپ قالغانىدى . زورىخان موماي دادىسىز قالغان نەۋرىسىنى باغرىغا بېسىپ : «جېنىم بالام ، دادىڭنى شەيتان ئازدۇردى ، سىنى قارا يېتىم قىلىپ قويدى ، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ ، — مەن ئۇنىڭغا بەرگەن سۈتۈمگە رازى ئەمەسمەن... ئانا ـ بالا ئىككىڭلارغا قىلغان بۇ ۋاپاسىزلىقىنىڭ دەردىنى بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى تارتىپ قالىدۇ . خۇدايىمنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن ، كىشىگە قىلغان كىشىدە قالمايدۇ ، ئۇ سېنى بالام دەپ تونۇمىغان بولسا مانا مەن نەۋرەم ، دەپ بىلىمەن . مېنىڭ بىلەن تۇر ، بالام !... » ھەلىمەمۇ قېينانىسىنى ياخشى كۆرەتتى . شۇڭا ئۇ ئەنۋەرنى مومايدىن توسۇمىدى . ئەنۋەر ئىككى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بولدى . ئۇ مومىسىنى كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك يوقلاپ تۇراتتى . مومايمۇ ئەنۋەرنى كۆرگۈسى كەلسە ھەلىمەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ نەچچە كۈن تۇرۇپ كېتەتتى . ياسىنجان ۋىلايەتكە ۋالىي بولۇپ كەلگەندىن بۇيان ، ئۇ ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ھەلىمەنىڭ ئۆيىگە ئانچە كەلمەس بولدى . لېكىن ئەنۋەر مومايىنى يوقلاشنى تاشلىمىغانىدى .

دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ مومايىنى دەرھال بالىنىستقا ئالدى . ئەنۋەر شۇ ئارىدا ئۆيگە بېرىپ ئىككى مىڭ يۈەننى ئېلىپ ياتاق رەسمىيىتىنى ئۆتەپ كىردى .

— دوختۇر نېمە دەيدۇ ، بالام ؟ — ئەنۋەر كىرگەندە سورىدى موماي .

— «ئۆپكىگە سوغۇق ئۆتۈپتۇ ، بىرنەچچە كۈن ئوكۇل سېلىپ دورا يېسە ساقىيىپ كېتىدۇ» دەيدۇ ، ھېلىمۇ ۋاقتىدا كەپتىمىز .

موماي يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ياغلىقتا چىگىلگەن تۈگۈچنى ئالدى .

— ياتاققا پۇل ئالدىڭغاندۇ ، بالام ؟ — دېدى ئۇ ياغلىقنى

يېشىپ تۇرۇپ ، — ماۋۇ پۇل يېتەرمۇ ، بالام ؟
— نېمە قىلىۋاتىسىز ، چوڭ ئانا ،— ئەنۋەر كۆلگىنىچە مومىسىنىڭ قولىنى ئىتتەردى ،— يانچۇقتا سېلىپ قويۇڭ ، بىز تۇرساق پۇلدىن نېمە غەم قىلىسىز ؟
— شۇنداق بولسىمۇ سېنىڭ بىر ئۆيۈڭ تۇرسا... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل ئۆي ئالىمىز دەۋاتاتتىڭ...
— مەن بانكىدا ئىشلەۋاتسام پۇلدىن قىسىلچىلىقىمىز يوق ، چوڭ ئانا ، — ئەنۋەر مومىسىغا چاقچاق قىلدى .
— خۇدايىم ساقلىسۇن ، بالام . ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا تەگكۈچى بولما !
— چېقىشىپ دەپ قويدۇم ، خاتىرجەم بولۇڭ ، چوڭ ئانا...
سىرتتىن قىز كىرىپ زورىخان مومايغا ئاسما ئوكۇل سالدى . كېچىدىن تۇزۇك ئۇخلىمىغان مومايىنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى . ئەنۋەر ئۇنىڭ يېنىدا بىردەم ئولتۇرۇپ تاماكا چەككىلى كارىدورغا چىقىشىغا ، نېرىدىن كېلىۋاتقان ئۆگەي سىڭلىسى ئاسىيەنى كۆرۈپ كۆرمەسكە سېلىپ قايرىلىپ ماڭغانىدى ، ئاڭغىچە ئاسىيە ئۇنى چاقىردى :
— ئەنۋەركا ، بۇ ياققا كەپسىزغۇ ؟ — دېدى ئاسىيە تىنچلىق سوراپ ، — كېسەل يوقلاپ كەلگەنتىڭىزمۇ ؟
ئەنۋەر باشتا ئۇنىڭغا راست گەپنى دېمەسلىكنى ئويلىدى ، لېكىن يەنە نېمىشقىدۇر نىيىتىدىن يېنىپ :
— چوڭ ئانامنى بالىنىستقا ئەكەلگەن ، — دېدى .
— كىمنى ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ئاسىيە ،— زورىخان مومامنىمۇ ؟
— ھەئە...
— نېمە دەيدىغانسىز ؟ — ئاسىيەنىڭ چىرايى جىددىيلەشتى ، — نېمە بوپتۇ ، دوختۇر نېمە دەيدۇ ؟

— ئۆپكىگە سوغۇق ئۆتۈپ ياللۇغلىنىپتۇ .
— ۋاي ، خۇدايىم ! نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭىز ؟ ھازىر ئەھۋالى قانداق ؟
— ھازىر بىر ئاز ياخشى ، قىزىتمىسىمۇ سەل چۈشتى… ،— ئەنۋەر بىردەم تۇرۇۋېلىپ سورىدى ،— دادىڭىز بارمۇ ؟
— دادام تېخى تۇنۇگۇن ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەتكەنىدى .
ئەنۋەر يېنىك تىن ئالدى . ئۇ دادىسىغا قانداق خەۋەر قىلىشنى بىلمەي تۇراتتى . ئۇنىڭ يىغىنغا كەتكىنىگە بىر ھېسابتا خۇش بولدى . ئاسىيە بولسا ئۇنىڭ دادىسىنى سورىغانلىقىنى باشقىچە چۈشەندى .
— قايسى ئۆيدە ياتتى ؟ — دەپ سورىدى ئاسىيە .
— ئون ئىككىنچى كارىۋات .
— سىز نەگە ماڭغانتىڭىز ؟
— مەن ئۆيگە بېرىپ كۆرپە - ياستۇق ئەكىلەي دېگەن ، گۈلشەننى ساقلاۋاتىمەن .
— گۈلشەن بۈگۈن دەم ئالدىغۇ دەيمەن .
— ھەئە ، ئۇ چوڭ ئۆيگە كەتكەنىدى ، ھازىر تېلېفون قىلدىم .
— ئۇنداق بولسا ئەنۋەركا ، سىز ئۆيگە بېرىۋېرىڭ ، موماڭغا مەن قاراپ تۇرىمەن .
— ياق ، ياق بولدى ، سىز ئىشلەۋاتقان تۇرسىڭىز ؟
— مەن ئىشتىن چۈشتۇم ، رىزۋان دوختۇرغا بىر ئىشنى دېگىلى كىرگەنىدىم ، ھە ، راست ، موماڭنىڭ مەسئۇل دوختۇرى كىم ئىكەن ؟
— رىزۋان دوختۇر ئۆزى .
— ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ ، مەن رىزۋاندىن موماڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقاي ، سىز بېرىۋېرىڭ ، ئاكا !
ئاسىيەنىڭ ئاخىرقى گېپى ئەنۋەرگە شۇنچىلىك يېقىملىق

ئاڭلاندىكى ، ئەنۋەر ھودۇقۇپ قانداق قىلىشنى بىلمەي قالدى . ئەنۋەر ھەيران ئىدى ، ئۇ ئۆزىنى قانچە قاچۇرغانسېرى ئاسىيە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىنچىلىق قىلاتتى . ئۇ بۇ قىزنىڭ ئۆزىگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنىڭ سىرىنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتى . «ئۆيدىكىلەر بەلكىم مۇشۇنى ئىشقا سېلىۋاتامدۇ نېمە ؟ دادام كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ مۇشۇ قىز ئارقىلىق مېنى يۇمشاتماقچى بولسا كېرەك . ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ، شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئاپام بىچارە ئاز دەرد تارتتى-مۇ ؟... مېنى بوينى قىسىلىپ قالمىسۇن ، دەپ ياشلىقىنى قۇربان قىلدى . بۇنىڭ سەۋەبچىسى كىم ؟ ئەمدى بۈگۈنگە كەلگەندە گويا ھېچبىر گۇناھ ئۆتكۈزمىگەندەك يۈرىدىغان ئىش يوق ، بۇلار بى-كارغا ئاۋارە بولۇۋاتىدۇ... ئەمما بۇ قىزنىڭ مۇئامىلىسى باشقى-لارغا ئوخشاشمايدىغاندەكلا قىلىدۇ ، ئۆتكەندە چوڭ ئانامۇ بۇ قىزنى ماختاپ كەلدى . قارىسام ئۆزىنىڭمۇ پەقەتلا كىبىرسى يوق ئىكەن ، ئەگەر بۇ قىزنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى بولسا ، ‹مەن دېگەن ۋالىينىڭ قىزى › دەپ دادىسىنىڭ ئەمىلىنى پەش قىلىپ دوختۇرخانىنى بېشىغا كىيگەن بولاتتى . گۈلشەننىمۇ دوختۇرخا-نىدا تۇرغۇسىز قىلىۋېتەتتى ، ئۇ ھازىرغىچە گۈلشەننىڭ بىر ئې-غىز يامان گېپىنى قىلىپ باقمىدى ، بۇ زادى قانداق قىز ؟ »... ئەنۋەر ئۆيگە كەلگىچە مۇشۇنداق چىگىش خىياللار بىلەن قايمۇقۇپ كەتتى .

ئۈچ كۈن بولغاندا زورىخان موماينىڭ كېسىلى سەللىمازا ياخشى بولۇپ تاماقتا كىرىشتى . ئەنۋەر كۈندە ئىككى قاتار كېلىپ ئۇنى يوقلايتتى ، تاماق ئەكېلەتتى . ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە موماي-نىڭ قېشىدا ئاسىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى . ئۇ بۈگۈن چۈش-تىمۇ ئىشتىن يېنىپ كوچىدىكى ئاشخانىدىن بىر قاچا پولۇنى ئەكىرىشكە موماينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئاسىيەنى كۆردى . ئۇ قوشۇقتا مومايغا تاماق يېگۈزۈۋاتاتتى . ئۇ ئەنۋەرنى كۆرۈپ خۇش-

خۇي تىنچلىق سوراشتى .
— كېلىڭ ، ئەنۇەركا ،— دېدى ئىللىق كۈلۈپ ،— قاراڭ ، مومام بۈگۈن ياخشىلا بولۇپ قاپتۇ .
— راست دەيسىز ، چىرايىغىمۇ قان يۈگۈرۈپ قاپتۇ .
— سىلەر بېقىپ ساقايتىۋاتىسىلەرغۇ ،— موماي راھەتلىنىپ كۈلدى ،— نېمە ئاۋارە بولۇپ تاماق كۆتۈرۈپ يۈرگەنسەن ، بالام . ئاسىيە قىزىم تاماق قىلىپ كەپتىكەن ، شۇنى يەۋاتاتتىم ، نېمە ئەكەلدىڭ ؟
— پولۇ ئەكەلگەنتىم .
— ئاسىيە شويلا ئېتىپ ئەكەپتىكەن ، شۇنداق تېتىدى … سەن بەلكىم ئىشتىنلا كەلگەنسەن ، مەيەردە ئولتۇرۇپ ئازراق تاماق يېگىن .
— مەن تاماق يەپ كەلدىم .
— ئاكا ، — دېدى ئاسىيە ئەركىلەپ تۇرۇپ ،— بۈنىڭدىن كېيىن كېلىشىۋالايلى ، ئەتىگىنى بىلەن چۈشتە تاماقنى مەن ئەكېلەي ، سىز كەچتە ئەكېلىڭ بولامدۇ ؟
— سىزمۇ ئىشلەۋاتقان تۇرسىڭىز ، يېتىشىپ بولالامسىز ؟
— يېتىشىمەن ، ئۆيدە تاماق ئېتىدىغان ئادەم بار ئەمەسمۇ ، ماڭا پەقەتلا ئېغىر كەلمەيدۇ ، سىز بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىدىكەنسىز ،— ئاسىيە سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ،— ئەمىسە مەن بۆلۈمگە چىقىپ باقاي ، چۈشتىن كېيىن قىلىدىغان بىر ئوپېراتسىيە بار ئىدى .
— ماقۇل ، بالام ، ئىشىڭىزغا چىقىۋېرىڭ ، — موماي بېشىنى لىڭشىتتى .
ئاسىيە زورىخان مومايىنى سۆيۈپ قويۇپ ماڭدى . موماي ئۇ تاكى ئىشىكتىن چىقىپ كەتكۈچە كەينىدىن قاراپ تۇردى .
— ئاسىيە بىر ئوغلۇق قىز بوپتۇ ،— دېدى موماي خۇرسىنىپ قويۇپ ،— سېنىمۇ ئاكام دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ .

توۋا ، «ساردىن نار تۆرىلەر» دەپ ئاپىسىغا زادىلا ئوخشاشمايدۇ دېسە .

— ئاپىسى سىزنى يوقلاپ كەلدىمۇ ؟

— تۇنۇگۇن بىر تۇتام گۈلنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ ، تىنچقىنا كېلىپ كەتسە نېمە دەي ، مۇشۇ يەردە دوختۇرلارنى سوراق قىلىپ بىر قىلدى ، ھېلىمۇ ئاسىيە قىز كىرىپ قېلىپ ئاچقىپ كەتتى .

— نېمىگە جېدەل قىلىدۇ ؟

— بىردەم ياخشى ئوكۇلنى سالماپسىلەر دەيدۇ ، بىردەم يوتقان - كۆرپىنى يەڭگۈشلىمەپسىلەر دەيدۇ ، دوختۇرخانىنى ئۆرە - تۆپە قىلىۋەتكىلى قىل قالدى .

— سىزگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەن يېرى ئىكەندە ؟

— ۋاي قۇرۇپ كەتسۇن ،— موماي ئاچچىقى بىلەن قولىنى سىلكىدى ،— ھە ، راست ، گۈلشەننىڭ دادىسى قانداقراق بولۇپ قالدى ؟

— ھازىر بىر ئاز ياخشى .

— مۇشۇ كۈندە باشلىق بولماقمۇ تەس ئوخشايدۇ ، بالام . ئاشۇ ئادەممۇ ئىلگىرى گۇسمۇستەك ساق ئىدى ، دۆلەت دېسە بار ، بالىلىرىمۇ بىر ئوبدان ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتىدۇ ، يەنە نېمە يېتىشمەيدىكىنتاڭ ؟ خۇدايىم ھەممە ئادەمنىڭ رىزقىنى ئۆزىگە تۇشلۇق يارىتقان ، شۇنىڭغا شۈكۈر - قانائەت قىلسا بولىدۇ ئەمەسمۇ ، بۇ دۇنيانىڭ تالاشقۇدەك نېمىسى بار ؟ جېنىم بالام ، مەندىن نەسىھەت ، سەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جېدەلگە ھەرگىز ئارىلاشقۇچى بولما !...

— چوڭ ئانا ، نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز ، مېنىڭ ئۇلار بىلەن نېمە كارىم ؟

— مەن قارىسام گۈلشەن ئاسىيەنى بەك ئۆچ كۆرىدىكەن ، ئۇنداق قىلسا بولامدۇ ؟ ئاسىيە قىزدا نېمە گۇناھ ؟ گۈلشەنگە چىرايلىق تەربىيە قىل ! ئاسىيە قانداقلا بولمىسۇن ، مېنىڭ

نەۋرەم. ئۇنداق قىلمىسۇن بولامدۇ؟
— گۇلشەن نېمە دەيدۇ؟
— ماڭىغۇ بىرنېمە دېمىدى، لېكىن باشقا دوختۇرلاردىن ئاڭلاپ قالدىم.
ئەنۋەر مومىسىنىڭ ئاسىيەنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۇ گۇلشەننىڭ ئاسىيەنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاسىيەنىڭ ئۈستىدە بىرەر گەپنى تېپىپ كېلەتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇ يېڭى بىر گەپنى كۆتۈرۈپ كەلدى:
— ئاسىيەنىڭ بۈگۈن قىلغان ئىشىنى دېمەيسىز، — دېدى ئۇ قىن - قىنىغا پاتماي ئالدىراپ، — توۋا دېسە بولىدۇ.
— نېمە بولدى؟
— بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۇ بىر ئاشقازان ئۆسمىسى ئوپېراتسىيىسىنى قىلغانىدى، ئوپېراتسىيىدىن كېيىن كېسەلنىڭ ئېرى بۆلۈمدىكىلەرنى ئاشخانىدا مېھمان قىلماقچى بولۇپ بىر ئۈستەلنى تەييار قىلىپ قويۇپتىكەن، ئاسىيە قەتئىي بارغىلى ئۇنىماي قويدى جۇمۇ!
— قالغىنىڭلار بارغانسىلەر؟
— بارمايچۇ، بۇ دېگەن دوختۇرخانىدىكى ئادەتتىكى بىر ئىش تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەييار قىلىپ قويغان تاماقنى يېمىسەك ئىسراپ بولمامدۇ؟
— كېسەلنىڭ يولدىشى سودىگەر ئوخشىمامدۇ؟
— ياق، دېھقان ئىكەن. ئاخىرىدا قاراپ تۇرسام، ئۇ ئادەم ئېشىپ قالغان تاماقلارنى خالتىلارغا قاچىلاپ ئۆيىگە ئەكەتتى، «بۇنى نېمە قىلىلا» دېسەم، «بالىلىرىم نەچچە كۈن بولدى تاماق-سىز قالدى» دەيدۇ.
— ئاشۇ بىچارە دېھقاننىڭ تامىقى گېلىڭلاردىن قانداقمۇ ئۆتكەندۇ؟— ئەنۋەر گۇلشەنگە قاراپ بېشىنى چايقىدى، —

دېمىسىمۇ ، سىلەر يامان بىر ئادەتنى ئۆگىنىۋالدىڭلار . ئاسىيە-
نىڭ قىلغىنىمۇ توغرا بوپتۇ ، «ئاشۇ كەمبەغەل دېھقاننى قاقشات-
مايلى » دەپتۇ...

ئەنۋەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ گۇلشەننىڭ چىرايى ئۆڭدى .

— ئەجەب بۇگۇن ئاسىيەنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ كەتتىڭىزا ،
يېڭىلىققۇ بۇ ؟ — دېدى ئۇ تەرىنى تۇرۇپ ، — ئۇلار ئانا - بالا
ئىككىڭلارنى تاشلىۋەتمىگەن بولسا قانچىلىك قىلاتتىڭىز ؟

— گۇلشەن ، گەپنى ئۇ ياققا ئېلىپ كەتمەڭ ، مەن باشقا
گەپنى قىلىۋاتىمەن .

— كۆڭلىڭىزدىكى گەپنى دەۋاتىسىز ، مەنمۇ بىلىپ بول-
دۇم ، ئەمدى تۇغقانلىرىڭىزنى تاپاي دەۋاتىسىزغۇ ؟

— گۇلشەن ، بولدى قىلىڭ !

— ئاسىيەگە بەك كۆيۈنسىڭىزچۇ ، ئاغىنىلىرىڭىزدىن بىرە-
رىگە تونۇشتۇرۇپ قويىمامسىز . ئۇرۇمچىدە ئەر چىقماي كەپتى-
كەن ، بۇ يەردە ۋالىينىڭ قىزى دەپ بىرەرى ئېلىپ قالار .

— ئاغزىڭنى يۇم !...

ئەنۋەر غەزەپتىن تىترەپ كەتتى . ئۇ گۇلشەننى بۇنچىۋالا
قىتىغۇرلۇق قىلىپ كېتىدۇ ، دەپ ئويلىمىغانىدى . «مومام توغرا
ئېيتىدۇ ، ئاسىيەدە نېمە گۇناھ ؟ دادىسىنىڭ قىلغان ۋاپاسىزلىقى
ئۈچۈن ئۇ بەدەل تۆلىمەسلىكى كېرەك - دە ! گۇلشەن بۇنى
نېمىشقا چۈشەنمەيدۇ ؟... »

گۇلشەن ئەنۋەرنىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ بىر
نەچچە سېكۇنت تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى . ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەن-
مىگەندەك دەماللىققا ئېسىگە كېلەلمىدى . چۈنكى ، ئۇلار توي
قىلىپ ھازىرغىچە ئەنۋەر گۇلشەنگە قاتتىقراق گەپمۇ قىلىپ باق-
مىغانىدى . ئۆيدە گۇلشەننىڭ دېگىنى دېگەن ، قىلغىنى قىلغان
ئىدى . «دادىسى ۋالىي بولۇپ كەلگەندىن بۇيان بۇنىڭمۇ خورىكى
ئۆسۈپ قالغىلى تۇردىغۇ ؟— گۇلشەن ئېسىگە كېلىپ تىترەپ

كەتتى ،— ھەممىنى قىلىۋاتقان ئاۋۇ ئاسىيە دېگەن پاناق ، خەپ
توختاپتۇر ، سىلەرگە بوزەك بولىدىغان گۈلشەن يوق… »
— ئەجەب ۋارقىرايسىز غۇ ؟— گۈلشەن ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەي-
لەپ كەلدى ، — تىتاڭ تومۇرىڭىزغا تېگىپ كەتتىمۇ ؟ ئاغزىمنى
يۇمىسام نېمە قىلماقچىسىز ، ھوي ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان
ۋىجدانسىز !
«چاڭ !» قىلىپ تەگكەن كاچاتتىن گۈلشەن سەنتۈرۈلۈپ
كەتتى . كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغاندەك بولۇپ بېشى ئايلاندى .
ئۇ ئېسىنى يىغىۋېلىپ يىغلاپ سالدى :
— سەن تېخى مېنى ئۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ ؟— دېدى دېۋەيلەپ
كېلىپ ،— ئۇرە يەنە ، ھوي يېتىم ئوغلاق !… ياخشىلىققا ياندۇر-
غىنىڭ مۇشۇمۇ تۇزكور !… ھەي ، سېنى كىم ئادەم قىلىپ
قويدى ؟ كىم سېنى خاڭجاڭ قىلىپ ئۆستۈردى ، بىلەمسەن ؟
سېنىڭ داداڭ ئەمەس ، مېنىڭ دادام قىلدى . ئەمدى بۈگۈنگە
كېلىپ يۈزۈڭنى ئۆرۈۋاتامسەن نائەھلى ، قارا يۈز ! ئىسىت ،
ئىسىت !…
گۈلشەن بەئەينى ساراڭدەك قولىغا چىققان نەرسىنى يەرگە
ئاتاتتى ، ئاغزىغا كەلگەن گەپ بىلەن تىللايتتى . ئاخىرى ئۇ
«تۇغقانلىرىڭ بىلەن ئۆي تۇت !» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .
ئەنۋەر ئۇنى توسۇمىدى . ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈلشەننىڭ باياتىن
دېگەن زەھەردەك ئاھانىتى جاراڭلايتتى . ئۇ گۈلشەننى بۇنچىۋالا
ئۆكتەملىك قىلىدۇ ، دەپ ئويلىمىغانىدى . ئۆز ۋاقتىدا ئاپىسى-
مۇ ، مومىسىمۇ ئۇنىڭ گۈلشەن بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلمىغا-
نىدى . «ئېگىز يەرگە قول سوزۇپ قويدۇڭ ، بالام . باشلىق
دېگەننىڭ بالىلىرىنىڭ ھالى چوڭ بولىدۇ ، بىز دېگەن ئادەتتىكى
بىر ئادەم ، ئەتە - ئۆگۈن كۆڭۈل ئاغرىقــى تارتــىپ قالمىساڭ
بولاتتى ؟ » دېيىشكەنىدى . لېكىن ، ئۇ گۈلشەننىڭ شېرىن سۆز-
لىرىگە ، ھەر يەكشەنبە ياتىقىغا كېلىپ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ

بېرىدىغانلىقىغا قاراپ ئۈنىڭغا ئىشەنگەن ، ئاپىسىنىڭ يالۋۇرۇش-
لىرىغا قارىماي توي قىلغانىدى . «ئاپام بىلەن موماممنىڭ دېگەنلى-
رى راست چىقىپ قالدىمۇ نېمە ؟ مەن مۇھەببەتكە ئارتۇقچە ئىشە-
نىپ كېتىپتىمەن ، گۈلشەننىڭ ئۆز ۋاقتىدا دېگەن گەپلىرى ،
بەرگەن ۋەدىلىرى نەگە كەتتى ؟ هازىر ۋىجدان ، ئادەمگەرچىلىك ،
ئىنساپ دېگەنلەر راستىنلا پۇل ، مەنسەپ بىلەن ئۆلچىنىدىغان
بولۇپ كەتتىمۇ ؟…»

ئەنۋەر چۆلدەرەپ قالغان ئۆيدە ئەلەملىك خىياللارغا چۆكۈپ
ئۇزاق ئولتۇردى . ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىكى هەممە نەرسە ئۆز ئىزى-
دىن چىقىپ كەتكەندەك ، تۇرمۇشىمۇ ۋەيران بولۇشقا قاراپ ماڭ-
غاندەك تۇيۇلدى . «هەممىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان ئاشۇ دادام ، ئۇ
بۇ يەرگە ۋالىي بولۇپ كەلمىگەن بولسىمۇ بۇ پاراكەندىچىلىكلەر
يۈز بەرمەس ئىدى . ئۇنىڭغا ئەمەل ئالغۇدەك بۆلەك بىر جاي
تېپىلماي قالغانمىدۇ ؟ مەن شۇنچە يىللار يېتىمچىلىكتە ئازاب
چەكتىم ، جاپانى يەتكۈچە تارتتىم ، شۇ كۈلپەتلەر ماڭا يېتەتتىغۇ ،
ئەمدى ماڭا بۇ نېمە تارتقۇلۇق ؟…»

تامدىكى سائەتنىڭ ئەنسىز ئۇرۇلۇشى ئەنۋەرنىڭ ئاچچىق
خىياللىرىنى ئۈزۈۋەتتى . ئۇ سائەتكە قاراپ قويۇپ ئالدىراپ ئور-
نىدىن تۇردى . «چوڭ ئانام مېنى تاماق ئەكىلىدۇ ، دەپ كۆزى
تېشىلىپ كەتتى - دە ، ئەستا…» ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، تاماق
قاچىسىنى ئېلىپ كوچىغا چىقتى . ئۇ دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى
تونۇش ئاشخانىدىن بىر قاچا چۆچۈرىنى ئېلىپ بالنىستقا كىرىپ
هەيران بولدى . مومىسىنىڭ كارىۋىتى بوش تۇراتتى . ئۇ خاتا
كىرىپ قالدىمۇ ، دەپ تۇرۇشىغا ياندىكى كارىۋاتتا كېسەلگە
قاراۋاتقان بۇرۇتلۇق ئادەم ئۇن قاتتى :

— چوڭ ئانىلىرىنى كادىرلار ياتىدىغان ياتاققا يۆتكەپ چى-
قىپ كەتتى ،— دېدى ئۇ ئەدەپ بىلەن ، — سىلى ياسىنجان
ۋالىينىڭ ئوغلى ئىكەنلا - هە ؟

— كىم يۆتكىدى ؟
— دادىلىرى كەلدى .
ئەنۋەر ھەممىنى چۈشەندى ـ دە ، يېنىپ چىقىپ ئۈدۈلدىكى ئۈچ قەۋەتلىك بىناغا كىردى . بۇ يەر شۇنچىلىك جىمجىت ، ئازادە ئىدى . دوختۇر ، سېسترالارمۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىشاتتى . گويا بۇ يەردە كېسەللەر يوقتەك تىنچ ئىدى . ئەنۋەر مومىسىنىڭ قايسى ياتاققا يۆتكەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن سېسترالار ئىشخانىسىغا كىردى . سارغۇچ چېچىنى دولقۇنلىتىپ بۇدۇر قىلىپ ، كالپۇكىنى قىپقىزىل بويىۋالغان زىلۋا قىز كۆكۈچ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ ئەنۋەرگە جاۋاب بەردى :
— ياسىنجان ۋالىينىڭ ئاپىسىمۇ ؟ — قىز ياندۇرۇپ سورىدى ، — بەشىنچى ئۆيدە ، سىز ياسىنجان ۋالىينىڭ ئوغلى بولامسىز ؟ — قىز تەبەسسۇم بىلەن ئەنۋەرنىڭ كۆزىگە قاراپ سورىدى .
— ياق ، — دېدى ئەنۋەر ، — موماي مېنىڭ چوڭ ئانام بولىدۇ .
سېسترا قىز ئەنۋەرنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى . ئەنۋەر باشقا گەپ قىلماستىنلا «بەشىنچى» دەپ نومۇر چاپلانغان ئۆيگە كىردى . بۇ ئۆيدە بىرلا كارىۋات بولۇپ ، ئۆينىڭ قالغان يېرىگە قاتار سافالار قويۇلغانىدى . دېرىزە تەرەپكە قاراپ ياتقان زورىخان موماي ئىشىكنىڭ تاراقشىغىنىنى ئاڭلاپ يېنىغا ئۆرۈلدى ۋە ئەنۋەرنى كۆرۈپ ئۆرە بولدى .
— كەلدىڭمۇ ، بالام ، — دېدى موماي خۇش بولۇپ ، — ھازىر تېخى سېنى خىيال قىلىپ ياتاتتىم ، ھەرقاچان ئەنۋەر مېنى تاپالماي يۈرىدىغۇ دەپ تۇراتتىم .
— نېمە بۇ يەرگە چىقىۋالدىڭىز ؟
— داداڭنىڭ ئىشى بولمامدۇ ، — دېدى موماي خورسىنىپ ، — ئاخشام ئۈرۈمچىدىن كەپتىكەن ، چۈشتە كېلىپ ،

«سېنى نېمىدەپ بۇ يەردە ياتقۇزۇپ قويدى؟ بولماپتۇ» دەپ ئۇنىماي مۇشۇ ئۆيگە ئاچىقىپ قويدى. ئاۋۇ ياتىقىم خويمۇ ئوبدان، پاراڭلىشىدىغان ئادەملەر بار ئىدى...

— تاماق يېمىگەنسىز؟

— قورسىقىم ئاچمىدى، چۈشتە ئاسىيە قىز تاماق ئەكېلىپ زورلاپ جىق يېگۈزگەنىدى، سەن نېمە ئەكەلدىڭ، بالام؟

— چۆچۈرە ئەتكۈزۈپ كەلدىم.

— بوپتۇ، بىر پىيالە سۇيىدىن ئىچىپ باقاي...

زورىخان موماي چۆچۈرىنى ئىچىپ بولۇپ تۇرۇشىغا ئىشىكتە ياسىنجان ۋالىي پەيدا بولدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەنۋەرنى كۆرۈپ سەل هەيران بولغاندەك بولدىيۇ، لېكىن شۇ هامان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ قاراۋېتىپ ئۇن قاتتى:

— ئەنۋەر ئوخشىمامسەن؟ سېنىمۇ كۆرگىلى بولىدىكەنا؟ — دېدى ئۇ كىنايە ئارىلاش دىمىغىنى قېقىپ تۇرۇپ.

ئەنۋەر گەپ - سۆز قىلمىدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىن ئوڭايسىزلانغان ياسىنجان ۋالىي يۇمشاپ سورىدى:

— نەدە ئىشلەۋاتىسەن؟

— يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا...، — ئەنۋەر دادىسىغا قارىماستىن جاۋاب بەردى.

زورىخان موماي ئاتا - بالا ئىككىسىگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ گويا هەممە ئىشقا ئۆزى ئەيىبلىكتەك ئۇلارغا يېلىنىش، ئىلتىجا بىلەن باقاتتى. ئەنۋەرنىڭ جاۋابىدىن كېيىن ئارىغا كىشىنىڭ يۈرىكىنى سىققۇدەك جىمجىتلىق چۈشتى. ئاخىرى ئەنۋەر ئورنىدىن تۇردى:

— چوڭ ئانا، مەن قايتاي، — دېدى ئۇ موماي‌غا قاراپ، — ئەتە كېلىمەن...

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، دادىسىغا قاراپمۇ قويماستىن ئىشىك-

كه ماڭدى . كاربدورغا چىققاندا ، ئۇ كەينىدىن چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ بۇرۇلدى . ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭغا قاراپ ، سالماق قەدەم-لەر بىلەن يېقىنلاشتى :

— خوش دەپ قويايمۇ دېمەيسەنغۇ ؟ — ياسىنجان ۋالىي ئاچچىق ئارىلاش تەلەپپۇزدا سورىدى ، — مېنىڭدىن شۇنچىۋالا بىزار بولۇپ كەتتىڭمۇ ؟

ئەنۋەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى :

— سىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا ماڭا خوش دېمەي كەتكەنتىڭىزغۇ ؟— دېدى ئۇ .

— بۇ گەپچە ، مېنى دادا دەپمۇ تونۇمايدىكەنسەن - دە ؟

— سىزمۇ مېنى بالام دەپباققانمۇ ؟

ئەنۋەرنىڭ نەشتەردەك ئاچچىق جاۋابلىرى ۋالىينى تەمتىرىتىپ قويدى . ئۇ ئەنۋەرنى «ئۆزىگە بۇنچىلىك مۇئامىلە قىلمايدىغۇ ، هامان ئالدىمغا كېلىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى ، شۇڭا ئۇ دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى .

— ئۇنچىلىكمۇ دەپ كەتمە ، قارا ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي يالۋۇرغان قىياپەتتە ، — سەن نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن ، ئۆز ۋاقتىدا...

— بولدى ، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى ، — ئەنۋەر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ، — مەن بۇرۇن كىچىك ئىدىم ، نۇرغۇن ئىشلار-نى چۈشەنمەيتتىم . هازىر مەن كىچىك بالا ئەمەس ، بىر ئائىلىنىڭ ئىگىسى بولدۇم . بۇرۇن بىلمىگەن ئىشلار هازىر ماڭا ئېنىق... سىز بىلەن مېنىڭ ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا ئۈزۈلۈپ بولغان . ئەڭ ياخشىسى ، ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزدا ماڭايلى...

ئەنۋەر شۇنداق دېدى - دە ، قايرىلىپ ماڭدى . ئوغلىنىڭ گېپىدىن مەڭدەپ قالغان ياسىنجان ۋالىي نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئەنۋەرنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى .

# 12

ئادىلجان قايىر ھاجىمنىڭ ئالدىغا ئۈچ دانە پاسپورتنى قويدى .

— ھازىرچە مۇشۇ نەچچىسى ھەل بولدى ، قالغىنى بىر ھەپتىدىن كېيىن پۈتىدۇ ، — دېدى ئۇ ھاجىمغا قاراپ .

قايىر ھاجىم پاسپورتلارنى قولىغا ئېلىپ بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتى .

— پاسپورتتا چاتاق يوق ، ئىشەنمەيۋاتاملا ؟ — ئادىلجان بولسا ھاجىمنىڭ ئىنچىكىلەپ قاراپ كەتكىنىدىن بىزار بولۇپ سورىدى .

— ياق ، ياق ، سىلىگە ئىشەنمەيدىغان ئىش بولامدۇ ، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ ، — رەھمەت سىلىگە ، چوڭ بىر ساۋابنى ئالدىلا مانا ... نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇ خەقلەر ئۆيگە تولا كىرىپ بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتتى دېسىلە . «ياق» دەي دېسەم قىزىل يۈزلۈك ، ئادەم يۈز كېلەلمىگەن ، ماڭىمۇ بىر جاپا ئىش بولدى .

«ياق دەپ كەتكىنىنى ماۋۇ كاززاپنىڭ ، — ئادىلجان ئالدىدىكى سېمىز لىكتىن ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالغان دوغىلاق ئادەمگە يىرگەنگەندەك قاراپ قويدى ، — سىلىنىڭ يانچۇقىڭىزغىمۇ لوق - لوق چۈشۈۋاتقاندۇ ؟ ... ھەرەمگە بېرىش ئۈچۈن كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قېلىۋاتقان نادان ئادەملەرنىڭ بىر ئۆمۈر يېمەي - ئىچمەي يىغقان پۇللىرىنى مۇشۇنداق كاززاپلار سىيرىۋاتىدۇ . ھازىر خەقلەرگە نېمە بالا تەگدىكىنتاڭ ، ھاجى بولىدىغان مودا پەيدا بولدىغۇ ، بوپتۇ ، بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى ، مېنىڭ يانچۇقىممۇ قورۇق تۇرمايدىغان بولدى ، باشقىسى بىلەن نېمە كارىم ؟...»

— يەنە پاسپورت دەۋاتقانلار بارمۇ ؟ — ئادىلجان بولسا

«هاجىمنى نېمە دەيدىكىن» دەپ سورىدى .

— بولمامدىغان ، ئادىلجان ، مەنغۇ ئۇلارغا دەۋاتىمەن . «بۇ سىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ، خەقلەرنى خىجا-لەت قىلمايلى» دېسەممۇ ئۇنىمايدۇ . ئەگەرچەندە سىلىگە ئاۋارى-چىلىك بولمىسا...

— ئاۋۋال ئۆتكەندە دېگەنلەرنىڭ پاسپورتىنى پۈتۈرەيلى ، ئاڭغىچە يەنە يىغىپ تۇرالا...

— ئوبدان ، ئوبدان ... تولا ساۋابلىق ئىشنى قىلىۋاتىلا جۇمۇسىلا ...

— سىلىنىڭ لەۋزىلىرىنى ياندۇرغىلى بولمىدى - دە . بول-مىسا ، ماڭا نېمە ئاۋارىچىلىك .

— شۇنداق ، شۇنداق . خۇدايىم بۇيرۇسا ، سىلىنىمۇ رازى قىلارمىز ، — قايىر هاجىم ئادىلجاننىڭ سوئاللىق قارىشىدىن ئېسىگە كېلىپ ئالمان - تالمان قول سومكىسىنى ئېچىپ ئىچى-دىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى ،— ماۋۇ ئون مىڭ كوي ، بۇگۇنچە ئېلىپ تۇرسىلا ، قالغان يىگىرمە مىڭنى ئەتە يەتكۈزۈپ بېرىمەن .

— گېپىمىز گەپ ئەمىسە ، هاجىم ؟

— سىلىگە يالغان سۆزلىگىلى قانداق تىل باردۇ ، ئەتە ئۆيگىلا يەتكۈزۈپ بېرىمەن ، بولامدۇ ؟

— ئۆيگىمۇ بېرىپ يۈرمىسىلە ، ئەتە چۈشتە مۇشۇ يەردە كۆرۈشەيلى .

— ماقۇل ، ماقۇل ، — قايىر هاجىم چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى ، — ئەمىسە مەن سىلىگە پۈتلىكاشاڭ بولماي ، بېرىپ هاجىچىلارنى خۇش قىلىپ قوياي...

ئادىلجان مەيلى دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى . قايىر هاجىم كەينى - كەينىدىن خوش ئېيتىپ ، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى . ئادىلجان يالغۇز قالغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن هېلىقى

ھاجىم بەرگەن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ ئالدىرىماي ساناپ چىقتى ، ساق ئون مىڭ ئىكەن . ئۇ تاراقلاپ تۇرغان پىچەت پۇللارغا ھەۋەس بىلەن قارىغىنىچە خىيالغا كەتتى . «يولى بار ئادەمگە پۇل تاپماق نېمىدېگەن ئاسان ، مانا ھېچنىمىدىن ـ ھېچنىمە يوق ئون مىڭ كوي كەلدى . ئاۋۇ پاسپورت بېجىرگەن ئاداشقا ئۈچ مىڭنى بېرىپ قويسام بولدى ، قالغان يەتتە مىڭ پېقىرنىڭ . ئۇنىڭ بىلەن نەچچە ئاي كەڭتاشا ئوينايمەن . ماۋۇ پوق قورساق ھاجىمنى چىڭ تۇتسام بولغۇدەك . ئۇ ھازىر دادامنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى ، بوپتۇ ، ئۇنىڭدىنمۇ ئېپىنى تېپىپ قايرىمايمەنمۇ ؟... ھازىر ساۋابمۇ پۇلغا يارايدىغان بولۇپ كەتتى دېسە . جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ؟ كادىرلار ئەمەل تەمەسىدە ، پۇقرالار ھاجى بولۇش كويىدا . بوپتۇ ، قايىر ھاجىم دېگەن ساۋابنى ئېلىۋېرەي ، ماڭا پۇل بىلەن قىزلار بولسىلا بولدى... »

ئادىلجان يۈز كويلۇق پۇلدىن بەشنى سۇغۇرۇپ پورتمىنىغا سالدى ـ دە ، قالغان پۇلنى قويۇن يانچۇقىغا جايلاشتۇرۇپ بولۇپ يانفوننى ئالدى .

— ھە ، ئېلىشاتمۇ سەن ؟— دېدى ئۇ دوستىغا تېلېفون بې-رىپ ، — نېمە قىلىۋاتىسەن ؟ تېخى ئىشخانىدىمۇ ؟ بولدى قويە ، خىزمەتكە تويمايدىغان نېمە ئىكەنسەن ، دەم ئېلىشنىمۇ بىلىش كېرەك ـ دە ... ھە ، كېلەمسەن ؟ ھەي ، قارا ، ھېلىقى قايسى كۈنى بىللە ئولتۇرغان قىزنىڭ ئېتى نېمە ئىدى ؟... ھە ، شۇنى دوستى بىلەن باشلاپ كەلمەمسەن ؟ خاتىرجەم بول ، بۇگۈن مېھ-ماندارچىلىق مەندىن . مەن «قىزىلگۈل رېستوران»دا ساقلاپ تۇرىمەن جۇمۇ !

ئادىلجان تېلېفوننى قويۇپ ، يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاش-تۇردى . «ھايات دېگەن شۇ ، — ئادىلجان ئاغزى ـ بۇرنىدىن چىقىۋاتقان تاماكىنىڭ ھالقا ـ ھالقا ئىسىغا قارىغىنىچە خىيال قىلدى ،— ھاياتنىڭ پەيزى مۇشۇ ، بەزى ئاغىنىلەرگە ھەيرانمەن .

ئەتىگەندىن كەچكىچە خىزمەت ، ئۆي ، بالا ، دەپلا پالاقلاپ يۈرگەن ئەخمەقلەر . مۇشۇ كۈندە ئۆي تۇتۇپ نېمە قىلىدۇ ؟ بىر كۈن بولسىمۇ ئەركىن بولۇپ ، كۆڭلۈڭ خالىغان قىزلار بىلەن ئوينىـ ۋالساڭ ئۇنىڭدىن ئوشۇق راھەت بارمۇ ؟… مەن ئۆمۈرۋايەت ئۆيلەنمەيمەن… »

ئېلشات بىردەمدە توزدەك ياسانغان ئىككى قىزنى باشلاپ كەلدى . ئۇ ئۇستەلدە تۇرغان «براندى» ماركىلىق هاراقـ نى كۆرۈپ :

— بۇگۈن پەيزىڭ بارغۇ ، ئاداش ،— دېدى يايراپ ، — كۈن قاياقتىن چىقىپ قالدى ؟

— پۇل دېگەننى مۇشۇنداق چىرايلىق قىزلارغا خەجلىمەي نېمە قىلىمىز ،— دېدى ئادىلجان كىرىلگىنىچە ،— هېلىغۇ پۇل ئىكەن ، شۇ تاپتا رەنا يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇپ بەر دېسىمۇ مەن تەييار ، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئاق يۈزلۈك ، زىلۋا قىزغا كۆزىنى قىسىپ قويدى .

— پونى ئازراق ئاتىسىڭىز بولارمىكىن ؟— رەنا ئىسمىلىك قىز قاشلىرىنى سۈزۈپ ، بېشىنى چايقىدى ، — يۈرىكىڭىز نەچچە سىزنىڭ ؟…

— قانچىكەن ، ئۆزىڭىز قول سېلىپ ساناپ بېقىڭا !

— مەن قارىسام يۈرىكىڭىزنى ئاللىقاچان باشقىلارغا بېرىپ بولغاندەك تۇرىسىز…

— كىمگە بېرىپتىمەن ؟

— دىلارەگە بەرگەنسىز ؟

— ئۇنداق نېمىگە بېرىدىغان ئەرزان يۈرەك يوق ، — ئادىلجان مەسخىرە بىلەن بېشىنى چايقىدى ،— يۈرەك دېگەننىمۇ يۈرەكنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلالايدىغان قىزلارغا بېرىمىز .

— دىلارە ئالالمىدىمۇ ؟

— قىز بالا دېگەندە چىراي بولسىلا هېساب ئەمەسكەن ، —

ئادىلجان قولىنى سىلكىدى، — بولدى، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ پەيزىمىزنى قاچۇرمايلى، — ئۇ ئۇستەلدىكى تاماق تىزىملىكى يېزىلغان دەپتەرنى رەناغا سۇندى، — قېنى، كۆڭلۈڭلار تارتقان، ياخشى كۆرىدىغان قورۇما، تاماقلاردىن بۇيرۇڭلار! كونىلار: «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەپتىكەن، بۈگۈن قانغۇدەك ئېچىلىپ ئولتۇرايلى!...

ئادىلجان قىزلار كەلگۈچە نەچچە رومكا ئىچىۋالغاچقا كەيپى چاغ ئىدى. ئۇ قىزلارغا زورلاپ تۇرۇپ ئۈچ رومكىدىن ئىچكۈزدۋەتتى. ھايال ئۆتمەي ئۇلارنىڭ كەيپىمۇ كۆتۈرۈلدى. ئادىلجان بۇلۇڭدىكى ئۈنئالغۇنى قويۇپ، رەنا ئىسىملىك قىزنى تانسىغا تارتتى.

— سەنمۇ ئويناۋۇي، — ئادىلجان يېنىدىكى يۇمىلاق قىزغا ھەدەپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتقان ئېلشاتنى توۋلىدى، — كەچكىچە گەپ قىلىپ ھارمايدىغان نېمە ئىكەنسەن، تولا گەپ قىلىۋەرسەڭ قىزلار كۆڭۈلسىز بولۇپ قالىدۇ.

— مەن قەلبىمنى چۈشەندۈرۈۋاتىمەن.

— قەلب دېگەننى مانا مۇنداق ھەرىكەت بىلەن چۈشەندۈرمەمسەن؟ — ئادىلجان شۇنداق دېدى ـ دە، رەنانى ئۆزىگە تارتىپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

— ياشاپ كەت، ئاداش، — ئېلشاتمۇ ئىلھاملىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

چىراغلار گۇڭگا يېنىپ تۇرغان خاس بۆلۈمدە ئىككى جۈپ لەرزان چېلىنىۋاتقان يېقىملىق مۇزىكىغا تەڭكەش بولۇپ، بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ تانسا ئوينىماقتا ئىدى. ئادىلجان ۋۇجۇدىدىن يېقىملىق ئەتىر گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان رەنانىڭ زىلۋا بېلىنى قاماللاپ تۇتۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە يۈزىنى ياقىنىچە قۇلىقىغا پىچىرلىماقتا ئىدى.

— رەنا، قايسى كۈنى سىزنى كۆرگەندىن بۇيان راستىنى ئېيتسام، كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. سىزدە باشقا

ھەرقانداق قىزلاردا يوق بىر سېھرىي كۆچ بار ئىكەن .
— دىلارەدە يوقمۇ ؟
— قويۇڭە ئۇنى ، تۇرغان ـ پۈتكىنى مۇز...
— بىز تېخى يېقىندا «توي ئوينايمىز» دەپ يۈرۈۋاتساق
باشقىلا گەپنى قىلىسىزغۇ ؟
— توي ؟ !... ،— ئادىلجان دىمىغىنى قاقىنىچە كۈلدى ، —
رەنا ، سىز تۇرغاندا ئۇنداق موردىنى نېمە قىلىمەن ؟ مەن سىزگە
راست گەپنى دەيمۇ ؟
— نېمە گەپ ؟
— بىز ئايرىلىپ كەتتۇق .
— راستمۇ ؟... دىلارەگە ئۇۋال قىپسىز...
— بۇنىڭ سەۋەبچىسى سىز رەنا...
— مەن نېمە قىلدىم ؟
— سىزنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ كۆزۈمگە جىن كۆرۈنىدىـ
غان بولدى ، — دېدى ئادىلجان رەنانى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن
تارتىپ .
قىزلار ئۈچۈن شۇنچىلىك ماختاشنىڭ ئۆزى يېتەرلىك .
ئادىلجان بولسا بۇنداق گەپلەرگە ئۇستا ئىدى . ئادىلجاننىڭ گەپـ
لىرىنى ئاڭلىغانچە قىزنىڭ ۋۇجۇدى بارغانچە ئېرىپ بوشاشقا
باشلىدى . قانداقتۇر يۈرەكنى كۆيدۈرگۈچى تەلۋە بىر تۇيغۇ ئۇـ
نىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا تارقىلىپ ھوشسىزلاندۇرماقتا ئىدى .
ئادىلجان بولسا ئۇنىڭ ھاياجاندىن ئوت بولۇپ يانغان لەۋلىرىنى
ئاچ كۆزلۈك بىلەن شورايتتى . ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز جالداقلىـ
شىپ ئېچىلىشىدىن ئۆيدىكىلەر چۆچۈپ كەتتى . ئىشىكتە كۆزلىـ
رى غەزەپتىن چەكچەيگەن دىلارەنى كۆرۈپ ھەممەيلەن بىر مىنۇتـ
چە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئادىلجانغا قاراشتى . ئۇنئالغۇدىن بىر
ئايالنىڭ ھەسرەت بىلەن ئېيتىۋاتقان ناخشىسىلا تىمـتاسلىقـنى
بۇزۇپ تۇراتتى :

ئەجەب بىلمەپتىمەن باشتا ،
بۇ دەردكە قالارىمنى...

ئادىلجان قۇچىقىدىكى رەنانى قويۇۋېتىپ دىلارەنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۆي ئىچىنى كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان سۈر-لۈك جىمجىتلىق باسقان ئىدى . ئادىلجان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئال-دىرىماي سورىدى :

— ئاپئاق قىز ، بىركىمنى ئىزدەمتىڭىز ؟

قىز «غال - غال» تىترىگىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغىنىچە گەپ قىلالمايتتى .

— بۇ ئۆيگە خاتا كىرىپ قالدىڭىزمۇ قانداق ؟ — ئادىلجان قىزغا قاراپ مەسخىرە بىلەن تىكىلىپ دېدى ،— ئىزدىگەن ئادە-مىڭىزنى دەڭا ، مەن تېپىشىپ بېرەي...

— ئادىلجان ،— قىز ئاخىرى زۇۋانغا كەلدى ، — ماڭا نېمىشقا يالغان گەپ قىلىسىز ؟ مەن سىزنى بىر سائەت بولدى ساقلاۋاتقىلى ، يۈرۈڭ ، سىزگە گېپىم بار .

— نېمە ، ماڭا دەيدىغان گېپىڭىز بارمىدى ؟ — ئادىلجان ھەيران بولغان قىياپەتتە ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ سورىدى ، — لېكىن كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، مەن ھازىر بىكار ئەمەس - دە !...

قىز ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك تەلمۈردى .

— يۈرۈڭ ، ئادىلجان ، تالاغا چىقايلى .

— گېپىڭىز بولسا مۇشۇ يەردىلا دەڭ .

— تالاغا چىقمىسىڭىز مەن كەتمەيمەن .

ئادىلجاننىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كېلىپ توختىدى . ئۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ قىزلارغا قاراپ چاندۇرماستىن :

— ساقچى بولغاندىن كېيىن خەلقنىڭ دەرد - ئەھۋالىغا يەتمىسەك بولمايدىكەن ، ئەيىبكە بۇيرۇمايسىلەر ، سىلەر خاتىر-

جەم ئولتۇرۇپ تۇرۇشلار ، مەن ماۋۇ قىزنىڭ نېمە دەردى باركىن ئاڭلاپ كىرەي... ،— دېدى .

ئۇلار چىراغلار غۇۋا يورۇپ تۇرغان كوچىغا چىقتى . كوچىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى . رېستوراندىكى ئالىيېشىل چىراغلار بىر ئۆچۈپ ، بىر يېنىپ ، خۇددى ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە كۆز قىسىپ چاقىرىۋاتقاندەك ئىدى . ئادىلجان قىزنى قويۇق دەرەخلىك قاراڭغۇ بىر يەرگە باشلاپ كېلىپ توختىدى :

— هە ، گېپىڭنى قىل ، نېمە دەيسەن ؟ — دېدى ئۇ قوپال ئاۋازدا .

— ئادىلجان ! — دېدى قىز تىترىگىنىچە ،— مېنىڭ بويۇمدا قاپتۇ ، قانداق قىلىمەن ؟

— نېمە ؟... بويىڭدا قالسا مەن قانداق قىلىمەن ؟

— قانداق قىلىمەن دەيسىزغۇ ، ئۆزىڭىز توي قىلىمىز دېگەندىڭىزغۇ ؟

— مەن نەدە شۇنداق دېدىم ، دەلىل - ئىسپاتىڭ بارمۇ ؟... مەن ھېچكىمگە ۋەدە بېرىپ باقمىغان ، باشقىلاردىن تاپقان بالاڭنى ماڭا ئارتماقچىمۇ ؟

— ئادىلجان ، نېمانداق يۈزسىزلىك قىلىسىز ؟

— كىم يۈزسىز ؟ — ئادىلجان قىزغا دېۋەيلەپ كەلدى ، — يۈزسىز دېگەن سەن بىلەمسەن ؟ تولا ۋالاقشىماي كۆزۈمدىن يوقال !

— هوي ۋىجدانسىز ، بۇزۇق !

— نېمە دېدىڭ ؟— ئادىلجان قىزنى شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى ،— يەنە بىر دېگىنە ؟

— بۇزۇق ، ئىپلاس !...

ئادىلجاننىڭ كۆزىگە قان قۇيۇلدى . ئۇ بىر مۇشت ئۇرۇپ قىزنى يەرگە يىقىتتى - دە ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپىۋەردى . قىز باشتا چىقىراپ پەرياد سالدى ، ئۈستى - ئۈستىگە تېگىۋاتقان

تاياقتىن ئاخىرىدا ئۇنىمۇ چىقماي قالدى . ئۇنىڭ يۈز - كۆزى قانغا بويالدى . كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر - ئىككەيلەن ئۇنى ئاجراتماقچى بولۇپ يېقىن كەلگەنىدى ، ئادىلجان ئۇلارغا تاپانچىسىنى ئېلىپ تەڭلىدى :

— يولۇڭغا مېڭىش ، بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن !— دەپ دېۋەيلىگەنىدى ، ئۇلار ئالدى - كەينىگە قارىماي كېتىشتى .

ئادىلجان دىلارەنى چالا ئۆلۈك قىلىپ ئۇرۇپ بولۇپ ئۇنى كوچىدا تاشلاپ قويدى - دە ، گويا ھېچنىمە كۆرمىگەندەك رېستو- رانغا قايتىپ كىردى...

ئەتىسى چىمەنگۈل ئىدارىغا كېلىپ تۇرۇشىغا ئىشخانىغا ئې- گىز بويلۇق ، بەستلىك بىر يىگىت كىرىپ كەلدى :

— مەن دىلارەنىڭ ئاكىسى بولىمەن ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، — ئوغلىڭىز ئادىلجان ئاخشام سىڭلىمنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپ كېتىپتۇ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىمەنگۈل چۆچۈپ كەتتى :

— نېمە دەيدىغانسىز ؟ دىلارە ئۆزى نەدە ؟— دېدى ئۇ ئالدىراپ .

— دوختۇرخانىدا ، دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە ئىككى قوۋۇر- غىسى سۇنۇپتۇ .

— ئادىلجان ئاخشام ئۆيدە تۇرسا ، نەدە يۈرۈپ دىلارەنى ئۇرىدۇ ؟

— ئادىلجاننى رېستوراندا كۆرگەنلەر بار ، سىلى دىلارەنىڭ باشلىقى . ئەگەر دىلارەنىڭ ھاياتىغا ئىگە بولمىسىلا مەن ھازىرلا ساقچىغا بېرىپ مەلۇم قىلىمەن ، ئادىلجان بىلەن ئۆزۈم سۆزلى- شىمەن !

چىمەنگۈل يىگىتنىڭ تۇرۇلگەن بەستىگە قاراپ شۇ ھامان يۇمشىدى :

— توختاڭ ، ئۇكام... ،— دېدى ئۇ جىددىيلىشىپ ،—

ئادىلجان ئاخشام ئۆيگە ئىچىپ كەپتىكەن ، بەلكىم مەستچىلىكتە گەپ تەرگىشىپ قىلىشتىمىكىن ؟... دىلارەنى مەن ئۆز قىزىمدەك ياخشى كۆرىمەن ، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ چىرايلىق دېيىشەيلى ، سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى ئۇقۇپ باقسام...

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ باشقا تەلىپى يوق ، نەچچە ۋاقىت-تىن ئادىلجان دىلارەنى ئالىمەن دەپ ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ . ئەگەر ئادىلجان ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرسا گېپىد-مىز يوق ، ئۇنداق بولمىسا قانۇنغا دەۋايىمىز بار . ۋالىينىڭ ئوغلىمەن دەپ خالىغانچە ئادەم بوزەك قىلىمەن دېمىسۇن !...

چىمەنگۈل ئۇنىڭ ئەلپازىدىن راستىنلا چۆچۈدى .

— ماڭا قاراڭ ، — دېدى چىمەنگۈل ھېسداشلىق قىلغان تەلەپپۇزدا ،— ئەمدى بولىدىغان ئىش بوپتۇ ، بىزمۇ ئادىلجانغا ئوبدان تەربىيە قىلايلى ، بۇ ئىشنى داۋراڭ قىلساق دىلارەگىمۇ ياخشى ئەمەس ، دىلارەنىڭ دوختۇرخانىدا داۋالانغان چىقىمىنى ئۆمەك كۆتۈرىدۇ ، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار ، بىز ئەسلىدە دىلارەنى سەنئەت ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى بو-لۇۋاتقانىتۇق ، ئەگەر بۇ گەپ سىرتقا يېيىلىپ كەتسە باشقا ئارتىس-لار ئۆكتە قوپىدۇ ، بىكار دىلارە زىيان تارتىدۇ ،— چىمەنگۈل خىيالىغا كېلىپ قالغان شۇ گەپتىن ئۆزى خۇش بولۇپ كەتتى ،— دىلارە ساقايغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ توي ئىشىنى مەسلىھەت قىلىشساق قانداق ؟

چىمەنگۈلنىڭ گەپلىرى يىگىتنى قايىل قىلدى .

— بوپتۇ ،— دېدى ئۇ بوشاپ ، — لېكىن ئادىلجانغا دەپ قويسىلا ، ئەمدى يەنە قول تەگكۈزىدىغان بولسا ياخشى ئىش چىقمايدۇ .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، بىز دادىسى بىلەن ئوبدان تەربىيە قىلايلى .

يىگىتنى ئۇزىتىۋېتىپ چىمەنگۈل يېنىك تىن ئالدى . ئۇ

مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى يىغىننىمۇ قايرىپ قويۇپ ئۇدۇل دوختۇرخانىغا باردى . چىمەنگۈل ئاۋۋال ئاسىيەنى تېپىپ دىلارەنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى :

— هازىر ئېنىقلىغان ئەھۋالغا قارىغاندا ، ئىككى تال قوۋۇرغىسى سۇنۇپتۇ ،— دېدى ئاسىيە ئۇنىڭغا ،— يۈزىدىمۇ يېرىلغان يەرلەر بار··· ھەممىدىن يامىنى قىزنىڭ بويىدا بار ئىكەندۇق ، تاياق زەربىسىدە بويىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ ، قان كۆپ كېتىپتۇ .

— خەتەرلىك ئەمەستۇ ؟

— هازىر قان توختىدى ، ئەگەر سەل كېچىككەن بولسا قانسىراپ ئۆلۈپ كېتەر ئىكەندۇق ، ئادىلجاننىڭ نېمە قىلغىنى بۇ ؟··· هازىرغىچە دوختۇرخانىغا كېلىپمۇ قويمىدى···

چىمەنگۈل ھەسرەت بىلەن ئىچىگە تىندى .

— گۈلشەن ئۇقتۇمۇ ؟

— ئۇقماي قالامدۇ···

— دىلارە ساقىيىپ كېتەر - ھە ؟ مېيىپ بولۇپ قالماس ؟···

— ساقىيىشى ساقىيىدۇ ، لېكىن خېلى يېتىپ قالىدۇ···

— قانچە چىقىم كەتسە مەيلى ، ساقايتىدىغاننىڭ ئامالىنى قىلايلى··· سەن ئاۋۇ گۈلشەنگە كۆز - قۇلاق بولغىن ، يەنە دىلارەگە گەپ ئۆگەتمىسۇن !

— دادام ئۇقتۇمۇ ؟

— ياق ، دادا ڭ بۇگۈن ئەتىگەن ناھىيىگە كەتكەندى ، بۇ ئىشنى ئۇقمىسۇن··· مەن دىلارەنىڭ يېنىغا كىرىپ چىقاي···

چىمەنگۈل دىلارەنىڭ يېنىدا خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى . سىدلىق گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى ياسىدى . ئۇ قىزغا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىپ ئاخىرى ئۇنى ئۇرغان ئادىلجان ئەمەس ، بەلكى تونۇمايدىغان بىر مەست يىگىت دەيدىغانغا ماقۇل كەلتۈردى . دىلارەمۇ ئادىلجان ئۆزى بىلەن توي قىلىدىغانلا بولسا ، بۇ ئىشنى باشقا

ھېچكىمگە تىنمايدىغان بولۇپ ۋەدە بەردى .
چىمەنگۇل دوختۇرخانىدىن گويا يەلكىسىدىن تاغنى ئېلىۋەت-كەندەك يېنىكلەپ قايتىپ چىقتى . ئۇ سائىتىگە قاراپ قويدى - دە ، ئادىلجانغا تېلېفون بېرىپ ، «چۈشتە ئۆيگە كەلگىن» دەپ تاپىلىدى . ئەتىگەندىن بۇيانقى جىددىيچىلىك ئۇنى يەتكىچە چار-چاتقانىدى . شۇ تاپتا قەدەم ئالغۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن ، چوڭ بىر پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىدىن كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ ھارغىنىنىمۇ بىلىنمىدى . چىمەنگۇلنىڭ بۇ ئامراق ئوغلىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقىنى بۇ بىرلا قېتىم ئە-مەس . ئاسىيەنىڭ دادىسىنى تارتىپ تۇغۇلۇپ قالغانلىقىدىن كۆڭ-لى يېرىم بولغان چىمەنگۇل — ئوغلى ئادىلجاننىڭ ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك خۇش بولغان . ئۇ نېمە دېسە شۇنى تەل قىلىپ بېرىپ چوڭ قىلغانىدى . ئادىلجان چىرايدىلا ئەمەس ، مىجەز - خۇلقىمۇ ئاپى-سىنى كېپىلا چىقتى . ئۇيۇن دېسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان بۇ بالا مەكتەپ ھاياتىنى تولىمۇ تەستە ئاخىرلاشتۇردى . نەچچە قېتىم ساۋاقداشلىرىنى ئۇرۇپ مەكتەپتىن قوغلىنىشقىمۇ ئاز - ئاز قالغاندا ئوقۇشىمۇ تۈگىدى . تېخى بۇ شەھەرگە كېلىشىنىڭ ئالدىدا قىز تالىشىپ بىرەيلەننىڭ بېشىنى يېرىۋېتىپ تۈرمىگە كىرگىلى قىل قېلىپ ، ئاخىرى ئاقساقال ئۆزى ئارىلىشىپ ، جازادىن قۇ-تۇلدۇرۇپ قالغانىدى . مانا ئارىدىن يىل ئۆتمەي ئۇ ئۆگەنگەن خۇيىنى يەنە كۆرسەتتى . چىمەنگۇل شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى بىسە-رەمجان بولدى . ياخشى يېرى ، ياسىنجاننىڭ يوق بولغىنى بولدى . ئۇ ئېرى كەلگۈچە بۇ ئىشنى بۇس چىقارماي جىمىقتۇرۇۋەتمەكچى بولدى .
چۈش قايرىلغاندا ئادىلجان ئۆيگە گويا ھېچ ئىش قىلمىغاندەك خۇشخۇي ئىسقىرتىپ كىرىپ كەلدى . چىمەنگۇل ئۇنى ياتاق ئۆيگە باشلاپ كىرىپ سورىدى :

— دىلارەنى نېمە قىلدىڭ ؟

— ھېچنىمە قىلمىدىم ، — ئادىلجان پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى ،— نېمە بولدى ؟

چىمەنگۈل ئۇنىڭغا ئەتىگەندىن بۇيانقى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى .

— ئۇنى شۇنداقىمۇ ئۇرغان بارمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقلاپ ،— ئەگەر ئۆلۈپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ ؟

— ئاسانلا ئۇلتۇرۇپ قالمىدى ئۇ رودۇپايدىن .

— نېمە دەيدىغانسەن ؟ — چىمەنگۈل ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كەتتى ، — قاتىل بولۇپ تۈرمىدە ياتاتتىڭ ، بىلەمسەن ؟ !... سېنىڭ ئۆزۈڭ بىلەنلا كەتمەيدۇ ، بىزنىمۇ تۈگەشتۈرەتتىڭ . ئەمدى سېنى ئۆيلەپ قويمىساق بولمىدى ، دىلارەنى ئالامسەن ؟

— ۋاي - ۋۇي ،— ئادىلجان بىزار بولغاندەك تەرىنى تۈردى ، — مەن سىلەرگە خوتۇن ئالىمەن دېدىممۇ ؟ نېمانداق تۈگىمەيدىغان گەپ بۇ ! بەك توي قىلغۇڭلار كېلىپ كەتسە ئاسىيە ھەدەمنى ئەرگە بېرىڭلار !

— ئاسىيەگە يىگىت چىقسا ھازىرلا قىلىۋېتەتتۇق ، سېنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرىڭدىن بىرەرىنى تونۇشتۇرساڭمۇ بوپتىكەن ، بىرەر ئۆيلەنگەن بولسىمۇ مەيلىدى...

— ئاسىيە ھەدەم نېمە دەيدۇ ؟

— نېمە دەيتتى ، ھېچ نەرسە دېمەيدۇ ، يىگىتنى چىقىمىمۇ قىلغۇزمايتتۇق...

— مەن قارىسام ، ھازىر ئاۋۇ ئەنۋەر بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ ؟ ئەنۋەر ئۇنىڭغا يىگىت تونۇشتۇرۇۋاتقاندۇ ؟

— شۇنداقمۇ ؟ — چىمەنگۈلنىڭ چىرايى ئۆڭدى ، — ئەگەر شۇلارنى تاپقان بولسا ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپلىۋېتەرمەن... گۈلشەننى يامان ئۆچ دەۋاتاتتىغۇ ؟

— ئەنۋەر گەپكە كىرگۈزگەندۇ ؟ !— ئادىلجان قولىنى سىل-

كىدى ، — ئۆزۈڭلاردىمۇ بار ، ئۇنى ئۇرۇمچىدىن ئەكەلمەيدىغان گەپ ئىدى .

— ئۆزى بارىمەن دەپ تۇرۇۋالدى ئەمەسمۇ ! داداڭمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ئەكىتەيلى ، دەپ تۇرۇۋالدى…

«دادام ئۇنى نېمانچە ياخشى كۆرىدىغاندۇ ؟ چىرايلىقراق بولسا قانداق قىلار بولغىيتتى ؟… مېنى ئۆيلەن دەيدۇ ، ئايال كىشى ئاپامدەك بولسا ئۆيلىنىپ نېمە قىلىمەن ؟ ئۇنىڭدىن بىر كۈن بولسىمۇ ئوبناپ كۈلۈپ يۈرمەيمەنمۇ ؟ هازىرقى قىزلارغا ئىشىنىپ بولامدۇ ، بۇگۈن ماڭا ۋەدە بەرسە ، ئەتە بىرەر پۇلى بار يىگىت چاقىرسا كېتىۋېرىدۇ . ئۇنداقلارنى جىق كۆرۈۋاتىمەن-غۇ ؟… دىلارەنى ئالارمىشمەن ، بېشىم ئىششىپ قالمىدى مېنىڭ ، ئۇنىڭ تەمى تۇگەپ بولدى ، تىزىملىكتىن ئاللىقاچان ئۆچۈرۈل-دى ، لېكىن هازىرچە ‹هە › دەپلا تۇراي… »

چىمەنگۈل ئوغلىغا ئۇزاق - ئۇزاق گەپ قىلدى ، يالۋۇردى . ئادىلجان هەممىگە ماقۇل بولدى ، شۇ تاپتىلا دوختۇرخانىغا بېرىپ دىلارەنى يوقلايدىغان بولدى . ئۇ ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن «ئۇھ » دېدى - دە ، قەيسەرگە تېلېفون قىلىۋىدى ، ئۇ بىرنەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن رېستوراندا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى دېدى . ئادىل-جاننىڭ ئىچىگە ئوت تۇتاشقاندەك بولدى . ئۇ كوچىغا چىققاندىن كېيىن دوختۇرخانىغا ئەمەس ، بەلكى قەيسەر دېگەن رېستورانغا قاراپ يول ئالدى .

## 13

هەلىمە تاڭغا يېقىن چۈش كۆردى . چۈشىدە : ئۇ ئەتىگەنكى ئىككى سائەتلىك دەرسىنى ئۆتۈپ بولۇپ ئۆيگە كەلسە قورۇننىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك . «ئەتىگەن ئىشىكنى تاقىماي كەتكەن ئوخشايمەن - دە ! » دەپ ئالدىراپ قورۇغا كىرسە هويلىدىكى سۇپىدا ياسىنجان بىلەن ئوغلى ئەنۋەر شۇنداق قىزغىن گەپ

قىلىشىپ ئولتۇرغۇدەك . ئەنۋەر ئىشكتە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئاپىسىغا : «ئانا ، دادام مېنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقام-سەن ؟ ساڭا ئاتاپ بىر سان ھەل قىلىپ قويدۇم ، دەيدۇ . سەن قارشى تۇرمايدىغانسەن ؟ » دېگۈدەك . ئارقىدىن ياسىنجان ھەلىمە-گە : «ئەنۋەر چەت ئەلدە ئوقۇسۇنمىكىن ، ھازىر بىلىم ئەسقاتىدى-غان زامان بولۇۋاتىدۇ ، مېنىڭ قولۇمدا ھوقۇقنىڭ بارىدا چىقىپ ئوقۇۋالسۇن دېدىم ، قارشى تۇرماسسەن ؟ »··· دېگۈدەك . ھەلىمە بۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ . ئۇ ياسىنجاننىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ : «بالىنى ئوقۇتىدىغان ئادەم نەچچە زاماندىن نەدە قالغان ، مەن مىڭ جاپالار بىلەن چوڭ قىلغان ، ئەمدى تەييارغا ئىگە بولماقچىمۇ ، مېنى ئۇنىڭدىن ئايرى-ۋەتمەكچىمۇ ، ئەمدى مۇشۇ شۇملۇقنى ئويلاپ تاپتىڭىزمۇ ؟ مەن سىزگە دەپ قوياي ، ئەنۋەرنى يېنىمدىن ھېچنەگە ئەۋەتمەيمەن ، سىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئىزدىگۈچى بولماڭ !··· » دېگۈ-دەك . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەنۋەر : «ئانا ، ئۆتكەن ئىشلارنى تەرگى-گەننىڭ نېمە پايدىسى ؟ دادامنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگىن ، مەن چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئىگىلىسەم ئىستىقبالىم ئېچىلىدۇ ، ھازىر چەت ئەلدە ئوقۇغانلار ئەتىۋارلىنىۋاتىدۇ ، دادامغا ئوخشاش چوڭ باشلىق بولىمەن ، بولمىسا ھازىر ماڭا ئوخشاش تېخنىكوم پۈتتۈر-گەنلەرگە چوڭ ئەمەل تەگمەيدۇ ، ھازىرقى جاھاندا ئەمەل ، ھوقۇ-قۇڭ بولمىسا كۆن كۆرەلمەيسەن ، قېيناتامنىڭ ئالدىدىمۇ ئابرۇ-يۇم بولمايدۇ··· » دېگۈدەك··· ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەلىمە-نىڭ كۆڭلى ئەسكى بولۇپ يىغلاپ تاشلاپتۇ : «توۋا ، ماۋۇ ئەنۋەر-گە نېمە بولغاندۇ ؟ دادىسىنىڭ مىجەزىنى تارتىپلا قاپتۇغۇ ، نەچچە زاماندىن نېمىشقا ئۇقماي يۈرگەندىمەن ، نېمە دېگەنبىلەن قان بىر بولسا ھامان تارتىپ كېتىدىكەن ـ دە ، ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟ مېنىڭ بىر ئۆمۈر ئىشەنگەن يۆلەنچۈكۈم بۇ كۆڭگە كەلگەندە مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتەرمۇ ؟ بار دۇنيادا بىر تال ئوغلۇمدىن ئايرىلسام

ماڭا بۇ دۇنيادا ياشىغانلىقىڭ نېمە مەنىسى قالدۇ ؟··· خەپ ، ياسىنجان ! ··· سىز ماڭا يەنە مۇشۇ كۇلپەتنى سالغىلى بۇ شەھەرگە كەلدىڭىزمۇ ؟ مەن نېمانچە شور پېشانە ؟··· » ھەلىمە پەرياد سېلىپ يىغلاش بىلەن ئويغىنىپ كەتتى···

ھەلىمە باياتىن كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېنىك ئۇھ تارتتى ، لېكىن خېلىغىچە كۆرگەن چۈشى كۆز ئالدىدىن نېرى بولماي پەرىشان بولۇپ ياتتى . ئۇ چۈشتە تاماق ئېتىۋېتىپمۇ خىيالىغا يەنە چۈشىدىكى ئىشلار كېلىۋالدى . «سەھەردە كۆرگەن چۈش راستقا ئايلىنىدۇ ، دەيدۇ . ئەنۋەر راستتىنلا مېنىڭدىن يوشۇرۇن دادىسى بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرگەنمىدۇ ؟··· ئۇ چوڭ ئانىسىغا بەك ئامراق ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ . چوڭ ئانىسى : ‹داداڭنى ئىزدەپ قويغىن ، ساڭا ھازىر پايدىسى تېگىدۇ › دېسە يۇمشاپ قالدىمىكىن ؟ ئەگەر شۇنداق ئىشلار بولسا قانداق قىلارمەن ؟··· نېمە دېگەنبىلەن ئۆز دادىسى ئەمەسمۇ ؟··· » ھەلىمە بىر - بىردىن ۋەھىمىلىك خىياللار بىلەن قايمۇقۇپ قولى ئىشقىمۇ بارمىدى . ئاخىرى تاقەت قىلالماي ئەنۋەرگە تېلېفون قىلىپ ، چۈشتە ئۆيگە كېلىپ تاماق يەپ كېتىشنى ئېيتتى . ئەنۋەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشتى .

ئۇ تاماقنى تەييار قىلىپ تۇرۇشىغا ئەنۋەر كىرىپ كەلدى . ھەلىمە ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ ، ئەتىگەندىن كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغان ئۆزگىرىشنى بايقىيالمىدى .

— قەيسەرجاننى ئالغاچ كەلسەڭ بولمامتى ؟ — دېدى ھەلىمە خاتىرجەم بولۇپ ،— ئۇ لەڭمەنگە بەك ئامراق ئىدى .

— ئۇنى ئاپىسى چوڭ ئۆيگە ئەكەتكەندى ،— دېدى ئەنۋەر .

— نېمە ، گۆلشەن بۇگۈن ئىشلىمىگەنمىدى ؟

— مىجەزى يوق ، دەم ئېلىۋاتقان···

— ئۇنداق يېرى بولسا مۇشۇ يەرگە باشلاپلا كەلمەي .

— سېنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىمىز ، دېسەممۇ بەرىبىر كەلمەيدۇ···

ھەلىمە ئوغلىنىڭ كەيپىياتىدىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغانلىقىنى سېزىپ بولدى . «شۇڭا چۈشلىرىم بۇزۇلغان ئىكەندە ؟ نېمە ئىش بولغاندۇ ؟ ياسىنجاننىڭ سەۋەبىدىن بىرنېمە دېيىشىپ قالغانمىدۇ ؟ بىلسەم - بىلمىسەم شۇنىڭ كاساپىتى... » ھەلىمەنىڭ كۆڭلى ساراسىمىگە چۈشتى . ئۇ ئەنۋەرنىڭ تاماق يەۋېلىشىنى كۈتۈپ گەپ - سۆز قىلمىدى .

— گۈلشەن بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ قالدىڭلارمۇ ؟— دەپ سورىدى ئەنۋەر تاماقتىن بېشىنى كۆتۈرگەن چاغدا .

— سەن نەدىن ئاڭلىدىڭ ؟ — ئەنۋەر ئىتتىك ئانىسىغا قارىدى ، — گۈلشەن دادلاپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ ؟

— گۈلشەن گەپ قىلمىدى ، ئەتىگەن چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەنسىلەر ،— دېدى ھەلىمە ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ،— نېمە بولدۇڭلار ؟

— ئانا ، بولدى سورىمىغىنا ، تايىنى يوق ئىش...

— نېمە ئىش بولسىمۇ مەن ئۇقاي ، بالام . مەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلىسەن ؟

ھەلىمە : «داداڭنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ؟ » دېمەكچىدى ، لېكىن تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن شۇ گەپنى چىقىرالمىدى .

ئەنۋەر ئاخىرى گۈلشەن بىلەن بولغان جېدەلنى ئەينەن ئېيتىپ بەردى . ھەلىمە بۇلارنىڭ ئۇرۇشىشىغا ياسىنجاننىڭ ئالاقىسى يوقلۇقىنى بىلىپ كۆڭلى ئىزىغا چۈشتى .

— ئۆز ۋاقتىدا ساڭا نېمە دېگەنىدىم ، بالام ،— دېدى ھەلىمە ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ،— باشلىقنىڭ قىزىنى ئالمىغىن ، كېيىن جاپا تارتىپ قالىسەن دېمىدىممۇ ؟ ئۇلار سىنىڭ بىلەن بىزنى ھامان ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈشمەيدۇ . مانا دېگىنىمدەك بولدىمۇ ؟... سەنمۇ ئۇ ئاسىيە دېگەن بىلەن نېمە گەپ قىلىشىپ يۈرەتتىڭ ؟...

— ئانا ، ئاسىيە ياخشى قىز ئىكەن ، چوڭ ئانام ئاغرىپ

بالىنستىتا ياتقان چاغدا شۇنداق ياخشى قارىدى .
— سەن ئۇنداق دېگەنبىلەن گۈلشەن باشقىچە چۈشىنىدۇ ، هازىر ئۇلار سېنى ئۆزلىرىدىن يۇز ئۆرۈۋاتىدۇ ، دەپ قاراۋاتقان گەپ ، سەن بىلمەيسەن ، بالام . توردى شۇجى بىلەن داداڭ دېگەن كونا رەقىبلەر ، ئۆز ۋاقتىدا بىر - بىرى بىلەن تېپىشىپ ، ئاخىرى داداڭ بۇ يۇرتتىن كېتىپ تىنچىغانىدى . هۆكۈمەتمۇ قېرىشقاندەك بۇ ئىككىسىنى يەنە بىر يەرگە ئەكېلىپ قويغىنىنى كۆرمەمدىغان ؟ تـۇردى شـۇجى شـۇ تاپـتا داداڭدىن زەربە يېسە ھەممىدىن ئاۋۋال سېنىڭـدىن كۆرىدۇ ، گـۈلشەن ئەنـە ئوچـۇق دەپتۇغۇ ؟...
— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن ، ئانا ،— ئەنۋەر بېشىنى چايقىدى ،— ئۇنچىۋالا ئەنسىرەپ كەتكۇدەك ئىش يوق ، مەنمۇ كىچىك بالا ئەمەسقۇ ، قانداق قىلىشنى ئوبدان بىلىمەن .
— گۈلشەننى قانداق قىلىمىز ؟ مەن بېرىپ باقايمۇ - يا ؟
— ياق ، سەن ئارىلاشما ، ئۆزى كېلىدۇ .
— يامانلىغان ئايالنىڭ ئۆزى كەلگىنى نەدە بار ؟... ئازراق قائىدىسىنى قىلمىساق بولمايدۇ ، بالام .
— ئانا ، ماقۇل دېگىنە ،— ئەنۋەرنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى ،— سېنىڭ دېگىنىڭمۇ توغرا ، گۈلشەننىڭ دادىسى چوڭ باشلىق ، ئۇ دادىسىنىڭ ئەمىلىنى پەش قىلىۋاتىدۇ ، بوپتۇ ، ئۇ پەش قىلىۋەرسۇن ، لېكىن بىزمۇ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئادەم ، ئەگەر بىزنى تەڭ كۆرمىگەن بولسا بوپتۇ ، شۇ ئەمەل بىلەن كۆڭلىنى خوش قىلىپ ئۆتسۇن ، مەن ئۆز ۋاقتىدا گۈلشەنگە ھەممە گەپنى ئوچۇق دېگەن ، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق گۇناھ قىلمىدىم ، لېكىن ئۇ مېنى ھاقارەت قىلدى ، ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئالدىغا تۆۋە قىلىپ بارسام بىزنى تېخىمۇ پەس كۆرمەمدۇ ؟...
— لېكىن ، بالام ، سەن قول سېلىپ قويۇپسەن ئەمەسمۇ ؟
— ئۇنى ئۇرغىنىم خاتا ، بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتى كەلگەندە

كەچۈرۈم سورايمەن، ئەمما ئۇنىڭغا سەۋەبچى بولغان گۈلشەن ئۆزى.

— شۇنداقمۇ دەيسەن، بالام، ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن چوڭ ئادەملەر، قەيسەرجاننىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئالدىغا بېرىپ قويايلى.

— ئانا، سەن خاتىرجەم بولغىنا، بۇ ئىشنى ئۆزۈم ھەل قىلىمەن.

— بالام، كونىلار: «ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن» دەپ بىكار ئېيتمىغان، ساڭا بىرەر پىشكەللىكنى تېپىپ بېرەمدىكىن، دەيمەن.

— ناھايىتى مەندىن ئالسا خاڭجاڭلىقنى ئالىدۇ، لېكىن، ئانا، مەن ساڭا دەپ قوياي، مەن سېنى ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا بويۇن ئەگدۈرمەيمەن...

ئەنۋەر خىزمەتكە ئالدىراپ كەتتى. ھەلىمە ئوغلىنىڭ ئاخىرقى گېپىدىن كۆڭلى تاغدەك ئۆسۈپ قالدى. ئۇ ئەنۋەرنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ دېگىنىنى قىلىدۇ. شۇڭا تۇردى ئوسماندەك ئادەممۇ ھازىرغىچە ئۇنىڭغا قاتتىق - يىرىك گەپ قىلىپ باقمىدى. كىچىك دېمەستىن بەزى ئىشلاردا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى. ھەلىمە باياتىن ئوغلىدىن: «داداڭنى كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سوراي دېدىيۇ، لېكىن ئەنۋەرنىڭ باشقىچە چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن ياسىنجاننىڭ گېپىنى قىلمايتتى. ياسىنجان ۋىلايەتكە ۋالىي بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە: «ئەنۋەر ئەمدى دادىسىغا قانداق قىلار؟» دېگەن ئەندىشە كىرىۋالدى ۋە ئەنۋەرگە بىلدۈرمەي كۆزىتىپ يۈردى. لېكىن، ئۇ ئوغلىنىڭ دادىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئۇقمىدى. «ياسىنجان قىزى ئاسىيەنى ئوتتۇرىغا سېلىۋاتامدۇ - يا؟ ھەممىسىلا ئاشۇ قىزنى ماختىشىدۇ، بۇ قىزنىڭ نېمە كارامىتى باردۇ؟

ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم بىر پاراڭلىشىپ كۆرسەم بولامدىكىن؟...»

ھەلىمە بىر - بىردىن چىگىش خىياللار، جاۋابسىز سوئاللار بىلەن قايمۇقۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. سوئاللار شۇنچىلىك كۆپ، شۇنچىلىك قالايمىقان ئىدى. ھەلىمە ئۆزىنى گويا يولمۇ يوق قاراڭغۇ بىر جاڭگالغا كىرىپ قالغاندەك، قانداقتۇر سۇرلۇك بىر كۆلەڭگە باش ئۇستىدە ئەگىپ، ئۆزىنىڭ ۋەھىمىلىك سايە-سىنى ئۇنىڭ يولىغا تاشلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولماي-دىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى غۇۋا، بەكمۇ غۇۋا ئىدى...

قورۇدا كىمدۇر بىرىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە بىر-دەمدىن كېيىن دالاننىڭ ئىشىكى بوشقىنا چېكىلدى. «كىمدۇ بۇ؟— ھەلىمە خىياللارنى نېرى قىلىپ ئورنىدىن تۇردى،— چۈشتىن كېيىن مەكتەپتە يىغىن بار دەۋاتاتتى، شۇنىڭغا چاقى-رىپ كىردىمۇ - يا؟...» ھەلىمە ئىشىك ئالدىغا كەلدى ۋە چاچلىرىنى بىرقۇر تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئۇ ئىشىكنى ئاچتىيۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، گويا چاقماق چېقىلىپ ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك چۆچۈپ كەتتى. ئىشىكتە ئۇ كۈتمىگەن مېھمان — ياسىنجان ۋالىي تۇراتتى. ھەلىمە بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ نېمە قىلارىنى بىل-مەي قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭغا كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە، ئالەممۇ غۇۋالىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ياسىنجان ۋالىينىڭ كۆزلە-رى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا سۇسقىنا بىر كۈلكە، ئىلتىجالىق بار ئىدى. ئۇنىڭ ساڭگىلاشقا باشلىغان ئې-غىز قاپاقلىرى لېپىلدەپ كەتتى.

— ھەلىمە، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟...

ياسىنجان ئۇن قاتتى. ھەلىمە بولسا بۇ تاسادىپىيلىقتىن تېخىچىلا ئېسىگە كېلەلمىگەنىدى. ئۇ گەپ قىلماقچى بولۇپ تەم-شەلدىيۇ، لېكىن گويا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بو-لۇپ ئۇنى چىقىمىدى.

— ئۆيگە كىرسەم بولامدۇ؟

ھەلىمە شۇ چاغدىلا ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى-دە:

— كىرىڭ...،— دېدى ئارانلا...

ياسىنجان ۋالىي بوشقىنا يۆتىلىپ قويۇپ سالماق قەدەم بىلەن ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. شۇ ھامان ئۆي ئىچىگە ھەلىمەگە تونۇش ۋە يېقىملىق بولغان بىر ھىد تارقالغاندەك بولدى. ياسىنجان ۋالىي مېھمانخانىغا كىرىپ سافاغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەلىمە بولسا تېخىچىلا دالاندا تەمتىرەپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ پۇت-قولى تىترەيتتى، ھودۇققىنىدىن ئاشخانىدىكى ئورۇندۇقنى ئۆرۈۋەتتى. «ۋاي، خۇدايىم! نېمە بولۇۋاتىمەن،— دەيتتى ئۇ پىرقىراپ،— ئۇ نېمىدەپ كەلگەندۇ؟... بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ؟...» ئۇ ئۆزىنى ئەستە بېسىۋېلىپ مېھمانخانىغا كىردى ۋە ئىشىك تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا «جۇغغىدە» بىر شېرىن تىترەك ئولىشىپ، يۈزلىرى ئوت كەتكەندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— ھەلىمە، قانداق تۇرۇۋاتىسىز؟ — ياسىنجان سەل خىرىلدىغان ئاۋازدا سورىدى.

— ياخشى...،— ھەلىمە بېشىنى كۆتۈرمەستىن دېدى.

— مېنىڭ كېلىشىمنى ئويلىمىغان بولغىيتتىڭىز-ھە؟

ھەلىمە گەپ-سۆز قىلمىدى. ئۇ ھەدەپ بارماقلىرىدا كوپتىسىنىڭ پېشىنى مىجىقلايتتى.

— ھەلىمە، — دېدى ياسىنجان سەل تۇرۇۋېلىپ،— تۇرمۇشتا ئويلىمىغان ئىشلار بولىدىكەن، ئۆتكەن ئىشلار كەتتى، مەن ئانا-بالا ئىككىڭلارنىڭ ئالدىدا قەرزدارمەن، ماڭىمۇ شۇ چاغدا ئامال يوق ئىدى. مەن بۇ يەردە تۇرغان بولسام قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ، بەزى ئادەملەرنىڭ تېپىكىنى يەپ يۈرگەن بولاتتىم، شۇڭا ئامالسىز سىلەرنى تاشلاپ كەتتىم. تەق-

دىرىمىز شۇنداق ئىكەن··· بىلىمەن ، سىز بۇ يىگىرمە يىل مابەي-
نىدە جىق جاپا ـ مۇشەققەتنى تارتتىڭىز ، ئەنۋەرنى بېقىپ چوڭ
قىلدىڭىز ، ئۇنى ئاز دەپ ئانامنىڭ ھالىدىنمۇ خەۋەر ئېلىپ تۇ-
رۇپسىز ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىد-
شىمنى بىلمەيۋاتىمەن··· مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قەرزدارمەن···

ھەلىمەگە ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتكەندەك بىلىندى ، تۇ-
يۇقسىزلا بىر كۆيدۈرگۈچى ئېقىم ئۇنىڭ تاپىنىدىن كىرىپ ۋۇ-
جۇدىنى جىغىلدىتىپ ئۆتتى ، كۆز چاناقلىرى ئېچىشىپ نەملەش-
تى . ئۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىپ يەرگە قارىۋالدى . ئۆي ئىچىنى
جىمجىتلىق باستى . شۇ تاپتىكى بۇ سۈكۈت شۇنچىلىك زىلزىلە-
لىك ، شۇنچىلىك ئېغىر ئىدى . ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ئۆكۈنۈشلەر ،
ھېسابسىز ئەپسۇسلىنىشلار ، چەكسىز پۇشايمانلار تۆكۈلۈپ
تۇرغاندەك ئىدى .

— تەقدىر شۇنداق ئىكەن··· ،— ھەلىمە ئاخىرى ئۈن قات-
تى . ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك ئاجىز ، زەئىپ چىقتى . ھەلىمە-
نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ياسىنجان ۋالىينىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك
بولۇپ ، يېنىك تىن ئالدى .

— قايسى كۈنى ئەنۋەرنى كۆرۈپ قالدىم ،— دېدى ياسىنجان
ۋالىي ئەمدى سەل جانلىنىپ ،— دوختۇرخانىغا ئانامنى يوقلاپ
كەپتىكەن···

— ئۇ چوڭ ئانىسىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ .

— ئانامۇ ئۇنى ئاغزىدىن پەقەت چۈشۈرمەيدۇ .

— ئەنۋەر سىزگە گەپ قىلدىمۇ ؟

ياسىنجان ۋالىي پۇشۇلدىغىنىچە بېشىنى چايقىدى :

— ماڭا قارىماي قويدى ، قارىغاندا ماڭا خېلى ئاچچىقى
باردەك قىلىدۇ .

— مىجەزى سىزنى تارتتى···

ياسىنجان ۋالىي «لەپ» قىلىپ ھەلىمەگە قارىدى ، ئۇنىڭغا

ھەلىمە شۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن كۆڭۈل سىرىنى ئىپادە قىلىۋاتـ.
قاندەك تۇيۇلدى .

— ھەلىمە ، مەن بىر ئىشقا ھەيران بولدۇم ، — دېدى ئۇ
گەپنى يۆتكەپ ، — تۇردى ئوسماننىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى
مەن دېمىسەممۇ ئوبدان بىلىسىز . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئەنۋەرنى
ئۇنىڭغا كۇيئوغۇل قىلىشقا يۈرىكىڭىز قانداق چىدىدى ؟

— ماڭا نېمە ئامال ؟— ھەلىمە ئەلەم بىلەن خۇرسىنـ.
دى ،— ئەنۋەرگە نەچچە كۈن يالۋۇردۇم ، يالغان بولسا ئانامدىن
سوراپ بېقىڭ ، ھەتتا تويۇڭغا قاتناشمايمەن ، دەپ باقتىم . لېكىن
ئۇ ئىككىسىنى زادىلا ئايرىيالمىدىم ، بۇمۇ تەقدىر ئىكەن...

— ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى قانداغىراق ؟

— ئىككىسى شۇنداق ئوبدان كېتىۋاتىدۇ ،— دېدى ھەلىمە
ۋە ياسىنجان ۋالىينى بىرەر گەپ ـ سۆز ئاڭلاپ قالدىمۇ ، دېگەنـ.
دەك ئىتتىك قاراپ قويدى . لېكىن ياسىنجان ۋالىي باشقا گەپ
قىلماستىن يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى . ئوتتۇرىغا
جىمجىتلىق چۈشتى . ھەلىمە ئەمدى ئۆزىنى توختىتىۋالغانىدى .
ئۇ يەر ئاستىدىن ياسىنجان ۋالىيغا سەپسالدى . ئۇنىڭ كۆزىگە
ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ چاچلىرى شالاڭلىشىپ ، پېشانىسى
تېخىمۇ كېڭىيىپ كەتكەندەك ، بۇرۇنقى چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىـ.
رى يوقاپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھارغىن ، سۇرلۇك كۆزلەر ئىگىلىـ.
گەندەك ، يۈزلىرىمۇ بوشاپ ساڭگىلاپ قالغاندەك كۆرۈندى . ئۇـ.
نىڭ تاماكا تۇتقان قولى بوشقىنا تىترەپ تۇراتتى . «ئۇنىڭغىمۇ
قىيىنلىق يېتىپ قاپتۇ...» دېدى ھەلىمە ئىچىدە .

— ھەلىمە ،— دېدى بىركەمدە ياسىنجان ۋالىي تاماكىنى
ئۆچۈرۈپ تۇرۇپ ،— ئۆتكەن ئىشلارنى تەرگەپ ئولتۇرۇشنىڭ
ھاجىتى يوق ، تەقدىر شۇنداق ئىكەن . مەن ئەسلىدە بۇ يۇرتقا
يېنىپ كېلەرمەن دەپ ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم ، تەشكىلنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەن ، بويسۇنماي بولمىدى ، ئامالسىز كەلـ.

دىم . مېنىڭ خىيالىمدا : «مۇشۇ پۇرسەتتە ئەنۋەرگە ئاتىدارچە-لىقنى يەتكۈزسەم ، بۇرۇنقى سەۋەنلىكىمنىڭ ئورنىنى تولدۇر-سام» دېگەن نىيىتىم بار ئىدى . شۇڭا كەلگەندىن بۇيان ئەنۋەرنى ئىككى قېتىم چاقىرتقانىدىم ، لېكىن كەلمىدى . قايسى كۈنى دوختۇرخانىدا كۆرۈپ گەپ قىلسام ناھايىتى قوپال تەگدى ، ئۇ-نىڭ بۇ قىلىقى ماڭا ئېغىر كەلدى . قانداقلا بولمىسۇن ، مەن ئۇنىڭ دادىسى ئەمەسمۇ ، ماڭا ئۇنچىلا قىلمىسا بولاتتى . سىزمۇ بىلىسىز ، مەن ھازىر ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ، جىق ئادەملەرنىڭ كۆزى ھازىر مەندە . ئۇ بۇنداق تەتۈرلۈك قىلسا جەمئىيەتتە بىر-مۇنچە سۆز - چۆچەك بولىدىكەن . بۇنىڭ تەسىرىمۇ ياخشى بولماي-دۇ ، مەن شەھەردىكىلەردىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقتىم ، خىزمەتتە ياخشى ئىكەن ، ئىناۋىتىمۇ بار ئىكەن ، مېنىڭ تەكلى-پىم بىلەن خاڭجاڭ بولدى··· ئۇ پەقەت مېنى «دادا» دەپ قويسا مەن ئۇنىڭ نېمە تەلىپى بولسا ئورۇنداپ بېرىشكە تەييار··· شۇڭا سىز ئۇنىڭغا گەپ قىلىسىڭىز ، بولامدۇ ؟···

ھەلىمە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدىكى ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى . بۇ كۆزلەر شۇنچە سەمىمىي ، غۇبارسىز ئىدى . ئۇنىڭ ھارغىن ، مۇڭ ئۆرلەپ تۇرغان كۆزلىرى سۈكۈت ئىچىدە ئىلتىجا بىلەن ھەلىمەگە تىكىلگەنىدى .

— ئەنۋەرگە مەنمۇ گەپ قىلىۋاتىمەن ، — دېدى ئۇ خۇرسى-نىپ قويۇپ ، — لېكىن ، مەن بايا دېگەندەك ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق ، ئۆز دېگىنىدىن ئاسان يانمايدۇ . مېنىڭچە ، سىزمۇ ئال-دىراپ كەتمىسىڭىز بوپتىكەن ، يىگىرمە يىللىق دەرد - ئەلەمنى بىر - ئىككى ئېغىز سۆز يۇيۇۋېتەلەمدۇ ؟ ! ئاستا - ئاستا ئېرىپ قالار···

ھەلىمەنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي ، ياسىنجان ۋالىي ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئېغىزلانغاندەك مىدىرلاپ قويدى . ئارىنى يەنە سۈكۈت باستى . ياسىنجان ۋالىي ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ سورىدى :

— بۇ ئۆيلەر يامانمۇ كونىراپ كېتىپتۇ، مەكتەپ يېڭى ئۆي سالمىغان ئوخشايدۇ - ھە؟

— نەچچە يىلدىن ئوقۇتۇش بىناسى سالىمىز، دەپ ئوقۇنقۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئېشىنالمىدى، ئەمدى شۇنىڭ يولىغا مېڭىۋاتىمىز، دەپ يۈرىدىغۇ؟

— بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقىلى ئۇزۇن بولدىمۇ؟

— ئون بەش يىل بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن...

— ئۇنداقتا، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆمرىمۇ توشۇپ قاپتۇ، ئەگەر ماقۇل دېسىڭىز مەن ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيىدىن ھەل قىلىپ بېرەي...

— ياق، ياق...،— ھەلىمە چۆچۈگەندەك بېشىنى چايقىدى، — مەن يالغۇز جان بولغاندىن كېيىن مۇشۇ ئۆيمۇ يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپنىڭ ئىچىدە، كىرىپ - چىقىشقىمۇ قولايلىق.

— ماڭا تېخىچىلا ئاچچىقىڭىز بار ئىكەندە - ھە؟

— ياق، نېمە ئاچچىقىم بولسۇن... تەقدىر شۇنداق ئىكەن...

ياسىنجان ۋالىي بىردەم تۇرۇپ كېتىپ سورىدى:

— ھەلىمە، نېمىشقا ھازىرغىچە تۇرمۇشلۇق بولمىدىڭىز؟

— مەن تۇرمۇشلۇق بولۇپ كۆرۈپ بولغان، — دېدى ئۇ چەتكە قارىغىنىچە، — يەنە قوشلاپ دەرد تارتقۇم كەلمىدى. مېنىڭ كۆڭلۈم ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغان...

ياسىنجان ۋالىي ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئەمدى پاراڭمۇ تۈگىگەن ئىدى. ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ماقۇل، ھەلىمە،— دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ،— چۈشتىن كېيىن يىغىن بار ئىدى، مەن قايتاي...

— قورۇقلا چىقمىدىغان بولدىڭىز...

— مېنى كەچۈرۈڭ، ھەلىمە،— دېدى ئۇ ئوڭايسىزلانغان-

دەك بولۇپ ،— ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار-مەن...

— بولدى ، بۇ گەپلەرنى دېمەڭ ، ئۆتكەن ئىشلار كەتتى...

— سىزگە رەھمەت !...

ياسىنجان ۋالىي شۇنداق دېدى ـ دە ، سالماق مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ھەلىمە دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى . ھەلىمە شۇ چاغدىلا «ئۇھ» دېدى ، ئۇ ھېلىلا يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يۈرىكى داۋالغۇپ كەتتى ، پۇت ـ قولىدا جان قالمىغاندەك بوشىشىپلا كەتتى . «توۋا ، ئەتىگەن كۆرگەن چۈشۈم راستىقا چىقتى دېسە ؟ ! مېنىڭ ماۋۇ تۇرقۇمنى كۆرۈپ نېمىدەپ قالغاندۇ ؟ نېمە دېسە دېمەمدۇ ؟ ماڭا نېمىستى ؟... ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دەپ كەتتىم ؟... ئۇنى كۆرۈپ ئەجەب بوشاپ كەتتىمما ؟ ئالدىمغا كەل-گەن چاغدا يۈرىكىمدىكى ھەممە دەردلىرىمنى چىقىرىۋالسام بول-ماتتى ؟ يىگىرمە يىلدىن بۇيان نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم ، يۈرە-كىم قان ـ زەرداب بولۇپ كەتكەن ئىدىغۇ ؟ ئۇنىڭ قىلغانلىرى ئۈچۈن يۈزىگە تۈكۈرۈپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقساممۇ ئەنتىم چىقـ-مايتتىغۇ ؟ توۋا ، مەن بالام ئەنۋەرچىلىك بولالمىدىم ، ئۇنىڭ ئالدىدا بوشاڭلىق قىلدىم ، ‹مېنى كەچۈرگىن › دېگەن بىر ئېغىز گېپىگە ئېرىپ كەتتىم ، مېنىڭ بىر ئۆمۈر تارتقان كۈلپەتلىرىمگە بەرگەن جاۋابى شۇ بولدى ـ ھە ؟... مېنىڭ ياشلىقىم ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم قېنى ؟... ھەممىسى ئاشۇ ۋاپاسىز ئادەمنىڭ كاساپى-تىدىن بەربات بولدى ، بۇنىڭ ھېسابى يوقمۇ ؟... لېكىن مەن نېمە قىلالايمەن ؟ مىڭ تىللاپ ـ قارغىساممۇ ئۆتكەن ئىشلار ئورنىغا كېلەمتى... بۇ جاھاندا بىر ئادەمنىڭ بەختى يەنە بىرىنىڭ پاجىئە-سى ئۈستىگە قۇرۇلىدىكەن ، بوپتۇ ، ئاشۇ بولسىمۇ بەختلىك بولسۇن ، مېنىڭ پېشانەمگە يېزىلغىنى مۇشۇ تۇرمۇش ئىكەن ، مۇشۇنىڭغىمۇ شۈكۈر... »

ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ ئۆيگە قوشنىسى خالىدە ھودۇققان
ھالدا كىردى . تۇرقىدىن پەۋقۇلئاددە بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ كىر-
گەندەك ئىدى . مەكتەپ مۇدىرى جاپپارنىڭ ئايالى بولغان خالىدە
ھەلىمەنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئىدى…
— ئۆيۈڭگە كىم كەلدى ؟ — خالىدە ئالدىراپ سورىدى .
— نېمە بولدى ؟
— راست گېپىڭنى قىلە ، ھېلى يولدا بىرىنى كۆرۈپ قال-
دىمغۇ ؟
— كىمنى كۆردۇڭ ؟
— بوش خوتۇن ئەمەسكەنسەن جۇمۇ سەن ، — خالىدە ئۇنى
نوقۇپ قويدى ،— ئۇ نېمىدەپ كەپتۇ ؟…
ھەلىمە دوستىدىن يوشۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بى-
لىپ ، ياسىنجان بىلەن بولغان گەپلەرنى قىسقىچە ئېيتىپ
بەردى .
— سېنىڭدىن ئەپۇ سوراپ كەپتۇ ـ دە ؟… تازا دېسەڭ
بولمامتى ، مەن بولغان بولسام تىللاپ قوغلاپ چىقىراتت-
تىم ، شۇنىڭغا قارىغاندا يەنە بىر يەرلىرىڭ تارتىشىدىغان
ئوخشايدۇ ـ دە…
— نەدىكى يوق گەپنى قىلمىغىنا…
— «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ » دېگەن گەپ بار ، كىم
بىلىدۇ ، سىنى مۇنداق چېكىپ باققىلى كەلدىمۇ ؟
— تۇزۇك گەپ قىلغىنا ، ئاداش…
— ھازىرقى ئەرلەرنى ھېچ نەرسە دەپ بولمايدۇ جۇمۇ !
ئاڭلىسام ، ئاۋۇ ئارتىس خوتۇننى بەك ھازازۇل دەيدۇ ، ئۇنى
تويغۇزدىمۇ كىم بىلىدۇ ، شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا ۋالىينىڭ
خانىمى بولۇپ قېرىغان چېغىڭدا راھەت كۆرەتتىڭ .
— ھەي ، خالىدە ، بىكار تىللىشۇەتمەي جۇمۇ !
— مەن سېنىڭ ئورنىڭدا بولغان بولسام ئۇلارنىڭ ئۆيىنى
بۇزاتتىم ، راست ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇمۇ سېنىڭ ئۆيۈڭنى بۇزغاندى-

كىن سەن بۇزساڭ نېمە بوپتۇ ؟ ئۆتنە ئالەم دېگەن شۇ… ھازىرقى كۈندىچۇ ، بوش تۇرساڭ زىيان تارتىدىغان جاھان ، بۇدا كەلسە مېنى چاقىرغىنا ، تومۇرىنى بىر تۇتۇپ باقاي…

— ماقۇل ، گېپىڭ تۈگىدىمۇ ؟

— ۋىيەي ، ماۋۇ يۈزسىزنى ، ۋالىينى كۆرۈپ ھال پەيدا بولغىلى تۇردىمۇ نېمە ؟

— مۇشۇ گەپنى يەنە دەيدىغان بولساڭ ئاغزىمنى بۇزىمەن .

— ماقۇل خېنىم ، ماقۇل ، — خالىدە ئۇنى ئەركىلىتىپ دېدى ، — ئۆيىنىڭ گېپىنى قىلدى دېدىڭمۇ ، سەن نېمە دېدىڭ ؟

— مەن نېمە دەيتتىم ، رەھمەت ، ئاۋارە بولماڭ دېدىم .

— ھەي ، ئەخمەق ، مەكتەپكە بىنا سالىدىغان پۇل ھەل قىلىپ بېرىڭ دېسەڭ بولمامدۇ ؟ جاپپار بىچارە نەچچە يىل بولدى ھەل قىلالماي يۈرىدۇ ، ۋالىيلار ئۇچۇن ئاغزىنىڭ يېلى ، سېنىڭ باھانەڭدە بىنا ئۆيگە ئېرىشىپ قالالتۇق ئەمەسمۇ ؟

— قويغىنا ، ئاداش ، مۇشۇ ئۆيلىرىمىزمۇ بىر ئوبدانغۇ ، ئۇنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىمىز ؟

— يەنە شۇنى ئاياۋاتىسەن ـ ھە ؟… توۋا ، مەن سېنىڭدەك ئەخمەق خوتۇننى كۆرمەپتىكەنمەن ، مۇشۇنداق ئولتۇر !— خالىدە ئۇنى يەنە بىردەم ئەيىبلەپ بولۇپ چىقىپ كەتتى .

ھەلىمە ئويلىنىپ قالدى : «خالىدە دېگەندەك مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسىغا ياردەم قىلىڭ دېسەم بولماسمىدى ، لېكىن ئايالى ئۇقۇپ قالسا ئۇنىڭغا بىرمۇنچە خاپىچىلىق تېرىپ بېرەر ، … بۇدا كۆرسەم دەپ باقايمىكىن ؟…»

ھەلىمەنىڭ كاللىسى بۇگۈنكى يولۇققان ئىشلاردىن ئىلىشىپ كەتتى .

## 14

يېقىندىن بۇيان يۈز بەرگەن ئىشلار قايىر ھاجىمنى زىيادە خۇش قىلىۋەتتى . ئۇ ياسىنجان ۋالىينىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن

سەنئەت ئۆمەكنىڭ ئىككى مىليونلۇق قۇرۇلۇشىنى قولغا كەل-
تۈردى . ئەلۋەتتە ، بۇنىڭ رەھمىتى ئۈچۈن ئۇ چىمەنگۈلنىڭ
ئالدىغا نەق يۈز مىڭ يۈەننى قويدى . قايىر ھاجىم ھېسابلاپ
كۆردى . ئۇ ھەممە چىقىملارنى قوشقاندىمۇ بۇ قۇرۇلۇشتىن ئۈچ
يۈز مىڭ يۈەن نەق پايدا كۆرىدىكەن... ئادىلجان بىلەن قىلىنۋاتقان
پاسپورت سودىسىمۇ ياخشى يۈرۈشۈۋاتىدۇ . ئۇ بىر تېيىن دەسمايە
سالماستىنلا ، ئىككى ئايدىن بۇيان قىرىق مىڭ يۈەن كىرىم
قىلدى . ھاجىم ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم بولغىنى ياسىنجان
ۋالىينىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىۋال-
غانلىقى بولدى . ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەرقانداق پايدىدىنمۇ قىممەت-
لىك ئىدى . «ياسىنجان ۋالىي ۋىلايەتتىكى ئەڭ چوڭ ھوقۇقدار ،
ئۇ كېلە ـ كەلمەيلا تۇردى ئوسماننىڭ ئادەملىرىنى يىقىتقىلى
تۇردى . قارىغاندا ، قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ ،
ھازىرقى كۈندە ھوقۇق ھەممىنى ھەل قىلىدۇ ، ھوقۇق دېگەن
ۋاقتى كەلگەندە سېنى بايلىق بىلەن كۆمۈۋېتەلەيدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭ
بىلەن قارشىلىشىپ قويساڭ سېنى بىر كۈندىلا ۋەيران قىلىۋېتە-
لەيدۇ . نەچچە يىللاردىن تۇردى ئوسمان ماڭا نېمە كۈنلەرنى
كۆرسەتمىدى ، ئۇنىڭ دەستىدە يۇرتنى تاشلاپ كەتكۈدەك يەرگە
كەلدىم ، ئاھ ـ زارىم ياراتقان ئىگىسىگە يەتكەن چېغى ، بۇ يەرگە
ئۇنىڭ كۈشەندىسى بولغان ماۋۇ ئادەمنىڭ ۋالىي بولۇپ كەلگىنىد-
نى دېمەمدىغان . مۇشۇ ئادەمنىلا ئۆزۈمگە باغلىۋالسام پۇل ، پايدا
دېگەن ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىۋېرىدۇ ، يولۇم ئېچىلىدۇ . شۇنىسى
بۇ ئادەم باشقا باشلىقلاردەك ئايالىلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدىكەن
... ياكى ئاۋۇ ئارتىس خوتۇندىن قورقامدىكىن ؟... لېكىن ئايالغا
قىزىقمىغان بىلەن پۇلنىغۇ ياق دېمەيدۇ ، مەن قارىسام چىمەنگۈل-
نىڭ نەپسى ھەممىدىن يامانەك قىلىدۇ ، ئۇنى بىزنىڭ نۇرىمان
توغرىلايدۇ ، ھازىرمۇ ئوتتۇرىغا قىل سىغمايدىغان دوستلاردىن
بولۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ ، بۇمۇ كەلگەن يېرى . چىمەنگۈل بىلەن

ئادىلجاننى مەھكەم باغلىۋالساق ۋالىيمۇ نەگە باردۇ؟...»

قايىر ھاجىم شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ نۇرىمانغا مەسلىھەت سالدى:

— ۋالىينىڭ ئۆيىگە پەتمۇ قىلدۇق، ئەمدى بىر چاقىرىۋالساق بولار، — دېدى ئۇ، — ئاڭلىسام باشقىلار نەچچە قاتاردىن چاقىرىشىپتۇ، بىزنى نېمانداق بىلىشى يوق ئادەملەر، دەپ قالمىسۇن...

— مەنمۇ شۇنى دەي دەۋاتاتتىم، — دېدى نۇرىمان ماقۇللاپ، — چىمەنگۈلمۇ قايسى كۈنى پۈرىتىپ دەۋالدى...

— نېمە دەيدۇ؟

— «خەقلەر سىلەرنىڭ ئۆيىنى بەك كاتتا دەيدۇ، كۆرەرمىز» دەيدۇ.

— بۇ گەپچە، ئۆيگە چاقىرساق بولىدىكەن - دە؟

— شۇنداق قىلمىز - دە! چىمەنگۈلنىڭ دېيىشىچە، ياسىنجان ۋالىينىڭ رېستوران بىلەن خۇشى يوقمىش...

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىغان، ئۇنداقتا ئۇلارنى يالغۇزلا چاقىرغىلى بولماس، باشلىقلاردىن بىرقانچىسىنى قوشۇپ قويساق بولار؟

— ۋالىي بەك ئېھتىياتچان ئادەمدەك قىلىدۇ، — دېدى نۇرىمان، — ئەگەر خۇشى يوق ئادەملەرنى چاقىرىپ قويساق رەنجىپ قالامدىكىن دەيمەن.

— ئۇنداقتا چىمەنگۈلدىن سوراپ باقامسىلىيا؟

— چىمەنگۈل ئىككى گەپنىڭ بىرىدە تۇرغۇن شىجاڭنىڭ تەرىپىنى قىلىدۇ، مېنىڭچە باشقىلارنى قويۇپ شۇلارنى ئەر - خوتۇن ئېيتىپ قويايلى.

تۇرغۇننىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ قايىر ھاجىمنىڭ يۈرىكى ھەرە چاققاندەك چىمىلداپ كەتتى. «نېمە دەيدىكىن دېسەم، يەنە شۇنى دەۋاتقىنىنى... تۇرغۇننى بىر كۈن كۆرمىسەك چىدىمايسەنغۇ سەن

بۇزۇق ،— قايىر ھاجىم ئىچىدە نۇرماننى مىڭنى تىللىدىيۇ ، لېكىن «ياق ، دېيىشكە جۇرئەت قىلالمىدى ،— بوپتۇ ، ۋالىينى باغلىۋالغۇچە ماقۇل دەپ تۇراي ، سېنىڭ بىلەن خۇدايىم بۇيرۇسا ھېسابنى كېيىنچە قىلىشىۋالارمىز...»

— مەن قارىسامۇ ، ۋالىي تۇرغۇن شىجاڭ بىلەن يېقىن ئىكەن ،— دېدى ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مەھەللىلىك... نېمە تاماق قىلساق بولار؟ ۋالىي نېمىنى ياخشى كۆرىدىغاندۇ؟

— چىمەنگۇل بىزنىڭ ئۇ ئادەم نارىنغا ئامراق ، ئىككى كۈننىڭ بىرىدە نارىن ئېتىڭلار دەپ تويغۇزۇۋېتىدۇ ، دەۋاتاتتى . بىرىنچى تاماقتا شۇنى قىلساق بولامدىكىن؟

— ئۇنداق بولسا قادىر مەنجاڭنى ئەكېلەي ، نارىن دېگەندىن گۇل چىقىرىۋېتىدۇ ،...

ئەتىسىدىن باشلاپ قايىر ھاجىمنىڭ ئۆيىدە مېھماننىڭ ھا- زىرلىقى باشلىنىپ كەتتى . نۇرمان بىرقانچە تونۇش ئاياللارنى چاقىرىپ كېلىپ ئۆينىڭ ھەممە نېمىلىرىنى يۇيۇپ دەزمال سال- غۇزدى ، گىلەملەرنى قاقتۇردى . دېرىزىگە تارتقان كونا پەردىلەر- نى ئېلىۋېتىپ ئورنىغا دۇكىنىدىكى تۇركىيىنىڭ ئېسىل پەردىلى- رىنى ئەكېلىپ ئاستۇردى . ئۆي يېڭى بىر ئىسكەتكە كىردى . مېھمان كېلىدىغان كۈنى ھويلا - ئارامدىن تارتىپ چوڭ كوچىغى- چە يولنى سۈپۈرگۈزۈپ سۇ چاچقۇزدى . نۇرمان ھەممە ئىشلارنى ئۆزى تۆپىدە تۇرۇپ تەكشۈرۈپ يولىيورۇق بېرىپ تۇراتتى . چۈش بولاي دېگەندە كوچىنىڭ ئاغزىغا تۇرغۇزۇپ قويغان كىچىك ئوغلى يۈگۈرگىنىچە كېلىپ خەۋەر قىلدى :

— كېلىۋاتىدۇ ،— دېدى ئۇ ھاسىرىغىنىچە .

قايىر ھاجىم بىلەن نۇرمان بۇنى ئاڭلاپ كوچىغا قاراپ يۈگۈردى . دېگەندەك ، تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان تار يولدا ۋالىداپ كۆز چاقنىتىپ بىر قارا پىكاپ لەرزان چايقىلىپ كېلى-

ۋاتاتتى ، ئۇنى كۆرۈپ قايىر ھاجىمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن ئاغزى-
غا تىقىلغاندەك بولدى . بۈگۈن قايىر ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كېلىدى-
غان مېھماننى كۆرگىلى قولۇم - قوشنىلارمۇ خېلى يىغىلغاند-
دى . قايىر ھاجىم ئۇلارغا قاراپ : «قاراڭلار ، مېنىڭ ئۆيۈمگە
قانداق ئادەم كېلىۋاتىدۇ ، كۆرۈپ قويۇڭلار !» دېگەندەك مەغ-
رۇرلۇق بىلەن كېرىلىپ قويىدى . دەرۋەقە ، ئۇ مۇشۇ كۈننى
كۈتكىلى ئۇزاق بولدى . ئۆز ۋاقتىدا بۇرۇنقى ۋالىينىمۇ مېھمانغا
چاقىرىپ باقتى ، لېكىن ئۇ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە دەسسىمەي قويىدى .
ھاجىمغا تۈزۈككىنە نەپمۇ بەرمەي كەتتى .بۈگۈن بولسا يېڭى
ۋالىي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتىدۇ ، ئامەت ، ئىستىقبال كېلىۋاتى-
دۇ ، شۇڭا ئۇ خۇش بولماي كىم خۇش بولسۇن...
ماشىنا دەرۋازىغا يېقىن كېلىپ توختىدى . قايىر ھاجىم
يۈگۈرگەندەك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى :
— ھارمىغايلا ، ۋالىي ،— دېدى ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ ۋە
قولىنى ئۇزىتىپ بولۇپ چۆچۈپ كەينىگە داجىدى . ئىشىكتىن
ۋالىي ئەمەس ، بەلكى توزدەك ياسانغان چىمەنگۈل چىقىۋاتاتتى .
ھاجىمنىڭ بۇرنىغا ئەتىرنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى «گۈپپىدە» ئۇرۇ-
لۇپ ، بېشى «پىررىدە» قايغاندەك بولدى ۋە نېمە قىلارىنى بىلمەي
قالدى . ئاڭغىچە نۇرىمان يېتىپ كېلىپ چىمەنگۈل بىلەن قۇچاق-
لىشىپ كۆرۈشتى . ئۇنىڭ كەينىدىن ۋالىينىڭ يوغان بېشى ئى-
شىكتە كۆرۈندى .
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ۋالىي... ،— قايىر ھاجىم سېمىز-
لىكىگە باقماي چاققان ھەرىكەت بىلەن كېلىپ ۋالىينىڭ قولتۇقىد-
دىن يۆلىدى ،— قەدەملىرىگە ھەشقاللا... يولىرىمىز ئەسكى-
رەك ، ئاۋارىچىلىك تارتىپ قاللىلىمىكىن ؟...
— ياق ، ياق... ،— ياسىنجان ۋالىي ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ
دېدى ،— ئۆيۈڭلار ھاۋالىق يەردە ئىكەن... شۇنىسى يول كونا
پېتى ئىكەن...

— ھەر يىلى قۇرۇلتايدا پىكىر قىلىمىز ، لېكىن شەھەرنىڭ ئىلگىرىكى باشلىقلىرى بۇ مەھەللىگە كۆڭۈل بۆلمەيلا كەلدى ، يول ياساشقا بەرگەن پۇللار «ئاۋات»قىلا ئېقىۋاتىدۇ ، «ئاۋات» قا بېرىپ باقتىلىمىكىن ، ئەترەتلەرگىچە ئاسفالت يول بولۇپ كەتتى...

ياسىنجان ۋالىي ھاجىمنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

— «بوستان»لىقلار ئەمدى سىلىگە ئۈمىد باغلاۋاتىدۇ ،— دېدى قايىر ھاجىم تېخىمۇ قىزىشىپ ،— خۇدايىم بۇيرۇسا...

— ھاجىم ،— نۇرىمان ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى ، — ۋالىي بۈگۈن يولنى تەكشۈرگىلى چىقمىدى ، نەدىكى گەپنى قىلماي ۋالىينى ئۆيگە باشلىسىلا !...

— ئەپۇ قىلسىلا ، ۋالىي ،— قايىر ھاجىم ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ئېگىلدى ،— قېنى ، ئۆيگە كىرىلى !...

قايىر ھاجىم ۋالىينىڭ ئوڭ يېنىدا ئۇششاق چامداپ ئۆيگە ماڭدى . دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بۆلارغا قىزىقىش ، ھەۋەس بىلەن قارىشىپ تۇرغان قولۇم ـ قوشنىلارغا : «قاراڭلار ، مەن كىم بىلەن قاتار كېلىۋاتىمەن ، قايىر ھاجىمنى تونۇپ قويۇڭلار» دېگەندەك ئەتراپقا مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ ـ قاراپ قوياتتى . قورۇغا كىرىپ ۋالىي ھەيران بولدى . دەرۋازىدىن تارتىپ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغىچە قىپقىزىل پاياندار سېلىنغانىدى . ياسىنجان ۋالىي پاياندار ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئۆزىنى سەھرادىكى مېھماندارچىلىققا ئەمەس ، بەلكى كاتتا مۇراسىمغا ماڭغاندەك ھېس قىلدى .

قايىر ھاجىم مېھمانلارنى يۇمشاق سافالار بىلەن تولغان ئازادە مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىپ تۆردىن ئورۇن كۆرسەتتى .

— بۈگۈن ئۆزلىرىنى ئازادە ئولتۇرۇپ كەتسۇن دەپ باشقىلارنىمۇ چاقىرمىدۇق ،— دېدى ئۇ تۆۋەندە قول باغلاپ تۇرۇپ ، — پەقەت تۇرغۇن شىجاڭنى ئېيتىپ قويدۇم ، بوپتۇمۇ ؟

— تۇرغۇن شىجاڭ كەلمەيتتىغۇ ؟
— ئالدىلىرىدا تېلېفون قىپتىكەن ، «بىر يىغىن بوپقالدى ، بېشىمنى تىقىپ قويۇپلا بارىمەن » دېدى… كېلىپمۇ قالغان ئوخشايدۇ ،— دېدى قايىر ھاجىم ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ سىرتقا ماڭدى .
ھايال ئۆتمەي شەھەر باشلىقى تۇرغۇن ئايالى خەلچەم بىلەن كىرىپ كەلدى . چىمەنگۈل كۈرۈشۈش ئارىلىقىدا تۇرغۇن بىلەن نۇرىماننىڭ تۇيدۇرماي بىر - بىرىگە مەنىلىك بېقىشقانلىقىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى . چاي ئىچىش جەريانىدىمۇ چىمەنگۈلنىڭ كۆزى ئۆينىڭ نەقىشلىرى ، دېرىزىگە تارتىلغان پەردىلەر ، تامنى بىر ئالغان ئەينەك ئىشكاپتىكى كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان لوڭقا ، خرۇستال بۇيۇملاردا بولدى . ئۇ ئارىلاپ ياسىنجانغا ئۇنى - بۇنى كۆرسىتىپ پىچىرلاپ قوياتتى . چاي بىرەر قۇر ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن ، چىمەنگۈل تاقەت قىلالماستىن دېدى :
— ھاجىم ، ياسىنجان ئۆيلەرنى كۆرۈپ باقساق بولارمۇ دەۋاتىدۇ ؟
شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغان قايىر ھاجىم يايراپ كەتتى .
— مەرھەمەت ، مەرھەمەت… ،— دېدى ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ ، — شۇنىسى ، بۇ ئۆينى ئۆز ۋاقتىدا ئالدىراپلا سېلىپ قويغان ، ۋالىيغا كۆرسەتكۇدەك يېرى يوقتى .
— ھاجىم مال - دۇنيانى ۋالىي كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەۋاتامدۇ نېمە ، نۇرىمان ؟— تۇرغۇن شۇنداق دەپ نۇرىمانغا قاراپ كۆز قىسىپ قويدى .
— ھاجىمنىڭ نېمە مال - دۇنياسى بولسۇن ؟ — دېدى نۇرىمان ناز بىلەن كۈلۈپ ، — ھازىر بۇ ئۆيلەردىن چاشقان يامانلاپ چىقىدۇ .
— نۇرىمان راست دەيدۇ ،— دېدى ھاجىم دەرھال ،— قۇرۇق تام دېسىلە ، شۇندىسى ئازراق ھۇنەرنى چىقىرىپ قويدۇق…

— شەھەردە سىلىنىڭكىدەك ئۆي ھېچكىمدە يوق ،— شەھەر
باشلىقى تۇرغۇن ئۇنى ماختاپ قويدى ،— ئۆيۈڭ بارمۇ دېسە بار
دېگۈدەك ئۆيلىرى بار جۇمۇ !

ماختاشلاردىن بايراپ كەتكەن قايىر ھاجىم مېھمانلارغا ئۆي-
لىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . ھەربىر ئۆينىڭ لايىھىلىنىشى ،
ئۆلچىمى ، ئۇنىڭغا ئىشلەتكەن ماتېرىيالنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرى-
سىدا تەپسىلىي سۆزلەپ ماڭدى .

— باشتىكى خىيالىمدا ئۆينى ئىككى قەۋەت قىلىپ سالماق-
چى بولىغان ،— دېدى ئۇ ئۆيلەرنى ئايلىنىپ چىققاندىن
كېيىن ،— ئۇ چاغدا قولىمىز سەل قىسقا بولۇپ قالدى ، ھازىر
شۇنداق سالمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن…

— ھاجىم مۇشۇ ئۆيگە قانچە كەتتى ؟— چىمەنگۈل ئالدىراپ
سورىدى .

— ئۇنى ئىنچىكىلەپ ھېساب قىلىپ باقمىدۇق ، ئالدى -
كەينى بولۇپ تۆت يۈز مىڭ بىلەن پۈتكەن بولدىغۇ .

— ھاجىم يەرگە پۇل خەجلىمىدى ،— دەپ شەھەر باشلىقى
تۇرغۇن گەپ قىستۇردى ،— ماتېرىياللارنىمۇ سېلىۋاتقان قۇرۇ-
لۇشلاردىن قايىرىدۇ ، شۇڭا ئەرزان توختىدى - دە . ئەگەر بىز
سالساق ھەرگىز ئۇ پۇلغا پۈتمەيدۇ ، شۇنداقمۇ ھاجىم ؟

— ھەرقايسىلىرى ئۆي سالىدىغان ئىش بولسا ، بولدى ،
قولىمىز كۆكسىمىزدە . بۇنىڭدىن كاتتا قىلىپ سېلىپ بېرەت-
تۇق .

ھەممەيلەن شۇ ھامان ياسىنجان ۋالىيغا قارىدى . باياتىن
ھاجىمنىڭ ئۆيىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاۋاتقان چىمەن-
گۈل ئېغىز ئاچتى :

— ياسىنجان ، بىرنېمە دەڭا ؟

ياسىنجان ۋالىي گويا بۇ گەپلەر ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىزدەك :

— بىزنىڭ ھۆكۈمەت بەرگەن ئۆيۈمىز تۇرسا ، يەنە زېمىن

قىلىپ نېمە قىلىمىز؟— دېدى بېشىنى چايقاپ .
— ئۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيى ، — چىمەنگۈل تەرىنى تۇردى ،— ئۇنىڭ ئۈستىگە باش پاتسا پۇت پاتمايدىغان كاتەكتەك ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىمىزمۇ ؟
— چىمەنگۈل خانىم توغرا دەيدۇ ،— قايىر ھاجىم دەرھال ئۇنى قۇۋۋەتلىدى ،— زېمىن دېگەن ئالتۇن قوزۇق دېسىلە ، سىدىلى دېگەن مۇشۇ يەرلىك . شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان زېمىنلىرى بولمىسا نامىلىرىغىمۇ لايىق ئەمەس ، ۋىلايەتتە جىقلىرىنىڭ سېلىدۇرۋالغان زېمىنلىرى بار .
— تۇردى ئوسمانىنىڭ بارمۇ ؟
— بولمامدىغان ، ئاۋاتتا كاتتا زېمىنى بار ، ئاگىلسام گۈلباغدىمۇ بىر ئۆيى بار دەيدۇ .
— ئالدىنقى يىلى «بوستان»دىنمۇ ئۆيلۈك يەر بەرسەگلار دەپ چىققانىدى ، لېكىن بىز بەرگەن يەرنى ياراتماي قويىدى ،— دېدى شەھەر باشلىقى تۇرغۇن .
— نېمىدەپ ياراتمىدى ؟
— «شەھەرگە يىراق ئىكەن» دېدى . شۇ ئىش توغرۇلۇقمۇ ماڭا قاتتىق پىكرى بار تۇردى شۇجىنىڭ...
ياسىنجان ۋالىي چۆشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى .
— ھازىر ،— دېدى ئۇ ،— پارتىيە كادىرلارنىڭ يېزىلاردىن يەر ئېلىپ زېمىن سېلىشىنى قاتتىق چەكلەۋاتىدۇ .
— سىز ئۆي سالسىڭىز سىياسەتكە خىلاپ ھېچقانداق يېرى يوق ، — دېدى چىمەنگۈل ئېرىنىڭ گېپىنى ياراتماي ، — ھاجىم دېگەندەك سىز مۇشۇ مەھەللىلىك ، ئۆز ۋاقتىدا «بوستان»دا ئىشلىگەن ، شۇنداقمۇ ، تۇرغۇن شىجاڭ ؟
— توغرا... ،— دېدى شەھەر باشلىقى تۇرغۇن ،— سىلىنىڭ پرىنسىپقا تامامەن چۈشىدۇ ، ئەگەر ئۆي سالىدىغان نىيەت بولسا نەدىن دېسىلە ھەل قىلىپ بېرەيلى...

«سەن ھىلىگەرنىڭمۇ خىيالىڭنى بىلىپ بولدۇم ،— قايىر ھاجىم شەھەر باشلىقى تۇرغۇننىڭ چىمەنگۇلنى قىزغىن قوللاپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئۆزىچە مەنە بەردى ،— ھەرقاچان ، ۋالىينىڭ باھانىسىدا ئۆزۈڭگىمۇ زېمىنلىق ھەل قىلاي دەۋاتىسەنغۇ ؟ زېمىنغا تويمايدىغان تۇلكە… بوپتۇ ، ماڭىمۇ ئوقەت چىقىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ ، ماڭىمۇ يەر تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس… » قايىر ھاجىم مېھماندارچىلىق تۇگىگۇچە ئۆينىڭ گېپىنى قىلىپ ئۇلارنى قىزىتتى…

كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چىمەنگۇل ئۆينىڭ گېپىنى يەنە تەشتى :

— ھازىرچۇ قاراڭ ، ئېپى بار خەقلەر ئۆزىنى غەملىگىلى تۇردى ، — دېدى ئۇ ، — بۇگۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىز ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ بۇ ئۆيىمىز نېمە؟ ئادەمنىڭ نومۇسى كېلىپ قالىدىكەن ، ۋالىي دېسە ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىغا چىقىسىز ، ئولتۇرغان ئۆيىڭىز ماۋۇ… قولىڭىزدا ھوقۇقنىڭ بارىدا قىلىۋالغىنىڭىز قالىدۇ . بۇ ۋالىيلىق سىزگە مەڭگۇلۇك ئەمەس ـ دە ! ئەتە ـ ئۆگۈن پېنسىيىگە چىقىرىۋەتسە كىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ سارغىيىسىز ؟

— پېنسىيەگە چىقساممۇ ئۆيدىن كۆچۈرۈۋەتمەيدۇ .

— باللارنى ئويلىمامسىز ؟ شۇلارغا بولسىمۇ قىلىپ قويساق ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ ئەمەسمۇ ؟… قاراڭە ، تۇردى ئوسمان جېنىدا ئىككى يەردە زېمىن قىلىپتۇغۇ ؟… سىز نېمانچە ئېھتىيات قىلىسىز ؟

— ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ ، — دېدى ۋالىي بېشىنى چايقاپ ،— بىز بۇ يەرگە كەلگىلى ئۇزۇن بولمىدى ، ھازىر ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى بىزدە ، بۇنداق چاغدا ئاسانلا گەپ چىقىدۇ .

— سىز نېمىدىن قورقىسىز ؟ تۇرغۇن شىجاڭمۇ دېدىغۇ ، سىز ئۆيلۇك يەر تەلەپ قىلسىڭىز سىياسەتكە تامامەن ئۇي-

غۇن ،… بولدى ، ئەگەر سىز ئېھتىيات قىلسىڭىز ئارىلاشماڭ ، مەن قىلاي …

چىمەنگۇلنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭ ئارىلىشىپ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى .

— ياق ، ياق ! سىز ئارىلاشماڭ ، — دېدى ئۇ ئالدىراپ ،— بۇنىڭغا بەك ئالدىراپ كەتمەيلى… سىز ئۇقمايسىز ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدە مەركەزنىڭ يېڭى ھۆججىتى كەلدى .

— ۋاي - ۋۇي … ئەللىك يىلدىن بۇيان ئۇنداق ھۆججەتلەردىن نەچچە مىڭى چىقتى ، قايسىبىرى ئەمەلگە ئاشتى ؟ … ھۆججەت دېگەن چىقىپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭغا «ھە » دەپلا قويىدىغان گەپ…

— شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ…

— ئېھتىيات قىلىدىغان ئىش بولسا ، ماۋۇ ئۇدۇلدىكى قوشنىمىزدىن قىلساق بولىدۇ…

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى ؟ — ياسىنجان ۋالىي ئايالىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقالماي سورىدى .

— سىز سەزمەيۋاتىسىز ، ھازىر بۇلار رەسمىي پايلاقچى بولدى . بىزنىڭ ئۆيگە كىم كىرىدۇ ، كىم چىقىدۇ ، نېمىلەرنى ئەكىلىۋاتىدۇ ، شۇلارنى مارىلاپلا ئولتۇرۇۋاتىدۇ . ئۆز ۋاقتىدىمۇ قادىر ۋالىيغا شۇنداق قىلىپ كۈن بەرمەپتىكەن ، ھازىر ئەمدى بىز بىلەن قالدى ، شۇڭا بۇلارنىڭ كۆزىدىن يىراق ئولتۇرساق قۇلىقىمىز تىنچ بولاتتى دەيمەن .

چىمەنگۇلنىڭ ئاخىرقى گېپى ياسىنجان ۋالىينى ئويغا سېلىپ قويدى : «دەرۋەقە ، بۇ تۇردى ئوسمان دېگەننىڭ قولىدىن ھەرقانداق شۇملۇق كېلىدىغان نېمە ، شۇ تاپتىمۇ كېسەلمەن دەپ يېتىۋېلىپ نېمە سۇيىقەستلەرنى پىلانلاۋاتىدۇ ، كىم بىلىدۇ ، بۇ-

نىڭدىن ئېھتىيات قىلمىسام بولمايدۇ... ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەلىمە بۇ ئۆيگە يات ـ يات كېلىپ تۇرىدىكەن ، چىمەنگۇل بىر كۇنى بولمىسا بىر كۇنى بىر كۆڭۈل ئاغرىقى تاپىدۇ . ئۇ چاغدا مېنىڭ يۈزۈمگىمۇ سەت... چىمەنگۇل دېگەندەك ۋالىيلىق ئەمەل ماڭا قانچىلىك ھەمراھ بولىدۇ ؟ ئەتە ـ ئۆگۈن سېنى يۆتكىدۇق دېسە ، ياق دېگىلى بولامدۇ ؟ قولۇمدا مۇشۇنداق ھوقۇقىنىڭ بارىدا زېمىن قىلىۋالمايمەنمۇ ؟ كېيىن : «ۋاي ، ئىسىت ! ... » دەپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن... »

ئېرىنىڭ چىرايىدىن كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ بولىدىغان چىمەنگۇل ئۇنى تېخىمۇ ئېرىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى .

— بابا قايىر ھاجىم سىزگە ئوچۇق دېيەلمىدى ، كېيىن ماڭا دەيدۇ . «ئەگەر ئۆي سالىدىغان ئىش بولسا ، سىلەرنى بىر تىيىن چىقىم قىلدۇرماي سېلىپ بېرىمەن» دەيدۇ .

— ھاجىم ئەجەب مەرد بولۇپ كېتىپتۇغۇ ؟

— بىزىمۇ سەنئەت ئۆمەكىنىڭ چوڭ بىر قۇرۇلۇشىنى بەردۇق ـ دە . شۇنىڭ رەھمىتىنى يەتكۈزمەكچى بولسا كېرەك .

— سودىگەر دېگەنلەر بىر تىيىننى بىكارغا خەجلىمەيدۇ ، ئۇ بەلكىم چوڭراق بىر نەپنى كۆزلەپ دەۋاتىدۇ .

— مەيلى ئەمەسمۇ ؟... ئالسا بىزنىڭ يانچۇقىمىزدىكى پۇلنى ئالمايدۇ ، ناھايىتى ئۇنىڭغا بىرەر قۇرۇلۇشنى تەستىقلاپ بەرسە-ڭىز بولدى ، ئۇ قىلمىسىمۇ بەرىبىر باشقا بىرى قىلىدۇ...

چىمەنگۇل ئاخىرى ياسىنجان ۋالىينى قايىل قىلدى .

— بۇ ئىشنى تۇرغۇن شىجاڭدىن بۆلەك ھېچكىم ئۇقمى-سۇن ،— دېدى ۋالىي .

چىمەنگۇل شۇ ھامان شەھەر باشلىقى تۇرغۇنغا تېلېفون قىل-دى :

— ھاجىمنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ ۋالىي قىزىرىپ قاپتۇ ـ دە ،— دېدى تۇرغۇن كۈلۈپ ،— ياخشى بوپتۇ ، سىلىنىڭ كۆڭۈل-

لىرىگە پۈكۈپ قويغان يەر بارمۇ؟ ۋالىينىڭ ئۆز مەھەللى-
سىدىن…
— ئۇ سەھرادا نېمە بار؟ — چىمەنگۈل ئۇنىڭ گېپىنى
بۆلدى، — شەھەردىن يىراق بولسا بولمايدۇ.
— ھازىر شەھەر ئىچىدە يەر پەقەتلا قالمىدى،— تۇرغۇن
سەل تۇرۇۋېلىپ دېدى،— 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىدا ئازراق
يەر بار ئىدى، ئاز كېلەرمىكىن؟
— كېڭەيتكىلى بولمامدۇ؟
— مەكتەپنىڭمۇ يېرى بار، قېنى… ئاۋۋال كۆرۈپ بېقىش-
سىلا، ياراپ قالسا بىر گەپ بولار…
چىمەنگۈل ئارقىدىن نۇرىمانغا تېلېفون قىلدى:
— نارىن ئەجەب ئوخشاپتۇ، خېنىم،— دېدى ئۇ خۇش
بولۇپ، — قاراپ تۇرسام تۇرغۇن شىجاڭ تۈت پىيالە يەۋەتتى،
ئۇ ياق سىلىنىڭ ئەتكەن نارىنلىرىغا بەك ئامراقكەن جۇمۇ!
سىلىمۇ بوش چوكان ئەمەس ئىكەنلا؟ … — ئاندىن ئۇ ۋالىي
بىلەن بولۇنغان گەپنى دەپ بەردى.
— ياخشى ئىش بوپتۇ، — دېدى نۇرىمان ئاڭلاپ،— ھاجىم
بىلەن بىزمۇ شۇنداق دېيىشكەن، مۇشۇ ئوبدان پۇرسەت…
كېيىن «ۋاي، ئىسىت» دەپ قالىدىغان گەپ… ئۆينى ھاجىم
ھەرقايسىلىرىغا يارىغۇدەك سېلىپ بېرىدۇ، بۇنىڭدىن خاتىرجەم
بولۇشسىلا…
ئۇلار تېلېفوندا ئۇزاق سۆزلەشتى. نۇرىمان تېلېفوننى قو-
يۇپ ھاجىمنى چاقىردى:
— ۋالىي ئىندەككە كەلدى، — دېدى ئۇ ھاجىمغا قاراپ.

## 15

تۇردى ئوسمان قىزى گۈلشەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن
يېرىلغۇدەك بولدى.

— راست ئۇردىمۇ؟ — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ.
— يۈزۈمگە بىر شاپىلاق سالدى...
قىزىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئاتىكەم گەپكە ئارىلاشتى:
— ئەنۋەر دېگەن يېتىم ئوغلاقىمۇ هال كىرىپ قالغىلى تۇردى، ئۇ نېمىسىگە يوغانچىلىق قىلىدۇ؟ هەرقاچان، دادام ۋالىي دەپ قىلىشۋاتقان ئىشى بولمامدۇ؟... هېلىـتىن بۇنـداق قىـلسا ئەتە ـ ئۆگۈن ئىش بار ئوخشايدۇ...
تۇردى ئوسماننىڭ كاللىسىغىمۇ شۇ ئوي كەلدى. «ئۇنى يوغىنىتىۋاتقان ماۋۇ ياسىن دېگەن نېمە، بۇ تۇرقىدا دادا ـ بالا ئىككىسى تېپىشىۋالغان ئوخشايدۇ، بولمىسا گۈلشەنىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان ئۇ نېمە، ئادەم ئۇرغۇدەك بولۇپ كېتەمدۇ؟ ياسىن ئەنۋەرگە گەپ ئۆگىتىۋاتامدۇ ـ يا؟ ئاتىكەم دېگەندەك هېلىتىن بۇنداق قىلسا ئەتە ـ ئۆگۈن مېنىمۇ پوش دېمەيدىغان ئوخشايدۇ...» ئۇ شۇ ئاچچىقىدا ئەنۋەرگە تېلېفون بەرمەكچى بولۇپ تەمشىلىپ يەنە توختاپ قالدى. «هازىرلا تېلېفون بەرسەم كېلىشىمۇ ناتايىن، بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتسۇن، ئاڭغىچە ئۆزىمۇ پۇشايمان قىلىپ تۆۋە قىلىپ كېلەمدۇ، شۇ چاغدا سۆزلەشسەكمۇ كېچىكمەيدۇ...» تۇردى ئوسمان شۇ قارارغا كېلىپ توختاپ قالدى.
— ئەنۋەر هازىر بۇرۇنقى ئەنۋەر ئەمەس، — دېدى ئۇ بىردەم ئولتۇرۇپ كېتىپ، — بىرنەچچە كۈن ئۆتسۇن، ئاندىن قاراپ باقايلى... مەن بىردەم دەم ئالاي، — دېدى ـ دە، ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. دادىسىنىڭ بۇنداق هالىتىنى كۆرۈپ باقمىغان گۈلشەن هەيران بولۇپ ئاپىسىغا قاراپ قويدى.
تۇردى ئوسمان يېتىپمۇ تىنچلىنالمىدى. بېشى چىڭقىلىپ، مېڭىسىنىڭ بىر يېرى زىڭىلداپ ئاغرىغىلى تۇردى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ هېچ نەرسىنى ئويلىماي دەپ يېتىپ باقتى، لېكىن يېقىندىن بۇيان ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار كۆز ئالدىغا

كېلىۋېلىپ يەنە بىئارام قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ئەلەم بىلەن شۇنى
ھېس قىلىشقا باشلىدىكى ، ياسىنجان كېلە ـ كەلمەيلا ئۇ شۇنچە
يىل ئەجىر قىلىپ بەرپا قىلغان قورغانىنىڭ ئۇلىنى بۇزۇشقا
باشلىدى . ئاۋۋال ئۇ شەھەر باشلىقى ھاشىمنى يىقىتتى . كۆمۈر
كان ۋەقەسىنى باھانە قىلىپ چوڭ تازىلاش ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ
يېقىنلىرىغا زەربە بەردى . ئۇ لى شۇجىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى ،
لى شۇجى ھازىرچە ھەممە ئىشلاردا ئۇنى قوللىغىلى تۇردى .
تۈنۈگۈنكى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ياسىن «ئاۋات» يېزىسىنى
ئېچىۋېتىلگەن رايون قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇنىڭ دېيىشىد-
چە ، «ئاۋات»نىڭ شارائىتى باشقا يېزىلارغا قارىغاندا ھەر جەھەت-
تىن باب كېلىدىكەن . «ئەجەبا ، ‹بوستان›نى تىلغا ئالمايدىكىنا ،
ئۇنىڭ مەقسىتى شۇ ئارقىلىق ئۆچ ئېلىش ئەمەسمۇ ؟ لى شۇجىمۇ
ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاۋاتىدۇ ، ‹ئاۋات› تىكىلەر بۇ قارارنى تېخى
ئۇقمىدى . ئەگەر بۇ قارار يولغا قويۇلسا ‹ئاۋات›تىكى پۈتۈن
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم يەر ـ زېمىنلىرىدىن ئايرىلىدۇ ، مېنىڭ
سالغان ئۆيلىرىمۇ چېقىلىدۇ ، مەن يېزىلىقلىرىمغا نېمە دەيمەن ؟
... ياق ، بۇنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك ، سۈكۈت قىلىۋەرسەم ،
ئۇ بارغانچە بېشىمغا مىنىدىغاندەك قىلىدۇ... »

تۇردى ئوسماننى بىر ـ بىرىدىن ئازابلىق ، كۆڭۈلسىز خى-
ياللار بېسىۋالدى . ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ھايات سەپىرىدىن
مەمنۇن بولۇپ كەلگەنىدى . ئۇ ھاياتنىڭ سىرلىق يوللىرىدىن
خەتەرسىز ئۆتۈپ ، ئارزۇ قىلغان ھەممە نېمىگە ئېرىشىپ كەلگە-
نىدى ، پەقەت مۇشۇ ۋالىيلىق ئورۇنلا قالغانىدى . ئۇ بۇ تەختكە
چىقىش ئۈچۈنمۇ خېلى ئەجىر قىلىپ ، يۇقىرىدىكى تېگىشلىك
ئادەملەرنىمۇ رازى قىلىپ ۋەدىسىنىمۇ ئالغانىدى . لېكىن ، ئاخى-
رىدا ئويلىمىغان يەردىن ھەممە ئىش ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ
بۇ ئورۇن ياسىنجانغا تەئەللۇق بولۇپ قالدى . تۇردى ئوسمان
دەسلەپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىدى . ئۇ يۇقىرى-
دىكى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە تېلېفون قىلغانىدى ، ئۇلارمۇ بۇ

ئۆزگىرىشىنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقالماي قالغانلىقلىرىنى ئېيتىشىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىغان بولدى . «ياسىنجان ئۇ يەردە جىق بولسا بىر يىل تۇرغۇدەك ، ئۇنى يەنە ئاپتونوم رايونغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ ، ئازراق تەخىر قىلىسىلا !» دېدى ئۇلارنىڭ بىرى . لېكىن ، مانا ياسىن كەلگىلىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى ، ئۇنىڭ كېتىدىغىنىدىن شەپىمۇ يوق ، تېخى بارغانچە يىلتىز تارتقىلى تۇردى . «كاززاپلار ، — تۇردى ئوسمان ئەلەم بىلەن ئىچىدە تىللىدى ، — شۇنچىۋالا پۇل ، سوۋغاتلارنىڭ كۆزى ئوچۇقلا كەتتى . هازىر مېنى ئۇنتۇپ قېلىشتى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟... تەقدىرگە تەن بېرىش كېرەكمۇ ؟ ياق ، تۇردى ئوسمان ئۆمرىدە رەقىبلىرىدىن يېڭىلگەن ئادەم ئەمەس ، هايات دېمەك كۈرەش ، ئېلىشىش دېمەكتۇر . ئۇ ياسىن بىلەن يىگىرمە يىل ئاۋۋال ئېلىشقان ۋە ئۇنى شەھەردىن قوغلىۋەتكەنىدى . قىسمەت ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم ئۇچراشتۇرۇۋاتىدۇ . تۇردى ئوسمان ئۇنى يەنە قوغلىۋېتىدۇ ، بۇنىڭ ئۇچۇن پەم - پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش كېرەك... »

نېرىقى ئۆيدىن گۈلشەننىڭ نېمىنىدۇر دەپ ئېسەدەپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . «ئەنۋەرنى قانداق قىلىش كېرەك ؟... ئۇ راستىنلا دادىسىنى تېپىۋالغانمىدۇ ؟... هازىرغىچىغۇ ياسىنجاننىڭ ئۆيىگە كەلگىنىنى كۆرمىدى . بەلكىم ئاۋۇ هازازۇل خوتۇندىن ئېھتىيات قىلىپ سىرتلاردا كۆرۈشۈپ يۈرەمدىكىن ؟ چوقۇم شۇنداق ، بولمىسا ئەنۋەرگە بۇنچىلىك هال كىرىپ كەتمەيتتى... ئاۋۇ ھەلىمە دېگەن خوتۇنمۇ كېلىپ قويمىدى دېسە ! ؟ ... ئەنۋەرنىڭ قىلغانلىرى ئۇچۇن گۈلشەنگە كۆڭۈل ئېيتىپ قويىدىغان يولى بارغۇ... تۇردى ئوسمان ئەمدى ئاشۇ بىرنېمىلەر كۆزگە ئىلمىغۇدەك هالغا چۈشۈپ قالدىمۇ ؟... » تۇردى ئوسماننىڭ ئېسىگە بىردىن ھەلىمە بىلەن بولغان ئىشلار كېلىپ چىۋىن يەۋالغاندەك بولدى...

ياسىنجان ھەلىمەنى زار يىغلىتىپ ئۇرۇمچىگە كەتكەندىن

كېيىن ، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ بىر كۈنى كەچتە تۇردى ئوسمان تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى . كۈتمىگەن مېھماننى كۆرۈپ ھەلىمە نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى .

— قانداقراق تۇرۇۋاتىلا ؟— تۇردى ئوسمان ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى . ھەلىمەنىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ سوئالى مەسخىرە قىلغاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى .

— ياخشى...

— شۇنداق قىلىپ ياسىننى يولغا سېلىپ قويدىلا ؟

ھەلىمە گەپ - سۆز قىلماي يەرگە قارىۋالدى .

— ياسىنغا بەك ئىشىنىپ كېتىۋاتاتتىلا ، مانا قانداق بولدى ؟ ئەسكى چاپاننى چۆرىگەندەك تاشلاپ كەتتى ، بالىسىنىڭمۇ يۈزىنى قىلمىدى . بۇرۇن ئايال كىشىنىڭ ئەقلى قىسقا دېسە چىندى-پۇتمەيتتىم ، سىلىنىڭ ئاشۇ ھېيلىگەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈ-شۈپ كەتكەنلىرىگە قاراپ راست ئوخشايدۇ ، دەپ قالدىم . ئۇنىڭ نەرگىمۇ ئاشىق بولۇپ قالغان بولغىيتتىلا ؟

— تۇردى جۇرىن ! — دېدى ھەلىمە تىترەپ تۇرۇپ ، — بۇ گەپنى قىلمىسىلا...

— سىلىگە ئىچىم ئاغرىپ دەۋاتىمەن ، — دېدى تۇردى ئوسمان ھەلىمەنىڭ كۆڭۈل يارىسىغا تەگكەنلىكىدىن خۇش بو-لۇپ ،— ئۆز ۋاقتىدا سىلى مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدىلا ، ئەسلىدە ياسىننىڭ مەقسىتى مېنىڭدىن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىق-لىقىنى ئېلىش ئىدى ، سىلى بولسا ئۇنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ كەتتىلا ، مانا ئەمدى بىلگەنلا ؟

تۇردى ئوسماننىڭ گەپلىرى ھەلىمەنىڭ قەلب يارىسىنى تاتى-لىغاندەك بولۇپ بىئارام قىلدى . ئۇ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى .

— ھەلىمە ! — دېدى تۇردى ئوسمان ئۇنىڭغا يېقىن سۈرۈ-لۈپ ،— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ، ياسىن ۋىجدانسىزلىق

قىلىپ يۈز ئۆرۈگەن بىلەن بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە سىلى بار ، ياش ۋاقىتتىكى چۈشكەن ئوت تېخى ئۆچمىدى ، — تۇردى ئوسمان شۇنداق دېگىنىچە ھەلىمەنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى . بۇ تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈپ كەتكەن ھەلىمە دەماللىققا نېمە قىلىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى . ئۇنىڭ بۇرنىغا ھاراقنىڭ پۇرىقى «گۇپپىدە» ئۇرۇلۇپ ئېسىگە كەلگەندەك بولدى .

— ئۇنداق قىلمىسىلا تۇردى مۇدىر !— ھەلىمە ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ دېدى ، — سىلىنىڭ ئاياللىرى بار ، ئاتىكەم ئۇقسا سەت بولىدۇ .

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا ، ئەگەر سىلى ماقۇل دېسىلە ، ئەتىلا ئۇنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىمەن ، راست...

— ياق ، ياق... مېنى تىنچ قويسىلا...

— ماقۇل دېسىلە دەيمەن ، — تۇردى ئوسمان ئۇنى تارتىپ كارىۋاتقا باسماقچى بولغانىدى ، ھەلىمە ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ يۈگۈرۈپ بارغانچە ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى :

— ئۆيدىن چىقىپ كەتسىلە ، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ،— بولمىسا قوشنىلارنى چاقىرىمەن...

تۇردى ئوسمان بىر مىنۇتچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇ ھەلىمەنى بۇنداق ئەتۇرلۇك قىلىدۇ ، دەپ ئويلىمىغانىدى . ئۇ بىردەم پۇشۇلداپ ئولتۇردى - دە ، گەپ - سۆز قىلماستىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ ھەلىمەدىن ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتتى . ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ ئەقدىر ئۆلارنى قۇدا قىلىپ قويسا بولىدۇ . تۇردى ئوسمان ئايالىدىن قىزى گۈلشەننىڭ ئەنۋەر بىلەن يۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىمانى ئۆچتى :

— قىزىڭغا دېگىن !— دېدى ئۇ تېرىكىپ ،— جاھاندا ئادەم تېپىلماي ئاشۇ يېتىم ئوغلاقنى تېپىپتۇمۇ ؟ ئۇ بىزنىڭ لايىقىمىز ئەمەس .

ئاتىكەم قىزى بىلەن نەچچە قاتار سۆزلەشتى ، چىرايلىقمۇ دېدى ، تىللاپمۇ دېدى ، ئەمما گۇلشەن پەقەت گەپ يېمەي قويدى .

— ئەگەر سىلەر قوشۇلمىساڭلار ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن ،— دېدى ئۇ ئاخىرى .

كىچىكىدىن «بىر تال قىز» دەپ ئەتىۋارلاپ دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ چوڭ قىلغان قىزىنىڭ ئۆزلىرىنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەن تۇردى ئوسمان ئاخىرى ئىلاجسىز ماقۇل بولدى . ئەمما توي بولغان كۈنى بالدىزىدىقا كىرىپ يېتىۋالدى .

تۇردى ئوسمان قىزى تاكى بالىلىق بولغۇچە ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىدى . ئەنۋەر ئۆيگە كەلسىمۇ گەپ قىلمايتتى . تۇرمۇش ھەممىگە كۆندۈرىدىكەن . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى بۇ خاپىلىقلارمۇ خۇددى تاڭ ئالدىدىكى تۇماندەك ئۆزلۈكىدىنلا تارقىلىپ كەتتى . تەقدىرگە تەن بەردى . ئۇ ئەنۋەرنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ، دىتى بار يىگىت ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ ياخشى كۆرۈپ قالدى . كېيىنچە ئۇ ئائىلىدىكى ئىشلار توغرىسىدا ئۆز بالىلىرىغا ئەمەس ، بەلكى ئەنۋەرگە مەسلىھەت سالىدىغان ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئالىدىغان بولدى . ھەلىمە بىلەنمۇ گويا ئارىدا ھېچبىر ئىش يۈز بەرمىگەندەك مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتاتتى . ھەممە ئىش ياسىنجاننىڭ بۇ يەرگە ۋالىي بولۇپ كېلىشى بىلەن بۇزۇلدى...

بىر كېچە ئويلانغان تۇردى ئوسمان ئەتىسى كەچتە ئۆزى ئەنۋەرگە تېلېفون قىلدى . ئۇ ھېچ نەرسە ئۇقمىغان كىشى بولۇپ ، مەسلىھەت قىلىدىغان بىر ئىش بارلىقىنى ئېيتىپ : «ئۆيگە كېلىڭ» دېدى ، ئاندىن ئاتىكەمگە «ئوبدانراق تاماق ئېتىڭلار» دەپ بۇيرۇدى . ئاتىكەمنىڭ «كىم كېلىدۇ ؟ » دەپ سورىغىنىغا مۇھىم مېھمان دەپلا قويدى . تۇردى ئوسمان ئەمدى كۈيئوغلىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى . «كەلمەي قويارمۇ ؟ » دەيتتى تۇرۇپلا ئۆز - ئۆزىگە ئەنۋەرنىڭ تېلېفوندا بەرگەن سۇس

جاۋابىنى ئەسلەپ ۋە ئىچىدە ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىنى تەييار-
لايتتى. قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا دالاننىڭ ئىشىكى چېكىلدى.
خىزمەتچى قىز ئىشكنى ئېچىپ كىرىۋاتقان ئەنۋەرنى كۆرۈپ
ھودۇقۇپ قالدى. ئەنۋەرنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ تۇردى ئوسمان ئىد-
ىتىك دالانغا چىقتى.

— كەلدىڭىزمۇ؟— دېدى ئۇ ئەنۋەرنىڭ سالىمىغا ئوچۇق
چىراي سالام قايتۇرۇپ،— ئۆيگە كىرىڭ،— دېدى ۋە ياندىكى
ئۆيگە بويۇنداپ نەۋرىسىنى توۋلىدى،— قەيسەر، قېنى سەن،
داداڭ كەلدى.

شۇ ھامان نېرىقى ئۆيدىن قەيسەر يۈگۈرۈپ چىقىپ ئەنۋەرگە
كېلىپ ئېسىلدى. شۇ ئارىدا گۈلشەن ئىشىكتە پەيدا بولۇپ:

— قەيسەر، بۇ ياققا ئۆت!— دەپ ۋارقىرىدى.

گۈلشەننىڭ قەھرلىك چىرايىنى كۆرۈپ قەيسەر ئۈمچەيگەن-
تى، بۇنى كۆرگەن تۇردى ئوسمان قىزىغا ۋارقىرىدى:

— گۈلشەن، نېمە قىلىق بۇ؟ قەيسەر نېمە گۇناھ
قىلدى؟...

دادىسىنىڭ بۇنداق غەزەپلىنىشىنى كۈتمىگەن گۈلشەن نېمە
دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاشخانا ئۆيدە تاماققا قارىشىۋاتى-
قان ئاتىكەمۇ ئېرىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— تاماق تەييار بولدىمۇ؟ — دېدى تۇردى ئوسمان ئاتىكەمنى
كۆرۈپ.

ھېچنىمىنى ئۇقالمىغان ئاتىكەم ئۇپۇل - تۇپۇل:

— ھە ئە...،— دېدى.

— تەييار بولسا ئەكېلىڭلار!— دېدى ئۇ قوپال ئاۋازدا،—
ھەممىڭلار داستىخانغا كېلىڭلار!

تاماق ئۈن - تىنسىز يېيىلدى. گۈلشەن نېمە ئىش بۇ
دېگەندەك يەر ئاستىدىن دادىسىنىڭ تۈرۈلگەن چىرايىغا قاراپ
قوياتتى. تۇردى ئوسمان بولسا پات - پاتلا ئەنۋەرگە:

— سىز ئىشتىنلا كەلگەنسىز ، چوڭ - چوڭ ئېلىڭ ،— دەپ قوياتتى ۋە ئەنۋەرنىڭ قۇچىقىدىن چۈشمەي ئولتۇرغان نەۋرىسىگە ، — داداڭ تاماق يەۋالسۇن ، مېنىڭ قېشىمغا كەل ، — دەيتتى . ئەمما قەيسەر دادىسىغا تېخىمۇ بەك چاپلىشىپ يەسلىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ هارمايتتى . ئاتىكەم بولسا ئېرىنىڭ بۈگۈنكى كەيپىياتىنى چۈشىنەلمەي ئاۋارە ئىدى ۋە پات - پات قىزى گۈلشەنگە قاراپ قوياتتى . ئاخىرى تاماقمۇ يېيىلىپ بولدى ، خىزمەتچى قىز قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى . ئۆي ئىچىدە پەقەت قەيسەرنىڭ چاقىلداپ سۆزلىگەن تۈگىمەس هېكايىسىدىن بۆلەك ئاۋاز ئاڭلانمايتتى . هەممە ئادەم تۇردى ئوسماننىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ سۈكۈتتە ئولتۇراتتى .

ئاخىرى تۇردى ئوسمان ئادىتى بويىچە گېلىنى قىرىپ قويۇپ گەپ قىلدى :

— قەيسەرجان ، — دېدى ئۇ نەۋرىسىگە قاراپ ، — داداڭ بىلەن ئۆيگە كېتەمسىلەر ؟

— هەئە… ،— دېدى بالا خۇشال بولۇپ .

— هۇي يۇزسىز ، دەۋاتقان گېپىنى قارا ؟ ! — گۈلشەن ئوغلىغا غەزەپ بىلەن هومايدى .

— گۈلشەن !…

دادىسىنىڭ ۋارقىرىشىنى ئاڭلاپ گۈلشەن چۆچۈپ كەتتى .

— نارەسىدە بالىغا شۇنداق سەت گەپ قىلغان بارمۇ ؟ — تۇردى ئوسمان تىترەپ تۇرۇپ دېدى ، — ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن دېگەنمۇ يامانمۇ ؟ بۇ گېپىڭىز پەقەتلا قاملاشمىدى جۇمۇ !

دادىسىنىڭ ئەنۋەرنىڭ ئالدىدا دۆشكەلەپ كېتىشى گۈلشەنگە ئېغىر كەلدى . ئۇ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ قوپقانىدى ، تۇردى ئوسمان ئۇنىڭغا قەهرى بىلەن بۇيرۇق قىلدى :

— ئولتۇرۇڭ ، نەگە بارىسىز ؟ !…

گۆلشەن دادىسىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قويۇپ جايىدا
ئولتۇردى .

— ئاڭلىسام ، ئەنۋەر بىلەن خاپىلىشىپ قاپسىلەر ،— دېدى
تۇردى ئوسمان جىددىي بىر قىياپەتتە ،— بىر ئۆي دېگەندە
چىقىل - چۇقۇل دېگەنلەر بولۇپ تۇرىدۇ ، ھەممىشەم «سىلى» ،
«ئۆزلىرى» بىلەنلا ئۆتكىلى بولمايدۇ ، تۇرمۇشتا ئۆزئارا بىر -
بىرىگە يول قويغاندىلا ئۇرۇش - جېدەلدىن ساقلانغىلى بولىدۇ ،
مەنمۇ سەندىن قالمايمەن دەپ تەڭ تۇرساق جېدەل چىقىدىغان
گەپ . مەن جېدەلنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇپ باقتىم ، تۇتامىغا
چىققۇدەك ئىش ئەمەسكەن ، مېنىڭچە گۇناھ بىزنىڭ گۆلشەندە
ئىكەن...

— دادا !... ،— گۆلشەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ
كەتتى ،— نېمە دەۋاتىسىلا ؟ گۇناھ — تاياقنى يېگەن مەندە بولامدۇ ؟

— تاياقنى نېمىشقا يېدىڭىز ؟

— بىكاردىن - بىكارغا ئۇردى .

— ئۇنداق ئەمەستۇ ؟... ،— تۇردى ئوسمان بېشىنى
چايقىدى ،— ئەگەر ئەنۋەر سىزنىڭ سىڭلىڭىزنىڭ يامان گېپىنى
قىلسا ، سىزنىڭ ئاچچىقىڭىز كېلەمدۇ ، كەلمەمدۇ ؟ ئاسىيە
سىزگە نېمىشقا پۇتلاشتى ؟ ... ياكى سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارغا
ئارىلاشتىمۇ ؟

— ئارىلىشىدىغان نېمە ھەققى بار ئىكەن ؟ — گۆلشەن
ياراتمىغاندەك ئاغزىنى پۇرۇشتۇردى .

— ئارىلاشسىمۇ ئامالىڭىز يوق... ئۇرۇق - تۇغقاننىڭ باش-
قىلارغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇ... مېنىڭچە ، ئاسىيە خېلى
ئاڭلىق ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان قىزدەك قىلىدۇ . سىز ھېچنېمە-
مىدىن - ھېچنېمە يوق ئۇنى يامان كۆرمەي ھۆرمەت قىلىشىڭىز
كېرەك... ئەنۋەر ! — تۇردى ئوسمان يەرگە قاراپ ئولتۇرغان
ئەنۋەرگە قايرىلدى ، — گۆلشەننىڭ يېنىكلىكىنى كەچۈرۈڭ ، بىز

تەربىيىنى ياخشى قىلىماپتۇق ، بۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ دىق-قەت قىلىمىز .

قېيناتىسىدىن تىل - ئاھانەت ئاڭلايمەنغۇ ، دەپ كەلگەن ئەنۋەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي ئولتۇراتتى . «بۇ ئادەم چىن يۈرىكىدىن دەۋاتامدىغاندۇ ؟» دەيتتى ئۇ دېلىغۇل بولۇپ .

— دادا ،— دېدى ئۇ تۇردى ئوسماننىڭ گەپلىرىدىن ئوڭاي-سىزلىنىپ ،— گۇناھنىڭ ھەممىسى گۈلشەندە ئەمەس ، مەن ئېغىرلىق قىلالمىدىم ، قول سالغىنىم پۈتۈنلەي خاتا ، ئاچ-چىقىمدا ئۆزۈمنى ئۇتمای قالدىم... مەن ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدى-دا ۋەدە بېرىمەن ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىش ئىككىنچى تەكرارلانمايدۇ .

باياتىن «جىممىدە» ئولتۇرغان ئاتىكەم گەپ قىلماقچى بو-لۇپ مىدىرلىغاندى ، لېكىن ئېرىنىڭ ئالىيىشىنى كۆرۈپ جىملا بولدى . ئۇ ئېرىنىڭ ئەنۋەر تەرەپكە ئۆتۈپ گەپ قىلغانلىقىغا چۈشىنەلمەي ئولتۇراتتى .

گۈلشەن بولسا تېخىمۇ ھەيران ئىدى .

— خوش ، ئەنۋەرمۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونىدى ،— دېدى تۇردى ئوسمان گۈلشەنگە قاراپ ،— ئەمدى بۇ ئىشنى بولدى قىلىڭلار ، چىرايلىق كېتىپ ئۆيلىرىڭلارنى تۇتۇڭلار ... مەن سىلەرگە دەپ قويای ، سىلەر ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بالىۋاقىسى ئەمەس ، بۇنداق جېدەل - ماجىرا قىلىپ يۈرسەڭلار باشقىلارغا ياخشى تەسىرى بولمايدۇ ، بۇ ئىشنى ياسىنجان ۋالىي ئۇقمىغان-دۇ ؟— تۇردى ئوسمان ئەنۋەردىن سورىدى .

— ئۇقمايدۇ .

— ئۇقمىغىنى ياخشى بوپتۇ ، ئەمىسە ئۆيۈڭلەرگە كېتىڭلار !

— دادا ، ئاپا ،— دېدى ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ ،— ھەرقايسىلىرىنى بىسەرەمجان قىلىپ قويدۇق ، كەچۈرۈڭلار !

— ھېچقىسى يوق ، — دېدى تۇردى ئوسمان ، — بىزمۇ يات ئادەملەر ئەمەس ، گۈلشەن ، قوپۇڭ !

— مەن كەتمەيمەن ! — گۈلشەن تەتۈر قاراپ تۇرۇپ دېدى .

— تەتۈرلۈك قىلماڭ ، — دېدى تۇردى ئوسمان ، — ئەنۋەر ئالدىڭىزغا كەلگەندىن كېيىن چىرايلىق كېتىڭ !

— مېنى ئۆيدىن قوغلاۋاتامسىلەر ؟ بۇ ئۆيدىن كەتسەملا بولامدۇ ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

— گۇناھكار مەن بولغاندىن كېيىن بۇ ئۆيدە نېمە قىلىمەن ؟

— بارمايدىغان ھەددىڭىز ئەمەس ، — تۇردى ئوسماننىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تۈرۈلدى ، — قانداق گەپ بۇ ؟ ئەنۋەر بىر چىرايلىق ئالدىڭىزغا كېلىپ كەچۈرۈم سورىغاندىن كېيىن بولدى ئەمەسمۇ ، ئېيتىپ قوياي ، مەن سىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ، سىزگە گېپىم ئۆتمەمدۇ ؟ بۇ نېمىدېگەن تەتۈرلۈك ؟

— دادا ، — دېدى ئەنۋەر ئەنسىرەپ ، — خاپا بولمىسىلا ، گۈلشەن سەل ئاچچىقى يانغاندا بارسۇن .

— ياق ، — دېدى تۇردى ئوسمان ، — بۈگۈن كېتىدۇ .

گۈلشەن ياردەم سوراپ ئاپىسىغا قارىدى . لېكىن ئاتىكەم ئېرىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ئاستا بېشىنى چايقىدى . گۈلشەن ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇردى . ئەنۋەر قەيسەرنى كۆتۈرگىنىچە ئۇ-نىڭ كەينىدىن ماڭدى . تۇردى ئوسمان بىلەن ئاتىكەم ئۇلارنى ھويلىغىچە ئۇزىتىپ قويدى .

— گۈلشەنگە ئەجەب قاتتىق تېگىپ كەتتىلا ؟ — دېدى ئاتى-كەم ئۇلار ئۆيگە يېنىپ كىرگەندىن كېيىن ، — تاياق يېگىنى ئاز كەلگەندەك ھەممە گۇناھنى بىچارە قىزىمغا ئارتىپ قويدىلا ، ئەن-ۋەر ئەمدى ئۇنىڭ بېشىغا مىنىدىغان بولدى .

— ئۇنداق قىلمايدۇ .

— ئەنۋەرنىڭمۇ يۈرىكىگە تەگكۈدەك گەپ قىلىپ قويسىلا

بولمامتى ، ئۇنىڭغا نىمە يوغانچىلىق ؟
— ئۇنىڭغا گەپ قىلىدىغانغا ۋاقىت بار ، هازىر ئەمەس...
سىلىمىچۇ ، گۇلشەنگە ئوبدانراق گەپ قىلىڭلا ، ئەنۋەردەك يىگىت-
نى ئۇلىسمۇ تاپالمايدۇ...
تۇردى ئوسمان شۇنداق دىدى - دە ، دەم ئالغىلى ياتاق ئۆيگە
كىرىپ كەتتى . ئاتىكەم بولسا بوگۈن يىۈز بەرگەن ئىشلار-
نىڭ ئوك - تەتۈرىنى ئويقالماي گاڭگىراپ ئولتۇرۇپ كەتتى .

## 16

چىمەنگۈل شەھەر باشلىقى تۇرغۇننىڭ يېتەكلىشى بىلەن
ئىككى ئۆيلۈك يەر كۆردى . ئاخىرى 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
يېرى دىتىغا ياردى ، ئەتىسى ئۇ ۋالىيىنى باشلاپ كېلىپ كۆرسەت-
تى .
— مۇشۇ يەر بولىدىكەن ، — دىدى ئۇ چۈشەندۇرۇپ ، —
شەھەرنىڭمۇ ئوتتۇرىسى ، ئالدى باغچە . قاراڭ ، يېنىدا ساقچىخانا
بار ئىكەن ، ئوغرى - بۇلاڭچىمۇ كېلەلمەيدۇ ، سىزچە قانداق ؟
ياسىنجان ۋالىي دەرهال جاۋاب بەرمىدى . يەر ئۇنىڭغىمۇ
يارىغاندى ، ئىدارىغىمۇ يىراق ئەمەس ، مۇهىتىمۇ تىنچ ، ھەممە
تەرەپتىن قۇلايلىق كۆردى . لېكىن ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەندىشە
كىرىۋالدى . «بۇ يەرگە كەلسەك ھەلىمە بىلەن قوشنا بولۇپ
قالىمىزغۇ ، ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇرغىنىم ياخشى ئىدى . چىمەن-
گۈل ھەدىسە ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلىپ باش ئاغرىقى تېپىپ
بەرمەسمۇ ؟ چىمەنگۈل ھەلىمەنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە ئولتۇرىدىغىنىد-
نى بىلمەمدىغاندۇ ؟ ياكى ئەتەيگە مۇشۇ يەردە ئولتۇرماقچىمۇ -
يا ؟... ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالدى دەپ
گەپ - سۆز چىقىپ قالارمۇ ؟... » شۇلارنى ئويلاپ ۋالىي ئىككى-
لىنىپ قالدى .

— گەپ قىلىڭە؟! — ئېرىنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىدىن ئىچى پۇشقان چىمەنگۈل چىرايىنى تۇرۇپ سورىدى.

— مەكتەپنىڭ پىكرى چىقىپ قالارمۇ؟

— بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولسىلا، — شۇ گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان شەھەر باشلىقى تۇرغۇن مەيدىسىگە ئۇردى، — مەكتەپنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا نېرى - بېرى دەيدىغان يولى يوق… «بوستان» — مەكتەپ ئۇچۇن شۇنچە جىق يەرنى بەردى. ئەمدى بىر-ئەر مو يەرگە چۇپەيلىك قىلسا قېنى كۆرەرمىز… بۇ تەرىپىنى ۋالىي مەن ئۆزۈم توغرىلايمەن، سىلى خاتىرجەم بولسىلا…

ياسىنجان ۋالىيغا ماقۇل دېيىشتىن باشقا يول قالمىدى.

— مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرىغا ئوبدانراق خىزمەت ئىشلەڭلا، — دېدى ئۇ ئاخىرى شەھەر باشلىقىغا، — مېنىڭ ئۇششاق گەپ بىلەن خۇشۇم يوق…

— خاتىرجەم بولسىلا، ۋالىي، — دېدى شەھەر باشلىقى تۇرغۇن، — سىلى بۇ مەكتەپكە ئاز ئىش قىلىپ بەرمىدىلا، ھېچقانداق گەپ چىقمايدۇ…

ئەتىسى شەھەر باشلىقى تۇرغۇن 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى جاپپارنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. ئۇ جاپپار كەلگىچە ئۇنىڭ بىلەن قانداق سۆزلىشىشنى، ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى كۆڭلىدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزۈپ تەييارلىق قىلىۋالدى. «ئاخىرى ئالدىمغا كەلدىڭ - دە، — دېدى ئۇ يۇمشاق ئايلانما ئورۇندۇقتا تاماكىنى ھۇزۇرلىنىپ چېكىپ ئولتۇرۇپ، — بىر چاغلاردا بىزلەرنى ئەجەب كۆزۈڭگە ئىلماي كەتكەنىدىڭ… ‹كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق›، دېگەن مانا مۇشۇ. قېنى، بۇگۈن نېمە دەيسەنكىن، بىر كۆرۈپ باقاي. ئەجەبمۇ جايىدا قولۇمغا چۈشتۈڭغۇ؟…»

بۇنىڭدىن تۆت يىل ئاۋۋال جاپپار تۇرغۇننىڭ كۆڭلىدىن زادى چىقمايدىغان بىر ئىشنى قىلغانىدى. ئۇ چاغدا تۇرغۇن

«بوستان» يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، قولىدا ھوقۇق-
ىنىڭ تايىنى يوق چاغلار ئىدى. دەل شۇ يىلى ئۇنىڭ دارىلمۇئەل-
لىمىندە ئوقۇۋاتقان ئوغلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قالدى. تۇرغۇن
ئۇيان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ، ئاخىرى ئوبدان بىر داستىخان
قىلىپ جاپپارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئوغلىنى مەكتەپكە ئېلىشنى
ئىلتىماس قىلدى:

— مەكتەپتە سىياسەت ئوقۇتقۇچىسىغا ئېھتىياج يوق. شۇ تاپتىمۇ ئىككى مۇئەللىمگە ئىش يوق، مەكتەپتە يۈگۈر-يېتىم ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، — دېگەنىدى جاپپار ئوچۇقلا ۋە تۇرغۇننىڭ داستىخىنىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قايتۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ جاپپارنى نەچچە قاتار ئىزدەپ كەلدى، لېكىن جاپپار باشتا دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، ئاخىرى ئوغلىنى يېزىنىڭ مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مانا تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاشۇ قوپال، كۆرەڭ مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلى-ۋاتىدۇ...

ئىشىكنى چېكىپ ئەدەپ بىلەن كىرگەن جاپپارنى كۆرۈپ شەھەر باشلىقى تۇرغۇن ئۇنىڭغا سالقىنلا قاراپ قويدى. ئۇ ئۆزىگە سۈرلۈك تۈس بەرگەن بىر قىياپەتتە ئالدىدىكى قانداقتۇر بىر ھۆججەتنى ئوقۇش بىلەن ئولتۇرۇۋەردى. شەھەر باشلىقىنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسىدىن ئوڭايسىزلانغان جاپپار ئۆزىنىڭ كەلگەنلى-كىنى بىلدۈرۈپ يېنىك بىر يۆتىلىپ قويۇۋىدى، تۇرغۇن شۇ چاغدىلا ھۆججەتتىن بېشىنى كۆتۈردى.

— ھە، كەلدىڭلىمۇ؟ — دېدى ئۇ قاپىقىنى ئاچماستىن ۋە ياندىكى ساپانى ئىشارەت قىلىپ، — ئولتۇرىلى، — دەپ قويدى.

شەھەر باشلىقىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى جاپپارنىڭ كۆڭلىگە تىك كەلگەن بولسىمۇ چاندۇرماستىن سورىدى:

— چاقىرتىپتىكەنلا، — دېدى ئۇ سىپايىلىك بىلەن، — شۇنىڭغا كەلگەنتىم...

— چاقىرمىساق سايلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن ،— شەھەر باشلىقى تۇرغۇن دىمىغىنى قىقىپ قويۇپ زاڭلىق ئارىلاش كۈلدى ، — ئالدىڭلارغا بارايلى دېسەك شۇنىڭغا يېتىشىپ بولالمايۋاتىمىز…

شەھەر باشلىقىنىڭ تەنە گېپى جاپپارنىڭ يۈرىكىگە بىگىز بولۇپ سانجىلدى . ئۇنىڭ ئېسىگە شۇ هامان تۆت يىل ئىلگىرىكى ئىشلار كېلىپ ئوڭايسىزلاندى .

— سەۋەنلىك بىزدە شەھەر باشلىقى… ئەسلىدە…

— خوش ،— دېدى شەھەر باشلىقى تۇرغۇن سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ،— ئەھۋالىڭلار قانداغىراق ، مەكتەپىنىڭ ئىچى تىنچتۇ ؟

— مەكتەپنىڭ ئىشلىرىغۇ يامان ئەمەس كېتىۋاتىدۇ ، هازىرقى چوڭ قىيىنچىلىقىمىز ئوقۇتۇش بىناسى بولۇپ قالدى . بىز بۇ ھەقتە مائارىپ ئىدارىسىغا دوكلات يازغانتۇق ، بەلكىم خەۋەرلىرى باردۇ ؟

— نېمە دوكلات ؟

— ئوقۇتۇش بىناسى يېرىم - يارتا بولۇپ تۇرۇۋاتقىلى ئىككى يىل بولدى ، يۇقىرىدىن ھەر يىلى ئازراقلا بىرنېمە بېرىپ قويىدۇ ، ئۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش پۈتمەيدۇ… بۇ يىل تولۇق بېرىۋەتكەن بولسا بىزمۇ بىناغا چىقىۋالغان بولساق…

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ پۇلىنى تەستىقلاپ بەردۇق…

— رەھمەت ، شەھەر باشلىقى… ئۇنىڭدىن باشقا…

— خوش ، يەنە نېمە هالىڭلار بار ؟

— ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيىمۇ بىر قىيىنچىلىق بولدى . نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ئۆي يوق ، سىرتلاردا ئىجارىگە ئۆي ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ . مەكتەپنىڭ ئۆيلىرى بولسا كونىراپ ئولتۇرغۇسىز بولۇپ كەتتى . شەھەرگە بىرنەچچە يىل بولدى ، دوك-

لاتنى يېزىۋاتىمىز ، لېكىن «ئەنە ـ مانا» دەپ ھازىرغىچە ھەل بولمىدى . شۇڭا ئوقۇتقۇچىلارمۇ تازا خاتىرجەم ئەمەس...
— بىنا سالغۇدەك يېرىڭلار بارمۇ ؟
— بار ، ھېلىمۇ بىرمۇنچە يېرىمىز يولغا چىقىپ كەتتى ، ھازىر ئائىلىلىك بىنا سالساق دەپ ئايرىپ قويغان يېرىمىز بار .
— نەچچە بىنا چۈشىدۇ ؟
— ئوتتۇز ئائىلىلىكتىن بولسا ئىككى بىنا سالغىلى بولىدۇ .
— ئىككى بىناغا دوكلات يازغانمۇ ؟
— ھەئە...
— پىلان بەكلا چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ ، مۇدىر ؟
— بۇ يىل بىر بىنا ھەل بولغان بولسىمۇ مەيلىدى...
— مەكتەپنىڭ ئەھۋالىدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار... ،— دېدى تۇرغۇن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ،— سىلەر بىزگە دېمىگەن بىلەن بىز يەنە سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەپ تۇرۇۋاتىمىز... مەن ھەتتا سىلەرنىڭ مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى ياسىنجان ۋالىيغا ئىككى قېتىم مەخسۇس دوكلات قىلدىم . ئۇ ئادەممۇ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ يولیورۇق بەردى .
— رەھمەت ، شەھەر باشلىقى...
— قۇرۇق رەھمەتنى بەك بىلىسىلەر ـ ھە ؟
— مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزلىرى بىلىلا ، شەھەر باشلىقى ... بۇ مەكتەپنىڭ تارىخى بەك ئۇزۇن بولغان بىلەن نەچچە يىللاردىن رەھبەرلىك كۆڭۈل بۆلمەي تاشلىنىپ كەتتى . ئەمدى ئۇمىدىمىز سىلىدە...
— مېنىڭچە بولسىغۇ ، مەكتەپنى پۈتۈنلەي يېڭىلاپ بەرگۈم بار . لېكىن بەش قولنى ئېغىزغا بىراقلا تىققىلى بولمايدۇ ـ دە . شەھەردە بۇ بىرلا مەكتەپ ئەمەس... ھازىرچە بىر بىناغا دوكلات يېزىپ تۇرساڭلا قانداق بولاركىن...

تۇرغۇن شەھەر باشلىقىنىڭ كۆڭلىدىمۇ ھېساب بار ئىدى . ياسىنجان ۋالىي قايسى كۈنى مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدىلا ، ئەگەر مەكتەپ ئۆيلۈك يەرنى رازى بولۇپ بەرسە بىرەر بىنالىق پۇلنى ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى شەھەر باشلىقى تۇرغۇنغا دېگەنىدى . ھازىر ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ تۆھپىسى قىلىپ كۆرسەتمەكچى ئىدى .

— مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشلىرىغا ياسىنجان ۋالىي بىۋاسىتە ئارىلاشتى ،— دېدى شەھەر باشلىقى تۇرغۇن قايتا تەكىتلەپ ، — مەن : «سىلىمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ، غەمخورلۇق قىلىپ قويسىلا » دەپ مەكتەپنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ باردىم ، ئوقۇتۇش بىناسىنىمۇ شۇ ئادەم شۇ يەردىلا تەستىق سېلىپ ھەل قىلدى .

— بۇ ئىشلاردىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق ئىكەن ،— دېدى جاپپار خۇش بولۇپ ،— مەن تېخى ئۇ ئادەمنى ئىزدىمەكچى بولۇپ تۇراتتىم .

— نېمىگە ئىزدىمەكچى ؟— تۇرغۇن شەھەر باشلىقى دىققەت بولۇپ سورىدى .

— كېلەر يىلى «مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى» بولىدىكەن ، بىز مۇزاكىرىلىشىپ خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزمەكچى بولغان ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلارنى تەكلىپ قىلايلى دېگەن... سىلىمۇ بار... بۇ توغرۇلۇق ئايرىم بىر دوكلات يازماقچى...

— بۇ ئىشنى كېيىنچە ئايرىم مۇزاكىرە قىلايلى ،— دېدى جاپپارنىڭ يەنە پۇل تەلەپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن شەھەر باشلىقى تۇرغۇن ،— ھازىرچە ، ماۋۇ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ چالىسىنى پۇتتۇرۇۋېلىڭلار ، ئاندىن ئائىلىلىك بىنانىڭ تەييارلىقىنى ئىشلەپ تۇرساڭلار بولىدۇ...

— بولىدۇ ، شەھەر باشلىقى...

— ئائىلىلىك بىنا سالىماقچى بولغان يېرىڭلار قانچىلىك يەر؟— شەھەر باشلىقى تۇرغۇن تۇيۇقسىز سورىدى.

— تۆت مو ئەتراپىدا كېلەرمىكىن؟…

— مۇنداق ئىش،— دېدى شەھەر باشلىقى تۇرغۇن ئۇنىڭغا قاراپ،— بايا مەن دېدىم، سىلىنىڭ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياسىنجان ۋالىي بەك كۈچ چىقاردى. بولمىسا، بۇ يىلمۇ يوق گەپ ئىدى. ئۇ ئادەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەكتەپكە ياردەم قىلىپ تۇرىمەن دېدى.

— ۋالىيغا كۆپ رەھمەت…

— لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ سىلىدىگە بىر ھاجىتى چۈشۈۋاتىدۇ…

جاپپار نېمە ئىش دېگەندەك شەھەر باشلىقىغا قارىدى.

— ۋىلايەتنىڭ باشلىقلىرىغا ھازىر ئۆي يېتىشمەيۋېتىپتۇ، بەزىلەرنىڭ ئۆيى دەرىجىسىگە لايىق ئەمەس، مەسىلەن، ياسىنجان ۋالىي مۇئاۋىن ۋالىيلار بىلەن ئوخشاش ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس ـ دە. شۇڭا ۋىلايەت بىزدىن ئازراق يەر تەلەپ قىلغانىدى، بىز مۇزاكىرىلىشىپ مەكتەپنىڭ يېرىدىن ئىككى مو يەرنى بېرىشنى لايىق تاپتۇق. بۇنىڭغا پىكرىڭلار يوقتۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جاپپارنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى.

— تۇرغۇن شىجاڭ،— دېدى ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەي ھودۇقۇپ،— سىلىنىڭمۇ خەۋەرلىرى بار، مەكتەپنىڭ بىرمۇنچە يېرى يولغا چىقىپ كەتتى. قايسى يىلى ساقچىخانا قۇرىمىز دەپ نەچچە مو يەرنى ئېلىۋالدى، مەكتەپكە قالغىنى مۇشۇ كىچىككىنە يەر ئىدى، بۇنى ئائىلىلىك بىنا سالارمىز دەپ پىلانلاپ قويغان، بۇنى بېرىۋەتسەك پەقەتلا يەر قالمايدۇ…

— ئائىلىلىك بىنا ئۈچۈن باشقا يەردىن يەر ھەل قىلىپ بەرسەك بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتەپنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇشى شەرت ئەمەسقۇ؟

— باشقا ئورۇندىن يەر ئېلىشقا بىزدە ئىقتىساد نەدە؟

— بىز بولغاندىن كېيىن ئىقتىسادمۇ ئۆز يولىدا ھەل بولىدۇ، بۇنىڭدىن غەم قىلىپ كەتمىسەڭلىمۇ بولىدۇ، بۇ يىلقى قۇرۇلۇشقىمۇ پۇلنى بىز ھەل قىلدۇققۇ؟

جاپپار قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ئىككىلەندى.

— بۇ ئىشقا مەن بىرنېمە دېيەلمىگۈدەكمەن، — دېدى ئۇ ئاخىرى،— مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەكتەپتىكىلەر بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ بىرنېمە دەي...

— جاپپار مۇدىر،— شەھەر باشلىقى تۇرغۇن ياراتمىغاندەك دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ دېدى،— بىلىشىمچە، خېلى كەسكىن ئادەم ئىدىڭلا، بۇگۇن ئەجەب مۇزاكىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ كەتتىڭلارغۇ؟

— تۇرغۇن شىجاڭ، بۇ ئاددىي ئىش ئەمەستە، بۇنىڭغا مەن ھۆددە قىلالمايمەن.

— مەن سىلىگە بىر گەپنى ئەسكەرتىپ قوياي، جاپپار مۇدىر!— دېدى تۇرغۇن قوپال تەلەپپۇزدا، — يەر باشقۇرۇش ھوقۇقى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتتە بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مەكتەپكە يەرنى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بەرگەن، ئۇنى لازىم بولغاندا قايتۇرۇۋېلىشمۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇ پرىنسىپ ئېسىڭلاردىن چىقىپ قالمىسۇن!...

شەھەر باشلىقىنىڭ تەئەددى يىغىپ تۇرغان ئاخىرقى گېپى جاپپارنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ تەگدى. «بۇرۇنقى ئۈچۈڭنى ئالماقچى بولۇۋاتىسەنغۇ؟... يەرنى قايتۇرۇۋالارمىش، قولۇڭدىن كەلسە شۇنداق بىر قىلىپ باققىنا كۆرەي، ھۆكۈمەتنى يالغۇز سەن سورىماسسەن، سېنىمۇ باشقۇرالايدىغانلار باردۇ؟... توۋا، بۇلار ئاغزىدا مائارىپنى ئۇنداق قوللايمىز، بۇنداق ياردەم قىلىمىز دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە مەكتەپلەرنىلا بوزەك قىلغان... مەن مەكتەپتە

مۇدىرلا بولىدىكەنمەن ، بىر غېرىچ يەرنىمۇ بەرمەيمەن… قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن !… »

جاپپار شەھەر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىۋېتىپ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى . ئۇ مەكتەپكە يېنىپ كېلىپلا ئىشخانىسىغا مەكتەپنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممە مەسئۇللىرىنى يىغىپ ، باياتىن شەھەر باشلىقى بىلەن بولغان پاراڭنى قىسقىچە يەتكۈزدى . ئۇنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەيلا ، قالغانلار قايناپ كەتتى .

— بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ؟— دېدى خوجىلىقتا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىر تېرىكىپ ،— مەكتەپ موللا بوزەكمىكەن ، ۋالىيلارغا باشقا يەردىن يەر ئالسۇن ، ئىككى مو يەر نېمىگە يېتىدۇ ؟

— ماۋۇ باغچىنىڭ ئىچىدىن كېسىپ بەرسە بولىدۇ ، ھاۋاسىمۇ ياخشى .

— بۇنداق قىلغۇچە مەكتەپنى تاقاپلىۋەتسە بولمامدۇ ؟ !

— ئاغىنىلەر ، بۇ گەپچە ئائىلىلىك بىنانىمۇ سېلىپ بولغان ئوخشايمىز جۇمۇ ؟

— قانداق ؟

— يەرنى بەرمىسەك بىناغا پۇلمۇ بەرمەيدۇ ، ئۇلارنىڭ باھانىسى ئاسان ، «مالىيىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلدى ، كېلەر يىلى ئويلىشايلى» دەيدۇ ، پۈتتى…

يىغىنىڭ ئايىغى شىكايەتكە ئايلىنىپ كەتتى . بۇ گەپلەرگە پەقەت بىرەيلەنلا ئارىلاشماي ئولتۇراتتى ، ياغاق يۈز ، ئاق سېرىق كەلگەن ، سول كۆزى قىسقىراق بۇ ئادەم مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سېتىۋالدى ئىدى . ھەرقانداق ھەرىكەت بولسا ئاكتىپ بولۇپ نامى چىققان بۇ ئادەمنى «سېتىۋالدى ھەرىكەت» دەپ ئاتايتتى . ياسىنجان بۇ يەرگە ۋالىي بولۇپ كەلگەندىن بۇيان ، ئۇ ھەممە يەردە «ياسىنجان ۋالىي بىلەن تۇغقان بولىمىز» دەپ

سۆزلەپ يۈرەتتى . ئۇ بۈگۈنكى يىغىندىن تازا خۇشال بولدى .
«جاپپارنى يىقىتىدىغان پۇرسەت ئەمدى كەلدى ،— دېدى ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ ،— نەچچە ۋاقىتتىن مېنى ئەجەب كۆزۈڭگە ئىلماي كەتكەنىدىڭ ، ئەمدى سېتىۋالدىنىڭ كارامىتىنى كۆرىسەن ، ۋالىي سەن ئاچقان بۇ يىغىننى ئاڭلىسا ئىشىڭ پۈتىدۇ··· » ئۇ يىغىندا بولۇنغان گەپلەرنى كۆڭلىگە ئەستايىدىل خاتىرىلىدى ۋە كەچتە ئۇدۇل ياسىنجان ۋالىينىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، يىغىندا بولۇنغان گەپلەرنى زىر - زەۋەرىگىچە ۋالىيغا يەتكۈزدى .

— ھەممىنى قىلىۋاتقان ئاشۇ جاپپار دېگەن نېمە ،— دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ،— مەكتەپتە شۇنىڭ دېگىنى دېگەن ، قىلـ‌غىنى قىلغان ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى قىلچە ئاڭلىمايدۇ ، بولمىسا بەزىلەر ئوبدان گەپ قىلدى .

— نېمە دېدى ؟

— ئۇلار ھۆكۈمەت مەكتەپكە جىق غەمخورلۇق قىلدى ، ئوقۇتۇش بىناسىنى پۈتتۈرۈپ بېرەيلى دەپتۇ ، ئائىلىلىك بىناغىمۇ پۇل ھەل قىلىپ بېرەيلى دەپتۇ ، بولدى ئەمەسمۇ ، ئازراق يەرنى دەپ ئىلگىرى ھەل قىلىپ بەرگەن ئىشلارغا كۆز يۇمساق توغرا بولماس ، يەرنى بېرەيلى دېيىشكەنىدى ، لېكىن جاپپار ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇپ : «ئەگەر مۇشۇ يەرنى ئالىدىغان بولسا مەركەزگىچە ئەرز قىلىمەن ، قولىدىن كەلسە مېنى مۇدىرلىقتىن ئېلىۋەتسۇن» دېدى .

— شۇنداق دېدىمۇ ؟ — ياسىنجان ۋالىينىڭ چىرايى تۇرۇلدى .

— ھەئە ، نەق شۇنداق دېدى···

— بۇ جاپپار دېگەن نەلىك ؟

— «ئاۋات»لىق . تۇردى شۇجىنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئۆسكەن نەرسە ، بولمىسا مەكتەپتە پەقەتلا ئىناۋىتى يوق···

— بۇ تۆردى ئوسماننىڭ ئادەملىرى سۈۋەرەك قۇرتتەك ھەممە يەرگە يامراپ كېتىپتىكەنغۇ، قېنى، بۇ سولتەكنىڭ نوچىلىقىنى كۆرۈپ باقاي، مەركەزگىچە ئەرز قىلارمىش، ھەرقاچان تۆردى ئوسمان كۇشكۇرتۇۋاتقاندۇ؟ قېنى، ئەرز قىلغىنىڭنى كۆرۈپ باقاي...» ياسىنجان ۋالىي ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان غەزىپىنى زورغا بېسىپ ئاچچىق كۈلۈپلا قويدى. ۋالىينىڭ چىرايىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن سېتىۋالدى: «جاپپارنىڭ يەنە قانداق ئىشلىرىنى دەي؟» دەپ ئويلىنىپ قالدى. بىردىن ئۇنىڭ ئېسىگە ئالدىنقى يىلى مائارىپ نازارىتىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەرگە بەرگەن زىياپەت كەلدى. سېتىۋالدى مەكتەپتىكى ياش ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇلارنى كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى، جاپپار بۇ ئىشنى ئاڭلاپ سېتىۋالدىنى چەتكە تارتىپ:

— سېتىۋالدى مۇدىر، مۇنداقمۇ ھۇنەرلىرى بار ئىكەنا، سىلىنىڭ باشلىرى يۇمشاق بولغىنى بىلەن بىزنىڭ بېشىمىز مىڭلىقلىمايدۇ جۇمۇ، — دېگەنىدى. جاپپارنىڭ شۇ گەپلىرى ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئېسىدىن چىقمايتتى، ھازىر شۇ ئېسىگە كېلىپ يايراپ كەتتى:

— جاپپارنىڭ ئىستىلىمۇ چاتاق ئادەم، — دېدى ئۇ، — مەكتەپتە ئۇنىڭ ئۈستىدە گەپ جىق...

ئۆيگە چىمەنگۈل كىرىپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— مەكتەپتىكىلەر ئۈۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك قايناشىپلا كېتىپتۇ - ھە، — دېدى ئۇ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — شۇنچە خەق يەرلەرنى ئىگىلەپ ئۆي سالسا ھېچكىمنىڭ بىر ئېغىز گېپى يوق، ئەجەب بىز بىر ئۆيلۈك يەر دەپ قويساق تۆت پۈتى ئۆرە بولۇپ كېتىشىپتۇغۇ؟

— سىز نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟ — ياسىنجان ۋالىي ھەيران بولۇپ سورىدى.

— گۈلسۈمنىڭ چىپىغا مەكتەپتىن بىرنەچچە مايماقلار كەپ-
تىكەن ، شۇلار دېيىشىۋاتىدۇ : «توۋا ، ياسىنجاننىڭ بىر ئۆيلۈك
يەرچىلىكمۇ يۈزى يوقمىدۇ ؟ »
— ئۇلارنى قۇترىتىۋاتقانلار بار ،— دېدى سېتىۋالدى . ئۇ-
نىڭغا باشقىدىن جان كىردى ، — بولمىسا ، ياسىنجىنىكام دېگەن
مۇشۇ يەرلىك ، ئۆز ۋاقتىدا دۆلەتكىمۇ يەر ـ زېمىن ئۆتكۈزگەن ،
پرىنسىپ بويىچە يەر بېرىش كېرەك . لېكىن بەزىلەر مۇشۇنى
باھانە قىلىپ ئاممىنى قۇترىتىۋاتىدۇ…
— شـۇنداق ،— چىـمەنگۈل ئاچچىـقى بىـلەن دىمىغىنى
قاقتى ،— بەزىلەر بىزنى قوشنا بولۇپ كەتمىسۇن دەۋاتىدۇ…
— راست دەيلا ،— سېتىۋالدى ئۇنى قۇۋۋەتلىدى ، —
ھەممىنى قىلىۋاتقان ئاۋۇ جاپپار دېگەن نېمە .
— جاپپارغىمۇ يەل بېرىپ سەكرىتىۋاتقانلار باردۇ ؟…
شۇڭىمىچۇ ، ھازىرغىچە ئەر چىقماي ئولتۇرۇپتۇ ،— چىمەنگۈل
غەزەپ بىلەن بويىنىنى قاقتى . شۇ تاپتا ئۇ كىمگىدۇر ئېتىلىپ
بېرىپ دەسسەپ ـ چەيلەيدىغاندەك ئىدى . ئۇنىڭ كىمنى دەۋاتقان-
لىقىنى ئەمدى چۈشەنگەن سېتىۋالدى چۆچۈپ كەتتى .
— شۇنداق ، شۇنداق ،— دېدى ئۇ چىمەنگۈلنىڭ ئەلپازىدىن
قورقۇپ ،— جاپپارنى دەيدەيگە سېلىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس ، لې-
كىن جاپپار قانداقلا بولمىسۇن مەسئۇل كادىر ـ دە . ئۇ تەشكىل
تەرەپتە تۇرۇشى كېرەك ئەمەسمۇ ؟…
— شۇنداق دېيىشكىنىڭگە شۇ يەرنى ئالغىنىمىز ئالغانغۇ ،—
دېدى چىمەنگۈل ئاچچىقى بىلەن ،— قېنى ، بىزنى نېمە قىلالايدى-
كىن ، كۆرۈپ باقاي . بەزىلەرنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ ئولتۇرۇ-
مىزغۇ… شۇنداق ھە ، ياسىنجان ؟…
ياسىنجان ۋالىي ئويلىنىپ قالدى . ئۇ بۇ ئىشنىڭ بۇنچىۋالا
غوۋغا قوزغاپ كېتىشىنى پەرەز قىلمىغان ، ئەكسىچە مەكتەپ
مەسئۇللىرى : «سىلىگە لازىم بولسا بېرەيلى ، دەپ ئالدىمىغا كې-

لىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى . ئۇ بۇنىمۇ تۇردى ئوسماندىن كۆردى .
«بۇمۇ ئاشۇ ئاداشىنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنى ، بولمىسا جاپپار دېگەن
ئادەتتىكى مەكتەپنىڭ مۇدىرى نېمىسگە ئۇنىڭغا ياق دېيەلەيدۇ ،
بۇنىڭ كەينىدە چوقۇم تۇردى ئوسمان بار ، ئەگەر مەن : ‹مەكتەپ-
نىڭ پىكرى بولسا بولدى ئالماي › دېسەم ئاشۇ كاززاپنىڭ ئالدىدا
تەسلىم بولغان بولىمەن ، گېپىم ئۆتمەيدىغان بولىدۇ . بۇ تۇرقىدا
چىمەنگۈلمۇ ئۇنىمايدىغاندەك تۇرىدۇ ، تۇردى ئوسمانغا ئۆزۈمنى
يەنە بىر كۆرسىتىپ قويسام بولىدىغان ئوخشايدۇ… » ياسىنجان
ۋالىي شۇلارنى ئويلاپ بېشىنى كۆتۈردى :
— مەن ئەسلىدە ئۆزۈم ئوقۇغان مەكتەپكە ياخشى ئىش
قىلىپ بېرەي دېگەن ،— دېدى ئۇ سېتىۋالدىغا قاراپ ،— نەچچە
ۋاقىتتىن مەكتەپنىڭ هالى بىلەن هېچكىمنىڭ كارى بولماپتى-
كەن ، ئەسلىدە بۇ يىلمۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى شەهەرنىڭ ئاسا-
سىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلمەپتىكەن ، مەن مۇناسىۋەتلىك
ئادەملەرگە خىزمەت ئىشلەپ ، ۋىلايەتنىڭ مالىيىسىدىن هەل قى-
لىپ بەرگەنىدىم ، شۇنچىۋالا ئىشنى قىلىپ بەرسەم رەهمىتى شۇ
ئىكەن ـ دە ؟…
— شۇنى دېمەملا ؟— سېتىۋالدى دەرهال گەپ قىس-
تۇردى ،— بولمىسا ، مەن بۇگۈنكى يىغىندا ئوچۇق دېدىم : «ئا-
غىنىلەر بۇنداقمۇ قىلىپ كەتمەيلى ، ئەتە ـ ئۆگۈن بېشىمىزغا
كۈن چۈشكەندە يەنە شۇ رەهبەرلەر ئەسقاتىدۇ ، هېلىمۇ هازىرغىچە
كىم مەكتەپكە مۇشۇنچىلىك ئىشنى قىلىپ بەردى» دېدىم .
— بۇ كۈندىچۇ ، كىمگە ياخشىلىق قىلساڭ شۇنىڭدىن يامان-
لىق يانىدىغان زامان بوپتۇ ، — دېدى چىمەنگۈل تەرىنى
تۇرۇپ ،— سەنئەت ئۆمەكمۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان بىرەر بىناغا
ئېرىشەلمەي ئەسكىلىكتە ئولتۇرۇپ كەپتىكەن ، مەن ياسىنجانغا
يالۋۇرۇپ يۈرۈپ پۇل هەل قىلىپ بىنا سېلىپ بەرسەم ، يەنە
شۇنىڭغا رازى بولۇشمىدى .

— ئۇلار نېمە دەيدۇ؟
— ئۆينىڭ سۈپىتى ياخشى ئەمەسكەنيۇ ، ئۇ يېرى ئانداق ، بۇ يېرى مۇنداق دەپ يۈرۈشۈپتۇ . هازىرچۇ ، خەققە ياخشىلىق قىلىمەن ، دېگەن ئادەم ئەخمەق ئىكەن ،— ئۇ ياسىنجان ۋالىيغا قاراپ قويدى ،— ياسىنجان ، شۇ دېگىنىڭگە مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى پىلاندىن قالدۇرۇپلىشۈپتىمىز !...
— پىلاننى بۇزساق ياخشى بولمايدۇ ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي سەل تۇرۇۋېلىپ ،— پىكىر دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ ، ئۇلار هازىرچە چۈشەنمىسە كېيىنچە بىلىپ قالىدۇ ، مەن ئۇنداق نامەرد ئادەم ئەمەس ، — ئۇ سېتىۋالدىغا قايرىلىپ دېدى ، — مەكتەپتە يەنە قانداق گەپ - سۆزلەر بولىدۇ . بىزنى خەۋەرلەندۇرۇپ تۇراسىلەر جۇمۇ ، مۇدىرنىڭ ئىسمىنى جاپپار دېدىڭلىمۇ ؟
— هە ،... هەممىنى قىلىۋاتقان شۇ...
ياسىنجان ۋالىي چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . سېتىۋالدى جاپپارنىڭ ئۈستىدە يەنە بىردەم قايناپ بولۇپ كەتتى . ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن چىمەنگۈل :
— ئۆيلۈك يەرنى قانداق قىلىمىز ؟ — دەپ سورىدى .
— يەرنى ئالىمىز ،— دېدى ۋالىي ئورنىدىن تۇرۇپ ،— لېكىن ئازراق تەخىر قىلساق بولغۇدەك .
— نېمىشقا ؟
— ۋاقتى كەلگەندە كۆرىسىز...
ياسىنجان ۋالىي شۇنداق دېدى - دە ، كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ شەهەر باشلىقى تۇرغۇنغا تېلېفون قىلدى :
— 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ جاپپار دەپ مۇدىرى بارمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ پەرۋاسىز بىر قىياپەتتە ، ئاندىن تۇرغۇننىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالدىرىماي دېدى ،— ئۇنىڭ ئۈستىدە بىزگە يامان جىق پىكىرلەر كېلىپ كەتتىغۇ... هە ، بۇنداق دېيىشىم ، بۇ مەكتەپنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، شەهەردىكى نۇقتىلىق

مەكتەپلەرنىڭ بىرى . ئۇقۇشۇمچە ، مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك بەنزى-
سىدە ئىنتىپاقسىزلىق ئېغىر ئىكەن ، ئۇ جاپپار دېگەننى بەك
مەزھەپچى دەيدىغۇ ؟

تۇرغۇن بولسا ۋالىينىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئۇرانىنى چۈشىنىپ
بولدى - دە ، جاپپارنى تازا يامانلاپ بەردى .

— ئۇنداق بولسا بۇ ئادەمنىڭ ئىشىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ
قىلىۋەتسەڭلا بولغۇدەك ، — دېدى ۋالىي ئالدىرىماي ، — كېيىن
مەسىلە چوڭىيىپ كەتكەندە ئۆزۈڭلەرگىمۇ ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىك
تېپىۋالىسىلەر . ئاڭلىسام ، جاپپار بۇ مەكتەپتە ئىشلەۋاتقىنىغىمۇ
ئۇزۇن بوپتۇ . بىر كادىر بىر ئورۇندا ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلەپ
كەتسىمۇ ياخشى بولمايدۇ ، ئاسانلا مەزھەپ پەيدا بولىدۇ ، ئۇنى
باشقا بىر ئورۇنغا ئويلىشىپ باقساڭلار بوپتىكەن...

تۇرغۇن — ۋالىينىڭ جاپپارنى يۆتكىۋېتىش مۇددىئاسىنى
ئۇقۇپ خۇشال بولدى ۋە ئۇنى يۆتكەيدىغان مەكتەپلەرنىڭ نامزاتى-
نى ئېيتىپ بەردى .

— نەگە دېدىڭلا ؟ — دېدى ياسىنجان ۋالىي 10 - ئوتتۇرا
مەكتەپ دېگەننى ئاڭلاپ ، — يېڭىدىن قۇرۇلغان مەكتەپمۇ ؟...
ھىم ، بۇمۇ بولغۇدەك . تەييارنى باشقۇرۇشنى بىلمىگەندىن كې-
يىن ، ئۆزى تەر ئاققۇزۇپ يېڭىنى بەرپا قىلىپ باقسۇن... بۇ
ئىشنى سوزماي دەرھال بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭلار ، نەتىجىسىنى
ماڭا خەۋەر قىلىۋېتەرسىلەر . جاپپارنىڭ ئورنىغا ئويلاشقىنىڭلار
بارمۇ ؟... سېتىۋالدى قانداق ؟... ئۇمۇ مۇئاۋىنلىقتا تۇرىۋەرمى-
سۇن !...

ياسىنجان ۋالىي تېلېفوننى قويۇپ ، ئادىتى بويىچە تاماكا
ئېلىپ تۇتاشتۇردى . «مېنىڭ بىلەن ئېيتىشساڭ مۇشۇ كۈننى
كۆرىسەن ، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى ھوزۇر بىلەن پۈۋلەپ
تۇرۇپ ، — قېنى ، قولۇڭدىن كەلسە ئەرز قىل ، ئەرز قىلساڭ
بۇ ئورۇندىنمۇ ئايرىلىسەن ، مەن ھوقۇق دېگەننىڭ قانداق ئىكەن-
لىكىنى كۆرسىتىپ قوياي... »

# 17

بۈگۈن تۇردى ئوسماننىڭ خىيالىغا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسى كىرىۋالدى . ئۇ ياقلارغا ئۆتۈپ باقمىغىلى ئىككى يىلدەك بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ چىقىپ كەلمەكچى بولدى . ئىلگىرى ئاتا - ئانىلىرى هايات چېغىدا پات - پات باراتتى . تۆت يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلار كەينى - كەينىدىن ئۆلۈپ كەتتى . بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى بولسا ئۇنىڭ سايىسىدە كادىر بولۇپ شەھەرگە يېنىپ كىرىشتى . ئۇ يەردە قالغانلار بولسا شىرەم تۇغقانلار ئىدى . بۇرۇن ئۇ «ئاۋات»نىڭ ھەممە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئارىلىشىپ تۇراتتى ، يېزىنىڭ يوللىرىنى ئاسفالت قىلىپ بەردى ، دوختۇرخانا ، مەكتەپلەرنى يېڭىدىن سېلىپ بەردى ، «ئاۋات»تىن خېلى كادىرلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆستۈردى . شۇ غەمخورلۇقلارنىڭ بەدىلىگە «ئاۋات»لىقلار ئۇنىڭغا ئىككى يەرگە كاتتا قىلىپ زېمىن سېلىپ بەردى . لېكىن ، بۇ ئىشلار شەھەردە بىرمۇنچە گەپ - سۆزلەرگە سەۋەبچى بولدى . بەزىلەرنىڭ سورۇنلاردا ئاشكارا قىلىپ : «ئىلىخودىن سادىر چىققان ، ئاۋاتتىن كادىر چىقىدۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالغاندىن كېيىن ئېھتىيات قىلىپ قالدى . ياسىنجان ۋالىي بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ «ئاۋات»تىكىلەر بىلەن بېرىش - كېلىشنى توختاتتى ، توي - تۆكۈنلەرگە چاقىرىپ كەلسىمۇ ئاغرىقنى باھانە قىلىپ چىقماي قويدى .

ئاخشام «ئاۋات»نىڭ يېزا باشلىقى سەمەت ئۇنى يوقلاپ كەلدى . ئۇ تۇردى ئوسمانغا نەۋرە تۇغقان كېلەتتى .

— «ئاۋات»لىقلاردىن رەنجىپ قالدىلىمۇ نېمە ؟ — دېدى ئۇ هال - ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن ، — بىز تەرەپكە ئاياغ باسماس بولۇپ كەتتىلا··· مەھەللىدىكى ھەممەيلەن «تۇردى شۇجى بىزنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ نېمە ؟» دېيىشىۋاتىدۇ . شۇ تاپتا ئۆرۈك تازا مەي بولۇپ كەتتى ، سىلىگە ئاتاپ بىر تۇپ ئاق

كىشمىشنى قول تەگكۈزمەي ساقلاپ قويدۇم ، ئۇنداق قىلماي بالا ـ چاقىلارنى ئېلىپ كەلسىلە…

تۇردى ئوسمان مېۋىلەرنىڭ ئىچىدە ئۈرۈككە قەۋەتلا ئامراق ئىدى . ئۇ «ئاۋات »نىڭ كىشمىش ئۈرۈكىنى باشقا ھېچ يەرنىڭكىگە تەڭ قىلمايتتى . سەمەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كەلدى .

— سىلى دېگەن بىز ئاۋاتلىقلارنىڭ باشپاناھىمىز ،— دېدى سەمەت ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ ، — نەچچە ۋاقىتتىن سىلى بولغاچقا بىزمۇ خاتىرجەم تۇرۇپ كەلدۇق ، ئاۋاتلىقلار سىلىنىڭ غەمخورلۇقلىرىنى ئىككى ئالەم ئۇنتۇمايدۇ . ئاڭلىساق ، يېقىندىن بۇيان بەزىلەر سىلىنى كۆرەلمەي كولاۋاتقان. مىش… ئەمما ، مەن سىلىگە دېسەم ئاۋاتلىقلار ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ سىلى تەرەپتە تۇرىدۇ ، سىلىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ…

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇردى ئوسماننىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كەلدى ۋە سەمەتكە بارىدىغانغا ماقۇل بولدى . بۈگۈن يەكشەنبە ، ھاۋامۇ شۇنداق ياخشى ئىدى . تۇردى ئوسمان ئاتىكەمنى ئېلىپ «ئاۋات »قا يول ئالدى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەھەر بارغانچە چوڭىيىپ ، «ئاۋات »مۇ شەھەرگە تۇتىشىپ كېتەي دەپ قالغاندى . ئىلگىرىكى ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بولغان كۆجۈم ـ كۆجۈم باغلار ، ئېتىزلىقلار تۈگەپ ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا قەۋەت ـ قەۋەت بىنالار قەد كۆتۈرگەنىدى . تۇردى ئوسماننىڭ كۆزىگە بۇ. رۇن باغ ـ مېۋىلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ مەھەللە قۇرۇپ ، يالىڭاچلىنىپ تونۇغۇسىز ، يات بىر مەھەللىگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلدى . بۇ مەنزىرە ئۇنىڭ ئېسىگە يېقىندا پارتكومدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىننى سالدى . يىغىندا شەھەردە ئېچىۋېتىلگەن رايون قۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ ، ياسىنجان ۋالىي «ئاۋات » يېزىسىنى ئېچىۋېتىلگەن رايون قىلىشنى ئوتتۇرىغا قوي.

دى . تۆردى ئوسمان «بوستان» يېزىسىنى كۆرسەتتى . لېكىن ، پارتكوم شۇجىسى ياسىنجان ۋالىيىنىڭ پىكرىنى قوللاپ تۇرۇۋال-غاچقا ، ئاخىرى «ئاۋات» — ئېچىۋېتىلگەن رايون بولۇپ بېكىتىلدى .

تۆردى ئوسمان شۇلارنى ئەسلەپ ئەلەم بىلەن خۇرسىنىپ قويدى . «يەنە نەچچە يىللاردىن كېيىن مۇشۇ باغلار ، ماۋۇ مەھەل-لىلەر ئىز - دېرەكسىز يوقىلىدۇ ، ئاتا - بوۋىلىرىمىز قان - تەر تۆكۈپ بەرپا قىلغان مۇشۇ جەننەت ۋەيران بولىدۇ ، ‹ئاۋات› لىقلار سەرسان - سەرگەردان بولىدۇ . ئۇلار شۇ تاپتا ۋىلايەتتە مېنى بار ، بىزنى قوغدايدۇ ، دەپ خاتىرجەم يۈرۈۋاتىدۇ ، لېكىن هازىر مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ ؟ ياسىن دېگەن كاززاپنىڭ ئۇستاتلىقىنى كۆرمەمدىغان ، ئۇنىڭ مەھەللىسى بولغان ‹بوس-تان ›مۇ شەھەرگە يېقىن ، قاتناشمۇ قۇلايلىق ، لېكىن ئۇ بوستاد-نى تىلغا ئېلىپ قويمىدى . ئۇنىڭ مەقسىتى مەندىن ئۆچ ئېلىش ، مېنىڭ يىلتىزىمنى قىرقىپ يوق قىلىش… قېنى ، قانچىلىك قىلىپ باقىدىكەنسەن ، كۆرۈپ باقاي ، تۆردى ئوسماننى بوش چاغلاۋاتىسەن ، تېخى كۆرۈشۈپ قالىمىز… »

يېزا باشلىقى سەمەتنىڭ ئۆيى «ئاۋات»نىڭ ئەڭ باغلىق مەھەللىسى بولغان چارباغ كەنتىدە ئىدى . بىر - بىرىگە تۇتاش باغلار بىر چاغلاردا تۆردى ئوسمان دائىم كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىدىغان يەرلەر ئىدى . ئۇ ئاپتونوم رايوندىن ۋە قوشنا ۋىلايەت-لەردىن يۈز - ئابرۇيلۇق مېھمانلار كېلىپ قالسىمۇ مۇشۇ باغلار-غا باشلاپ چىقىپ ئۇزىتاتتى . سەمەتنىڭ ئۆيى بولسا شۇنداق مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ئۆي ئىدى . كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن پېشايۋانلىق كەڭ - كەڭ ئۆيلەر ، ئۈزۈم باراڭلىق ئازادە هويلا شۇنچىلىك تىنچ ۋە ئارامبەخش ئىدى . بۈگۈن «تۆردى ئوسماننى چىقىدۇ» دەپ هويلا - ئارام ، كوچىلارمۇ پاكىز سۈپۈرۈلۈپ ، سۇ سېپىلگەند-

دى . بۇلارنى كۆرۈپ تۇردى ئوسماننىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ
قالدى .
— بۇ يىل ئۈزۈم تازا بوپتۇمۇ نېمە ؟ — تۇردى ئوسمان
هويلىدىكى باراڭغا كۆز يۈگۈرتۈپ سورىدى .
— ئۈزۈمغۇ بەلەن بولغانتى ، — دېدى سەمەت قول قوشتۇ-
رۇپ تۇرۇپ ،— شۇنىسى ، بۇنىڭغىمۇ ئېغىز تېگەلمەيمىزمۇ نې-
مە ، شۇجى ؟
تۇردى ئوسمان ئىتتىك ئۇنىڭغا قاراپ قويدىيۇ ، لېكىن گەپ
قىلمىدى . تۇردى ئوسماندىن ئېنىق جاۋاب ئالالمىغان يېزا باشلى-
قى سەمەت قايتىلاپ سورىدى :
— يېڭى گەپلەر چىققىلى تۇردىغۇ ، شۇجى ؟
— نېمە يېڭى گەپ ؟ — تۇردى ئوسمان ئۇقمىغان بولۇپ
سورىدى .
— ئېچىۋېتىلگەن رايوننىڭ گېپى چىقتىغۇ ؟… تۈنۈگۈن
شەھەردە يىغىن ئېچىپ ئۇقتۇردى ،— سەمەتنىڭ قارامتۇل چىرا-
يى بىردىن بۇزۇلۇپ كۆكىرىشكە باشلىدى ، — بۇ قانداق گەپ
بولۇپ كەتتى ، تۇردى شۇجى . ئەمدى بالايىئاپەت بولسا «ئاۋات»
قا كەلگىلى تۇردىغۇ ، ئۇ ئېچىۋېتىلگەن رايون دېگەننى باشقا يەرگە
قۇرسا بولمامدىكەن ؟ شەھەرنىڭ ئەتراپىدا بىرلا «ئاۋات» يېزىسى
ئەمەسقۇ ؟ «بوستان»غا نېمىشقا قۇرمايدۇ ، ئاۋۇ ياقتا «هەرەم-
باغ»مۇ تۇرۇپتۇ… ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىن بىر ئېغىز پىكىر
ئېلىپ باقمايلا قارار قىلىدىكىنا ، ۋىلايەتتىكىلەرنىڭ كۆزىگە «ئا-
ۋات» زادى نېمە كۆرۈنۈپ قېلىۋاتىدۇ ؟
— سىلەرنىڭ پىكرىڭلا بار ئوخشىمامدۇ ؟— تۇردى ئوسمان
ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ دېدى .
— پىكرىمىز بولمايچۇ ؟ — سەمەت تېخىمۇ بەك قايىنىغىلى
تۇردى ،— ئاۋاتنى مانا سىلى ئوبدان بىلىلا ، بۇ يەر باغۋارانلى-
رى ، مېۋىلىرى بىلەن داڭلىق ، شەھەرنى مېۋە بىلەن تەمىنلەپ

كېلىۋاتقان يەر . گوڭشې ۋاقتىدا ئاشلىق بازىسى قىلىمىز دەپ
باغلارنى قومۇرۇپ يوق قىلدۇق ، كېيىن سىياسەت ئۆزگىشىپ
يېڭىۋاشتىن باغ قىلدۇق . دېھقانلارنىڭ ھال ـ كۈنىمۇ ياخشىلان-
دى . ئەڭ مۇھىمى ، سىلىنىڭ غەمخورلۇقلىرى بىلەن يوللىرى-
مىزنى ياسىۋالدۇق ، بىرمۇنچە قۇرۇلۇشلارنى قىلىۋالدۇق . «ئا-
ۋات» شەھەر بويىچە ھاللىق يېزا بولۇپ باش كۆتۈرگەن چاغدا
ئەمدى قويۇپ خەقلەرنى يەر ـ زېمىن ئايرىپ كۆچ دېسە كىم
رازى بولىدۇ ؟...

تۇردى ئوسماننىڭ چىققىنىدىن خەۋەر تاپقان مەھەللىنىڭ
ئاقساقاللىرى ، كەنتلەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ سەمەتنىڭ ئۆيىگە يىغى-
لىشتى . ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن قايناشقىلى تۇردى .

— تۇردى شۇجى ! — دېدى ۋىجىك ، ئاقساقال بوۋاي يۆتى-
لىپ قويۇپ . ئۇ ئىلگىرى ئۇزۇن يىل دادۇيجاڭ بولغان ئادەم
ئىدى ، — مەن تازا ئۇقالماي قالدىم ، ھېلىقى رايوننى قۇرسا
نېمىش قىلىدىكەن ، يەنە دېھقانچىلىق قىلامدۇ ياكى باشقا بىر
ئىش قىلامدۇ ؟

— زاۋۇتلارنى سالىدۇ ، ئولتۇراق ئۆيلەرنى سالىدۇ...

— ئۇنداقتا بىز نېمىش قىلىمىز ، زاۋۇتقا ئىشچى بولام-
دۇق ؟

— ئىشچى بولالايدىغانلار ئىشچى بولىدۇ ، سودىگەرچىلىك
قىلىمىز دېگەنلەرگە تىجارەت كىنىشكىسى ھەل قىلىپ بې-
رىدۇ ، — دېدى تۇردى ئوسمان چۈشەندۈرۈپ ، — «ياق ، ئاتا
كەسپىمىز بولغان دېھقانچىلىقنى قىلىمىز» دېگەنلەرگە يەر
كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

— نەدىن يەر بېرىدىكەن ؟

— نەدىن بېرەتتى ، مۇسا ئاكا ، — دېدى سەمەت ئاچچىقى
بىلەن ، — ئاۋۇ «ئاياغ توغراق»تىكى جاڭگالدىن بېرىدىكەن .

— «ئاياغ توغراق» ؟ — بوۋاينىڭ كۆزلىرى چەكچەي-

دى ، — ئۇ يەردە سۇ بولمىسا نېمە بىلەن دېھقانچىلىق قىلىدۇ ؟

— سۇ بولمىسا ئۆستەڭ چېپىپ سۇ ئەكېلىلا ، قۇدۇق كولايلا .

— ئۇنداق يېرى بولسا بىزنى ئاۋارە قىلغۇچە ئاشۇ زاۋۇتلىرىنى «ئاياغ توغراق»قىلا قۇرسا بولمىدىمۇ ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا ، مۇسا ئاكا ، — دېدى ئوتتۇرا ياش ، دوغىلاق ئادەم . ئۇ چىلانباغ كەنتىنىڭ باشلىقى ئىدى ، — ئۇ جاڭگالغا بىنا سالسا كىم بېرىپ ئولتۇرىدۇ ؟ «ماۋۇ ھەممە نېمىسى تەييار ، شەھەرنىڭ بېقىنىدىكى يەردە ئولتۇرىمىز » دېگەن پىلان بولمامدۇ ؟

— زاۋۇت دېگەننى مەھەللىگە يېقىن ئەكېلىدىغان نېمە ئە. مەسكەن ،— دېدى ياشراق بىرەيلەن گەپ قىستۇرۇپ ، — بىلەمسىلەر ، ئۆز ۋاقتىدا سېمونت زاۋۇتىنى جىگدىلىككە قۇرۇ. ۋىدى ، ئاقىۋەت نېمە بولدى ، ئەتراپتىكى باغلار ، ئېرىقلار قۇرۇپ كەتتى ، بۇنىڭ زىيىنىنى ھازىرغىچە تارتىۋاتىمىز .

— راست ، راست... ئاۋۇ قارا ئۆستەڭگىمۇ رەخت توقۇيدى. غان زاۋۇت قۇرۇپتىكەن ، ئۆستەڭنىڭ سۇيىنى كاردىن چىقىرىپ. تۇ . ئۆتكەندە ھەسەن كۆتەكنىڭ نەزىرىسىدە جىمى ئادەم شۇنىڭ گېپىنى قىلىشىپ يۇقىرىغا ئەرز قىلىمىز دېيىشىۋاتىدۇ .

— تۈنۈگۈن «بوستان»لىق قايىر ھاجىم چىقىپتۇ ، — دېدي يېزا باشلىقى سەمەت بولسا تۇردى ئوسمانغا قاراپ قويۇپ ، — ھە ، چىقىپ قاپلىغۇ دېسەم ، «مۇشۇ مەھەللىدىن يەر ئالايمىكىن» دەيدۇ . سىلىنىڭ خەۋەرلىرى بارمۇ ؟

— قايىر ھاجىم ؟ — تۇردى ئوسمان ھەيران بولۇپ قايتىلاپ سورىدى ، — ئۇ نېمە قىلىدىكەن ؟

— گېپىگە قارىغاندا ، يەر ئېلىپ تاۋار ئۆي سالغۇدەك . قارىسام ، گېپى بەك چوڭ .

— توۋا ، ئاشۇ ئوغرىنىڭ هاي ـ هاي بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى دېمەمدىغان ،— مۇسا بوۋاي بېشىنى چايقىدى ،— مەدەنىيەت ئىنـقىلابىدا بوستانلىقلار ئوغرىدىن ـ ئوغرىغا سېلىپ كوچىدا سازايى قىلغان نېمىتى…

— ئۆزى ئۇنداق دېمەيدۇ ، مەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ناهەق ئازار يېگەن دەپ يۈرمەمدۇ ؟ !

— پوقنى يەيدۇ ،— دېدى ئېگىز بىرەيلەن ،— مەن شۇ يىللىرى بوستاندا ئىشلىگەن ، ئۇ دېگەن ئەترەتنىڭ ئامبىرىدىن ئون تاغار بۇغداينى ئوغرىلاپ ماڭغاندا بىزنىڭ مىنبىگلار تۇتۇۋالـغان… هېلىمۇ تۇغقىنى گۇڭشېنىڭ كادىرى بولغاچقا تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ قالدى . ئۇنىڭ گېپىنى مەندىن سوراڭلا ؟ !…

— هازىر ئاشۇنداق ئوغرى ـ قىمارۋازلار هاجىم بولۇپ كەتكىلى تۇردى ـ يا ، خۇدايىمۇ پۇلى بولسا ئىلغىماي قوبۇل قىلىۋېرىدىغان بولۇپ كەتتىمۇ نېمە ؟

— يىگىرمە مىڭ كوي پۇلۇڭلا بولسا سىلىمۇ هاجىم بولۇپ كېلىسىلە .

— مەنغۇ هاجىم بولارمەن ، ئۆيدىكى ئىككى ئوغۇلنى نېمە بىلەن ئۆيلەيمەن ؟ هاجىمنىڭ ئوغلى دەپ خەق قىزىنى بىكارغا بەرمەيدۇ .

— بولدى ، بولدى ، هاجىمنىڭ گېپىنى قويۇڭلا ، — يېزا باشلىقى سەمەت ئۇلارنى تەرتىپكە چاقىردى ،— مۇهىم گەپنى قىلىشايلى ، ماۋۇ هەممەيلەننىڭ تەقدىرىگە تاقىشىدىغان گەپ ، ئەگەر ئاپتونوم رايون ۋىلايەتنىڭ پىلانىنى تەستىقلىسا دەسلەپكى قەدەمدە چىلانباغ كەنتى پۈتۈنلەي ئېلىنىدۇ ، كەنتتىكى ئۈچ يۈز نەچچە ئائىلە كۆچۈش كېرەك . هەرقايسىڭىز يەر ، ماكاندىن ئايـرىلىسىز ، بۇنىڭغا رازىمۇ سىلەر ؟ بۈگۈن بۇ يەرگە تۇردى شۇجى كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ، نېمە گەپ بولسا شۇجىنىڭ ئالدىدا دېسەڭ بولىدۇ ، ئەتە ـ ئۆگۈن ماڭا قاقشاپ بەرگىنىڭلار بىلەن مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ…

تۇردى ئوسمان ئەتراپتىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتتى . مۇشۇ ئول-
تۇرغان توپا چىراي ئادەملەر ئۇنىڭ يۈلەنچۈكلىرى ، ئۇ بۇلارنىڭ
ئاتا - ئانا ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن تارتىپ ياخشى بىلىدۇ . بۇ
ئادەملەر ئۇنى دائىم يوقلاپ ، تاپقان - تەرگىنىنى كۆتۈرۈپ
بارىدىغانلار . مۇشۇلار تۇردى ئوسماننى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئۆستۈر-
گەنلەر . ئۇلار تۇردى ئوسمانغا خۇداغا ئىشەنگەندەك ئېتىقاد قىلى-
دىغانلار... ئۆز ۋاقتىدا تۇردى ئوسمان «ئۆي سالاتتىم» دېگەندە
ئۇلار ئەڭ ياخشى جايدىن يەر بەردى ، ئۇنى بىر تىيىن پۇل
خەجلەتمەي كاتتا ئۆيلەرنى سېلىپ بەردى ، هازىر مانا ئۇنىڭ ئاشۇ
ئۆيلىرىگىمۇ ئاپەت كېلىۋاتىدۇ . ئەلۋەتتە ، تۇردى ئوسمان بۇنىڭغا
قاراپ تۇرمايدۇ ، ئۇ بۇ ئادەملەرنى قوزغاپ ئەقىل كۆرسىتىپ
قويسىلا بولىدۇ... تۇردى ئوسمان شۇلارنى ئويلاپ سورىدى :

— سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار نېمە؟...

ئولتۇرغانلاردىن زۇۋان چىقمىدى . ئۇلار يەر ئاستى-
دىن بىر - بىرىگە قاراشىپ قوياتتى .

— زۇۋان سۈرمەيسىلەرغۇ؟— بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان يېزا
باشلىقى سەمەت ئاچچىق ئارىلاش دېدى ،— يەر - زېمىننى بېرىش-
كە رازى ئوخشىمامسىلەر؟ تۇردى شۇجى سىلەردىن سوراۋاتىدۇ .

دېهقان مانا مۇشۇنداق خەق . ئۇلار ھەممە ئىشقا پەقەت ماقۇل
دەپلا ئۆگەنگەن ، شۇنداق بولغاچقىمۇ ھەممە ئادەم ئۇلارنى بوزەك
قىلىشقا ئامراق ، ئاخىرى «چىلانباغ» كەنتىنىڭ باشلىقى بېشىنى
كۆتۈردى .

— گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلساق ،— دېدى ئۇ تۇردى ئوسمانغا
قاراپ ،— بىز يەرنى بېرىشكە قوشۇلمايمىز ، بىز ھۆكۈمەتنىڭ
ئېچىۋېتىلگەن رايوننى قۇرۇش پىلانىغا قارشى ئەمەسمىز ، قۇر-
سۇن ، لېكىن دېهقانلارنى ۋەيران قىلمىسۇن . شەھەرنىڭ تۆپىسى-
دىكى سايلىق بىكار تۇرۇپتۇ ، شۇ يەرگە قۇرسا بولىدۇ .

— ئۇ يەرگە سۇ چىقمايدۇ - دە؟— كىمدۇر بىرى ئۈن
قاتتى .

— قۇدۇق قازسا سۇ چىقىدۇ.
— ئۇنىڭ ئۇچۇن پۇل كېتىدۇ، بىر قۇدۇق ئۇچۇن...
— پۇل خەجلىمەي پايدا ئالىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن؟
— ھە، بولدى، بولدى،— يېزا باشلىقى سەمەت ئۇلارنى يەنە تەرتىپكە چاقىردى،— ئەمىسە، ھەممەيلەننىڭ پىكرى ئوخشاشقۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق...،— تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنى قوللاپ ئۈن قېتىشتى.
يېزا باشلىقى سەمەت مەمنۇن بولغان قىياپەتتە تۇردى ئوسمانغا قارىدى. ئۆيدىكىلەر ئەمدى تۇردى ئوسماننىڭ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشىنى كۈتۈۋاتاتتى. تۇردى ئوسمان ئادىتى بويىچە گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆز باشلىدى:
— ۋىلايەتلىك پارتكوم ئېچىۋېتىلگەن رايوننى قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان چاغدا، مەن ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى ئوچۇق دېگەن. مەركەزنىڭ تەلىپىمۇ تەرەققىيات رايونلىرىنى قۇرۇش جەريانىدا دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، دەپ قايتا - قايتا تەكىتلەۋاتىدۇ. سىياسەت ناھايىتى ئېنىق، لېكىن ھازىر ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ كاللىسى قىزىپ كېتىپ خىيالىغا كەلگەن ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، بىزگە ئاش - نان بېرىۋاتقان دېھقانلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك، بۇنىڭ زىيىنى كېيىنچە كۆرۈلىدۇ. مېنىڭچە، سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار خاتا ئەمەس. «ئاۋات» — شەھەرنىڭ كۆزى. «ئاۋات»نىڭ باغلىرى پۈتۈن شەھەرنى مېۋە بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ، ھەتتا قوشنا ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭمۇ ئېھتىياجىدىن چىقىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ باغلارنى قوغداش، بولسا تېخىمۇ كېڭەيتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارنى پارتكومغا يەتكۈزىمەن...
— تۇردى شۇجىمۇ بىزنى قوللىدى،— دېدى يېزا باشلىقى

سەمەت دەرھال ،— تۇردى شۇجى ئىلگىرىمۇ ھەرقانداق ئىشتا ئاۋاتنى قوللاپ ، غەمخورلۇق قىلىپ كەلگەن ، بۇنىڭ ئۇچۇن تۇردى شۇجىدىن چەكسىز مىننەتدارمىز . لېكىن بىز تۇردى شۇجىنى خىجالەت قىلىۋەرسەكمۇ ئەپلەشمەيدۇ ، بىزمۇ يۇقىرىغا ئۆزىمىزنىڭ پىكرىنى دېسەك بولىدۇ ، قانداق دېدىم ؟

— بولىدۇ ، يېزا نامىدىن ئەرز يازايلى .

— گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋەرسەك بىزنى رازىكەن دېمىسۇن !

— ھوي مۆمىن ، گەپ قىلمامسەن ؟ ياكى سودىگەر بولغۇڭ بارمۇ - يا ؟

— ھۆكۈمەت بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلارمۇ ؟— دېدى مۆمىن دېگەن ئادەم بېشىنى چايقاپ ،— بېشىمىزغا بالا تېرىۋالمىساق بولاتتىغۇ ؟

— ھەي ، ئاداش ، «ئىتتىن قورققان ئابدال بولماپتۇ» دەيدۇ ، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەرمىز…

يېزا باشلىقى سەمەت ئورنىدىن تۇردى .

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ جۇمۇ !— دېدى ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ ،— بىز «ئاۋات» يېزىسىدىكى پۈتۈن دېھقانلار نامىدىن ۋىلايەتلىك پارتكومغا ، ئاپتونوم رايونغا ئەرز سۇنىمىز ، كېيىن مەن ئۇقمايتتىم دېسەك بولمايدۇ - ھە ؟…

— مەن بىر گەپنى دەپ قوياي ،— تۇردى ئوسمان يېزا باشلىقى سەمەتنىڭ گېپىنى بۆلدى ،— ھەممە ئادەمنىڭ يۇقىرىغا تەلەپ ، ئەرز يېزىش ھوقۇقى بولىدۇ ، لېكىن ماۋۇ ئىشقا مېنى چېتىۋالماڭلار ، مەن سىلەرنىڭ ئەرزىڭلاردىن خەۋەرسىز…

— تۇردى شۇجى توغرا دەيدۇ ،— يېزا باشلىقى سەمەت دەرھال گەپ قىستۇردى ،— بۇ ئادەم ھەرقايسىمىزنىڭ غېمىنى يەپ بۈگۈن ئالايىتەن ئاۋاتقا چىقتى . شۇجىغا گەپ كەلتۈرۈپ قويىدىغان ئىشنى قىلساق تۇزكورلۇق قىلغان بولىمىز ، كىمدە - كىم تۇردى شۇجىنىڭ گېپىنى قىلسا ئۆزى جاۋاب قىلىدۇ…

سەمەتنىڭ ئۆيىدە بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇردى ئوسمان-
نىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى . «قارىباغ» كۆمۈر كان ۋەقەسى-
دىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن تەگكەن زەربىلەردىن ئۇ تەمتىرەپ
قالغان ، كۆڭلىرى بولسا بىر - بىرىدىن ئاچچىق خىيال سۈرۈش ،
ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى ، قان بېسىممۇ ھېلىدىن -
ھېلى ئۆرلەپ ۋەھىمە سالاتتى . ھايات گويا بارغانچە مەنىسىزلى-
شىپ ، كەلگۈسى گويا قاراڭغۇ جاڭگالدەك تۇيۇلۇپ روھى چۈ-
شۈپ كەتكەنىدى . بۈگۈنكى سۆھبەت ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى .
يۈرىكىدە ئۈمىد پەيدا بولدى... «ياسىن ، سەن بەكمۇ كۆرەڭلەپ
كەتكەنىدىڭ ، ‹ئاۋات›لىقلارنىڭ ئەرزى ئاپتونوم رايونغا بارسا
ئۇلار چوقۇم بۇنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋە-
تىدۇ ، ئۇ چاغدا ئىش باشقىچە بولىدۇ ، ئەتە - ئۆگۈنگىچە جاپپار-
نىمۇ ھەرىكەتلەندۈرۈپ مەكتەپنىڭ يېرىنى ئىگىلەپ ئۆي سېلىۋات-
قىنىنىڭ توغرىسىدا ئەرز يازدۇرىمەن ، يەنە بىرمۇنچە ئىشلار بار
... سەن بۇرادەر ، بەك بالدۇر خۇش بولۇپ كېتىۋاتىسەن ، تۇردى
ئوسماننىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتماق سەن ئويلىغاندەك ئاسان ئە-
مەس ، سېنى يىقىتقىنىم يىقىتقان... »

شۇ ئاردا يېزا باشلىقى سەمەتنىڭ ئايالى كىرىپ گۆشنىڭ
پىشقانلىقىنى خەۋەر قىلدى . ساھىبخانا بۈگۈن تۇردى ئوسمانغا
ئاتاپ قوي سويغانىدى ، يېزا باشلىقى سەمەت چىقىپ كېتىپ
يوغان لېگەندە تىتىلىپ پىشقان گۆشنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تۇردى
شۇجىنىڭ ئالدىغا قويدى . تۇردى ئوسمان گۆشنى كۆرۈپ سەمەت-
كە قاراپ :

— سەمەت ، بۇ گۆشنى قۇرۇقلا يەيمىزمۇ ، بۇنداق يېسەك
سىڭدۈرەلمەيمىز جۇمۇسىلا ؟ — دېدى .

يېزا باشلىقى سەمەت خوجايىنىنىڭ گېپىنى چۈشىنىپ ياي-
راپ كەتتى .

— بار ، بار ، شۇجى ،— دېدى ئۇ چاقچاقلىق بىلەن ئىچكىركى

ئۆيگە كىرىپ كېتىپ پەتنۇستا بوتۇلكىلارنى قاتار تىزىپ كۆتۈ-رۈپ چىقىپ ئۈستەلگە قويدى ۋە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ رومكىلارغا هاراق قۇيدى . ئۇ لىق بىر رومكا هاراقنى تۇردى ئوسمانغا تۇتۇپ تۇراتتى ، ياندىكى ئۆيدىن ئاتىكەم چىقىپ :

— سەمەت شياڭجاڭ ، تۇردى ئاكىلىرىغا بەرمىسىلە ، دوخ-تۇر قەتئىي چەكلىگەن جۇمۇسلا ، — دېدى .

— هاي ، هاي ،— دېدى تۇردى ئوسمان ئايالىغا قاراپ ،— ئۆيدە باشقۇرغىنىڭلارمۇ يېتەر ، بۈگۈن بىزگە ئارىلاشماي تۇرۇڭلا !

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئاغرىپ قالسىلا قانداق بولىدۇ ؟

— «ئاۋات»نىڭ هارىقى تۇردى شۇجىغا پايدا قىلىدۇ ،— دېدى يېزا باشلىقى سەمەت خۇشامەت بىلەن ،— بۈگۈن شۇجىنىڭ كەيپىنى بۇزمىسىلا ، خانىم . تۇردى شۇجى مۇشۇ بىر رومكىغا ئېغىز تېگىپ بەرسىلا بولدى...

ئاتىكەمنىڭ قارشىلىقىمۇ بىكار بولدى . تۇردى ئوسمان بىر رومكا بىلەن توختاپ قالمىدى . ئىچكەنسېرى ئۇنىڭ ئاق سېرىق يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ گېپىمۇ كۆپەيدى :

— ياسىن دېگەن كىم ئۇ ؟— دېدى ئۇ خېلى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۈستەلنى مۇشتلاپ تۇرۇپ ، — مەن ناهىيىگە هاكىم بولغان چاغدا ئۇ تاشيولنىڭ ئادەتتىكى كادىرى ئىدى ، هەتتا گۇجاڭمۇ ئەمەس ئىدى . ئۇ خوتۇنىنىڭ يۈزى بىلەن ئۆستى ، سىلەر بىلمەيسىلەر ، ئۇنىڭ قېيناكىسى كىم ، بىلەمسىلەر ؟... بولدى ، بۇ ئىشلارنى ئۇقمايلا قويۇڭلار... شۇ ياقنىڭ يولىشى بىلەن ۋالىي بولدى ، تېخى ماڭا قىز كۆرسىتىۋاتىدۇ ، ئالدىرىماي تۇرسۇن ، ئۇنىڭدەك قۇرۇق سۆلەت ۋالىيلارنىڭ نەچچىسىنى يول-غا سېلىپ قويغان بىز...

ئاتىكەمنىڭ يالۋۇرۇشى بىلەن تۇردى ئوسمان قاراڭغۇ چۈش-كەندە قايتىشقا ئاران ئۇنىدى . ئۇزۇندىن بۇيان هاراق ـ شارابنى

پەرھىز تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئېرىنىڭ بۈگۈنكى قىلىقىغا ئاتىكەم چۈشىنەلمەي ئاۋارە ئىدى . ھايات دېگەن شۇنداق ، ئادەملەر بىر - بىرىنى مەڭگۈ بىلىپ بولمايدىغان سىرلىق مەخلۇق . سەن بىر ئۆمۈر بىللە ياشاپمۇ ئۇنىڭ قەلب سىرلىرىنى بىلىپ كېتەلمەيسەن ، ھازىرغىچە بۇ سىرنى ھېچكىممۇ يېشەلىگىنى يوق…

تۇردى ئوسمان ئۆيىگە كېلىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى - دە ، خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتتى . ئاتىكەم بىردەم ئۇنىڭ بېشىدا تىڭشاپ ئولتۇردى . ئاخىرى كۆڭلى تىنچىپ ئۇمۇ ئۇيقۇغا تۇتۇش قىلدى . تۇردى ئوسمان يېرىم كېچە بولغاندا ئويغىنىپ كەتتى ، بېشى چىڭقىلىپ لوقۇلدايتتى ، گېلىغا نېمىدۇر قاپلاشقاندەك بولۇپ دېمى سىقىلاتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇراي دېسىمۇ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ مىدىرلىيالمىدى . ئۇنى بىردىن قورقۇنچ باستى - دە ، يېنىدا ئۆينى بېشىغا كىيىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئاتىكەمنى نوقۇپ ئويغاتتى .

— نېمە بولدىلا ؟ — ئاتىكەم چۆچۈپ سورىدى .

— بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ،— دېدى تۇردى ئوسمان تەستە .

— مەن دېمىدىممۇ ، بۈگۈن ئۆزلىرىنى تۇيماي قالدىلا … ئەمدى قانداق قىلىمىز ، دوختۇرغا بېرىپ باقامىلا ؟

— شوپۇرغا تېلېفون قىلىڭلا !— دېدى تۇردى ئوسمان ھاسىراپ تۇرۇپ .

تۇردى ئوسمان يەنە بالنىستقا كىرىپ قالدى .

## 18

چىمەنگۈل بىلەن نۇرىمان بارغانچە يېقىن دوستلاردىن بولۇشۇپ قالدى . چىمەنگۈلگە بۇ شەھەردە دىتىغا ياققان ئايالمۇ شۇ بولدى . چىراي دېسە چىرايىمۇ بار ، ناخشا - سازغىمۇ پەيزى بار

بۇ چوكان قاتناشقان مېھماندارچىلىق — چايلار ئالايىتەنلا قىزىيت-
تى . ئەڭ مۇھىمى ، نۇرىمان ئۇنى ئەڭ ئېسىل ، مودىلىق كىيىم-
لەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى . بۇ ئۇلارنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇ-
رۇۋەتتى . ئۇلار كۈن ئارىلاپلا بىر - بىرىنى كۆرمىسە چىداشماي-
دىغان بولۇشتى .

بىر ھەپتە ئىلگىرى نۇرىمان «يېڭى مال ئەكېلىمەن» دەپ
ئۈرۈمچىگە كەتكەنىدى . ئۇ يوق بولىۋىدى ، چىمەنگۈل زېرىكىپ
بىر بولدى . نۇرىمان قاتناشمىغان چايلاردا پەقەت ئولتۇرغۇسى
كەلمەي يېرىمىدا قايتىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يېرى
يېرىم ئىدى . ئارىلىقتا نۇرىمانغا نەچچە قېتىم تېلېفون بېرىپ
تېززەك يېنىپ كېلىشىنى ئېيتتى . بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ ئىدارىغا
كېلىپ تۇرۇشىغا نۇرىمان تېلېفون قىلىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى
خەۋەر قىلغانىدى ، چىمەنگۈل گويا يېقىن تۇغقىنى كەلگەندەك
خۇش بولۇپ كەتتى .

— نەدە سىلى ؟ — چىمەنگۈل ئالدىراپ سورىدى .

— دۇكاندا ، كېلەملا ؟

— ھازىر بارىمەن ،— دېدى چىمەنگۈل خۇشال بولۇپ ۋە
مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقىغا : «مەدەنىيەت ئىدارىسىغا يىغىنغا بارد-
مەن» دەپ قويۇپ ئۇدۇل نۇرىماننىڭ يېنىغا ماڭدى . ئۇلار ئۇ-
زۇن يىل كۆرۈشمىگەن قەدىناسلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

— يائاللا ، ئۈرۈمچىگە پېتىپلا كەتتىلىغۇ ، يوللىرىغا قاراپ
كۆزلەر تېشىلىپ كېتەي دېدى ، — چىمەنگۈل ئۇنىڭغا يۈزىنى
يېقىپ تۇرۇپ دېدى . ئۇنىڭ كۆزىگە نۇرىمان تېخىمۇ ياشىرىپ
قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى .

— ئىچكىرىدىن مال كەلمەي ساقلاپ كەتتىم ، ئۆزۈممۇ
زېرىكىپ ئۆلەي دېدىم .

— مالنى ساقلىدىلىمۇ ياكى كونا تونۇشلار ئۇچراپ قويۇۋەت-
مىدىمۇ ، راست گەپنى قىلسىلا ؟…

— خۇدايا توۋا دېسىلە... ،— نۇرىمان «ۋىلىلىدە» قىزاردى.

— كۆزلىرى ھەممىنى دەپ قويۇۋاتىدۇ جۇمۇ، مودىلارمۇ يېڭىلىنىپ قاپتۇغۇ؟ — چىمەنگۈل ئۇنىڭ چېچىنى ئىما قىلدى.

— بوپتۇمۇ؟ — دېدى نۇرىمان چېچىنى سىلىكىپ تۇرۇپ، — ھازىر ئۈرۈمچىدە مۇشۇ پاسون مودا ئىكەن.

— يارىشىپتۇ... مىدالىئونمۇ قالتىسقۇ؟ بۇ تۇرقىدا خېلى كاتتا بايۋەچچە بىلەن تونۇشۇپ قالغان ئوخشىمايسىزمۇ؟...

نۇرىمان كۆزلىرىنى ئويناتىپ كۈلدى.

— ئۈرۈمچىنىڭ ئويۇن - تاماشىسىنى دېسە بۇ شەھەرگە يېنىپ كەلگۈسى كەلمەي قالىدىكەن، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — سىلى تېلېفون قىلمىغان بولسىلىرى يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېلەتتىم.

— ھە، بار ئويۇننى سىلى ئويناپ، مەنزە مۇشۇ يەردىكى باداڭ قورساق خوتۇنلار بىلەن غەيۋەت قىلىشىپ ئولتۇرسام بولاتتىكەن - دە؟ — چىمەنگۈل قېيىدىغاندەك بولۇپ نۇرىماننىڭ مەڭزىنى چىمدىپ قويدى، — ئۈرۈمچىدە چايلارغىمۇ بارغانلا؟

— ئۈرۈمچىنىڭ چايلىرى قالتىس بولۇپ كېتىپتۇ دېسىلە؟

— شۇنداقمۇ؟

— بۇدا بىللە بېرىپ كۆرۈپ باقالا، ۋالىي رۇخسەت قىلارمۇ؟

— ۋايىەي، ئۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا... بۇدا نېمە ئەكەلدىلە؟

نۇرىمان شۇ چاغدىلا ئېسىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ ئەكەلگەن كىيىملەرنى ئېلىپ كۆرسەتتى.

— ماۋۇ كورىيىنىڭ يېڭى كەلگەن كوپتا - يوپكىسى ئىكەن، ئۈرۈمچىدىمۇ تېخى بازارغا چىقمىدى، — دېدى نۇرىمان خالتىنى ئېچىپ، — سىلىگە مۇشۇ رەڭنى تاللىدىم، بوپتۇمۇ؟

كىيىمنى ئېچىپ كۆرۈپ چىمەنگۈلنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— كىيىپ كۆرۈپ باقسىلا ، مېنىڭچە دەل كېلىدۇ .
چىمەنگۈل كىيىمنى كىيىپ ، ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى .
— نەقلا مېنىڭ كىيىمىم ئىكەن ، كۆزلىرى بار چوكان جۇمۇ سىلى ، رەڭگىمۇ بولدى ، هە ، ئۆزلىرىگىمۇ ئالغانلا ؟
— مەن باشقا رەڭنى تاللىدىم .
— ساتىدىغانغا ئەكەلمىگەنلا ؟
— ساتىدىغىنىم بۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ .
— سەلىمەنىڭ ئەتىكى چېيىغا پار قىلىپ كىيىپ بارايلى .
— مەنمۇ شۇنىڭغا ئالدىراپ كەلدىم ئەمەسمۇ .
— بولمىسىزە ، ئۇرۇمچىدە قىشلاپ قالىدىكەنلىدە ، خېنىم ، پەيزىلىرى بارغۇ ؟
— ئۇنى بىر دېمىسىلە ،— دېدى نۇرىمان لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ ،— هاياتنىڭ پەيزىنى شۇلار سۈرۈۋېتىپتۇ جۇمۇ ! مېنىڭ بىر - ئىككى دوستلىرىم بار ئىدى ، هازىر ئۇلار چايلىرىنى نەدە ئويناۋېتىپتۇ دېمەملا ، گۇاڭجۇ ، شياڭگاڭلارغا بېرىپ ساياھەت قىلغاچ ئويناپ كەپتۇ .
— شياڭگاڭغا بېرىپ چاي ئۆتكۈزۈپ كېلىدىكەن دەملا ؟
— هەئە … بىــززە ، زامــاندىن بــەكلا ئارقىدا قالغىلى تۇرۇپتۇق .
— ئۇلار شۇنچىۋالا باي خوتۇنلارمۇ ؟
— بەزىلىرى سودىگەرلەر ، بەزىلىرى خىزمەتچىلەر .
— خىزمەتچىلەرنىڭمۇ شياڭگاڭنى ئايلىنىپ كەلگۈدەك پۇل-لىرى بارمىكەن ؟
نۇرىمان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . ئۇ بۈگۈن چىمەنگۈلنى چېــكىپ بــاقماقچى بــولۇپ دېگەنىدى ، چىمەنگۈل رەسمىيلا قىزىدى .
— چىمەنگۈل ،— دېدى نۇرىمان ،— هازىر پۇل تېپىشنىڭ يوللىرى جىق بولۇپ كېتىپتۇ ، مەنمۇ باشتا ئاڭلاپ تازا ئىشەنمە-

گەندىم ، بۇ خوتۇنلار بىر ـ ئىككى مىڭ كوي ئايلىقى بىلەن
قانداق ئوينايدىغاندۇ دېگەندىم ، كېيىن زەن قويۇپ ئۇقۇپ باقسام
ئۇلار ئەرلىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پۇل تاپىدىكەن . بىر
دوستۇمنىڭ ئېرى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئىدارىسىدە باشلىق
ئىكەن ، ئۇ ئېرىنىڭ ئىدارىسىدىن ئەرزان ئېلىپ ، تۆۋەندىكىلەر-
گە نەچچە ھەسسە قىممەت ساتىدىكەن . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، يېقىندا
قىلغان بىر سودىدىن ئۈچ يۈز مىڭ كوي پايدا قالدى دەيدۇ .
— ئۈچ يۈز مىڭ ؟ !... ،— چىمەنگۈلنىڭ كۆزلىرى چەك-
چىيىپ كەتتى .
— ھەئە... خەقلەر پۇل دېگەننى ئاشۇنداق تاپىدىكەن ، ئۇلار-
غا سېلىشتۇرغاندا سىلىنىڭ ئەرلىرىنىڭ ھوقۇقى چوڭ ـ دە !
ۋىلايەتتە قەيەرگە قولىنى سوزسا يېتىدۇ ، نېمە قىلىمەن دېسە
قىلالايدۇ ، ئەگەر مەن سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا بولغان بولسام بىكار
ياتمايتتىم...
— لېكىن ، سىلى ياسىنجاننى بىلمەيلا ،— دېدى چىمەنگۈل
بېشىنى چايقاپ ،— بەك ئېھتىياتچان ، قورقۇپ تىترەپلا
تۇرىدۇ...
— ھوقۇق دېگەن بىر ئامەت ، — دېدى نۇرىمان ، — ئۇ
قولدىكى چاغدا پايدىلانمىسا بىكارلا نەرسە . بۇ ئامەت قۇشى بىر
ئادەمنىڭ بېشىدا مەڭگۈ تۇرمايدۇ ، بىزنىڭ جىق باشلىقلىرىمىز
ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ ، ئامەت قۇشى ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن
پۇشايمان قىلىشىدۇ .
— راست دەيلا... ،— نۇرىماننىڭ سۆزلىرى چىمەنگۈلنى
ئوبدانلا تەسىرلەندۇرگەن ئىدى ،— ياسىنجانغىمۇ بۇ ۋالىيلىق
ئاسانغا كەلمىدى ، بىزمۇ ئاز چىقىم تارتمىدۇق ... لېكىن بىزنىڭ
ئۇ ئادەم قىپقىزىلدىن ، ئۆزۈمگە بولسۇن دېگەننى پەقەت بىلمەي-
دۇ .
— بوپتۇ ، ۋالىي ئۆزى قىلمىسۇن ، چۈنكى ھازىر ئۇ ئادەمگە

تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەر ئاز ئەمەس ، ئاۋۇ تۇردى شۇجى دېگەنلەر مارىشىپ تۇرىدۇ . دىققەت قىلمىسا ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان نېمىلەر… بۇ ئىشنى سىلى قىلسىلا بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟…

— مەنمۇ ؟ — چىمەنگۈل كۈلۈپ كەتتى ، — مەن ئۆمرۈمدە سودا دېگەننى قىلىپ باقمىغان ئادەم ، زىيان تارتىپ ئولتۇرارمەن .

— سىلى سودا قىلسىلىمۇ ياراشمايدۇ ، — دېدى نۇرمان چۈشەندۈرۈپ ، — سودىنى بىز قىلىمىز ، سىلى پەقەت ۋالىيغا بەزى نەرسىلەرنى تەستىقلىتىپ بەرسىلە بولىدۇ ،قالدى ئىشلارغا سىلىنى ئاۋارە قىلمايمىز .

چىمەنگۈل ئويلىنىپ قالدى : «نۇرمان دېگەندەك ياسىنجاننىڭ ۋالىي بولۇشى ئۇلارغا كەلگەن بىر ئامەت ، پۇرسەت . ئۇ رۇمچىدىكى چاغدا ياسىنجان مۇئاۋىنلىقتىن ئاشالمىدى ، باشقارمىغا مۇئاۋىن باشلىق بولدى ، نازارەتكىمۇ مۇئاۋىن نازىر بولدى . مۇئاۋىننىڭ قولىدا ئىقتىسادىي ھوقۇق بولمىغاچقا ، بۇ ئەمەللەردىن تۈزۈكرەك نەپ كۆرمىدى ، ئۇنىڭ ئالدىغا ھاجەتمەن بولۇپ كېلىدىغانلارمۇ ئاز ئىدى . ھازىرقى ئورنى بولسا پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ بىرىنچى قولى . ئۇنىڭ قولىدا ئىقتىسادىي ھوقۇقمۇ ، ئادەم ھوقۇقىمۇ بار . نۇرمان دېگەندەك بۇ ھوقۇق ئۇنىڭ قولىدا قانچىلىك تۇرىدۇ ، ئەمەل دېگەن باشقىلارنىڭ ساڭا كىيگۈزۈپ قويغان چاپىنى ، بىر كۈنلەرگە كېلىپ ئۇنى سالدۇرۇۋالسا يالىڭاچلا قالىدىغان گەپ ، شۇڭا ھوقۇق قولدا باردا ئۇنى ئىشلىتىشنى بىل !… » ئۇ نۇرماننىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپ سورىدى :

— نۇرمان ، سىلى سودىنىڭ ئېپىنى بىلىلا ، سىلىچە ھازىر قانداق سودىنىڭ پايدىسى ياخشىراق ؟

— سودىنىڭغۇ تۈرلىرى جىق ، — دېدى نۇرمان ، —

مەسىلەن ، بىر چاغلاردا كىيىم ـ كېچەك ياخشى ماڭغانىدى ، هازىر بۇنى قىلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى ، جاپاغا تۇشلۇق پايدىسى يوق ، مەن باشتا ئېچىپ قويۇپتىكەنمەن ، خېرىدارلىرىمنىڭ زورى بىلەنلا قىلىۋاتىمەن ، بىز قىلساق باشقىلار تۇتمىغان سودىنى قىلساق بولىدۇ .

— مەسىلەن ، قايسى سودىنى ؟

— مەن ئۈرۈمچىدىكى دوستۇمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، دېھقانچىلىق ماتېرىياللىرىنىڭ سودىسى بولغۇدەك دەپ قالدىم ، بىزدە دېھقان جىق سانىنى ئىگىلەيدىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر دېھقانلار يەرلىرىگە خىمىيىۋى ئوغۇت چاچمىسا هوسۇل ئالالمايدىغان بوپتۇ ، ئەگەر بىز ئوغۇتنى دۆلەت باهاسىدا ئېلىپ دېھقانلارغا ساتتۇق دەيلى ، بىر خالتا ئوغۇتتىن ئون كويدىن قالدى دېسەكمۇ ئوبدان پايدا قىلىدىكەن ، مەن سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۇم ، هازىر خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ بازىرى بەك ئىتتىك ئىكەن...

— بۇنى ئىككىمىزلا قىلىپ كېتەلەيمىزمۇ ؟

— ئىككىمىز قىلساق چېنىپ قالىدۇ . مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن ، بىزنىڭ چايدىكى ئاياللار بىرلىشىپ بىر شىركەت قۇرۇپ شۇنىڭ نامىدا قىلساق دەيمەن ، هەممەيلەن ئەهۋالىغا قاراپ پاي قوشسا مەبلەغمۇ هەل بولىدۇ .

— ئوغۇتنىمۇ ئالدۇق دەيلى ، — چىمەنگۈل ئۇقالماي سورىدى ، — ئۇنى قانداق ساتىمىز ، ناهىيە ـ ناهىيىدە دۇكان ئاچىمىزمۇ ؟

— ئۇنداق ئاۋارىچىلىك كەتمەيدۇ ، — دېدى نۇرىمان چۈشەندۈرۈپ ، — بىز چوڭ بىر ئىسكىلاتنى ئېلىپ ئوغۇتنى شۇ يەرگە بېسىپ بىر ئادەم توختىتىپ قويىمىز ، هازىر خىمىيىۋى ئوغۇتنى ئېلىپ ـ ساتىدىغانلار يامان جىق ئىكەن ، شۇلار بىلەن ئالاقىلىشىۋېلىپ شۇلارغا ئۆتكۈزسەك ئىش پۈتىدۇ .

— ئۇنداق بولسا بولىدىكەن ، — دېدى چىمەنگۈل .

— سىلى پەقەت ۋالىي ئارقىلىق تەستىقلىتىپ بەرسىڭىلا كۇپايە ، قالدى ئىشلارغا سىلىنى ئاۋارە قىلمايمىز .

— بوپتۇ ، قىلىپ باقايلى ،— دېدى چىمەنگۇل قىزىقىپ ،— يا بايدىن چىقار يا سايرامدىن…

— خاتىرجەم بولسىلا ، زىيان چىقمايدۇ .

ئۇلار شۇنداق كېلىشتى ۋە نۆۋەتتىكى چايدا قالغان ئاياللار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ ئىشنى باشلايدىغان ، ئاڭغىچە چىمەنگۇل ۋالىيغا خىزمەت ئىشلەپ ماقۇل كەلتۈرىدىغان بولدى . چىمەنگۇل سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى :

— ۋىيەي ، چۈش بولۇپ قاپتۇغۇ ، مەن قايتاي ، — دېدى ۋە نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك سومكىنى كۆرسىتىپ ، — نۇرىمان ، بۇنىڭ ؟…

— باھاسىنى دەمىلا ؟— نۇرىمان خاپا بولغاندەك بولۇپ قاش - قاپىقىنى سۈزدى ،— تۇۋا ، مېنى تېخىچىلا دوست كۆر-مەيۋاتىلا - ھە ؟…

— ياق … شۇنداق بولسىمۇ …

— مېنى خاپا بولمىسۇن دېسىلە باھا - پاھا دېگەن گەپنى قىلمىسىلا ،— دېدى نۇرىمان سومكىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ ،— سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە يارىسىلا مەن خۇش …

چىمەنگۇلمۇ شۇ گەپنى كۈتكەن ئىدى .

— ئەستا … ،— دېدى چىمەنگۇل نۇرىماننى قۇچاقلاپ تۇ-رۇپ ،— مەنمۇ سىلىگە بىر خىزمەت قىلسام بولاتتى .

— سىلىنىڭ مېنى ئۆز كۆرگەنلىرى كۇپايە …

نۇرىمان كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىۋاتاتتى ، مانا بۈگۈن ئۇ چىمەنگۇلنى سودا قىلىشقا ماقۇل قىلدى ، ئۇنىڭ پايدىسى… ئەڭ مۇھىمى ، بۈگۈن ئۇ چىمەنگۇلنى ئۆزى نەچچە ۋاقىتتىن ئويلاپ يۈرگەن سودىغا ئۇناتتى . ئۇنىڭ پايدىسى بۇ لاتا - پۇتىلاردىن

نەچچە ھەسسە چوڭ ، ئەگەر چىمەنگۈل بۇ سودىنىڭ تەمىنى تېتىپ قالسا كېيىنچە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئوبدان پايدىلانغىلى بولىدۇ ، تېخىمۇ چوڭ سودىنى قىلغىلى بولىدۇ .

چىمەنگۈل شۇ كۈنى كەچتىلا نۇرىمان بىلەن قىلىشقان مەسىلىھەتنى ياسىنجان ۋالىيغا دېدى .

— ھازىر ئاياللارنىڭ چايلىرىنىڭ پەقەت مەسلىھەتى قالمىدى ، — دېدى ئۇ نۇرىماننىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە گەپنى ئايلاندۇرۇپ ، — بارماي دېسەم ۋالىينىڭ ئايالى بىزنى ياراتمىدى ، دەمدىكىن دەيمەن . بارسا ئىسراپچىلىق ، غەيۋەت ـ شىكايەت ... شۇڭا نۇرىمان بىرقانچىمىز مەسلىھەتلىشىپ چاينىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ باقايلى دېيىشتۇق .

— سىلەر قانداق قىلماقچى بولدۇڭلار ؟ — ۋالىي چۈشەندىن مەستىن سورىدى .

— ئاڭلىساق ، ئۇرۇمچىدە چوڭ ئاياللاردىن تەشكىل تاپقان «مېھرىبان ئانىلار» دېگەن ئۇيۇشما بار ئىكەن ، ئۇلار ھەر قېتىمقى چايدا چۈشكەن پۇلنى يىغىپ جەمئىيەتتە ئوقۇشسىز قالغان باللارغا ياردەم قىلىدىكەن...

— ھە ، بۇنى ئاڭلىغان ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي .

— بىزمۇ شۇنداق بىر ئىش قىلساقمىكىن دەيمىز .

ياسىنجان ۋالىي گويا ناتونۇش بىر ئادەمنى كۆرۈۋاتقاندەك ئايالىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى .

— قالتىسقۇ ،— دېدى ئۇ بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەي ،— بۇ ياخشى گەپ ئىكەنغۇ ؟ ئەگەر راستتىنلا شۇ نىيەتكە كەلگەن بولساڭلار مەن قوللايمەن ، بۇنى قانداق قىلماقچىسىلەر ؟

— بىز مۇنداق دېيىشتۇق ، بۇدوقى چايدا ھەربىرىمىز بەشمىڭ كويدىن پۇل چىقىرىپ پاي قىلىپ قوشىدىغان بولدۇق . يىغىلغان مەبلەغنى سودىغا سېلىپ تاپقان پايدىنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى يېتىم باللارغا ئىئانە قىلساق دېيىشتۇق .

— سودا قىلساق؟— ياسىنجان ۋالىي قايتىلاپ سورىدى،— سىلەر نېمە سودا قىلارسىلەر؟

— شۇنى كۆپ ئويلاشتۇق، نۇرىمانىنىڭ كىيىم - كېچەك تىجارىتىگە دەسمايە قىلالايلىمۇ دەپمۇ باقتۇق، لېكىن نۇرىمان ئۇنىمىدى. «هازىر كىيىم - كېچەكنىڭ سودىسىمۇ تازا ياخشى ئەمەسكەن، كېيىن كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىدىغان ئىش بولمىسۇن» دەيدۇ، ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا...

— ئەمىسە نېمە قىلىسىلەر؟

— نۇرىمانىنىڭ دېيىشىچە، هازىر خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ بازىرى ياخشى ئىكەن، بۇنى قىلساق بىر تەرەپتىن دېهقانلارغىمۇ نەپ بەرگىلى بولىدىكەن...

— خىمىيىۋى ئوغۇت دۆلەت بىرتۇتاش باشقۇرىدىغان نەرسە،— دېدى ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ،— ئۇنىڭ سودىسىنى قىلىشقا بولمايدۇ.

چىمەنگۈل ئېرىنىڭ شۇنداق دېيىشىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ كەتمىدى.

— قايسىبىر نەرسىنى دۆلەت بىرتۇتاش باشقۇرمايدۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ،— سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن ئوغۇت ئېلىپساتارلىرى ماشىنا - ماشىنا ئەكېلىپ دېهقانلارغا ئۆزە باهادا سېتىۋېتىپتۇ. خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، ئوغۇت زاۋۇتلىرى ئۆزلىرىمۇ سېتىۋېتىپتۇ...

— بىز بۇ يىل شۇنى تەرتىپكە سالماقچى...

— ئۇنداق تەرتىپكە سېلىنىشلار جىق بولغان، قاراڭ، ئۇنى بىر سىز تۈزەپ بولالمايسىز، بازارنى بازار ئارقىلىق تۈزەيدىغان گەپ، بىز ئەگەر هايانكەشلەردىن ئەرزان ساتساق ئۇلار ئۆزلۈكىدىنلا بۇ سودىدىن قولىنى تارتىدۇ، بۇمۇ بىر هېساپتا تۈزەش ئەمەسمۇ؟...

ياسىنجان ۋالىي ئويلىنىپ قالدى. ئۇ چىمەنگۈلنىڭ كاللىسىغا بۇ خىيالنىڭ قانداق بولۇپ كىرىپ قالغىنىغا هەيران ئى-

دى . «بۇلار زادى نېمە قىلماقچى ؟ — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ، مۇشۇ ئارقىلىق پۇل تاپماقچىمۇ ؟ راستىنلا خەير ـ ساخاۋەت قىلىدىغان ئىش بولسا مەيلىتى ، ئايال خەق دېگەن مايمۇنغا ئوخشاش دورامچى كېلىدۇ ، بۇلارمۇ تېلېۋىزورلاردىن ئاشۇنداق ئىشلارنى كۆرۈپ ، دوراپ باقماقچىمۇ قانداق ؟… »

— ئەجەب ئۇنۇڭىز ئىچىڭىزگە چۈشۈپ كەتتىغۇ ؟ — چىمەنگۈل تاقەتسىزلىنىپ سورىدى ، — بىلىسىڭىزچۇ ، بۇ مېنىڭ سىزنى قوللاۋاتقىنىم ، ماڭا بولمىسا ، بۇ ئۆيدە نېمە كەم ؟ كېيىمەن دېسەم بار ، يەيمەن دېسەم تۆرۈپتۇ… مەنچۇ ، خەقلەر ياسىنجان ۋالىينىڭ ئايالى چايلا ئويناپدىكەن دېمىسۇن ، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىش قىلىۋاتىدۇ ، دېسۇن دەپ قىلىۋاتىمەن . ئاۋۇ تۆردى ئوسماننىڭ خوتۇنى ھېچ ئىش قىلماي كېسەل كۆرپىسى بولۇپ يۈرسىمۇ يەنە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى دېگەن ئەمەلنى قۇچاقلاپ يېتىۋاتىدۇ ، شۇنىڭغىلا ئىچىم قايناپ : «بوپتۇ قىلاي-لى» دېدىم ، ئەجەب ياخشى ئويلاپسىز دېمەيسىزا ؟ زادى بىزنى قوللامسىز ، يوق ؟…

— ياخشى بوپتۇ دېدىمغۇ ، يەنە نېمە قىلىپ بېرىمەن ؟

— گېپىڭىز گەپ ـ ھە ؟— چىمەنگۈل قاشلىرىنى ئوينىتىپ ئەركىلىدى ،— ئەمىسە بىزگە تەستىق يېزىپ بېرىڭ !

— نېمە تەستىق ؟

— خىمىيىۋى ئوغۇت ، جىق ئەمەس ھازىرچە يۈز توننا…

— بۇ … قاراڭ ، چىمەنگۈل ،— ياسىنجان ۋالىي بېشىنى چايقىدى ، — مېنىڭ سىزگە مەسلىھەتىم ، سىز بۇ سودىغا ئارىلاشمىسىڭىز بوپتىكەن … بۇ دېگەن سىياسەتكە تاقىلىدىغان پرىنسىپلىق مەسىلە …

— ۋاي ـ ۋۇي ، سىزنىڭ مۇشۇ پرىنسىپ ، سىياسەتلىرىڭىزدىن جاق تويدۇم… خەقلەر نى ئىشلارنى قىلىۋاتسا گەپ يوق ، سىزلا شۇنىڭغا ئېسىلىۋالىدىكەنسىز . ھەي ، قاراڭ ، بۇ ۋالىيلىق-

مۇ سىزگە باقمەندە ئەمەس جۇمۇ ! نى - نى ئادەملەردىن قالغان ئورۇن بۇ... بوپتۇ ، سىز تەستىقلاپ بەرمىسىڭىز مەيلى ، لېتىپ جۇيجاڭنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم باراي . ئىسىت ، سىزگە دېگەن ئاغزىم...

ياسىنجان ۋالىي ئايالىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ : «ئۇ بىر ئىشنى قىلىمەن دېدىمۇ ، بولدى قىلماي قويمايدۇ . ئەگەر ئۇ لېتىپ جۇيجاڭنىڭ ئالدىغا بارسا بۇ گەپ جەمئىيەتكە يېيىلىدۇ ، ھەركىم ھەر خىل تەبىر بېرىشىدۇ ، بۇنىڭ تەسىرى ياخشى بولمايدۇ... چىمەنگۈل بۇ ئىشنى بىردەملىك قىزىقىش بىلەنلا قىلىۋاتىدۇ ، سودا دېگەن سەھنىدە ئوينايدىغان ئۇسسۇل ئەمەس ، ئەتە - ئۆگۈن جاپاسى چىقسا ئۆزىلا ۋاز كېچىدۇ ، ھازىرچە ‹ھە › دەپ تۇراي... »

— بوپتۇ ، بوپتۇ ،— دېدى ۋالىي شۇلارنى ئويلاپ ، — بۇ تۇرقىڭلاردا ، خوتۇن ، مېنى قارغىۋېتىدىغاندەك قىلىسىلەر ، بوپتۇ ، تەستىقلاپ بېرەي ، لېكىن قالغان ئىشلار بىلەن مېنىڭ كارىم يوق جۇمۇ !

— ماۋۇ گېپىڭىز ۋالىيغا لايىق گەپ بولدى ، — دېدى چىمەنگۈل يايراپ ، — خاتىرجەم بولۇڭ ، سىزنى باشقا ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشتۇرمايمىز ، تۆگە كۆردۈڭمۇ يوق !...

— لېكىن ، مەن سىزگە ئالدىن دەپ قوياي ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي جىددىي قىياپەتتە ، — پايدا قوغلىشىپ قانۇنسىز ئىشلارنى قىلغۇچى بولماڭلار ، سىز باشقىلارغا ئوخشاشمايسىز جۇمۇ !

— بىلىمەن ، بىلىمەن ، مەنمۇ كىچىك بالا ئەمەسقۇ ؟— چىمەنگۈل ئاخىرى ئېرىنى قايىل قىلغانلىقىدىن خۇش بولۇپ ئەركىلەپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ قويدى ،— رەھمەت سىزگە ، قاراڭە ، كۆڭلىكىڭىزنىڭ ياقىسى كىر بولۇپ قاپتۇ ، مەن سىزگە دائىم دەيمەن ، كۆڭلەكنى كۈندە ئالماشتۇرۇڭ دەپ . ھە ،

راست ، نۇرمان ئۇرۇمچىدىن سىزگە چەتنىڭ بىر كۆڭلىكىنى ئالغاچ كەپتىكەن ، شۇنداق چىرايلىق ئىكەن ، ئەتە ئالماشتۇرۇۋېلىڭ !...

«بۇ نۇرمان دېگەن ئايال ئەجەب يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتىدىيا ؟— ياسىنجان ۋالىي ئويلىنىپ قالدى ،— چىمەنگۇلنىڭ ئاغزىدىنمۇ چۈشمەيدىغان بولدى ، بۇ سودىگەر دېگەن خەقنىڭ غەرىزىنى ئۇقۇپ بولغىلى بولمايدۇ ، ئەته - ئۆگۈن بىر بالاسى يۇقمىسا بولاتتىغۇ ؟... ئوغۇت سودىسىدىمۇ ئېھتىمال شۇ تاپتى... » ياسىنجان ۋالىينىڭ كۆڭلىنى بىر ساراسىمە ئىگىلىۋالدى ، لېكىن ئەمدى ۋاقىت ئۆتكەنىدى .

— نۇرماننى ئاتىكەمنىڭ تۇغقىنىكەن دەۋاتاتتىڭىز ، قانداق بولۇپ سىز بىلەن يېقىن بولۇپ قالدى ؟ — ياسىنجان ۋالىي تۇيۇقسىز سورىدى .

— تۇغقانلىقى تۇغقان ئىكەن ، لېكىن ئۇلار ئۇنى خارلاپ چاپلىمىغان بەتنامى قالمىغانىكەن ، بىچارە بىر كۈنى ماڭا قان يىغلاپ دەردىنى ئېيتىپ بەردى ، تۇردى ئوسمان ئۇنىڭغا زورلۇق قىلىپتىكەن...

— نېمە دەيسىز ؟— ياسىنجان ۋالىي ھەيران بولدى .

— ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن دەپ بەردى ، شۇڭا ئۇلارغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىكەن ، ئۇلارنىڭ گېپى چىقسا تىترەپ كېتىدۇ .

«ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن - دە ؟ بوپتۇ ، ۋاقتى كەلگەندە بۇ ئايالدىنمۇ پايدىلانغىلى بولغۇدەك . ھەي ، تۇردى ، سەن خېلى ئاياللارنى بوزەك قىلىپ بېقىپسەن - دە ! بۇنىڭ جازاسىنى تارتىسەن تېخى... ئۇنداق يېرى بولسا بۇ ئايالنى يۆلەش كېرەك . سىياسىي كېڭەشكە نامزات قىلىپ كۆرسىتىپ قويساق بولامدىكىن ، تۇردى ئوسماننىڭ ئىچىگە ئوت كەتسۇن... » ياسىنجان ۋالىينىڭ بايىقى ئەنسىزچىلىكى تۈگەپ ، خاتىرجەم بولدى .

— مۇنچىدا ئىسسىق سۇ بارمۇ؟ — ئۇ تازىلىق ئۆيىدىن چىققان چىمەنگۈلدىن سورىدى.

— باردۇ، يۇيۇنامتىڭىز؟

— يۇيۇنۇۋالايمىكىن...

— ئەمىسە مەن ئىچ كىيىملىرىڭىزنى تەييارلاپ بېرەي...

ياسىنجان ۋالىي مۇنچىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، چىمەن-گۈل نۇرىمانىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدى:

— يېتىپ قالمىغانلا؟— دېدى ئۇ نۇرىمانىنىڭ بوش ئۈنىنى ئاڭلاپ،— نېمە ئاۋاز ئۇ؟ ھاجىمنىڭ خورىكى دەملا، ياشاپ كېتىڭ، مۇزىكا بىلەن ئۇخلايدىكەنلىدە؟... ھەي، قارىسىلا، ياسىنجان ھېلىقى دېگەننى ھەل قىلىپ بېرىدىغان بولدى، خېلى تەستە ئەيۋەشكە كەلدى دېسىلە. ئەمدىچۇ، قالغان خوتۇنلارنى سىلى يىغاملا... تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇيلى. قالدى ئىشلارنى ئەتە دۇكاندا پاراڭلىشايلى، ماقۇل، قايىر ھاجىم ئۇقمىغاندۇ؟ ھە، بوپتۇ، ھازىرچە ئۇقماي تۇرغىنىمۇ ياخشى، خەير، ئەتە كۆرۈشەيلى!...

چىمەنگۈل بۈگۈن بۆلەكچە خۇشال بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئال-دىدىن باغلام - باغلام پۇللار خۇددى كىنو لېنتىسىدەك تىزىلىپ ئۆتۈپ ئەندىكتۇرۇۋەتتى. ئۇ كىيىم ئىشكاپىدىن ئەڭ چىرايلىق رۇباشكىنى ئېلىپ كىيدى. يۈز، بەدەنلىرىگە ئەڭ ئېسىل ئەتىر-نى بولۇشىچە چاچتى، ئاندىن غۇۋا چىراغ نۇرى ئاستىدا كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ ئېرىنىڭ مۇنچىدىن چىقىشىنى كۈتتى.

## 19

ياسىنجان ۋالىي يىغىنغا بىر سائەت قاتناشتى - دە، «ئىشىم بار» دەپ يېنىپ چىقىپ «بوستان»غا ماڭدى. ئۇ بۈگۈن ئانىسى زورىخاننى يوقلاپ كەلمەكچى بولدى. يېقىنقى ئىككى ئايدىن

بۇيان ، يىغىن ، خىزمەتلەر بىلەن ئۇ ياق - بۇ ياققا كېتىپ مومايىنى يوقلىغۇدەك پۇرسەت چىقىرالمىغان ئىدى . بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە يىغىنغا بارغىنىدا ئانىسىغا ئاتاپ كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى . بۈگۈن شۇ نەرسىلەرنى ئاپىرىپ بەرگەچ ئانىسىدىن ھال سوراپ كەلمەكچى بولدى .

ياسىنجان ۋالىي ئۆزىگە تونۇش قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى . ئىلگىرىكى كېسەك تامنىڭ ئورنىدا پىششىق خىشتىن ئېگىز قىلىپ تام قوپۇرۇلغان ، دەرۋازىمۇ ئۆزگىرىپ تۆمۈرگە يېگىلانغان ئىدى . ئۇ : «خاتا كېلىپ قالدىممۇ ؟ » دەپ ئەتراپقا قارىدى . ياق ، بۇ نەق ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قورۇ ... ئۇ قورۇغا كىرىپ تېخىمۇ تېگىرقاپ قالدى . بۇرۇن ئامبار ، مال قوتىنىنىڭ ئورنىدا پېشايۋانلىق ئۆيلەر پەيدا بولغاندى . ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئۆيى بىر بۆلۈكىدا يەرگە يېتىپ تۇراتتى . كونا ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈم بارىكىمۇ پاكارلاپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . باراڭنىڭ ئاستىدىكى كاتتا دەم ئېلىپ ياتقان زورىخان موماي پىكاپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى . ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپقا قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرغان ئوغلى ياسىنجاننى كۆرۈپ ئالدىراپ كاتتىن چۈشتى :

— تۇۋا ، باياتىن تېخى سىزنى خىيال قىلىپ ياتاتتىم ، — دېدى خۇش بولۇپ كەتكەن موماي سالاملىشىپ بولۇپ ، — ئويلاپ باقسام ، سىزنى كۆرمىگىلى ئىككى ئايچە بوپتۇ . قاسىمجان «ئاكام ئۇرۇمچىگە يىغىنغا كېتىپتۇ ، يېقىندا كېلىدۇ » دېگەنىدى ، تىنچ - ئامان بېرىپ كەلدىڭىزمۇ ؟

— تۈنۈگۈن يېنىپ كەلدىم ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي ئانىسىنىڭ قانسىز چىرايىغا قاراپ ئەندىشە بىلەن سورىدى ، — ئۆزلىرىچۇ ئانا ، ئاغرىپ - تارتىپ قالمىغانلا ؟

— خۇداغا شۈكۈر ، ياخشى تۇرۇۋاتىمەن...

— ئۆيلەر ئۆزگىرىپلا كېتىپتىغۇ ؟... باياتىن كىرىپ تونۇ-

يالمايلا قالدىم ، قاچاندىن بۇيان بۇ ئۆيلەرنى سالدىڭلار ؟
— ۋاي ، بالام ،— زورىخان موماي ئۇھ تارتتى ،— سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بار ، بۇ يىل قاسىمجاننى يېزىغا باشلىق قىلىپ قويدى ئەمەسمۇ ، ئۇ قاچان باشلىق بولدى ، شۇ كۈندىن تارتىپ ئۆي سالدىغاننىڭ كويىغا چۈشتى . ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيىنىڭلا گېپى ، ئاخىرى قايىر ھاجىمنى باشلاپ كېلىپ مۇشۇ ئۆينى سالدۇردى .
«ھاجىم بۇ يەرگىمۇ ئۇلگۇرۇپتۇ ـ دە ؟— ياسىنجان ۋالىي ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ،— ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە يېزىدىن يەر ئالدى ـ مىكىن ؟ بىكارغا قىلمايدۇ… ماڭا بىر ئېغىز تىنىپ قويمىغىنىنى قارىمامدىغان ؟… بوپتۇ ، ئۆيلەرمۇ بەك كونىراپ كەتكەنىدى… »
— ياخشى بوپتۇ ، ئانا ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي يېڭى ئۆي ـ لەرنى ئارىلاپ چىقىپ ، — سىزگە قايسى ئۆينى تۇتۇپ بەردى ؟
— ماڭا ماۋۇ چەتتىكى ئۆينى راسلاپ بەرگەنىدى ، تېخى كۆچمىدىم .
— نېمىشقا ؟
— ماڭا يەنە ئۆزۈمنىڭ كونا ئۆيۈم ياخشىكەن… ئالدى ئۆزۈم بارىكى …
— دېمىسىمۇ ، ئانا ، ماۋۇ ئۆي بەك كونىراپ كېتىپتۇ . چېقىپ ، مېۋە قويۇۋەتسىمۇ بوپتىكەندۇق .
— قاسىمجانمۇ چاقىمىز دېگەنىدى ، مەن ئۇنىمىدىم .
— نېمىدەپ ؟
— بۇچۇ ، بالام ، داداڭلا ئۆز قولى بىلەن سالغان ئۆي ، سىلەر ھەممىڭلار مۇشۇ ئۆيدە چوڭ بولغان… سىلەر ھازىر چوڭ كادىر بولۇپ كەتتىڭلار ئەمدى بۇ ئۆينى ياراتمىغىلى تۇردۇڭلا ، ماڭىغۇ يەنە مۇشۇ ئۆيۈم ئىسسىق كۆرۈنىدۇ .
ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنلىكنى بىلىپ ياسىنجان ۋالىي گەپنى ياسىدى .

— مېنىڭ دېگىنىم ، ئانا ، ئۆي بەك كونىراپ كەتتى ، بىرەر
خېيىمخەتەر بولۇپ قالامدىكىن دەيمەن .
— خۇدايىم ئۆزى ساقلايدۇ ، بالام··· ،— زورىخان موماي
ئورنىدىن تۇردى ،— ۋاي ، ئېسىم قۇرۇسۇن ، سىزنى گەپكە
تۇتۇپلا كەتتىم ، ئۇسساپمۇ قالغانسىز ، ئۆزۈم ئۇيۇتقان قېتىق
بار ، بىر پىيالە ئىچىپ باقامسىز ؟
— ماقۇل ، ئانا ···
زورىخان موماي كاتىنىڭ ئۇستىگە شىرەنى قويۇپ داستىخان
سالدى ، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر كورىدا قېتىقنى كۆتۈ-
رۈپ چىقىپ پىيالىگە ئۇستى ـ دە ، ئوغلىنىڭ ئالدىغا قويدى .
ياسىنجاننىڭ ئېسىگە شۇئان كىچىك ۋاقىتلىرى كەلدى . ئۇ مەك-
تەپتىن كېلىپلا ئاپىسىدىن «قېتىق بارمۇ ؟» دەپ سورايتتى .
ئانىسى بولسا ھەر كۈنى ئۇنتۇماي قېتىق ئۇيۇتۇپ قوياتتى .
ياسىنجان مۇشۇ باراڭنىڭ ئاستىدا ئانىسى ئۇسۇپ بەرگەن قېتىققا
ناننى چىلاپ يەۋالاتتى . ئانىسىنىڭ قېتىقى شۇنچىلىك تاتلىق
تېتىيدىكى ، تويغىنىنى بىلمەي يەيتتى . ھازىر بولسا ئۇ شۇ تەمنى
تېتىيالمايۋاتاتتى . ئۇ ئانىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا زورلاپ ئىچتى .
— ئىككى تال نان چىلاپ قويايمۇ ؟
— ياق ، ئانا ، مۇشۇنداقلا ئىچەي ···
— كىچىك ۋاقتىڭىزدا قېتىققا بەك ئامراق ئىدىڭىز ···
قېتىق دېگەن ئادەمنىڭ مىجەزىنى تەڭشەيدىغان نەرسە ، زىيان
قىلمايدۇ ، دادىڭىز رەھمەتلىكمۇ بەك ئامراق ئىدى . ئېتىزدىن
كېلىپلا قېتىق دەيتتى··· رەھمەتلىك ماۋۇ كۈنگىچە ئۆمۈر كۆ-
رۈپ ، سىلەرنىڭ چوڭ كادىر بولغىنىڭلارنى كۆرگەن بولسا قانچە
خۇش بولۇپ كېتەر ئىدى···
زورىخان مومايىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى . ئۇنىڭ قورۇقلار بى-
لەن تورلاشقان چىرايىنى مۇڭ قاپلىدى . ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭ
كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى

ئېلىپ ئالدىغا قويدى .

— ۋاي بالام ، نېمە ئاۋارە بولۇپ بۇنچىلا نەرسىلەرنى ئەكېلىپ يۈرىسىز ، رەھمەت بالام ، بالىلارغا ئەكەلسىڭىز بولاتتى ئەمەسمۇ ؟

— ئۇلارغىمۇ ئەكەلدىم .

— بىكارلا چىقىمدار بولۇپسىز ، بالام… ئاڭلىسام ئۆي سېلىۋاتىدۇ دەيدۇ ، سىلەرگىمۇ پۇل كېرەك .

— كىم دەيدۇ ؟

— قاسىمجان… ،— موماي «ھەلىمە» دەۋەتكىلى تاس قالدى . چۈنكى ، ھەپتە بۇرۇن ھەلىمە موماينى يوقلاپ كېلىپ ئېيتىپ بەرگەن ئىدى .

— ئىدارىنىڭ ئۆيىدە سەل قىسىلىپ قالدۇق ، — دېدى ياسىنجان ،— شۇڭا بىر زېمىن قىلىپ قويايلى دېگەنتۇق ، ئەتە - ئۆگۈن پېنسىيىگە چىقساقمۇ لازىم بولار…

— بۇ خىيالىڭىزمۇ بوپتۇ ، بالام ،— زورىخان موماي ئانچە ماقۇل كۆرمىگەندەك خۇرسىنىپ قويدى ، — سىز دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى . ھازىرقى ئۆيۈڭلارمۇ يېتىدىپ ئاشاتتى ، بۇ ھەرقاچان چىمەنگۈلنىڭ پىلانىغۇ دەيمەن ؟

ياسىنجان ۋالىي گەپ - سۆز قىلمىدى .

— كونىلاردا «ئوشۇق دۆلەت باشقا چوماق» دېگەن گەپ بار ،— دېدى زورىخان موماي ئاستا ،— سىز بۇ يەرگە يېڭى كەلدىڭىز ، بالام . دوستىڭىز بار ، دۈشمىنىڭىز بار ، كېيىنچە بىر خاپىچىلىق تېپىۋالارسىزمىكىن دەيمەن… نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ «بوستان»غا ئەخمەت دېگەن بىرەيلەن شۇجى بولۇپ تۇرغان . بۇ ئادەم كېلە - كەلمەيلا ئەترەتنىڭ بېغىغا ئۆزىگە ئۆي سالدى . ئۆيىگە شەھەرمۇ شەھەردىن ئۇستىلارنى ئەكېلىپ قاراپ ئولتۇرغۇدەك قىلىپ ياسىغانتى ، شۇنىسى بۇ ئۆيدە بىر كۈنمۇ ئولتۇرالمىدى . خەقلەر يۇقىرىغا چاققان چېغى ، شەھەردىن تەك-

شۇرۇش كىلىپ خىيانەتچى چىقىرىپ تۇرمىگە ئەكىرىپ كەتتى . ئاشۇ زېمىن ئۇنىڭ بېشىغا چىقتى ، خۇدايىم ساقلىسۇن ، خەقنىڭ كۆزى يامان...

ئانىنىڭ گەپلىرى ياسىنجان ۋالىينىڭ كۆڭلىنى دېلىغۇل-لۇققا سېلىپ قويدى . «مەنمۇ كۆزگە چېلىقىپ قېلىشۋاتىمەنمۇ نېمە ؟ ئانام ئەجەب بىر گەپلەرنى قىلىدىغۇ ؟ لېكىن ئۆي سالغان يالغۇز مەنلا ئەمەسقۇ ؟ تۇردى ئوسماننىڭ ئىككى يەردە زېمىنى بار ئىكەن ، قالغان كادىرلارنىڭمۇ بار ئىكەن ، ئۇلارنىڭ ھېچ گېپى يوق... ھازىر زېمىن قىلىش ئومۇمىيۈزلۈك ئىش ، قايسىبىد-رىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ ، مەن قولۇمدا ھوقۇقنىڭ باردا قىلىد-ۋالمىسام ئەتە - ئۆگۈن بالىلىرىممۇ : ‹دادام ئەجەب شۇنچە ھوقۇقى تۇرۇپ بىرەر زېمىنمۇ قىلىپ قويماپتىكەن › دەپ ئەيىب-لىمەمدۇ ؟ ئانام ھازىرقى ۋەزىيەتنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ ، ھە دەپلا قويباي... »

ياسىنجان ۋالىي ئاخىرى بۇ ئۆينى ئوغلى ئادىلجاننىڭ نامىدا سالدۇرۇۋاتقانلىقىنى ، ئۇنىڭغا ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالغانلىد-قىنى ئېيتىپ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ قايتتى . ئۇ ئۆيگە كىرىشىگە چىمەنگۈل ئۇنى سوئال - سوراق بىلەن قارشى ئالدى :

— نەگە كەتتىڭىز ؟ — دېدى ئۇ قاپىقىنى سۇزۇپ ،— ئىدارىغا تېلېفون بەرسەم يىغىنغا كەتكەن دەيدۇ ، يىغىندىنمۇ بالدۇر چىقىپ كەتكەن دەيدۇ ، قايىر ھاجىم كەلگىلى نېكەم ، سىزنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ ، بولۇڭ !...

ۋالىينى كۆرۈپ قايىر ھاجىم سافادىن توك سوققاندەك تېز قوپتى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ۋالىي ،— دېدى ھاجىم پۈتۈن ۋۇ-جۇدىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ ، — بىمەھەل كېلىپ ئاراملىرىنى بۇزۇپ قويدۇم ، ئەيىبكە بۇيرۇمايلا...

— ھېچقىسى يوق… ، — ياسىنجان ۋالىي ھاجىمنىڭ تەكەللۇپلىرىدىن ئىچى پۇشۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ، — خوش ، ئىشلار قانداقراق ؟

— مەنمۇ شۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىشلىرىنى سىلىگە دوكلات قىلاي دەپ كېلىشىم ، — ھاجىم گېلىنى زورلاپ قىرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئۆينىڭ تام - تۈۋرۈكلىرى قوپۇرۇلۇپ ئۆگزىسىمۇ يېپىلىپ بولدى ، ئەتىدىن باشلاپ سۇۋاققا چۈشمەكچى ، خۇدا بۇيرۇسا ، كېلەر ئايغىچە قولدىنمۇ چىقىدۇ .

— ئۆزۈڭلا تۆپىدە تۇرۇۋاتقانسىلە ؟

— ئەلۋەتتە ، ئەلۋەتتە… ماتېرىياللارنى ئۆزۈم بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ كۆرۈۋاتىمەن … ئەڭ قىممەت ماتېرىياللارنى ئىشلىتىۋاتىمىز .

— قىممەت ماتېرىيال دەپ كېيىن بىزنى قەرزگە بوغۇپ قويمايدىغانسىلە ؟ — ياسىنجان ۋالىي ئۇنى «نېمە دەيدىكىن ؟ » دەپ سورىدى ، — بىز كادىر خەقنىڭ ئوشۇق پۇلىمىز يوق جۇمۇ !

— ۋالىي ، بىزنىزە ئۆز كۆرمەيدىغان ئوخشايلىدە ؟ — قايىر ھاجىم بېشىنى چايقىدى ، — مېنىڭ سەل كۆڭلۈمگە كېلىۋاتىدۇ .

— ياق ، ياق ، ئۇنداق ئەمەس …

— ئۇنداق بولسا پۇل - پۇچەكنىڭ گېپىنى دېمىگەن بولسىلا ، مەن خۇش بولۇپ قالاي… سىلى بىلەن بىز بىر مەھەللىلىك ، بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان ، تەلىيىمىزگە بىزگە رەھبەر بولۇپ كەلدىلە ، بىزنى ھەر جەھەتتىن قوللاۋاتىلا ، سىلى بولغاچقا بىزمۇ ئەمدى خەقنىڭ ئالدىدا بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بولدۇق ، سىلى شۇنچىلىك غەمخورلۇق قىلىۋاتقان يەردە بىرەر ئۆينى سېلىپ بەرمىسەك ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ قالارمىز…

شۇ ئارىدا چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن چىمەنگۈل گەپكە ئارىلاشتى .

— سىلى بىلمەيلا ، ھاجىم ،— دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ ،— بىزنىڭ بۇ ئادەم تولىمۇ ئېھتىياتچان دېسىلە ، خەقلەرنى - نى ئىشلارنى قورقماي قىلىدۇ . بۇ ئادەم بولسا ئالدى - كەينىگە قاراپ تىترەپلا تۇرغان...

— ئېھتىيات قىلغىنىغۇ ياخشى ،— دېدى قايىر ھاجىم ۋالىينىڭ تۈرۈلگەن چىرايىغا قاراپ قويۇپ ،— چۈنكى ، ھازىر ۋالىينى قانداق قىلاركىن ، دەپ كۆز تىكىۋاتقانلار ئاز ئەمەس دېسىلە .

— بىز خەققۇ شۇ ، — دېدى چىمەنگۈل بوينىنى تولغاپ ،— قولىدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ ، لېكىن ئادەم چېقىشقا كەلگەندە بىز خەقنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچكىم يوق .

— شۇنداق ، شۇنداق ،— قايىر ھاجىم خۇشامەت بىلەن ماقۇللىدى ،— ئادەتتىكى ئادەملەرغۇ چېقىمچىلىق قىلسۇن ، بوپتۇ دەيلى . لېكىن خېلى كاتتا ئادەملەرمۇ نومۇس قىلماي گەپ كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ ئەمەسمۇ ؟...

— نېمە گەپ ئاڭلىدىڭلا ؟ — ياسىنجان ۋالىي جىددىيلىشىپ سورىدى .

— ئۇششاق گەپ... ،— قايىر ھاجىم بېشىنى چايقاپ قويدى ،— خەقلەرنىڭ دېيىشىچە ، ئاۋۇ جاپپار دېگەن نېمە «ۋالىي مەكتەپنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋالدى» دەپ ئۇ يەر - بۇ يەردە داد ئېيتىپ يۈرۈۋاتقۇدەك . ئاڭلىسام ، تۈردى شۇجى ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپ ، «سېنىڭ دېگەنلىرىڭ توغرا ، بۇ ئەھۋالنى يۇقىرىغا خەت يېزىپ ئىنكاس قىل !» دەپتۇمىش ...

— شۇنداقمۇ ؟ — ۋالىينىڭ چىرايى دەرھال ئۆزگەردى .

— بۇ جاپپار دېگەن نېمانداق ئۆزىنى بىلمەيدىغان نېمە ؟— چىمەنگۈل گەپكە ئارىلاشتى ،— بەلكىم مەكتەپنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇنى كۈشكۈرتۈۋاتقانلار بارغۇ دەيمەن ؟

چىمەنگۈلنىڭ كىمنى دەۋاتقانلىقىنى سېزىپ بولغان قايىر

ھاجىم ئوڭايسىزلىنىپ قالدى ـ دە ، گەپنى يۆتكىمەكچى بولۇپ:

— ئۇ جاپپار دېگەن ئاشۇنداق ئاقساقال بىر نېمە ، ئۇنى بولسا يىراقراق بىر ياققا يۆتكىۋېتىدىغان ئىش ئىكەن ، — دېدى .

— راست ، شۇنداق قىلسىڭىز بولمامدۇ ، — دېدى چىمەنگۈل ، — تۇرغۇن شىجاڭغا دەڭا ، بىز بىلەن ئېيتىشقىنىغا تويسۇن !

— ئۇمۇ بولۇپ قالار ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، — ھاجىم بىر گەپنى سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي ، بۇ زېمىننى مەن ئانامغا سېلىپ بېرىۋاتىمەن ، ئۆز ۋاقتىدا دادام گۆڭشېغا باغ ئۆتكۈزگەن ، شۇنىڭ ھېسابىغا بەرگەن ئۆيلۈك يەر ، سورىغانلارغا شۇنداق دەيمىز جۇمۇ !

— شۇنداق ، شۇنداق ، — قايىر ھاجىم ۋالىينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ، — چوڭ بىر باغنى ئۆتكۈزگەن ، بۇنىڭغا بىز گۇۋاھ ...

— بۇ كۈندە باشلىق بولماقمۇ تەس بولۇپ كەتتى ، — ياسىنجان ۋالىي ھارغىن ھالدا خۇرسىندى ، — بەزىلەر مېنىڭ ئۈستۈمدىن ھېچبىر گەپ تاپالماي مۇشۇنىڭدىن پۇتاق چىقىرىمەن دەۋاتىدۇ ، شۇ قىلغىنىغا ئۆينى سالغىنىم سالغان ...

— شۇنداق ، — ھاجىم دەرھال قۇۋۋەتلىدى ، — ئىتلار قاۋاۋېرىدۇ ، كارۋان ئۆز يولىغا كېتىۋېرىدۇ...

— ھەر ھالدا ، — دېدى ۋالىي ھاجىمغا قايرىلىپ ، — قۇرۇلۇشقا كەتكەن ماتېرىياللار ئۈچۈن ھۆججەتلەرنى تەخلەپ قويارسىلە ...

— چاتاق يوق ، ۋالىي ، سۇ كىرمەيدىغان قىلىپ جۆندەپ قويىمەن .

ياسىنجان ۋالىي خاتىرجەم بولغاندەك يېنىك تىن ئالدى . ئۇ قايىر ھاجىمنىڭ مۇشۇ گەپلەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈنلا كەلمىگەنلىكىنى بىلەتتى . شۇڭا ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتتى ، دەرۋەقە

هاجىم سەل تۇرۇۋېلىپ گەپنى تەشتى :

— ئاڭلىساق ، شەھەردە يېڭىدىن ئېچىۋېتىلگەن رايون قۇر-غۇدەك دېيىشىدۇ . بىز بىخەۋەر قالمايلى ، ۋالىي···

— سىلى نەدىن ئاڭلىدىڭلا ؟— ياسىنجان ۋالىي ھەيران بولۇپ سورىدى ، چۈنكى بۇ ئىشنى پارتكوم ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا مۇزاكىرە قىلغان ئىدى .

— ھازىر ئۈچۈر دېگەننىڭ مەخپىيەتلىكى قالمىدىغۇ ؟ — قايىر ھاجىم مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى ،— ئاڭلىساق ، بۇ ئىشقا شەخسەن ئۆزلىرى مەسئۇل بولۇپلا ، تازا جايىدا بوپتۇ ، سىلى دېگەن بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىلا ، ئاڭلاپ ھەممەيلەن خۇش بولدۇق ، تۇردى شۇجىنى قوشۇلماپتۇ دەيدىغۇ ؟

«توۋا ، ماۋۇ ئادەم خۇددى يىغىنغا قاتناشقاندەكلا گەپ قىلىدۋاتىدىغۇ ، بۇلارغا كىم يەتكۈزگەندۇ ؟··· » ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ سورىدى :

— بۇنى سوراپ قالدىلا ، بىرەر پىلان بار ئوخشىمامدۇ ؟

— بۇ ناھايىتى دانا ئىش بوپتۇ ، — دېدى قايىر ھاجىم مەقسىتىنى دېيىشكە ئالدىرىماي ، — ئەسلىدە بۇنداق رايوننى بالدۇر قۇرىدىغان ئىش ئىدى ، لېكىن ۋىلايەتنىڭ ئىلگىرىكى باشلىقلىرىنىڭ كاللىسى تازا ئازاد بولماي كەينىگە سۆرەپ كەتتى . ھازىر بۇغداي ، قوناق تېرىپ باي بولغىلى بولمايدۇ··· پېقىر ئولتۇراق ئۆي سودىسىنىڭ بازىرىنى ئېچىشنى ئويلاشقان ، لېكىن بۇ پىكرىمنى بۇرۇن ھېچكىم قولللىماي قويدى .

— ئۆي - زېمىن سودىسى قىلاي دەملا ؟— ياسىنجان ۋالىي ياندۇرۇپ سورىدى .

— شۇنداق ، شۇنداق ···

— ھاجىم ، — دېدى ۋالىي ،— نىيىتىڭلارغۇ ياخشى ئىكەن ، لېكىن بۇ يەردە بىرمۇنچە مەسىلە بار ، مەسىلەن ، يەرنىغۇ

ئالارسلەر ، ئۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقان دېھقانلارنىچۇ ؟ ئۇلارنى رازى قىلىش كېرەك .
— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا ، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىمەن .
— قانداق رازى قىلماقچىسىلە ؟
— ئۆيلىرىنى ، باغۋارانلىرىنى دۆلەت باھاسىدا باھالاپ پۇل بېرىمەن ، ئەگەر ئۆي تەلەپ قىلسا سالغان بىنادىن ئۆي بېرىمەن …
— ھەم ، بۇ چارەڭلا بولىدىكەن ،— دېدى ۋالىي ماقۇللاپ ،— بەزىلەر كەپتۇ ، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى باھالاپ ئالىمىز ، قالغان ئىش بىلەن كارىمىز يوق ، دەيدۇ . ئۇ دېھقانلارنى بىز قانداق قىلىمىز ؟ ئەڭ بولمىغاندا ، ئۆيلىرىگە ئۆي بېرىش كېرەكتە ، قانداق دېدىم ؟
— شۇنداق ، شۇنداق …
— شۇڭا بەزىلەرگە ئۇنىمىدۇق ، يەرنى سەن ئال ، ئۇنىڭ پوق - سۈيدىكىنى ھۆكۈمەتكە ئىتتىرىپ قوي ، بىزنىزە تازىلىق ئىشچىسى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ …
ياسىنجان ۋالىي قايناپلا كەتتى . قايىر ھاجىم بولسا ئۇنىڭ گەپلىرىنى بىرمۇبىر كۆڭۈل تارازىسىغا سېلىپ باھا قويماقتا ئىدى . «قارىغاندا ، بۇ ئادەم يەر ئۈچۈن يەنە بىرنەرسە تەلەپ قىلامدۇ نېمە ؟ ئۆيىنى بىكارغا سېلىپ بەرگەندىن كېيىن رازى بولسا بولاتتىغۇ ، قەرز پۇلدىن قانچىلىك ئالار ؟ بەش پىرسەنتكە رازى بولارمۇ ؟… چىمەنگۈل دېگەن ماۋۇ خوتۇنمۇ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋاتىدىيا ؟ بۇمۇ بايا ئەكەلگەن سوۋغاتلارغا رازى بولمىدىمۇ نېمە ؟ يائاللا… بۇ باشلىقلارنىڭ نەپسىگە نېمە بالا تەگدى ، تويمايدىغانلا بولۇپ كېتىۋاتىدىيا ؟…» ھاجىم ياردەم سورىغاندەك بولۇپ چىمەنگۈلگە قارىدى . چىمەنگۈل ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ ۋالىينىڭ سۆزىنى بۆلدى :

— ئۇ گەپلەرنى قويۇڭە ،— دېدى ئۇ خۇشياقمىغان قىياپەتـ
تە ، — ھاجىم ساقىلى بىلەن ئالدىڭىزغا كەلسە نەدىكى گەپلەرنى
قىلىپ كەتتىڭىزغۇ ؟ ئۇ رايونىڭىزغىمۇ خېرىدارنىڭ چىقىپ بەرـ
گىنى ياخشى ، ھاجىمنىڭ چارىسى بولىدىكەن ، سىلەرگىمۇ ئاۋاـ
رىچىلىك تېپىپ بەرمەيدىكەن ، بولدى ئەمەسمۇ ؟
— بولۇشىنىغۇ بولىدۇ ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي چىمەنـ
گۇلنىڭ گېپىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ ، — لېكىن ، بۇ يەرگە
مەبلەغ سالىدىغانلارنىڭ ئۆلچىمى بار ، ھاجىم بۇنىڭ ھۆددىسىـ
دىن چىقالامدىكىن ؟
— نېمە ئۆلچەم ؟
— يېتەرلىك مەبلىغى بولۇش كېرەك . ھاجىم قانچىلىك
مەبلەغ سالماقچى ؟
— ھازىرچە بەش مىليوننى غەملەپ قويدۇم .
ۋالى كۈلگىنىچە بېشىنى چايقىدى .
— مانا ، مانا ، بەش مىليون بىلەن ئۆي ئىگىلىرىنى رازى
قىلالىساڭلار چوڭ گەپ ، قۇرۇلۇشنى نېمە بىلەن سالىسىلەر ؟
— سىلىدەك باشپاناھىمىز بولغاندىن كېيىن پۇل ھەل قىـ
لىپ بېرىدۇ دەيمىز ، — دېدى قايىر ھاجىم مۇغەمبەر كۈلكىسىـ
نى كۈلۈپ .
— ھاجىم ، مەن بايا دېدىمغۇ ، بىز دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ
مائائىشىغا قاراشلىق ئادەم ، نەدىكى پۇل بولسۇن ؟
— لېكىن ، پۇل بېرىدىغان بانكا بار ئەمەسمۇ ؟
— قەرز ئالماقچىمۇ ؟
— ھازىر ھەرقانداق تىجارەتچى قەرز ئالماي بىر ئىش قىلالـ
مايدۇ ، سىلىگە كېلىپ مۇنچە مىليون دەسمايەم بار دېگەنلەرگە
ئىشەنمىسىلە ، ھەممىسىلا يالغان ، ئۇلارنىڭ گەدەنگىچە
قەرزى بار…
— بانكا بىلەن سۆزلىشىپ باقتىڭلىمۇ ؟

— نەچچە ۋاقىتتىن شۇ ئىشنىڭ كويىدا يۈردۈم دېسىلە،— دېدى قايىر ھاجىم جانلىنىپ،— ھازىر ھەممە ئىش تونۇشلۇق بىلەن پۈتىدىغان گەپ ئىكەن، ئىلگىرى بانكىدا گېپىدە-مىزنى خېلى ئاڭلايدىغانلار بار ئىدى. يېقىندا كادىرلارنى تەڭشەپ بىز تونۇمايدىغان ياشلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، ئۇلارنىڭ بىز-گە قارايدىغان كۆزى يوق...

— بانكىنىڭ ئىشلىرىغا بىز ئارىلىشىۋالساق تازا توغرا بول-مايدۇ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي سەل تۇرۇۋېلىپ،— ئەگەر مەن بانكىغا تەستىق سېلىپ بەرسەم ھازىرلا بەزىلەر گەپ تاپىدۇ. مەنغۇ ياخشى كۆڭلۈم بىلەن قىلارمەن، لېكىن ئەھۋالنى ئۇقمى-غانلار: «ھە، مانا، ياسىنجان ۋالىي قايىر ھاجىم بىلەن بىرلى-شىپ سودا قىلىۋاتىدۇ» دەيدۇ، بۇ ئىشتا مېنى خىجىل قىلمى-سىلا بولامدىكىن...

ۋالىينىڭ ئاخىرقى گېپىنى ئاڭلاپ قايىر ھاجىم تىتىلداپ قالدى.

— ئەسلىدە سىلىنى ئارىغا سېلىپ ئاۋارە قىلمىسام بولاتتى،— دېدى ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئېگىلگىنىچە،— ئەمدى قارىسىلا، سىلىدىن بۆلەك باشپاناھىمىز يوق ئىكەن، بۇ قىلغان-لىرىنى بىزمۇ لايىقىدا قايتۇرارمىز قارىسىلا ...

ياسىنجان ۋالىي نېرىدا ئولتۇرغان چىمەنگۈلگە كۆز تاشلى-دى. ئۇنىڭ قارىشىنى كۈتۈپ تۇرغان چىمەنگۈل مەنىلىك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئايالىدىن جاۋابنى ئالغان ياسىنجان ۋالىي ناھايىتى تەس ئىشنى ھەل قىلغاندەك گېلىنى قىرىپ قويۇپ ھاجىمغا قايرىلدى:

— قانچىلىك قەرز ئالماقچى؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تەقەززالىقتا ئولتۇرغان ھاجىمغا جان كىردى.

— بەش مىليونغا ئىلتىماس يازغانتىم،— دېدى دەرھال ۋە

قولىدا تۇتۇپ تۇرغان خۇرۇم سومكىسىدىن يازغان ئىلتىماسىنى ئېلىپ قوش قوللاپ ۋالىيغا سۇندى .

ياسىنجان ۋالىي قەرزگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن ، يانچۇقىدىن قەلەم ئىزدىدى . ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي تۇرغان قايىر ھاجىم دەرھال پارقىراپ تۇرغان قەلەمنى ئېلىپ سۇندى . ياسىنجان ۋالىي ئىلتىماسىنىڭ ئۈستىگە : «قايىر ھاجىم ۋىلايىتىمىزدە كۆزگە كۆرۈنگەن كارخانىچى ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ساھەسىدە كۆرسەتكەن تۆھپىسى زور ، نۆۋەتتە ئۇ ئېچىۋېتىلگەن رايوننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقچى ، سىلەر ئۇنى كېرەكلىك مەبلەغ بىلەن تەمىن ئېتىڭلار !» دەپ يېزىپ ئىمزاسىنى قويدى . ئۇ قەغەزنى ھاجىمغا قايتۇرۇپ بېرىپ بولۇپ ، قەلەمگە كۆزى چۈشتى .

— ھاجىم ، قەلەملىرى قالتىس ئىكەن ؟— دېدى ئۇ قەلەمنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ،— ئالتۇن قەلەم ئەمەستۇ ؟

— ئوقۇغان ئادەم يەنىلا قەلەم تونۇيدۇ - دە ،— قايىر ھاجىم خۇشامەت بىلەن ھىجايدى ،— بۇ قەلەمنى گۇاڭجۇغا بارغاندا كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ سېتىۋالغانىدىم ، خىيالىمدا «سىلىگە يارارمۇ ؟» دەپ ئالغاچ كەلگەنىدىم .

— ياق ، ياق… ئۆزلىرى تۇتسىلا ، — دېدى ۋالىي قەلەمنى تەڭلەپ .

— قولۇمنى ياندۇرمىسىلا ، ۋالىي ،— دېدى ھاجىم قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، — بۇغۇ ، سىلىنىڭ لايىقلىرىدا نېمە ئەمەس ، سىلى داۋاملىق قەلەم بىلەن ئىش قىلىلا ، مېنىڭدىن خاتىرە بولۇپ قالسۇن ، مەن خۇش بولاي ، قولۇمنى ياندۇرمىسىلا !…

— ھاجىمنىڭ پەمى بار ئادەمدە ، — ياسىنجان ۋالىي چىمەنگۈلگە قاراپ كۈلدى ، — بىر قەلەم بىلەن بەش مىليوننى توغرىلاۋاتىدۇ ، ھاجىم ، سىلى نەدە ئوقۇغان ؟

— ياق ، ياق ،— قايسر هاجىم ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ،— قەلەمنىڭ يولى باشقا ، ناۋادا بانكا بىلەن كېلىشىپ قالساق ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا ، خاتىرجەم بولسىلا …

قايىر هاجىم ئۇستى - ئۇستىگە رەھمەتلەرنى ئېيتىپ ئۇزاپ ماڭدى . ئۇنى تاشقىرىقى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويۇپ كىرگەن چىمەنگۈل كۆزلىرىنى ئويناتقان هالدا ئىشكاپنىڭ يېنىدا تۇرغان يوغان سومكىنى كۆتۈرۈپ ئېرىنىڭ يېنىغا كەلدى .

— بۇ نېمە ؟— ۋالىي ئەجەبلىنىپ سورىدى .

— هاجىم ئەكەپتۇ ، — چىمەنگۈل سومكىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۈستەلگە يېيىشقا باشلىدى ، — ساپلا سىزگە ئەكەلگەنمۇ نېمە ؟— ئۇنىڭ كۆزى قىپقىزىل دۇخاۋا قاپلىق قۇتىغا چۈشۈپ ئۇنى ئىتتىك ئاچتى ۋە خۇشاللىقتىن كۆزلىرى ئويناپ كەتتى ،— ئالتۇن بىلەزۈك ئىكەن ، مۇشۇنداق بىلەزۈكۈم يوق ئىدى ، بۇ هاجىم ئۇنداق تۇرغىنى بىلەن خېلى مال تونۇيدىكەن جۇمۇ ،— چىمەنگۈل ئۇنى قولىغا سېلىپ كۆرۈپ باقتى ،— چىرايلىق ئىكەن - هە ؟ ئەتە چايغا سېلىپ بارىدىغان نەرسەم چىقتى…

— بۇ هاجىم ئەجەب قىلىپ كېتىۋاتىدۇ ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي ئۈستەلدىكى بىر - بىرىدىن ئېسىل نەرسىلەرگە قاراپ قويۇپ ،— كېيىن بىر دەردى چىقمىسا بولاتتىغۇ ؟

— ۋايىيەي ، نېمىدىن قورقاتتىڭىز ؟— چىمەنگۈل ياراتمىغاندەك قاپىقىنى سۈزدى ،— سىز ۋالىي بولغاندىن كېيىن قىلىدۇ . بۇنىڭ هەيران قالغۇدەك نېمىسى بار ؟ كونىلار : «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە » دەپ بىكار ئېيتمىغان ، بولدى ، سىز بىلمىگەن بولۇڭ ، قالغان ئىشنى مەن توغرىلايمەن…

ياسىنجان ۋالىي چىمەنگۈلگە گەپ تېپىپ بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ چۈشىنىكسىز بىر هالەتتە خورسىنىپ قويدى .

## 20

ئەنۋەر ئۇستەلدىكى سائەتنىڭ قاتتىق جىرىڭلىشىدىن چۆ-
چۈپ ئويغىنىپ كەتتىيۇ ، لېكىن شۇ هامان بۈگۈن دەم ئېلىش
كۈنى ئىكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ ، سائەتكە ئاچچىقى بىلەن قاراپ
قويۇپ ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىدى . ئۇ ئۈزۈلۈپ قالغان ئۇيقۇسىنى
داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇپ يېتىپ باقتى . لېكىن ،
هەرقانداق قىلىپمۇ قاچقان ئۇيقۇسىنى تاپالمىدى ، قېرىشقاندەك ،
دېرىزىدىن ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ قىز-
دۇرغىلى تۇردى . ئۇ ئاپتاپتىن قېچىپ نېرىغا سۇرۇلۇپ يېتىپ
باقتى ، لېكىن بۇزۇلغان ئۇيقۇسىنى زادىلا ئۇلىيالمىدى...

ئەسلىدە ئۇ بۈگۈن تازا قېنىپ بىر ئۇخلىۋالماقچى بولغان
ئىدى . يېقىندىن بۇيان ، ئىدارىدىكى ئالدىراشلىق ئۇنى قاتتىق
هاردۇرۇۋەتكەن ئىدى . ئۇنى ئاز دەپ ئاخشام يالقۇننى ئۇزىتىدى-
غان بولۇپ ساۋاقداشلار ئولتۇرۇش قىلغان ئىدى . ئولتۇرۇش
يېرىم كېچىدە ئاران تۈگىدى . هاراقمۇ تازا ئىچىلدى . بىچارە
يالقۇن ئاخىرى كىچىك بالىدەك يىغلاپ كەتتى . ئادەتتە هاراقنى
ئىچمەيدىغان يالقۇن هەممەيلەن بىلەن بىر قېتىمدىن ئىچىپ چىق-
تى . ئۇ ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كەلگەندە خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان-
دى :

— كېلە ، ئاداش ،— دېدى ئۇ لىققىدە هاراق قۇيۇلغان
رومكىنى ئۇنىڭ رومكىسى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ تۇرۇپ ،— بىز
يەنە كۆرۈشەلەيمىزمۇ يوق ، خۇدا بىلىدۇ... سېنىڭ بىلەن ئون
يىل بىللە ئوقۇپتىمەن ، ئىككىمىز بىرەر قېتىم سەن - پەن
دېيىشمەپتۇق... راستىنى ئېيتسام ، سىلەردىن پەقەت ئايرىلغۇم
يوق ، قانداق قىلىمەن ، ماڭماي قالاي دېسەم ئىككى بالامغا چىدى-
مىدىم ، بولمىسا خوتۇن دېگەن ئازمۇ ؟... شۇڭا خوتۇننىڭ كەيند-

گە كىرىپ تونۇمايدىغان يات بىر ئەلگە كېتىۋاتىمەن . ئۇ يەردە مېنى كىم تونۇيدۇ ؟ كىم بىلەن سىلەردەك مۇڭدىشىپ ئولتۇرالاي- مەن ؟ مېنى قانداق تەقدىر ـ قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ ، بىلمەي- مەن... ساڭا دەيدىغان گېپىم ، ئاداش ، ئايدا بولسىمۇ دادام بىلەن ئاپامنى يوقلاپ قويارسەن... ئۇلار سېنى كۆرسە مېنى كۆرگەندەك بولىدۇ...

يالقۇننىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ ياش پەيدا بولدى . ئۇنىڭغا قاراپ ئەنۋەرنىڭ كۆڭلىمۇ بۇزۇلدى . بىچارە يالقۇن باللىرىنى دەپ ئۆز يۇرتىنى ، قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ كېتىۋاتىدۇ . بولمىسا ئۆزىنىڭ زادى كەتكۇسى يوق . ئائىلىنىڭ ئاكا ـ ھەدىلىرى نەچچە يىل ئاۋۋال چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنىدى ، يېقىندا بۇلارنىمۇ چاقىرىپ قەغەزلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى . يالقۇن «كەتمەيمەن» دەپ خېلى تارتىشتى ، لېكىن ئائىلىمۇ ئۇستا چىقتى : « كەتمىسەڭ ئىككى بالىنى بەرمەيمەن ، ئۆزۈم بىلەن ئەكىتىمەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا يالقۇن ئامالسىز ماقۇل بولدى . «دەرۋەقە ، ئاشۇ يات ئەلدە ئۇنىڭ كۈنى نېمە بولار ؟ بۇمۇ تەقدىرمۇ ؟ بىچارە يالقۇن باللىرى ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىپ كېتىۋاتىدۇ ، لېكىن مېنىڭ دادامچۇ ؟ ئۇ راھەت تۇرمۇش ، ئەمەل ئۈچۈن ئاپام ئىككىمىزنى زار يىغلىتىپ تاشلاپ كەتتى ، ئۇ قانداق دادا ؟... ئۇنىڭدا مۇشۇ يالقۇنچىلىك ۋىجدان ، دادىلىق مەسئۇلىيەت بولدىمۇ ؟... »

تېلېفوننىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشى ئەنۋەرنىڭ خىياللىرىنى چې- چىۋەتتى . ئەنۋەر ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇپ تېلېفوننى ئالدى .

— تېخى قوپمىدىڭىزمۇ ؟— تېلېفوندا گۈلشەننىڭ چاڭىلدى- غان ئۈنى ئاڭلاندى ،— ئاخشام قاتتىق ئويناۋەتتىڭلارمۇ نېمە ؟ كىملەر بىلەن ئولتۇردۇڭلار ؟

گۈلشەن ئاخشام دوختۇرخانىدا دېجورنى بولۇپ ئىشلىگەن ، قەيسەرنى چوڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويغانىدى . ھازىر ئۇنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ تېلېفون قىلىشى ئىدى . گۈلشەننىڭ ئادىتى شۇنداق ، ئۇ

ئۆزى بىللە بارمىغان چاي ـ ئولتۇرۇشلارغا كىملەرنىڭ كەلگەن-
لىكىنى ، نېمە گەپلەر بولغانلىقىنى زېر ـ زەۋەرىگىچە ئېنىقلاپ
ئۇقمىغۇچە كۆڭلى تىنمايدۇ . بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى ، ئۇ توپ-
توغرا يېرىم سائەت سوئال سورىدى . ئۆتكەنكى جېدەلدىن كېيىن
گۈلشەن سەل پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى . ئەنۋەرگە بۇرۇنقى-
دەك قوپال تەگمەيتتى . ئەنۋەر بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئۆزىچە تەبىر
بەردى . «ئۇلار ھەرقاچان بۇنىڭ دادىسى ۋالىي بولۇپ كەلدى ،
ئەمدى سەل ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ ، دەۋاتامدىكىن ؟...
ئۇلار مېنىڭ دادام بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايۋاتقىنىمغا ھەر-
گىز ئىشەنمەيدۇ ، دادىسىنى تېپىۋالدى دەۋاتىدۇ ، بۇ گۈلشەننىڭ
گەپلىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ ، مەن بۇلارنى قانداق قىلسام ئىشەن-
دۈرەلەيمەن ؟... ھازىرقى ئادەملەر نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ، ھەم-
مە ئىشلارنى ھوقۇق ، مەنپەئەتنىڭ تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەيدى-
غان بولۇپ كەتتى دېسە... باشقىلارغۇ مەيلى ، مەن بىلەن بىر
ياستۇقتا باش قويۇپ يېتىۋاتقان گۈلشەنمۇ مېنى چۈشەنمىسە بۇنى
نېمە دېگۈلۈك ؟... »

ئاخشامقى ئولتۇرۇشنى زېر ـ زەۋەرىگىچە ئېنىقلاپ بولغان-
دىن كېيىن ، گۈلشەن ئەنۋەردىن سورىدى :

— بۈگۈن نېمە ئىش قىلىسىز ؟

— ئۇخلايمەن ، — دېدى ئەنۋەر خۇشياقماي .

— تۈزۈك گەپ قىلىڭا ، — گۈلشەن كۈلدى ، — بىكار
بولسىڭىز زورىخان مومامنى يوقلاپ قويسىڭىز بوپتىكەن ، خېلى
كۈنلەر بولدى ، ھالىنى سورىيالمىدۇق . سىزنى كۆرسە بۆلەكچە
خۇش بولۇپ كېتىدۇ ، نېمە ئاپىرىمەن دەمسىز ؟ يېڭى گۆشتىن
ئېلىڭ ، تاتلىق ـ تۈرۈملەردىن... ھە ، راست ، ھېلىقى «ئار-
مان» قۇۋۋەت تالقانلىرىدىن ئېلىۋېلىڭ ، ئۆتكەندە شۇنى ماختىدى
دەۋاتاتتىڭىزغۇ ؟... مەن چوڭ ئۆيدە بولىمەن... ئەمىسە شۇنداق
قىلىڭ جۇمۇ !...

ئەنۋەر ئاچچىق كۈلگىنىچە تېلېفوننى قويدى . ئەمدى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى تەلتۆكۈس قېچىپ كەتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز – كۆزىنى يۇيدى ، ئۇنىڭ كاللىسىغا گۈلشەننىڭ باياتىن دېگەنلىرى كىرىۋالدى . «توۋا ، ئىلگىرى گۈلشەن بولسا مومامنىڭ گې- پىنى ئايدا – يىلدا قىلىپ قويمايتتى ، ھازىر ئەجەب ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان؟ بۇنىڭ تې- گىدە گەپ بارغۇ ، دادامغا ياخشى كۆرۈنمەكچىغۇ... مەن ئەمدى ۋالىنىڭ سايىسىدە كۈن كۆرىدىغان تەقدىرگە قالدىمۇ؟... دۇنيادا ئەڭ ئىقتىدارسىز ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەر ئاتا – ئانىسىنىڭ مەنسىپى ، بايلىقىنى كۆز – كۆز قىلىپ ماختى- نىدۇ ، مەنمۇ ئەمدى شۇ كۈنگە قېلىۋاتىمەنمۇ؟... »

تاشقىرىقى ئىشىك يېنىك چېكىلدى . چاي ئىچىپ ئولتۇرغان ئەنۋەر «بۇ ئەتىگەندە كەلگەن كىم بولغىيتتى؟» دېگىنىچە ئۇس- تەلنى ئوپۇل – توپۇل يىغىشتۇرۇپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە بوسۇغىدا ھىجىيىپ تۇرغان قايىر ھاجىمنى كۆرۈپ ھەيران بو- لۇپ تۇرۇپ قالدى . قايىر ھاجىم بولسا خۇددى كونا تونۇشلاردەك قىزغىن كەيپىياتتا كۆرۈشتى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى تەڭ سوزۇپ ھۆرمەت بىلەن ۋە ئادەت بولۇپ كەتكەن گېپىنى تەكرار- لىدى ، — بىمەھەل كېلىپ ئاراملىرىنى بۇزۇپ قويدۇممۇ قان- داق؟... بىز سەھرانىڭ ئادەملىرى ئەدەپ – قائىدە دېگەننىمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمىز ، ئەپۇ قىلىڭلا...

ئەنۋەر ئۆيگە دەسسەپ باقمىغان بۇ ھاجىمنىڭ قاق سەھەردە كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقالماي ئۇنى ئۆيگە باشلىدى . قايىر ھا- جىم تۇزۇت قىلماستىنلا مېھمانخانىغا كىرىپ تۆردىكى سافاغا جايلىشىپ بولۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى ، ئاندىن باشقىدىن ئورنى- دىن تۇرۇپ ئەھۋال سوراپ كەتتى .

— بۈگۈن دەم ئالغان ئوخشىمامىلا؟ — قايىر ھاجىم ئۆزۈن-

دىن - ئۆزۈن تىنچلىق سوراپ بولغاندىن كېيىن دېدى .
— ھەئە...
— بانكىنىڭ خىزمىتىمۇ تولا ئالدىراش - ھە... بىزنىڭ بىر تۇغقانىنىڭ قىزى سودا - سانائەت بانكىسىدا ئىشلەيتتى ، باشتا ئاتا - ئانىلىرى قىزىمىزنىڭ تەلىيى چىقتى دەپ خۇش بولۇشتى . بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن ئاڭلايمەن ، «يولدىشى بىلەن ئاجرى. شىپ كېتىپتۇ» دەيدۇ ، نېمە بولغاندۇ دېسەم ، بۇ قىز بالا خىز. مىتى ئالدىراش بولغاچقا ئۆيگە ئېشىنالمايدىكەن . يولدىشى «ئاش - تاماقنى ۋاقتىدا ئەتمىدىڭ ، سەن ئاشۇ بانكىدىلا ئۆي تۇت» دەپ خېتىنى بېرىۋېتىپتۇ . شۇنىڭغا قاراپ دەيمىنا...
— بانكىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى چىڭراق ،— دېدى ئەنۋەر ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا . ئۇ بۇ ئادەمنىڭ ئەتىگەندە نېمىدەپ كەلگەن. لىكىنى ئۇقالماي ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ باقتى . ھاجىم بولسا كېلىش مەقسىتىنى دېيىشكە ھېچ ئالدىرىمايۋاتاتتى .
— بۇ بانكىنىڭ ئۆيلىرى ئوخشىمامدۇ ؟ — قايىر ھاجىم ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرىغا قاراپ قويۇپ سورىدى .
— ھەئە...
— قانچە ئېغىز بولدى ؟
— ئاشخانىدىن بۆلەك ئىككى ئېغىز...
— ئىككى ئېغىز ؟ — قايىر ھاجىم ئىشەنمىگەندەك ياندۇ. رۇپ سورىدى ، — سىلى ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتاملا ؟
— ئىدارىدە ئۆي سەل قىسراق ، ئامال يوق...
— بۇ بولماپتۇ ،— دېدى قايىر ھاجىم ،— ياسىنجان ۋالىي. نىڭ ئوغلى مۇشۇ ئۆيلەردە ئولتۇرسا قانداق بولۇپ كەتتى ؟... ھازىرغۇ باشلىقنىڭ بالىۋاقىلىرى زىيان تارتىدىغان زامان بولۇپ قالدى ، ئاتا - ئانا بولغۇچىمۇ بىزگە گەپ تېپىپ بەرمە ، دەپ تىترەپ تۇرىدۇ . باشلىقنىڭ بالىلىرى قاتتىقراق يۆتىلىپ قويسى. مۇ ، «گۇناھ قىلدى» دەيدۇ . ياسىنجان ۋالىيمۇ ناھايىتى ئېھتى.

ياتچان ئادەم ، قۇرۇق گەپكە قالماي دەپتۇ ـ دە... مۇنداق قىلايلى ، ئۇكام ، ئەگەر ياراتسىلا ، «چىمەنزار»دىكى ئاھالىلەر رايونىدا بىكار ئۆي بار ، سىلىگە بىر يۇرۇش ئۆي بېرەي...
«بۇ قىزىق ئادەم ئىكەنغۇ ، ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق ماڭا ئۆي بېرىۋەتتىغۇ ؟ بۇ ئادەم زادى نېمىدەپ كەلگەندۇ ؟... »
— بىزگە ھازىرچە مۇشۇ ئۆيمۇ بولىدۇ ، — دېدى ئەنۋەر كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئىدارىمۇ بۇ يىل ئۆي سالماقچى بولۇۋاتىدۇ ، سالسا شۇنىڭدىن ئالارمىز .
— بىنا سالغۇچە بولسىمۇ كەڭتاشاراق ئولتۇرۇپ تۇرمامىلا ؟
— ياق ، رەھمەت...
— ۋالىيغا ئۇقتۇرمايمىز ، خاتىرجەم بولسىلا .
— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس ، ماڭا ئىدارىدە ئولتۇرۇش قۇلايلىق-راق ...
— سىلىمۇ دادىلىرىنى دوراپ ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىكەنلا ، بۇغۇ ياخشى پەزىلەت . مانا ، ياسىنجان ۋالىي ئۆزىنى پاك تۇتقاچقا خىزمىتىمۇ ئۆسۈپ كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ ، بۇ يەرگە ۋالىي بولۇپ كەلگەندىن بۇيانمۇ جىق ياخشى ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ . ئىلگىرىكى ۋالىيلار ھە دېسە مېھماندارچىلىق ئويناپ كۈننى ئۆتكۈزۈشتى ، خەلق نېمە بولۇۋاتىدۇ ، قانداق قىلساق ماۋۇ يۇرتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىمىز دېگەنلەر خىيالىغا كىرىپ چىقمايت-تى . ياسىنجان ۋالىي كېلىپ بىرەر يىل بولمايلا جىق ئۆزگىرىش-لەرنى قىلىۋەتتى ، چوڭ يەردە تۇرغان ، بىلىملىك ئادەم دېگەن يەنە باشقىچە بولىدىكەن...
«بۇ ئادەم زادى نېمىدەپ كەلگەندۇ ؟— ئەنۋەر ئۇنىڭ مەق-سىتىنى ئۇقالماي تىت ـ تىت بولدى ،— ياكى دادام ماڭا خىز-مەت ئىشلىگىلى ئەۋەتتىمۇ ـ يا ؟ ئەزمىسىنى ئەزمەي گېپىنى دېسە بولمامدۇ ؟... »
— خىزمەت قابىلىيىتى دېسە نېمىكەن دەپتۇق ، — قايىر

هاجىم ئەنۋەر بىلەن كارى يوق سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ،— ئۇ ھەممە ئادەمدە بولۇۋەرمەيدىكەن ئەمەسمۇ ؟ بەزىلەرگە ئاتىنىڭ كال-لىسىدەك ھوقۇقنى بەرسىمۇ خەقلەرنىمۇ ، ئۆزىنىمۇ رازى قىلال-ماي يۈرىدۇ . نېمىشقا ئۇنداقكىن دېسەك ، قورساقتا ئۇماچ يوق ئىكەن ـ دە . ھوقۇقنىمۇ بىلىمى بار ، دىتى بار ئادەم ئىشلەتسە باشقىچە بولىدىكەن… سىزلى بىر يەرگە باردىغان ئوخشىمامىلا ؟ — قايىر هاجىم ئاخىرى ئەنۋەرنىڭ سائىتىگە قاراپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ سورىدى .

— بۈگۈن ئىدارىدە دىجورنى ئىدىم… ،— ئەنۋەر يالغاندىنلا دېدى .

— ئەستا… مەن سىلىنى بۈگۈن دەم ئالدى دەپ پاراڭ قىلىۋېرىپتىمەن…

— بىرەر ئىش بارمىدى ؟

— چوڭمۇ ئىش ئەمەس… خەۋەرلىرىمۇ باردۇ ؟ ياسىنجان ۋالىينىڭ كۆچ چىقىرىشى بىلەن «ئاۋات»تا ئېچىۋېتىلگەن رايون قۇرۇلۇۋاتىدۇ ،— دېدى ئۇ ۋە يېنىدىن ئايرىمايدىغان قول سوم-كىسىنى ئېچىپ ئىچىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئەنۋەرگە قوش قوللاپ سۇندى ، — پېقىر ياسىنجان ۋالىينىڭ تەكلىپى بىلەن شۇ يەردە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدىم . شۇ قۇرۇلۇشقا بانكىدىن قەرز ئالاي دېگەن…

ئەنۋەر قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇپ چىقتى . ئۇ ئىلتىماسنىڭ تۆپىسىدىكى دادىسىنىڭ سالغان تەستىقىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدى . ئۇ خەتنى ئوقۇغانسېرى نېرۋىسى ئۆرلەپ ئاچچىقى كەلدى . ھا-زىرغىچە ھېچقانداق باشلىق بۇنداق بۇيرۇق قىلىپ تەستىق يازمى-غانىدى ، ئەنۋەر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ قايىر ھاجىمغا قارىدى .

— بۇ ئاز پۇل ئەمەسكەن ،— دېدى ئۇ ،— سىلىمۇ بىلىلا ، بانكىنىڭمۇ قائىدە ـ تۈزۈمى بار ، بۇنىڭغا يالغۇز مەن بىرنەرسە دېيەلمەيمەن ، بىز مۇزاكىرىلىشىپ بىرنېمە دەيلى…

قايىر ھاجىم بۇنداق جاۋابنى كۈتمىگەن ئىدى.

— ۋالىي سىلىنى بېجىرىپ بەرسۇن دېگەنىدى، يا ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ باقاملىيا؟ — دېدى ئۇ.

— ياق، ھاجىتى يوق، — دېدى ئەنۋەر، — مەن بايا دېگەندەك بۇنى رەھبەرلىك بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ باقمىساق بولمايدۇ…

— نىياز خاڭجاڭ بىر ئەزمە دېسىلە، ئۇكام، ئۇنىڭغا دېسىلە بۇنى نەچچە ئاي سۆرەيدۇ، ۋالىي ئاڭلىسىمۇ ياخشى ئەمەس، ئۆزلىرىلا بىرنېمە دەۋەتمەملا؟

— سىلى مېنى ئورۇنسىز خىجىل قىلىۋاتىلا…

— خاتىرجەم بولسىلا، ئۇكام، بۇنىڭ پىرسەنتىنى بازار نەرخىدىن كەم قىلمايمەن.

— نېمە پىرسەنت؟

— بىز بۇ ئىشنى بۇگۈنلا قىلىۋاتقىنىمىز يوق، بانكىنىڭ رەسمىيىتىدىنمۇ خەۋىرىمىز بار، باشقىلارغا كەتكەندىن سىلى دېگەن ئۆز ئادەم.

ئەنۋەر ھاجىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ كۈلۈۋەتتى.

— نېمە دەۋاتىلا، ھاجىم؟ — دېدى ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا، — بانكا سودا قىلمايدۇ جۇمۇسىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بانكا كۆرۈنگەنلا باشلىق تەستىق يازسا پۇل بېرىدىغان ئىدارىنىڭ مالىيە بۆلۈمى ئەمەس. بىزنىڭمۇ قانۇن - تۈزۈمىمىز بار، بىز ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلساق بولمايدۇ… مېنىڭ پىكرىم، سىلى ھازىر قايتىپ تۇرسىلا، بىز ئىلتىماسلىرىنى مۇزاكىرىلىشىپ ئاندىن بىرنېمە دەيلى…

— ۋالىيغا «ئەنۋەر مۇشۇنداق دېدى» دەيمۇ؟ — قايىر ھاجىم سەل تۇرۇپ كېتىپ دېدى، — ئۇ ئادەم ماڭا جاۋابىنى بەرسىلە دېگەنتى؟

— بانكىنىڭ تۈزۈمىنى دەپ قويسىلا…

— بۇنداق قىلساق ۋالىينى رەنجىتىپ قويارمىزمىكىن، ئۇكام؟— قايىر ھاجىم ئەمدى پوپوزىغا ئۆتتى، — ئۇ ئادەمنىڭ مىجەزىنى سىلى مەندىن ئوبدان بىلىلا، دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم، بىكار خاپىچىلىق تېپىشىۋالمايلى.

— ۋالىيمۇ دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنى بىلىدۇ، مېنىڭچە رەنجىپمۇ كەتمەيدۇ...

قايىر ھاجىم ئەنۋەرگە گەپ يېگۈزەلمەيدىغىنىغا كۆزى يېتىپ خۇرسىنىپ قويدى. ئەنۋەرمۇ «گەپ تۈگىدى» دېگەندەك، ئەتەيگە يەنە سائىتىگە قاراپ قويدى.

— مېنى قۇرۇق ياندۇرىدىغان بولدىلا، — دېدى قايىر ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن چوڭ ئۈمىدتە كەلگەنىدىم، خەير...

— بىزنىڭ تۈزۈمىمىز شۇنداق - دە!...

— ئۇنداق تۈزۈم، قانۇن دېگەنلەرنى، قارىسىلا، ۋالىيدەك ئادەملەر تۈزگەن، ئۇنى ئۆزگەرتىشمۇ شۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. سىلى تېخى ياش، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇقۇپ كەتمەيلا... تېخى قايسى كۈنى ۋالىي تۇرغۇن شىجاڭغا: «نىياز خاڭجاڭ ياشىنىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەنۋەرنى ئويلىشىڭلار» دېگەنىدى،— قايىر ھاجىم «گېپىم قانداق تەسىر قىلدى» دېگەندەك كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەنۋەرگە قاراپ قويدىيۇ، لېكىن ئەنۋەرنىڭ چىرايىدىن بىرەر ئالامەتنى سېزەلمىدى...

شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە ئۆيگە ھەلىمە كىرىپ كەلدى، ئۇنى كۆرۈپ قايىر ھاجىم ئالدىراپ قالدى.

— ئەنۋەر ئۇكام، — دېدى ئۇ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە توختاپ، — بىزلەر سىلىگە قارىغاندا نەچچە ئىشتاننى بۇرۇن يىرتقان، كۆرگەنلىرىمىزمۇ جىقراق... ھەر ھالدا ۋالىينىڭ لەۋزىنى ياندۇرمىغانلىرى تۈزۈك ئىدى، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىغاي يەنە...

ئەنۋەر گەپ قىلماستىن كۈلۈپلا قويدى . قايىر ھاجىم بولسا سوغۇقلا «خوش» دەپ ماڭدى .

— بۇ ئادەم نېمىدەپ كەپتۇ ؟— ھاجىم ئۇزاپ ماڭغاندىن كېيىن ھەلىمە ئوغلىدىن سورىدى . ئەنۋەر باياتىن بولۇنغان گەپ-لەرنى ئاپىسىغا دەپ بەردى .

— گېپى بەكلا يوغان نېمىكەن ، — دېدى ئەنۋەر ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ، — ئۇنىڭ رايىچە بولسا بۇگۈنلا پۇلنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسام بولغۇدەك...

— ئۇنى يوغىنىتىۋېتىپ بارغانلار بار - دە ،— دېدى ھەلىمە ھەممىنى چۈشىنىپ ،— سەن نېمە دېدىڭ ؟

— مۇزاكىرە قىلىمىز ، دېدىم .

— ھەل قىلىپ بەرگەن بولساڭمۇ بوپتىكەن ، بالام ، يامان قىپسەن .

— نېمىشقا ؟

— ھازىر قايىر ھاجىم بىلەن داداڭلار ئاپاق - چاپاق . قايىر ھاجىم ئۇلارغا بىكارغا ئۆي سېلىپ بېرىۋاتمايدۇ ، تېگىدە گەپ بار ، شۇڭا داداڭ ئۇنىڭغا قەرز بېرىڭلار دەۋاتىدۇ ، مەن دەپ قوياي ، قايىر ھاجىم بۇ پۇلنى ئالماي قويمايدۇ .

— مەن قوشۇلمىسامچۇ ؟

— ھەي ، بالام ، سەن داداڭنىڭ مىجەزىنى بىلمەيسەن ، ئۇ دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان ئادەم ، سەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيسەن...

— ئاپا ، مەنمۇ بۇنى بىلىمەن ، — دېدى ئەنۋەر ، — قايىر ھاجىمنىڭ كەينىدە كىمنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن ، ئەگەر قايىر ھاجىمنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى كەلگەن بولسا بۇنداق قاتتىق تۇرۇپ كەتمەيتتىم... سىز دەپ بېقىڭا ، دادام سىز بىلەن ماڭا نېمە كۈنلەرنى كۆرسەتمىدى ؟ سىز بىر ئۆمۈر تۇرمۇشنىڭ خۇۋلىقىنى كۆرمەي ئۆتتىڭىز . مەنمۇ دادا دېگەن قانداق بولىدۇ ،

بىلمەي چوڭ بولدۇم . خەقلەر مېنى يېتىم ئوغلاق ، دەپ ھاقارەت قىلغاندا مەن نەچچە قاتار ئۆستەڭگە ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغان چاغلىرىم بولغان ، شۇ كۈنلەرنى ئويلىسام ئۇنى ھازىرلا بېرىپ بوغۇپ قويغۇم كېلىدۇ... ئاشۇ كۈلپەتلەرنىڭ سورىقى بولامدۇ ، قىلغان قىلغاننىڭ بولۇپ كېتەمدۇ ؟... تېخى بۈگۈنگە كېلىپ بىر ئېغىز كەچۈرۈم سۆزى يوق يەنە ماڭا بۇيرۇق چۈشۈ-رىدىغان نېمە ھەققى بار ئىكەن ؟... قولىدىن كەلسە مېنى ئەمدى-لىمدىن ئېلىۋەتسۇن ، شۇنداق قىلسا تېخىمۇ ياخشى ، لېكىن مەن سىز بىلەن ماڭا قىلغانلىرىنى بىرمۇ بىر كۆزدىگە كۆرسىتىمەن !...

ھەلىمە ھازىرغىچە ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەي كەل-گەنىدى ، ئۇ ئوغلىنىڭ ئالدىدا ياسىنجاننىڭ گېپىنىمۇ زادى قىل-مايتتى . بۈگۈن ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشتى .

— بالام ، مەن خۇش بولاي ،— دېدى ئۇ تىترىگىنىچە ،— بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن ، ئۆتكەن ئىشلار كەتتى ، ئۇنى تەرگەشنىڭ پايدىسى يوق . ھازىر بىر ئوبدان ياشاۋاتىمىز ، مېنىڭ بۇ دۇنيادا بىردىنبىر ئۈمىدىم ، يۆلەنچۈكۈم سەن . ساڭا بىرەر پېشكەللىك كەلسە مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ . ياسىنجان نېمە بولمىسۇن ، سېنىڭ ئۆز داداڭ . ئەگەر سەن ئۇنىڭغا بىرەر زىيانكەشلىك قىلساڭ مەن ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيا رازى ئەمەس...

— ئانا !...

— ئۇنىڭ گۇناھلىرى بولسا خۇدايىم بار ، ئۆزى جازالايدۇ ، بۇ دۇنيادا كۆرمىسە ئۇ دۇنياغا بارغاندا كۆرەر...

ئەنۋەر ئاپىسىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى كۈتمىگەن ئىدى . ئۇ ئاپىسىغا قاراپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ، گويا ئۇ ئاپىسىنى بۈ-گۈن كۆرۈۋاتقاندەك ئىدى . توغرا ، ئەنۋەر ئاپىسىنى نەدىن چۈ-شەنسۇن ؟... ئۇ ئاپىسىنىڭ ئاشۇ ۋاپاسىز دادىسىنى جېنىدىن

ئوشۇق ياخشى كۆرگەنلىكىنى، تۇنجى مۇھەببەتنىڭ، قايناق سۆيگۈنىڭ ئىزنالىرى قالغان ئاشۇ بەختلىك كۈنلەرنى پات - پات ئەسلەپ ياش تۆكىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ ئاپىسىنىڭ باشلىقلار قورۇسىدا ياسىنجاننى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدا ھاياجان بىلەن ھودۇقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغانلىقىنى، نەچچە كۈنگىچە ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان ئاجايىپ يوچۇن بىر تۇيغۇدا گاراڭ بولۇپ يۈرگەنلىكىنى قانداق بىلسۇن؟… شۇ تاپتا ياسىنجان ھەلىمەنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ھەلىمە، ياشلىقتا ئېزىپتىمەن، ئانا - بالا ئىككىڭلارغا جىق ئازار بەردىم، مېنى كەچۈرۈڭلار، مەنمۇ چوڭ بوپتىمەن، ئەمدىكى ئۆمرۈمنى سىلەر بىلەن ئۆتكۈزسەم دەيمەن» دېگەن بولسا ئۇ بەلكىم بىر ئۆمۈر تارتقان دەرد - ئەلەملىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن، تەقدىرىنىڭ بۇ قىسمىتىگە رازى بولغان بولاتتى. بۇ ھەلىمەگە ئوخشاش ساپ مۇھەببەتكە ئەقىدە قىلغان ۋاپادار ئايالنىڭ دەريادەك كۆڭلى ئىدى. ئەنۋەر بولسا ئاپىسىنىڭ بۇ قەلبىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى.

## 21

ئاسىيەنىڭ كۈنلىرى خۇددى كۆل سۈيىدەك جىمجىت، بىر خىل رىتىمدا ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ پەقەت دوختۇرخانىغا ئىشقا بارغاندىلا ئىش بىلەن بولۇپ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالاتتى. خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن بولسا ئۇنى زېرىكىشلىك باساتتى. ئۆيدە ئۇ مۇڭداشقۇدەك ئادەم يوق. دادىسى تولا چاغلاردا ئۆيدە بولمايدۇ. خىزمەت، يىغىن، كاماندىروپكا بىلەن ئالدىراشلا. ئاپىسى بولسا ھەر كۈنى دېگۈدەك چاي، مېھماندارچىلىقتا بولۇپ، ئۆيگە يېرىم كېچىدە كېلىدۇ. ئۇ ئاسىيەنىڭ ھالىنى ئايلاپ سوراپ قويمايدۇ. ئىنىسى ئادىلجان ئۆيگە

تېخىمۇ كەم كېلىدۇ . ئاسىيە پەقەت ئۆي خىزمەتچىسى بىلەن
بىردەم ـ يېرىمدەم پاراڭ قىلىشىدۇ ، ئۇنىڭ ئاسىيە بىلەن مۇڭ-
دىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتى يوق . «مومام ئۆيدە بولغان بولسىمۇ
ياخشى ئىدى ، ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىپ بېرەت-
تى… » دەپ ئويلايتتى ئۇ بەزىدە . ئۇ مومىسىنى يوقلىغاچ بىرەر
كېچە قونۇپ كېلىشنى ئويلايتتى ، لېكىن ئاپىسىنىڭ تىللاپ
كېتىشىنى ئويلاپ بۇ نىيىتىدىن ياناتتى…

ئاسىيە ئېزىلگەن ، ھارغىن ھالەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەي-
نەكنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئەينەكتىكى سولغۇن ، چاچلىرى پاخپاي-
غان مىسكىن چىرايىنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى . ئۇ ئۆز
سېيماسىغا ئۇزاق قاراپ تۇردى . ئۇنىڭ قانسىز لەۋلىرى نېمىگە-
دۇر ئىنتىلگەندەك تەشنالىق بىلەن ئېچىلغان ئىدى . ئۇ نېپىز
ئىچ كۆڭلەك ئىچىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان كۆكسىنى سىلاپ
قويدى . ئۇنىڭغا بۇ ئەت كۈندىن ـ كۈنگە سولىشىپ بوشاۋاتقان-
دەك ، كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . «مېنىڭ قىزلىق دەۋ-
رىم مۇشۇنداق يېگانە ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟… مانا يىگىرمە يەتتە
يىلنى ئۇزاتتىم ، قىز بالا ئۈچۈن بۇ يىللارنى ئۆتكۈزۈش ئاسانمۇ ؟
يەنە قاچانغىچە كۈتىمەن ، مېنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزۇم نەدىدۇ ؟…
ئاھ ، ئۈمىد ! سەن راستتىنلا ئېزىتقۇ ، ساڭا ھەممىلا ئادەم ئىن-
تىلىدۇ ، بىراق ساڭا ئېرىشەلەيدىغانلار تولىمۇ ئاز… شۇنداق
بولسىمۇ ئىنسانلار ساڭا تەمە بىلەن ئىنتىلىدۇ . ئاھ ، ئۈمىد !
مەن ساڭا يەنىلا ئىتائەت قىلىمەن ، چۈنكى سەن ئالدامچى بولساڭ-
مۇ ، لېكىن ئازاب ، ئەندىشىلەر بىلەن تولغان بۇ ھاياتقا ئازراق
بولسىمۇ خۇشاللىق ، لەززەت بېغىشلايسەن . ماڭا ھاياتتا ھەممە
نەرسە تەل ، پەقەت قەلبىملا يېگانە ، مەن يۇلتۇزۇمنى يەنە قاچان-
غىچە كۈتىمەن ؟… »

ئاسىيە كەيپسىز ھالدا ئىشقا باردى . ئۇ بالىنىستىنىڭ ئىشى-
كىدىن كىرىشى بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇدى . ئەتىگەندىن بۇيان ئۈنى

ئازابلىغان خىياللار خۇددى سەھەردىكى تۇماندەك كاللىسىدىن غايىب بولدى . چۇشكە يېقىن ئۇنىڭ يېنىغا رىزۋان دوختۇر كىردى . ئۇنىڭ قولىدا مەتبەئە بېسىلغان بىر پارچە قەغەز بار ئىدى .

— ئاسىيە !— دېدى ئۇ قەغەزنى كۆرسىتىپ ،— ئۆتكەندە ئىنگلىزچە كۇرس بولسا ئوقۇسام بولاتتى دەۋاتاتتىڭىز ، مانا ئېچىلىپتۇ .

— قېنى ، ئەكېلىڭە ، سىزمۇ ئوقۇمسىز ؟

— مېنىڭغۇ ، شۇنداق ئوقۇغۇم بار ، — دېدى رىزۋان ئۇھ تارتىپ قويۇپ ،— شۇنىسى بالىنى قانداق قىلىمەن ، ئەخمەت تولىسى كاماندىروپكىغا كېتىدۇ… نېمىشقىمۇ ئالدىراپ ئەرگە تەگكەن بولغىيتتىم ؟

كىشىلەر مانا شۇنداق . بەزىلەر ئۆي تۇتقىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ ، بەزىلەر بولسا ئۆي تۇتۇشقا ئالدىرايدۇ ، هايات شۇنىڭ بىلەن مەنىلىك…

ئاسىيە ئىشتىن چۇشۇپ كۇرسقا تىزىمغا ئالدۇرغىلى باردى . ئوقۇيدىغانلارنىڭ تولىسى ئاياللار ئىكەن . ئۇ ئارقىدىراق بىر ئورۇننى تاللاپ ئولتۇردى . ئاسىيە — مۇئەللىم تارقاتقان دەرسلىك قوللانمىلارنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ ئولتۇراتتى ، بىرى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ سورىدى :

— يېنىڭىزدىكى ئورۇندا ئادەم بارمىدۇ ؟

ئاۋاز شۇنچىلىك سىپايە ، سىلىق ئىدى . ئاسىيە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ ئالدىدا يارىشىملىق بۇرۇت قويغان ، ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت تارتىنىش ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . ئاسىيەنىڭ يۈرىكى هاياجان بىلەن سېلىپ كەتتى .

— يوق ،— دېدى ئۇ هودۇققىنىچە .

— مەن ئولتۇرسام بولامدۇ ؟

— مەرهەمەت…

يىگىت بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس سىلكىپ قويۇپ ئورۇن-
دۇقتا ئولتۇردى . ئاسىيە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا سەپسال-
دى . ئۇنىڭ قوندۇزدەك قويۇق قارا چېچى پارقىراپ تۇراتتى .
سوزۇنچاقراق كەلگەن يۈزى ، قويۇق قارا قېشى ئۆزىگە شۇنچىلىك
ياراشقان ئىدى . ئۇ ئارىلاپ ئاسىيەگە كۆز تاشلاپ قوياتتى .
ئاسىيە ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرىدىغانلىقى-
نى سېزىپ بولدى . بىردىن ئۇنىڭ ئېسىگە دەسلەپ ياخشى كۆر-
گەن يىگىتى — مەردان كېلىپ ، يۈرىكى ئاچچىق سىرقىراپ
كەتتى . ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر بۇ يىگىتنىڭ تەقى ـ تۇرقى ، قىلىق-
لىرى ، ھەتتا ئاۋازىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغاندەك تۇ-
يۇلدى ـ دە ، بەدەنلىرى تىكەنلەشتى . ئۇ قاپىقىنى تۈرگىنىچە
ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى . يىگىتمۇ قىزنىڭ تۈرۈلگەن قاپىقىغا
ھەيران بولغاندەك قاراپ قويۇپ كىتابقا ئېڭىشتى . ئۇ ئىككىنچى-
لەپ ئاسىيەگە قارىمىدى . يىگىتنىڭ ھالىتى ئاسىيەنى بىئارام
قىلدى . «مەن نېمىشقا تەتۈر قارىۋالغاندىمەن ، ماۋۇ يىگىت نېمە
دەپ ئويلاپ قالغاندۇ ؟ مەردانغا چىرايى ئوخشاشقان بىلەن قىلىقى
ئوخشاشمايدىغاندۇ ؟... بەلكىم ئۆيلەنگەن يىگىتتۇ ، نەدە ئىشلەيدى-
غاندۇ ؟... » ئاسىيە بىردىن شۇلارنى ئويلاپ كەتتى ۋە يىگىتكە
ياخشى تەسىرات بەرمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى .

تۇنجى ئۇچرىشىش شۇنداق ئاخىرلاشتى . ئەتىسى ئاسىيە
دەرسكە سەل كېچىكىپرەك كەلدى . ئۇ تۈنۈگۈن ئولتۇرغان پار-
تىدا يىگىتنىڭ يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى ، بوش ئورۇندۇقتا كىتاب-
نىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يېنىغا كېلىپ سورىدى :

— بۇ يەردە بىرى بارمىدۇ ؟

يىگىت كىتابتىن بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى :

— يوق... بۇ ئورۇننى سىزگە ئېلىپ قويغانتىم ، — دېدى
يىگىت سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ ۋە ئورۇندۇقتىكى كىتابنى
ئۈستەلگە ئېلىۋەتتى .

— رەھمەت ، سىزگە ،— ئاسىيە شۇنداق دېدى ـ دە ، ئەدەپ بىلەن ئولتۇردى . يىگىتنىڭ تۇرقىدىن ئاسىيەنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغاندەك بىر تۇيغۇ چىقىپ تۇراتتى . ئۇ بىرنېمە دەيدىغان قىياپەتتە ئاسىيەگە «لەپ ـ لەپ» كۆز تاشلاپ قوياتتىيۇ ، ئېغىز ئاچالمايتتى . ئاسىيە بولسا ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتەتتى .

مۇئەللىم ئالدىنقى دەرستە بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى سوراشقا باشلىدى . ئۇ بىرىنچى بولۇپ يىگىتنى تۇرغۇزۇپ سورىدى . يىگىت ئىنگلىزچە شۇنچىلىك راۋان ، ئۆلچەملىك جاۋاب بەردىكى ، ئاسىيە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى .

— سىز ئىنگلىزچىگە ئۇستا ئىكەنسىزغۇ ؟ — ئاسىيە ھەيران بولۇپ سورىدى .

— ئۆزلۈكىمدىن ئازراق ئۆگەنگەن ، لېكىن بەك چالا…

— قانداق ئۆگىنىۋالدىڭىز ؟

— مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئانچە ـ مۇنچە سودىمۇ قىلغان ، سودىدا تىل بىلمىسىڭىز بولمايدۇ ، مەجبۇرىي ئۆگەندىم .

— ھازىرمۇ سودا قىلامسىز ؟

— ياق ، كېيىن ئىمتىھان بېرىپ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتتۈم ، ھازىر ۋىلايەتلىك ساياھەت ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىمەن ، بۇ يەردە تىل تېخىمۇ زۆرۈر ئىكەن .

— ئىسمىڭىز ؟…

— راخمان… مەن سىزنى تونۇيمەن .

— قانداق تونۇيسىز ؟

— ئىسمىڭىز ئاسىيە ، دوختۇرخانىدا ئىشلەيسىزغۇ ؟

— سىز قانداق بىلىسىز ؟

— ئەنۋەر مېنىڭ يېقىن دوستۇم ، بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان…

— ئەنۋەر ئاكاممۇ؟ — ئاسىيە خۇشال بولۇپ كەتتى .
— ھەئە... ئەنۋەر سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بەرگەن...
ئۇلارنىڭ تونۇشۇشى ئەنە شۇنداق باشلاندى . ئاسىيە ئۇنىڭ ئەنۋەرنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى . ئۇ راخماننىڭ ئۆيلەنمىگەنلىكىنىمۇ ئۇقۇۋالدى . ئەمدى كەچلىك كۇرس ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك تۇيۇلۇشقا باشلىدى . كۇرسقا قاتنىشىدىغانلار كۆپەيگەنلىكتىن ، ئۇلار قايىسىسى بۇرۇن كەلسە يەنە بىرى ئۇچۇن ئورۇن تۇتۇشۇپ قويۇشاتتى . دەرستىن چۇشكەندىن كېيىن بولسا راخمان ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى . ئاسىيە بارغانچە راخمانغا شۇنچىلىك ئۆگىنىپ كەتتىكى ، ئۇ بىرەر قېتىم دەرسكە كەلمەي قالسا ئەندىشە قىلىدىغان ، دەرس-مۇ كاللىسىغا كىرمەيدىغان بولۇپ قالاتتى... قىزلارنىڭ كېيىن ئويغانغان مۇھەببىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ . ئۇ خۇددى لالىدەك قىپقىزىل بولۇپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ قويىدۇ ، خۇددى يول ياقى-سىدا ئۆسىدىغان ياۋا گۈلگە ئوخشاش ئېچىلىدۇ ، پۇرىغان كىشى-نى مەست قىلىدۇ... ئاسىيە تۇنجى مۇھەببىتىدىن قەلبى يارىلان-غاندىن كېيىن ئىككىنچىلەپ مۇھەببەت كوچىسىغا كىرىشكە كۆ-زى يەتمىگەن ئىدى . لېكىن ، ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى ھامان توسال-غۇسىز ، ئىنسان كۆپلىگەن نەرسىسىزمۇ ياشىيالايدۇ ، لېكىن يالغۇز ياشىمىقى تولىمۇ تەس . ئاسىيە مۇشۇنداق بولدى ، ئۇ راخماننى ياخشى كۆرۈپ قالدى . كېچىكىپ ئويغانغان بۇ تۇيغۇ ئۇنى ئەقلىدىن ئازغۇدەك ساراسىمىگە سېلىشقا باشلىدى .
مانا ئىككى كۈن بولدى ، راخمان دەرسكە كەلمىدى . ئاسىيە ئىشىكتىن كۆز ئۈزمەي ئۇمىد بىلەن تەلمۈردى . ئۇ كەلمىگەنسې-رى ئاسىيەگە دەرسمۇ ، تونۇشلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىمۇ مەنىسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى . «سىرتقا خىزمەتكە كېتىپ قالغانمىدۇ؟ يا-كى ئۆيىدە بىرەر ئىش بولدىمىكىنا؟ ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟...» ئاسىيەنىڭ ئويلىمىغان خىيالى قالمىدى . راخمان گويا ئاقار يۇل-

تۈزدەك «لىپ» قىلىپ كۆرۈنۈپ غايىب بولغاندەك تۇيۇلۇپ ، ئۇنى ساراسىمىگە سالدى . ئۇ ئاكىسى ئەنۋەرگە تېلېفون قىلىپ ئۇقۇپ باقماقچىمۇ بولدى ، لېكىن ئەنۋەرنىڭ باشقىچە ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى .

ئۇنىڭ تەلىيىگە ئەتىسى كوچىدا ئەنۋەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى . ئۇنى كۆرۈپ ئاسىيە خۇش بولۇپ سورىدى :

— ئۆيدىن كېلىشىڭىزمۇ ؟

— ياق ،— دېدى ئەنۋەر ، — راخمان دەپ ئاغىنەم بار ئىدى ، ئاغرىپ قاپتىكەن ، شۇنىڭ يېنىغا كىرىپ چىقتىم…

— نېمە ، راخمان ئاغرىپ قاپتۇمۇ ؟ — ئاسىيە ئۆزىمۇ ئۇقماي ئىتتىك سورىدى .

— راخماننى سىز تونۇمتىڭىز ؟ — ئەنۋەر سەل ھەيران بولدى .

— ياق… ،— ئاسىيە قىزىرىپ كەتتى ، — ئۇنىڭ بىلەن ئىنگلىز تىلى كۇرسىدا بىللە ئوقۇۋاتقانتۇق… كېسىلى خېلى ئېغىرمىكەن ؟

— زۇكام بولۇپ قاپتۇ… بۇ ئاداش دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە بەك قېرىق… ھە ، راست ، سىز كۆرۈپ قويسىڭىزمۇ بوپتىكەن ، مەن باياتىن دوختۇرغا چىقايلى دېسەم زادىلا ئۇنىماي قويدى .

ئاسىيە دەرھال رازى بولدى . ئەنۋەر ئۇنى باشلاپ قاتار بىنالارنىڭ ئارىسىدىكى سېرىق بىناغا ئەكېلىپ ، تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىپ بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاقتى . خېلىدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ ، ئوبدانلا جۇدەپ قالغان راخمان كۆرۈندى . ئۇ ئەنۋەر-نىڭ يېنىدا تۇرغان ئاسىيەنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدى .

— دوختۇرنى ئالدىڭغا ئەكەلمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ ، — دېدى ئۇ ئاسىيەنى كۆرسىتىپ .

راخمان ھودۇققىنىدىن نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى .

— هوي ، قاراپ تۇرسەنغۇ ، ياتاقتا باشلىمامسەن ؟
راخمان شۇ چاغدىلا ئېسىگە كەلدى ۋە خىجالەت ئارىلاش :
— كىرىڭلار ، كىرىڭلار ... ئەستا ، ماۋۇ ئاداشىنىڭ قىلغان ئىشىنى ؟ — دېدى .
ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىشتى . ئانچە چوڭ بولمىغان مېھمانخانا رەتلىك ۋە پاكىز ئىدى . ئاسىيە ئاياللارغا خاس ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆي ئىچىگە سەپسېلىپ چىقتى ـ دە ، ئاندىن راخماندىن :
— نېمە بولدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .
— ھېچ گەپ يوق ،— دېدى راخمان بېشىنى چايقاپ ،— ئازراق زۇكام تەگكەن ئوخشايدۇ .
— دورا ئىچتىڭىزمۇ ؟
— ياق ، ھازىر ياخشى بولۇپ قالدىم .
— زۇكامغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ ، — دېدى ئۇ راخماننىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ تۇرۇپ ،— ئۇ ھەممە كېسەلنى قوزغايدۇ ، دوختۇرغا بېرىپ باقسىڭىز بوپتىكەن...
— بولمىسا ، ئاسىيە سېنى ئاپارسۇن ،— دېدى ئەنۋەر .
— ياق ، ياق... ئاسىيەنى ئاۋارە قىلغۇدەك ئىش يوق ، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر ، ھازىر ياخشىلا بولۇپ قالدىم .
— مانا مۇشۇنداق نېمە ئەمەسمۇ ؟ — ئەنۋەر بېشىنى چايقىدى ،— دوختۇرغا نېمانچە قېرىق ئىكەنسەنكىنتاڭ... ،— ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى ، — چۈشتىن كېيىن يىغىن بار ئىدى ، مەن ماڭاي ، — دېدى ۋە ئاسىيەگە قاراپ ، — سىز گەپ قىلسىڭىز ئۇناپ قالارمىكىن ؟ — دېدى .
ئەنۋەر ئالدىراپ چىقىپ كەتتى . ئۆيدە ئەمدى ئىككىسى قالدى . راخمان بۇگۈنكى تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتاتتى ، ھەدەپ ئۆيدىكى بەرنەرسىلەرگە پۈتلىشاتتى .
— ماۋۇ ئاداشىنىڭ سىزنى ئاۋارە قىلغىنىنى

كۆرمەمدىغان؟ — راخمان ئاسىيەگە ئۈسسۈزلۈق قويۇپ بەرگەچ دېدى، — سىلەر يولدا ئۇچرىشىپ قالغان ئوخشىماسسىلەر؟

— ھەئە... — دېدى ئاسىيە، — مەن تېخى كۆرسقا كەلمىگەنلىكىڭىزگە قاراپ بىر ياققا خىزمەتكە كەتتىمىكىن دېگەنىدىم؟

— باشقىلارغا زۇكامنى يۇقتۇرۇپ قويماي دېدىم، — دېدى راخمان ئاسىيەگە قاراپ قويۇپ، — يېڭى دەرسلەرنى ئۆتكەندۇ؟

— ئۆتتى، تاپشۇرۇقنىمۇ تازا بېرىۋاتىدۇ.

— مېنىڭ ئورنۇمغا باشقا بىرى ئولتۇرۇۋالمىغاندۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاسىيە «ۋىلىلىدە» قىزاردى.

— ھازىرچە ھېچكىم كەلمىدىغۇ، — دېدى ئۇ ئاستا.

راخمان ئالدىراپ قىلغان چاقچىقىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قېلىپ گەپنى يۆتكىدى:

— قانداق تاپشۇرۇقلارنى بەردى؟

ئۇلار بىردەم دەرسلەر توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇردى. ئاسىيە راخماننىڭ چىرايىنىڭ قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىددىيلەشتى:

— سىز قىزىۋاتقاندەك قىلىسىز، دوختۇرغا چىقىپ باقسىڭىز بولامدىكىن؟

— ھېچ گەپ يوق، بىردەمدىلا يانىدۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ.

— سىز ئەجەبكەنسىز، — دېدى ئاسىيە ھەيران بولۇپ، — دوختۇرغا چىقمىسىڭىز مەن سىزگە دورا ئەكېلىپ بېرەي.

ئۇ راخماننىڭ «بولدى» دېگىنىگە ئۇنىماي چىقىپ ئۆيگە كەلدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆيگە ئېسىل دورىلارنى ئەكېلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ زۇكام دورىلىرىدىن بىرنەچچە قۇتىنى ئېلىپ ئېلىپ راخمانغا ئەكېلىپ بەردى.

— بۇگۈن مۇشۇ دورىلارنى ئىچىپ كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ، — ئەگەر بۇ دورىلار تەسىر قىل-

مىسا دوختۇرخانىغا بېرىپ ئاسما ئوكۇل سالدۇرمىسىڭىز بولمايدۇ .

ئاسىيە ئەمدى يەنە ئولتۇرۇۋېرىشنى بىئەپ كۆرۈپ ياندى ، بۈگۈنكى ئۇچرىشىش ئۇنىڭ قەلبىنى داۋالغۇتۇپ ، ۋۇجۇدىنى ئاجايىپ شېرىن بىر تۇيغۇ ئەركىلىتەتتى . يۈرىكىنىڭ قەيىرىدۇر بىر يېرىدە نېمىدۇر كۆيۈپ ، تومۇرلىرىنى قىزىتاتتى . كوچىدا كېتىۋاتقان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك ، ئۇنىڭ شادلىقىغا ئورتاق بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولمىغان قانداقتۇر بىر سىرلىق كۈچنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى . بۇ سىرلىق كۈچ ئۇنى ئەركىلەتمەكتە ئىدى . «مەن راستتىنلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىممۇ نېمە ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆيگە كېلىپ كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ ، — لېكىن ، مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇزۇكرەك تونۇشۇپ بولمىغانتىمغۇ ، بەلكىم ئۇنىڭ يۈرۈۋاتقان قىزى باردۇ ؟ ھازىرغىچە توي قىلمىغىنىغا قارىغاندا تۇرمۇشقا ئالاھىدە بىر تەلىپى بارمىكىن ، بەلكىم ئەنۋەركام ئوبدان بىلىشى مۇمكىن ، لېكىن ئۇنىڭدىن قانداق سوراي-مەن ؟...» ئاسىيەنىڭ دىمى سىقىلاتتى ، پۈتۈن ئەزايى ئوت بولۇپ ياناتتى ، يۈرىكىنى بىتاقەت شېرىن بىر تۇيغۇ تىنىمسىز مۇجۇيتتى .

ئىككى كۈندىن كېيىن راخمان سەللىمازا ساقايدى . بۇ ئارىدا ئاسىيە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى ، ئىشلەپ قالغان چاغلىرىدا تېلېفون بېرىپ دورىنى ئىچكەن - ئىچمىگەنلىكىنى سوراپ تۇردى . دەم ئالغان كۈنى ئاسىيە كېلىپ تاماق ئېتىپ بەردى . بۇ كۈن ئۇنىڭ ئېسىدىن پەقەتلا چىقمايتتى . ئۇ كۈنى ئەتىگەندىلا راخمانغا تېلېفون قىلىپ يوقلاپ بارىدىغانلىقىنى دېدى ۋە ئۆيىدىن تاماققا لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىۋالدى . راخمانمۇ ئۆيىنى تازىلاپ چىنىدەك قىلىپ قويدى ، ئۇنىڭ كۆڭلى بۈگۈن تاماققا تارتىپ قالغانىدى .

— بۈگۈن چىرايىڭىزمۇ ئەسلىگە كەپتۇ ،— ئاسىيە راخمانغا سەپسىلىپ دېدى ، — چاي ئىچتىڭىزمۇ ؟

— ئازراق ئىچتىم ،— دېدى ئۇ ،— سىزنىڭ دورىلىرىڭىز پايدا قىلدى .

— دوختۇرغا ئۆچ بولسىڭىز ئۆزىڭىز زىيان تارتىسىز ، باشتىلا دورا ئىچكەن بولسىڭىز بۈنچىلىك ئاۋارە بولمايتتىڭىز ، بىرەر دوختۇر جىنىڭىزغا تەگكەنمىدى - يا ؟

راخمان چۆچۈپ ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى . «ئەنۋەر بۇ قىزغا مېنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىمنى دەپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ ؟…» دەپ ئويلىدى ئۇ ھودۇقۇپ . ئۇ گۇماننى يېشىش ئۈچۈن :

— ئاسىيە ، بىرەر گەپ - سۆز ئاڭلىغان ئوخشىمامسىز ؟— دەپ سورىدى .

— ياق ،— ئاسىيە ئەجەبلەندى ،— كەچۈرۈڭ ، مەن مۇنداقلا چاقچاق قىلغانىدىم .

— ھېچقىسى يوق ،— راخمان دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىدى ،— ئاسىيە ، راستىنى ئېيتسام ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەك خىجىل ، سىزنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلىپ قويۇۋاتىمەن .

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز ؟ قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ ، مەن تاماق قىلاي…

— بولدى ، ئاۋارە بولماڭ ، كوچىغا چىقىپلا يەيلى .

— قويۇڭە ، كوچىنىڭ تامىقىنى ،— ئاسىيە ئۇنىمىدى ،— نېمە يېگۈڭىز بار ؟

— ئەستا… نېمە ئەتسىڭىز مەيلى .

— ئەمىسە لەڭمەن قىلاي… سىز يېتىپ دەم ئېلىڭ .

راخمان قانچە دېسىمۇ ، ئاسىيە : «بىرى ئارىلاشسا ئوخشىتالمايمەن» دەپ ئۇنى قازان بېشىغا يېقىن كەلتۈرمىدى . راخمان ئارىلاپ ئاشخانىغا قاراپ قوياتتى . ئاسىيە بولسا گويا بۇ ئۆينىڭ

ئادىمدەك چاققانلىق بىلەن تەمتىرىمەي ئىشلەۋاتاتتى . «ئەنۋەر : «باشلىق دېگەننىڭ قىزىنى ئالمايدىغان ئىش ئىكەن ، گۈلشەننىڭ قولىدىن تاماق ئېتىش پەقەتلا كەلمەيدۇ ، دەپ قاقشايتتى . ئاسىيە ئەجەب تاماق قىلالايدىكىنا ، ھەممە باشلىقنىڭ قىزلىرى ئوخشاش بولمامدۇ ـ يا ؟... ئاسىيەگە ئۆتكەن ئىشلارنى دېگىنىم ياخشىمۇ ياكى دېمىگىنىم تۈزۈكمۇ ؟... قارىغاندا ، ئۇ ئاڭلىمىغان ئوخشاي-دۇ ، گۈلشەن ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇنىڭغا يەتكۈزۈشى مۇمكىن ، شۇ چاغدا كۆرمەيمەنمۇ ؟... »

— قانداقراق بولدىكىن ؟— ئاسىيە بىر تەخسىدە لەڭمەننى كۆتۈرۈپ كىردى . ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى ،— ئوخشىمىسىمۇ ئىچىڭىزدە بىلەرسىز .

— بىردەمدە تەييار قىلدىڭىزمۇ ؟ — راخمان ھەيران بولدى .

— قېنى ، ئېتىپ كۆرۈڭ...

— ئۆزىڭىزمۇ كېلىڭ ، بىللە ئولتۇرۇپ يەيمىز .

— مانا ھازىر .

ئاسىيە ھايال ئۆتمەي ئۆزىگە يېرىم تەخسە ئاشنى سېلىپ كېلىپ ، راخماننىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى .

— قانداقراق بوپتۇ ،— دەپ سورىدى ئۇ ،— خېلى بوپتۇ ، تاماق ئەتمەي چىقىپ قاپتىمەن .

— سىز ئۆيدە تاماق ئېتەمتىڭىز ؟

— ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىمىزدا تاماقنى كۆپرەك مەن ئېتەت-تىم ، مەن تاماق ئېتىشنى ياخشى كۆرىمەن ، قانداق بوپتۇ ؟

— قالتىس ئوخشاپتۇ ، ئۆي تامىقى دېگەن يەنىلا باشقا بولىدىكەن .

ئۇلار ئۇ ياق ـ بۇ ياقنىڭ پاراڭنى قىلغاچ تاماق يېيىشتى . راخمانغا بۇ قىزنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ، مىجەزى بارغانچە يېقىپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە گۇمان ، ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس ئىدى . «قىزلار ھەممىسى شۇنداق ، يېڭى

تونۇشقاندا شۇنداق مېھرىبان، كۆيۈمچان بولىدۇ، قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن ھۈنەرلىرى چىققىلى تۇرىدۇ. مېھرايمۇ شۇنداق قىلدىغۇ؟ ئۇغۇ ئاسىيەدەك چوڭ باشلىقنىڭمۇ قىزى ئەمەستى، دادىسى بانكىدا بۆلۈم باشلىقى ئىدى. مېھراي دادىسىنىڭ ئاشۇ ئەمىلىنى پەش قىلىپ دېمىگىنى قالمىدى. ئاسىيە بولسا ھازىرغىچە دادىسىنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىنىمۇ قىلىپ قويمايۋاتىدۇ، بۇمۇ ۋاقىت ئۆتسۈن دەۋاتامدۇ قانداق؟… يەنە بىر مەزگىل كۆرۈپ باقاي… »

ئارىدىن ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتتى. ئۇلار كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇراتتى. ئاسىيە ئارىلاپ كېلىپ راخمانغا تاماق ئېتىپ بېرەتتى. راخمانغا بۇ قىزنىڭ ھەممە تەرىپى يېقىپ قېلىۋاتاتتى. ئاخىرى بىر كۈنى ئىنگلىزچە كۇرستىن دەرستىن قايتىپ ئاسىيەنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، راخمان كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى:

— ئاسىيە، — دېدى راخمان تىترەپ تۇرۇپ، — سىزگە بىر گېپىم بار ئىدى…

ئاسىيە ئۇنىڭ ئوت بولۇپ يانغان كۆزلىرىگە قاراپ ھەممىنى چۈشەندى. يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئوت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى شامدەك ئېرىتىپ بارماقتا ئىدى. قىزلار ئۇچۇن يىگىتتىن ئاشۇ بىر جۈملە سۆزنى ئاڭلاشتىن ئارتۇق شادلىق بولمىسا كېرەك. ئاسىيەمۇ تەقەززالىق بىلەن تەلمۈردى.

— ئاسىيە، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن…

ئاسىيە ئەندىكىپ كەتتى. ئۇنىڭغا شۇ تاپتا كېچە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئادەم ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقاندەك بىلىندى. بىردىن ئۇنىڭ يۈزىگە ئوتتەك ئىسسىق بىر نەپەس ئۇرۇلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى گويا سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ھاياجاندا تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىگە نېمىدۇر تېگىپ غىدىقلىغاندەك بولدى، ئاندىن

بىر كۆيدۈرگۈچ يالقۇن ئاۋۋال لەۋلىرىنى ، ئاندىن پۈتۈن ۋۇجۇ-دىنى كۆيدۈرۈپ ھوشسىزلاندۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ كاللىسى ھېچ نەرسىنى سەزمەيتتى ، پەقەت بىر يېقىملىق ، شېرىن تۇيغۇنىڭ ئۆزىنى نەپەس ئالالمىغۇدەك دەرىجىدە ھالسىرىتىپ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىۋاتقانلىقىنىلا سېزەتتى...

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ، ئاسىيە ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە مېڭى-شىغا گۈلشەن ئۇچراپ ئۇنى چەتكە تارتتى .

— بىر گەپ ئاڭلايمەنغۇ ؟ — دېدى ئۇ قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ،— مۇبارەك بولسۇن .

ئاسىيە نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى .

— راخمانغۇ ياخشى بالا ، — دېدى گۈلشەن ، — بىزنىڭ ئەنۋەرنىڭ يېقىن دوستى ، ھازىرغۇ يىگىتلەردە ئىشەنچ قالمىدى ، ئۆيلەنگەن بولسا نېمە بوپتۇ ، ياخشىسى بالىسى يوق...

ئاسىيە چۆچۈپ كەتتى .

— گۈلشەن !... نېمە دەۋاتىسىز ؟ — دېدى ئۇ ئارانلا .

— نېمە ؟ سىز ئۇقمامتىڭىز ، راخمان سىزدىن يوشۇرۇپ-تۇ - دە ! توۋا ، مەن تېخى سىزنى بىلىدۇ دەپتىمەن...

گۈلشەننىڭ كېيىنكى گەپلىرى ئاسىيەنىڭ قۇلىقىغا كىرمى-دى . ئۇنىڭغا گويا يەر - جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇۋاتقاندەك بولۇپ ، كاللىسى قېتىپلا قالدى ، پۈتۈن ئەزايى مۇزلاپ كەتتى . ئۇ ئۆيگە قانداق كەلگىنىنىمۇ ئۇقمىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى - دە ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى . ئەلەم - ھەسرەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ئازابلايتتى ، كاللىسىدا پەقەت : «مەن نېمانچە تەلەيسىز ؟» دېگەن بىر گەپلا تەكرارلىناتتى . ئۇ مۇھەببەتتىن ، ھاياتتىن ئۈمىدىنى بىراقلا ئۈزدى .

ئاسىيە شۇ كۈندىن باشلاپ ئاغرىپ يېتىپ قالدى .

# 22

نۇرمان يېقىندىن بۇيان تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى . چىمەنگۈل بىلەن قىلىشقان مەسلىھەت بويىچە ئاۋۋال ئۆزى بۇرۇندىن ئارىلىشىپ يۈرگەن ، ئويۇنخۇمار ئاياللاردىن سەككىزى بىلەن سۆزلىشىپ چىقتى . ئۇلارنىڭ تولىسى ۋىلايەت ، شەھەردىكى مۇھىم ئىدارىلارنىڭ باشلىقلىرى ، بەزىلىرى سودىگەرلەرنىڭ ئاياللىرى بولۇپ ، ئەرلىرىگىمۇ گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدىغان نۇرماننىڭ كونا ئۇلپەتلىرى ئىدى . نۇرماننىڭ تەكلىپىگە ئۇلار جان دەپ قوشۇلۇشتى ۋە ھەربىرى ئون مىڭ يۈەندىن پاي قوشۇشتى . نۇرمان يىغىلغان پۇلغا ياسىنجان ۋالىيىنىڭ تەستىقى بىلەن دېھقانچىلىق ئەشيالىرى ئىدارىسىدىن زاۋۇت باھاسىدا خىمىيىۋى ئوغۇت ئالدى . بۇ ئارىدا قايىر ھاجىم ناھىيىلەرگە قاتراپ ، بىر قانچە ئوغۇت سودىگەرلىرىنى تېپىپ كەلدى . ئۇلار ھەر خالتىسىدىغا يىگىرمە يۈەندىن پايدا بېرىپ ئوغۇتنى توختاتماي ئېلىپ كەتتى . نۇرمان ئىككى ھەپتىگە قالماي ئالغان ئوغۇتنى قولدىن چىقىرىپ بولدى . ئۇ ھېساب قىلىپ كۆرگەنىدى ، مۇشۇ بىر قېتىملىق سودىدىنلا يۈز مىڭ ساپ پايدا قاپتۇ…

نۇرمان سودىنىڭ جەريانىنى چىمەنگۈلگە دەپ بەرگەنىدى ، ئۇ ئىشەنمەيلا قالدى :

— راستتىنلا شۇنچىلىك پايدا بولدىمۇ ؟— دېدى چىمەنگۈل ھەيران بولۇپ ،— نەچچە زاماندىن بېرى نېمىدەپ مۇشۇ سودىنى قىلماي يۈردۇق ؟

— راستتىنى ئېيتسام ، مەن باشتىلا ئويلىغان ، لېكىن سىلىگە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم .

— مېنى پۇلغا ئۆچ دەپ قاپتىلىدە ؟

— سىلىنى نېمىدەپ ئويلاپ قالدىڭ ، دېدىم… ھېلىمۇ بولسا كەچ ئەمەس…

— خوش، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟— دېدى چىمەنگۈل ئالدىراپ، — بۇ پايدىدىن خوتۇنلارغا تارقىتىمىزمۇ؟

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، — دېدى نۇرىمان، — بۇ پۇلنى يەنە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ھازىر ئوغۇتنىڭ بازىرى بەك ئىتتىك بولۇۋېتىپتۇ. بۇدا جىقراق ئېلىپ ساتايلىمىكىن دەيمەن.

— ھېلىقى ئىئانىنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟— دېدى چىمەنگۈل، — قايسى كۈنى ياسىنجان سوراۋاتىدۇ.

— ئۇنى قىلماي بولمايدۇ… شۇنىڭغا دەپ يىگىرمە مىڭ يۈەننى ئايرىپ قويدۇم، بولامدۇ؟

— ئاز بولۇپ قالمىدىمۇ؟

— جىقراق قىلساقمۇ بولاتتى، — دېدى نۇرىمان چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن بىسمىللاسىغا جىقراق چىقارساق، بىرىنچىدىن، كېيىنكى سودىمىزغا دەسمايە ئازلاپ قالغۇدەك؛ ئىككىنچىدىن، خەقلەر بۇلار بۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تاپتى دەپ گۇمان قىلىپ قالامدىكىن دەيمەن.

— بۇ دېگەنلىرىمۇ راست، — دېدى چىمەنگۈل سەل ئويلىنىپ، — ياسىنجان: «ھايانكەشلىك قىپسىلەر» دەپ يولىمىزنى ئېتىپ قويمىسۇن يەنە.

— يىگىرمە مىڭمۇ ئاز پۇل ئەمەس، — دېدى نۇرىمان، — ھە، راست، ئىئانە بېرىدىغان ئورۇن بىلەن كۆرۈشۈپ باققانلا؟

— كۆرۈشتۈم، ئۇلار بىزنى قاچان كېلىشىلا دەپ ساقلاۋاتىدۇ.

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلىمۇ؟— دېدى نۇرىمان ماقۇللاپ، — ئۆگۈنلۈككە مېنىڭ چاي نۆۋىتىم، ھەممە خوتۇنلار يىغىلىدۇ، ئەتىگەندە يىغىنغا قاتنىشىۋېتىپ، ئاندىن چاينى ئوينىساق قانداق؟

— بۇمۇ بولغۇدەك، — چىمەنگۈل قوشۇلدى، — ئەمىسە مەن

بۇگۇنلا ئۇلارغا خەۋەرنى بېرىۋېتەي ، تەييارلىق قىلىۋەرسۇن .

— بولسا بۇ ئىشنى سەل داغدۇغا بىلەن قىلايلى ، گېزىتنىڭ ، تېلېۋىزىيىنىڭ مۇخبىرلىرىنى چاقىرساق قانداق دەيلا ؟

— بۇنى ئوبدان دېدىلە ، خېنىم ،— دېدى چىمەنگۈل خۇش بولۇپ ،— ئۇلارلا ئەمەس ، مۇناسىۋەتلىك باشلىقلارنىمۇ چاقىرايلى ، بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىزنى كۆرسۇن . بولدى ، بۇ ئىشلارنى مەن ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن .

ئۇلار شۇنداق كېلىشتى . بۇگۇن شەھەرنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان يېتىم بالىلار ساناتورىيىسى بايرام تۈسىگە كىردى . چىمەنگۈلنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە شەھەر باشلىقى تۇرغۇن بۇگۇنكى مۇراسىمغا شەھەرنىڭ باشلىقلىرى ، مۇناسىۋەتلىك ئىدارە ، جەمئىيەتنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ كەلدى . ھەر خىل ئاپپاراتلارنى كۆتۈرۈشكەن مۇخبىرلارمۇ پەيدا بولۇشتى . رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن سەھنىدە شەھەر باشلىقى تۇرغۇن قاتارلىق شەھەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا مەيدىلىرىگە قىزىلگۈل تاقاشقان چىمەنگۈل قاتارلىق شەپقەتچى ئاياللار ئورۇن ئالغانىدى . يىغىن باشلىنىپ ئاۋۋال شەھەر باشلىقى تۇرغۇن سۆز قىلىپ ، چىمەنگۈل باشلىق شەپقەتچى ئاياللارنىڭ بۇگۇنكى ئىئانە بېرىش ھەرىكىتىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ بۇلارنىڭ مۇشۇ روھىنى ئۆگىنىپ ، جەمئىيەتكە ، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشقا چاقىردى ، ئاندىن سۆز چىمەنگۈلگە بېرىلدى .

— بۇگۇن بىز ئۈچۈن تولىمۇ خاسىيەتلىك كۈن بولدى ،— دەپ باشلىدى ئۇ سۆزىنى ،— مانا مۇشۇ سەھنىدە ئولتۇرغان ئون ئايال بۇگۇن ئۆزىمىزنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمىز . نېمىشقا دېسەڭلار ، بىز بۇگۇن مۇشۇ يېتىم بالىلارنىڭ بېشىنى سىلىغانلىقىمىز ئۈچۈن ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ پايدىلىق ئىش قىلغانلىقىمىزدىن خۇشال…

ھەممىڭلارغا مەلۇم ، ھازىر جەمئىيەتتە ، بولۇپمۇ ئاياللار ئارىسىدا ھەر خىل مەرىكە ، چايلار ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى . ئىسراپ-چىلىق ، بۇزۇپ - چېچىش ، ھەشەمەتچىلىك ناھايىتى ئېغىر . مەن بەزى چايلارغا قاتنىشىپ بېقىپ ھەيران قالدىم . ھازىر بىزنىڭ چايلىرىمىز كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى ئەمەس ، بەلكى ئىسراپچىلىق قىلىدىغان ، غەيۋەت - شىكايەت قىلىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالدى . شۇڭا مۇشۇ ئولتۇرغان خانىملار مەسلىھەت قىلىشىپ چاينى ئاددىي ، مەنىلىك قىلىشنى ، شۇنىڭغا كەتكەن چىقىمنى مۇشۇ ئاتا - ئانىسىز يېتىم بالىلارغا ئىئانە قىلىشنى قارار قىلىشتۇق . گەرچە بۈگۈنكى ئاتىغىنىمىز تولىمۇ ئاز بول-سىمۇ ، لېكىن بۇ كۆڭلىمىز . مۇشۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايدۇ ، بىز داۋاملىق ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز…

چىمەنگۈلنىڭ سۆزى زالدىكىلەرنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىزغىن چاۋاكلىرى بىلەن كۆمۈلدى . يىغىن تولىمۇ تەنتەنىلىك ئۆتتى . يىغىندىن كېيىن مۇخبىرلار چىمەنگۈلنى ئايرىم زىيارەت قىلىپ سۆزلەشتى . بۈگۈن چىمەنگۈلنىڭ خۇشلۇقى ھېسابسىز ئىدى . ئەتىلا گېزىت ، تېلېۋىزىيىدە ئۇنىڭ سۆزى بېرىلىدۇ . ئۇنىڭ نامى ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىغا چىقىدۇ . «ئاتىكەم ئەمدى قانداق قىلىپ قالاركىن ؟— دەپ ئويلىدى ئۇ تەمەننا بىلەن ، — سەن شۇنچە يىل ئاياللار مۇدىرى بولۇپ تۇرۇپ خەقلەر تىلغا ئالغۇدەك نېمە ئىشلارنى قىلالىدىڭ ، مانا مەن قىلدىم ، ئالدىرى-ما ، چىمەنگۈلنىڭ كارامىتىنى تېخى كۆرىسەن ، ئاخىرى سېنىڭ ئورنىڭنى تارتىۋالماي قويمايمەن !… »

بۈگۈنكى چاينى نۇرىمان بەرمەكچى ئىدى . يىغىن تۈگىگەن-دىن كېيىن ، ئۇ ئون ئايالنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى «ئوردا» ئارامگاھىغا باشلاپ چىقتى .

— رېستورانلاردىمۇ ئولتۇرۇپ كۆردۈق ، — دېدى ئۇ چۈ-شەندۈرۈپ ، — ۋاراڭ - چۇرۇڭدا خاتىرجەم ئوينىغىلى بولمايدۇ-

كەن ، ياز بولغاندىن كېيىن ھاۋا يېگەچ مۇشۇ يەردە ئولتۇرايلى دېدىم ، بوپتۇمۇ ؟

بۇ ئارامگاھ ھەممىدىن چىمەنگۇلگە ياراپ كەتتى .

— دىتىڭىز بار چوكان جۇمۇ سىلىنىڭ ، — دېدى ئۇ نۇرىماننى ماختاپ ، — بۇنداق ئازادە ، چىرايلىق يەر تۇرغاندا رېستوراننى نېمە قىلىمىز ؟ شۇنىسى بىرلا نەرسە كەم بوپتۇ .

— نېمىنى دەيلا ؟

— رەڭلىك ئويۇن...

— ئۇمۇ ئاستا ـ ئاستا بولۇپ قالار ، — دېدى نۇرىمان بويىنىنى قىقىپ .

بۈگۈن ھەممەيلەننىڭ كەيپى چاغ ، گويا شەھەر ئالغان جەڭ-چىلەردەك خۇشال ئىدى . ئۇلار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي بۈگۈن-كى يىغىننىڭ گېپىنى قىلىشاتتى .

— بۇنىڭدىن كېيىن چايلارنى سىرتلارغا چىقىپ ئويناساقمۇ بولغۇدەك ،— دېدى نۇرىمان چىمەنگۇلگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ، — ھازىر ئۆرۈمچىدە چايلارنى ئىچكىرىلەرگە بېرىپ ئويناپ كېلىش مودا بوپتۇ ، ھازىر قاتناشمۇ قولايلىق ، دۇنيانىڭ راھىتىنى بىزمۇ كۆرۈپ باقمايمىزمۇ ؟

— شۇنداق قىلايلى .

— ئەمىسە بۇداقى چاينى ئۆرۈمچىدە ئويناپ كېلىمىزمۇ ؟

— بۇدو ئايشىگۇل سىلى بېرەملا ؟

— ماڭا كەلگەن ،— دېدى دوپىدوغىلاق ، چىرايى قونچاقتەك ئوخشايدىغان ئايال ، — شۇنىسى چىمەنگۇل خانىمنىڭ ۋاقتى چىقارمىكىن ؟

— سىلىنىڭ چايغا ھەرەمدە بەرسىلىمۇ بارىمەن ، — دېدى چىمەنگۇل .

تاماقلارغا بىرەر قۇر ئېغىز تېگىپ بولغاندىن كېيىن نۇرى-ماننى گەپنى ئالدى .

— بۈگۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش قىلدۇق ، — دېدى
ئۇ چىمەنگۈلگە قاراپ قويۇپ ، — ئىئانە قىلىنغان پۇلنىڭ قانداق
كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان ، ئوغۇتنىڭ پايدىسىدىن ئاجرات-
تۇق ، باشتا كېلىشكىنىمىز بويىچە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پايدىدىن
مەلۇم پىرسەنتنى ئاجرىتىپ مۇشۇنداق خەير - ساخاۋەت ئىشلى-
رىغا ئىشلەتسەك ئەرزىيدۇ ، — ئاندىن ئۇ بۇ قېتىمقى ئوغۇت
سودىسىنىڭ كىرىم - چىقىمى توغرىسىدا تەپسىلىي ئىزاھات
بېرىپ بولۇپ دېدى ، — پايدىنىڭ پۇلىنى بۆلۈشسەك دەپ
ئويلاۋاتقانلارمۇ باردۇ ؟ سودا دېگەندە ئۇنداق بولمايدۇ ، دېھقانمۇ
يەرگە ئۇرۇقنى ئەتىيازدا تەۋەككۇل دەپ چېچىپ ھوسۇلنى كۈزدە
ئالىدۇ ، سودىمۇ شۇنداق ، يىلنىڭ ئاخىرى ھېساب قىلىشىمىز ،
ئاڭغىچە تاپقان پۇلنى ئايلاندۇرۇپ تۇرىدىغان گەپ . ئەمما ، خا-
تىرجەم بولۇشسىلا ، ھازىر سودىمىز ياخشى مېڭىۋاتىدۇ ، مۇشۇن-
داقلا بولسا يىل ئاخىرى ھەربىرىمىزگە كەم دېگەندە قىرىق -
ئەللىك مىڭدىن تېگىدۇ .
نۇرىماننىڭ ئاخىرقى گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ يۈ-
رەكلىرى ئويناپ كەتتى . ئۇلار ئەمدى سودىنىڭ تۈرىنى كېڭەي-
تىش ھەققىدە بەس - بەس بىلەن تەكلىپلەرنى بېرىشكە باشلىدى .
ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سوزۇلغان بۇ مەسلىھەتلەردىن ئىچى پۇشقان
چىمەنگۈل گەپلەر سەل سېلىككەندە ، ئالدىدىكى ئۇزۇم ھارىقى
قۇيۇلغان رومكىنى قولىغا ئېلىپ گەپ باشلىدى :
— خوش ، خېنىملار ،— دېدى ئۇ رومكىنى كۆتۈرۈپ ،—
بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ئۈ-
چۈن مۇشۇ قەدەھنى كۆتۈرەيلى ،— دېدى - دە ، ئۆزى باشلاپ
ئىچىۋەتكەندىن كېيىن نۇرىمانغا قاراپ ، — گەپنىمۇ ھارغۇچە
قىلىشتۇق ، ئەمدى بىردەم پەيزى قىلمايلىمۇ ؟ قېنى ، نۇرىمان ،
دۇتارنى ئالسىلا !
نۇرىمانمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇ دۇتارنى ئېلىپ سازلى-

دى ـ ده ، ئايالـلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشىلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىشقا باشلىدى . هاراقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ، ئۇ بۈگۈن ناخشىلارنى شۇنداق مۇڭلۇق ئېيتتى . ئۇ چىمەنگۈلنىڭ ئىشارىتى بىلەن دۇتارنى ئۇسسۇل پەدىسىگە يۆتكىگەندى ، قىزىپ قالغان چىمەنگۈل بىرەرىنىڭ تارتىشىنىمۇ كۈتمەي بىرىنچى بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى . ئۇ بۈگۈن شۇنچىلىك خۇلق چىقىرىپ ئوينىدىكى ، ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭغا مەستلىكى كېلىشتى . قوشنا ئولتۇرۇشقان بىر توپ يىگىتلەرمۇ ئىچىۋاتقان هاراقلىرىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى . دۇتار تارىنىڭ ئۈزۈلۈشى بىلەن نۇرىمان ناخشىدىن توختىدى .

— سەت بولدى ـ هە ؟— دېدى نۇرىمان خىجالەت بولغاندەك ،— پەيزىلىرىنى بۇزۇۋەتتى…

— تارىغۇ مەيلى ، قوللىرىغا دەرد بەرمىسۇن ، نۇرىمان ،— دېدى چىمەنگۈل قوش رومكىغا هاراق قۇيۇپ بىرىنى نۇرىمانغا تۇتتى ، — سىلىدەك پەيزى بار چوكاننى ئېلىۋالغان هاجىمنىڭ تەلىيى بار جۇمۇ ، ئەگەر مەن ئەر كىشى بولۇپ قالغان بولسام سىلىنى هاجىمدىن بۇزۇپ ئالاتتىم جۇمۇ !

شۇ گەپ بىلەن سورۇندا قىيقاس كۆلكە كۆتۈرۈلدى . ئايالـلار تەرەپ ـ تەرەپتىن نۇرىمانغا چاقچاق قىلغىلى تۇردى .

— هاجىمنىڭ نەرىگىمۇ ئاشىق بولۇپ تەگكەنلا ؟

— پۇلىغا بولمامدۇ ؟

— پۇل كۆڭۈلنى تولدۇرامدىكەن ؟

— هاجىمغىمۇ مۇشۇنداق ناخشا ئېيتىپ بېرەملا ؟

نۇرىمان كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى .

— هاجىمنىڭ ناخشا ـ ساز بىلەن خۇشى يوق .

— نېمىگە خۇشى بار ؟

— پۇلنى ياخشى كۆرىدۇ…

پەستىرەك ئولتۇرغان ئېگىز بويلۇق ، ئورۇق ئايال يېنىدى-

كى سېمىز ئايالغا قايرىلىپ پىچىرلىدى :
— توۋا ، ھازىر نېمە بولۇۋاتىدىكىن ، ئەرلەر بىز بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇۋالدى . مېنىڭ ئاۋۇ ئېرىم ئىشتىن كېلىدىپ قىلىدىغان ئىشى تۆت ئادەمنى يىغىۋېلىپ قارتا ئويناشلا بولۇۋاتىدۇ .
— سىلىنىڭكىمۇ يۇۋاشقۇ ، خېنىم ، بىزنىڭ نىيازچۇ ، ئۆيگە بىرەر كۈن ساق كەلگەنلىكىنى بىلمەيمەن ، كېلىدىيۇ ، پوك چۈشۈپ خورۇلداپ ئۇخلايدۇ .
— ئۇنىڭ پەيزىنى كۆرمىگىلى خېلى بوپتۇ ـ دە ؟
— ئۇنتۇپ قالغىلى تۇردۇق...
ئورۇق ئايال نېرىدا نۇرىمان بىلەن كۈلۈشۈپ پاراڭ قىلىشىۋاتقان چىمەنگۈلنى ئىما قىلىپ يېنىدىكى ئايالغا پىچىرلىدى :
— ئاڭلىدىلىمۇ ؟ ياسىنجان ۋالىينى ھەلىمەنىڭ قېشىغا بېرىپ يۈرىدۇ دەيدىغۇ ؟
— راستمۇ ، كىمدىن ئاڭلىدىلا ؟
— مەكتەپتىكىلەر دېيىشىپ يۈرىدۇ ، ماۋۇ گەپنى مەن دېمىدىم جۇمۇسىلا !
— ۋاييەي ، مېنى شۇنداق ئاغزى بوش چاغلاۋاتاملا ؟
— ماۋۇ ھازازۇل ئاڭلاپ قالمىسۇن دەيمىنا .
— ھەلىمە بىچارە مۇشۇ خوتۇننىڭ كاساپىتىدە بىر ئۆمۈر تۇل ئولتۇردى ، ئۇنىڭغىمۇ ئۇۋال...
— ئۇنى ئاز دەپ مەكتەپكە ئۆي سېلىۋاتقىنىنى دېمەملا ، ھەلىمە بىچارىنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار ئوخشايدۇ .
— تاماشىنى ئەمدى كۆرىمىزغۇ تېخى...
— نۇرىمان ئىككىسى قالتىس دوست بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ، بۇلارنىڭ بىر ئىشى بار .
— قوشقان پۇلىمىزنى ساق تىرىلدۈرۈۋالساق بولاتتىغۇ ؟...
ئاياللار — ھامان ئاياللار . ئۇلار «بىز پەقەت غەيۋەت قىلماي-

ـمىز » دەپ قەسەم ئىچىشىپ تۇرسىمۇ ، ئىختىيارسىز ھالدا يەنە غەيۋەتكە چۈشۈشتى . بۇلارغا قاراپ چىمەنگۈلنىڭ ئىچى پۇشتى : «بۇلار قاچانمۇ مەدەنىيەت دېگەننى ئۆگىنەر ، ئۇلار پەقەت يەپ ـ ئىچسە ، غەيۋەت قىلسىلا بولدى . مۇشۇلارنىڭ ئورنىدا ئەرلەر بولغان بولسىمۇ ، ئويۇندىن ئوت چىقىپ كېتەر ئىدى… ،— چىمەنگۈل سائىتىگە قارىدى ،— سائەت تېخى توققۇز بولماپتۇ ، ئۆيگە بارسامۇ نېمە قىلىمەن ؟ ياسىنجان تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەتتى ، ئاز بولغاندىمۇ بىر ھەپتىسىز كەلمەيـ ـدۇ . باشلىقنىڭ خوتۇنى بولسىمۇ تەس ئىش ئىكەنغۇ ؟… شەۋكەتنى چاقىرايمىكىن ؟… »

چىمەنگۈلنىڭ ئەمدى ئولتۇرغۇسى كەلمىدى . ئۇ شەۋكەتكە تېلېفون بېرىپ ئۇنى كېلىپ ئەكېتىشنى ئېيتتى . چىمەنگۈلنىڭ قايتماقچى بولغىنىنى ئۇقۇپ ھەممىسى كەتكىلى قوزغىلىشتى .

— سىلىنى مەن ئاپىرىپ قويايمۇ ؟ — كەينىدە قالغان نۇرىـ ـماندىن سورىدى ئۇ .

— سىلى بىلەن كېتەي دېگەن ،— دېدى نۇرىمان قىزىـ ـرىپ ، — ھازىر تۇرغۇن شىجاڭ تېلېفون قىپتۇ ، مېنى ساقلاپ تۇرسىلا دەيدۇ ، قانداق قىلايكىن ؟

— شۇنداقمۇ ؟ — چىمەنگۈل قاشلىرىنى سۈزدى ، — پەيزىلىرى بار… بۇگۈن چاينىڭ خۇلاسىسىنى ئىككىلىرى چىقىـ ـرىشىدىكەنلىدە ؟

— سىلىدىن يوشۇرمايمەن ، تۇرغۇن شىجاڭ پېيىمغا كىرىپـ ـلىۋالدى… «خەلچەمنى سېزىپ قالامدىكىن » دەپ يۈرىكىم سۇ…

— «ئىتتىن قورققان ئابدال بولماپتۇ » دەيدۇ ، خېنىم ، نېمىدىن قورقىلا…

— سىلى بىلمەيلا ، خەلچەم دېگەن قىپقىزىل ساراڭ نېمە .

— شۇڭا تۇرغۇن شىجاڭ ياراتمايدۇ ـ دە ،—… تالادا ماشىـ

نىنىڭ سىگنالىنى ئاڭلاپ چىمەنگۈل قوزغالدى، — شەۋكەت كەلگەن ئوخشايدۇ، مەن سىلىگە كاشىلا بولماي كېتەي… ، — ئۇ نۇرىماننىڭ بىلىكىنى چىمدىپ قويۇپ تالاغا ماڭدى.

چىمەنگۈل ئادىتىنى بۇزۇپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كىرىشى بىلەن ماشىنىنىڭ ئىچىگە ئەتىر ۋە هاراقنىڭ پۇرىقى «گۇپپىدە» تارقالدى. شەۋكەت ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

— بۈگۈن چاي بالدۇرلا تۈگەپتىغۇ؟ — سورىدى شەۋكەت.

— خۇشياقمىدى، — دېدى چىمەنگۈل تەرىنى تۇرۇپ، — بۇ خوتۇنلار كىيگەننىڭ، يېگەننىڭلا گېپىنى قىلىپ بېشىمنى ئاغرىتىۋەتتى…

— ئۆيگە كېتەملا؟

چىمەنگۈل دەرهال جاۋاب بەرمىدى. ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يېيىلىپ ياتقان كوچىغا خىيالچان بېقىپ تۇرۇپ:

— شەۋكەت، ئۆيگە بارغۇم يوق، — دېدى ۋە ناز بىلەن شەۋكەتنىڭ مۈرىسىنى سىلاپ قويدى، — كەرىمە ئۆيدىمۇ؟

— ئۆيدە، تېخى باياتىن تېلېفون قىلغانتى.

— نېمە دەيدۇ؟

— نېمە دەيتتى، مېنى نەدە يۈرىدۇ، دەپ سۈرۈشتۈرمەمدۇ؟

— ئەمىسە نەگە بارىمىز؟… ئۆتكەنكى مېھمانخانىغا بارايلى.

شەۋكەتكە ماقۇل دېمەكتىن بۆلەك ئامال يوق ئىدى. ئۇ ماشىنىنى يىراقتا ئېلېكتىر چىراغلىرى يۈلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان شەھەرگە قاراپ ھەيدىدى.

— تېلېفوننى ئېتىۋېتىڭ! — چىمەنگۈل ئۇنىڭغا قارىماستىن بۇيرۇدى.

شەۋكەت يانفوننى ئېتىۋېتىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا چىمەنگۈلگە سەپسالدى. چىمەنگۈل سۈرلۈك بىر ھالەتتە ئولتۇراتتى.

«بۆگۆن بۆ جادىغا تۆتۆلۆپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان ، —
شەۋكەت ئەلەم بىلەن ئىچىگە تىندى ، — ئاغىنىلەر تازا ساقلايدى-
غان بولدى ـ دە . شەمشىنۆر مېنى ۋەدىسىدە تۆرمايدىغان نېمە-
كەن دەۋاتامدىكىن ، بۆنىڭدىن بىردەمدىلا قۆتۆلغىلى بولارمۆ ؟...
نەدىنمۆ بۆ قېرى بىلەن تونۆشۆپ قالغاندىمەن ؟... »
شەۋكەت چىمەنگۆل بىلەن بەش يىل ئىلگىرى تاسادىپىيلا
تونۆشۆپ قالغان ئىدى . ئۆ چاغدا شەۋكەت تاكسى ماشىنىسىنى
ھەيدەيتتى . يازنىڭ تىنچىق ئىسسىق ئاخشىمى ئىدى . كوچا چى-
راغلىرى سۆس يورۆتۆپ تۆرغان يوللاردا ئادەملەر قالمىغان ،
پەقەت رېستورانلاردىن كېچىلىك بەزمىدىن تارقىغانلارلا توپ –
توپ بولۆپ ئۆچراپ قالاتتى . بۆنداق ۋاقىتتا تاكسىنىڭ خېرىدار-
لىرىمۆ شۆلار ئىدى . شەۋكەت رېستوران جايلاشقان كوچىلارنى
ئايلىنىپ ماڭدى ، لېكىن بۆ رېستورانلارنىڭ ئالدى تاكسى ماشىنى-
لىرى بىلەن توشۆپ كەتكەنىدى . شەۋكەت بۆلاردىن ئۆمىد ئۆزۆپ
شەھەرنىڭ چېتىدىكىرەك كوچىغا قاراپ ماڭدى . ئىشىك ئالدى
رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن بېزەلگەن بىر رېستورانغا يېقىن كېلى-
شىگە يول بويىدا كوچىغا قاراپ تۆرغان بىر ئايالنى كۆردى .
مۆرىسىگە چىرايلىق سومكا ئېسىۋالغان ، پۆزۆر كىيىنگەن بۆ
ئايال ئالدىغا كەلگەن تاكسى ماشىنىلارغا ئېڭىشىپ قارايتتى –
دە ، بېشىنى چايقايتتى . «بۆ نېمە قىلىپ تۆرغان ئايالدۆ ؟ بىرىنى
ساقلاۋاتامدۆ ياكى تاكسىچىلاردىن قورقۆۋاتامدۆ ؟ ئەجەب كېلىش-
كەن نېمىكەن... » شەۋكەت ماشىنىنى ئاستىلىتىپ ئۆنىڭ ئالدىغا
كەلدى . ئايالمۆ خۆددى ئۆنى كۆتۆپ تۆرغاندەك قايرىلىپ قارى-
دى . غۆۋا چىراغ نۆرىدا شەۋكەتكە ئۆ پەرىزاتتەك كۆرۆنۆپ
كەتتى . شەۋكەتنىڭ يۆرىكى ئويناپ كەتتى . ئۆ ئايالغا قاراپ
كۆلۆمسىرىگەنىدى ، ئايالمۆ سەل ھەيران بولغاندەك قاشلىرىنى
ئۆچۆرۆپ تەبەسسۆم قىلدى . «كېچىلىك ئوقەتكە چىققان توشقان
بولمىغىيتتى ؟ » شەۋكەتنىڭ كۆڭلىگە دەرھال شۆ كېچىپ كەت-

ـمەكچىمۇ بولغانىدى ، ئاڭغىچە ئايال ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئې-
چىپ ، ئالدىدىكى ئورۇنغا چىقىپ بولدى . ئۇنىڭ كىرىشى بىلەن
تەڭ ، شەۋكەتنىڭ بۇرنىغا ئەتىرنىڭ يېقىملىق پۇرىقى «گۇپپىدە»
ئۇرۇلدى . شەۋكەت ئۇنىڭغا كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا سەپسالدى .
ئايالنىڭ كىيگەن كىيىملىرى ئېسىل ، چىرايىمۇ پاكىز ئىدى .
«ياق ، بۇ ياۋا توشقانلارغا ئوخشىمايدۇ» دېدى ئۇ ۋە سىپايىلىك
بىلەن سورىدى :
— نەگە بارىسىز ؟
ئايال سىرلىق كۈلۈمسىرەپ قارىدى . ئۇنىڭ خۇمارلىشىپ
تۇرغان كۆزلىرى شوخلۇق بىلەن يالتىرايتتى . ئۇ «پىسسىڭىدە»
كۈلگىنىچە :
— ئۆيگە ،— دېدى .
بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ شەۋكەتمۇ كۈلۈۋەتتى .
— ئۆيىڭىز نەدە ؟
— ئورۇمچىدە...
ئايالنىڭ چاقچاقلىرىدىن شەۋكەت تەمتىرەپ قالدى . لېكىن
چاندۇرماستىنلا :
— مەن تېخى توقسۇندىمىكىن دېگەنىدىم ، — دېدى .
ئايال شەۋكەتكە قىزىققاندەك قاراپ قويدى . ئۇنىڭغا شەۋكەت-
نىڭ چاقچىقىمۇ يېقىپ قالغاندەك تۇراتتى . بىردەمدىن كېيىن
ئۇلار كونا تونۇشلاردەك پاراڭلىشىپ كەتتى . ئۆيىنىڭ ئالدىغا
كەلگەندە ، چىمەنگۈل سومكىسىنى ئاختۇرۇپ ئوڭايسىزلى-
نىپ كەتتى .
— پورتمىنىم رېستوراندا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ ، يوق
تۇرىدۇ ،— دېدى ئۇ خىجالەت بولۇپ ، — خاپا بولماي بىردەم
ساقلاپ تۇرسىڭىز ، ئۆيدىن پۇل ئاچىقىپ بېرەي .
— بولدى ، ئاۋارە بولماڭ ، — دېدى شەۋكەت ئۇنىڭ تەڭ-
قىس بولغىنىنى كۆرۈپ ،— كېرەك يوق ، كېيىن ئۇچرىشىپ

قالغاندا تەڭشىلىپ كېتەر...
— يامان سەت ئىش بولدىغۇ ، — دېدى ئۇ ، — ئۇنداق بولسا تېلېفون نومۇرىڭىزنى بېرىڭ !
شەۋكەت ئۇنىڭغا ئىسىم كارتوچكىسىنى بەردى . ئارىدىن ئۇچ كۈن ئۆتۈپ شەۋكەت ئۇنىڭ تېلېفونىنى ئالدى . چىمەنگۈل ئۇنى باغچىنىڭ ئالدىدا كۈتىمەن دېدى . شەۋكەت ئۇنىڭ گېپىگە ھەيران بولدى : «بۇ ئايال نېمە بولغاندۇ ؟ ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئەجەب قىلىپ كەتتىغۇ ! قانداق قىلاي ، بېرىپ گېپىنى ئاڭلاپ باقمايمەنمۇ ؟ خېلى بولىدىغان نېمە ئىكەن... »
شەۋكەت باغچىنىڭ ئالدىدا تورزدەك چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئايالنى يىراقتىنلا تونۇدى .
— مېنى قىچىپ كەتتى دەپ نەچچە كۈندىن ئۇيقۇڭىزمۇ كەلمىدىغۇ دەيمەن ، — چىمەنگۈل شەۋكەتنى كۆرۈپ چاقچاق قىلدى .
— تازا قويمىچىغا ئۇچراپتىمەن دەپ ئاغرىپلا قالدىم دەڭا ، — شەۋكەتمۇ چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى ، — بۈگۈنگۇ پورتمىنىڭىز باردۇ ؟
— مەن ئۆزۈم تۇرغاندا پورتماننى نېمە قىلارسىز ؟...
چىمەنگۈل سىرلىق بىر تەبەسسۇم بىلەن كۈلدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ شەۋكەتنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى . ئۇلار خالىي بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى ، تاماق بىلەن بىللە ھاراقمۇ ئىچ-تى . ھاراقنىڭ كەيپىدە قىزىپ قالغان شەۋكەت ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى . شەۋكەتنىڭ ئايالى تۇنجى بالىسىغا تۇغۇتلۇق بو-لۇپ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئىدى . شەۋكەت ئۆزىدىن ئون ياشلار چوڭ بولسىمۇ ، لېكىن قىزلاردەك خۇلقى بار چىمەنگۈل بىلەن شېرىن مىنۇتلارنى ئۆتكۈزدى .
شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇلار پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى . شەۋكەتكە ئىچىكىشىپ كەتكەن چىمەنگۈل ئاخىرى ياسىد-

جانغا دەپ يۈرۈپ ، ئۇنىڭغا شوپۇر قىلىپ يۆتكەپ ئەكەلدى .
ياسىنجان بۇ يەرگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىنمۇ شەۋكەت-
نى ئۆزلىرى بىلەن بىللە يۆتكەپ ئەكەلگەن ئىدى . يېقىندىن
بۇيان شەۋكەت ئۇنىڭغا قۇيرۇق تۇتقۇزماي يۈرگەندەك تۇيۇلۇشقا
باشلىدى ، ھە دېسە بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ كۆرۈشكىلى
ئۇنىمايتتى . «سەن نېمىگىمۇ ھال پەيدا بولۇپ قالدىمۇ نېمە ؟»
چىمەنگۇل بەزىدە ئۆز چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ ئويلاپ قالاتتى .
ئۇنىڭ كۆزىگە يۈزىدىكى سىزىقلار بارغانچە كۆپىيىۋاتقاندەك ،
بويىنىمۇ خالتىلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . «راستىنلا قې-
رىپ كېتىۋاتىمەنمۇ ؟ مېنىڭ ئويناپ - كۈلۈپ ھۇزۇر سۈرىدىغان
چاغلىرىم ئەمدى كەلگەنتىغۇ ؟ ياق ، مەن تېخى قېرىمىدىم ، كۆڭ-
لۈم ئويناپ تۇرىدۇ ، شەۋكەتنى چىڭ تۇتقىنىم تۇتقان··· »
شەۋكەتنىڭ جىمىپ كېتىشى چىمەنگۇلنىڭ ئىچىنى
پۇشۇردى .
— ئەجەب جىمىپ كەتتىڭىزغۇ ؟ — دېدى ئۇ شەۋكەتكە
ئۆرۈلۈپ .
— ھېچنېمە··· ، — شەۋكەت چۆچۈپ ئۈن قاتتى ، — ھاۋا
بۇزۇلۇۋاتىدۇ ، يامغۇر ياغىدىغان ئوخشايدۇ···
چىمەنگۇل ماشىنا ئەينىكىدىن سىرتقا قارىدى . ئاسمان گويا
قارا قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى . ھايال ئۆتمەي
تۇيۇقسىز ئۆرۈلگەن بوران بىلەن تەڭ ، ماشىنا ئەينىكىگە تاراس-
لاپ يامغۇر ئۆرۈلدى . ماشىنا تۇمان قاپلىغان نەم ھاۋانى خىرە
يورۇتۇپ ئاسفالت يولدا كېلىۋاتاتتى . كېچە قاراڭغۇسىدا ئەتراپ-
تىكى ھەممە نەرسە روشەن قىياپىتىنى يوقاتقان بولۇپ خىرەلى-
شىپ كەتكەنىدى . ماشىنىنىڭ كەينى ئەينىكىدىن ئارقىدا قېلى-
ۋاتقان كوچىدىكى ئېلېكتر چىراغلىرى گاھ يېنىپ ، گاھ ئۆچۈپ
تۇرغاندەك بىر يوقىلىپ يەنە پەيدا بولاتتى . يامغۇر كۈچىيىشكە
باشلىدى .

مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچىسى ئۇلارغا بۆلۈڭدىكى ئىچكىرى - تاشقىرى ئۆينى ئېچىپ بېرىپ ، چىمەنگۈلگە قىزىققاندەك مەنىلىك قاراپ قويدى . چىمەنگۈلدە ھاراقنىڭ كەيپى تېخىچە كەتمىگەندى . شۇڭىمۇ ئۇ ياتاققا كىرىپلا شەۋكەتنىڭ بوينىغا گىرە سالدى - دە ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالاشقا باشلىدى . شەۋكەت بولسا كۆڭلى تارتمىسىمۇ ئۇنىڭ رايىغا باردى ۋە شەھۋانىي ھەۋەستە قۇترىغان بۇ ئايالنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئېلىپ باردى .

ئاردىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە شەۋكەت ئورنىدىن تۇرۇپ سائەتكە قارىدى . شېرىن لەززەتتىن ھۇزۇرلىنىپ ياتقان چىمەنگۈل ئۇنىڭ قولىنى تارتتى :

— نېمە سائەتكە قاراپ كەتتىڭىز ؟ — دېدى ئەركىلەپ ، — بىردەم يېتىڭا !

— ماڭايلىمىكىن ، كەرىمەگە ھېلىلا كېلىمەن ، دەپ قويغانىدىم .

چىمەنگۈلنىڭ چىرايى شۇ ھامان تۇرۇلدى .

— كەرىمە ساقلاۋاتامدۇ ياكى باشقا بىرلىرى ساقلاۋاتامدۇ ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىق بىلەن قاپىقىنى سۈزۈپ .

— نېمە دېگىنىڭىز ، مېنى يەنە كىم ساقلايتتى !

— ساقلايدىغانلار باردۇ ؟

— خۇدايا توۋا دەڭا ، مەن…

— ئالدىنقى كۈنى كەچتە نەدە بولدىڭىز ؟

— ئالدىنقى كۈنى ؟… ، — شەۋكەت خىيال قىلىپ تۇرۇپ كەتتى ، — ئىككى ئاغىنەم كەلگەنتى ، شۇلار بىلەن ئاشخانىدا بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق .

— يالغان ئېيتماڭ ، تېلېفوندا قىزلارنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندىغۇ ؟ ئاغىنىلىرىڭىز بىلەن رەڭلىك ئولتۇرغان ئوخشىمامسىلەر ؟

— خۇدا ھەققى ، قىزلار يوق . ئۆزىمىزلا… قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ ؟

— سىزنىڭ قەسىمىڭىزگە ئىشىنىدىغان ئەخمەق چاغلاۋاتامـ
سىز مېنى؟ راست گەپنى قىلىڭ، كىم ئۇ؟
— ئاغىنىلەر دېدىمغۇ، سىزگە قاچان يالغان گەپ قىلغان
يېرىم بار؟
— ئەمىسە نەدىكى قىزلارنىڭ ئاۋازى؟
— باشقا ئۇستەللەردىكى قىزلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان
ئوخشايسىز؟
چىمەنگۈل شەۋكەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە ئۇزاققىچە قاراپ
تۇردى.
— شەۋكەت!— دېدى ئۇ بېشىنى يېنىك چايقاپ قو-
يۇپ،— مېنى ئۇقمايدۇ دېمەڭ، يېقىندىن بۇيان خېلى ھۇنەرلە-
رىڭىز چىققىلى تۇردى، مېنىڭدىن زېرىكىپ قېلىۋاتامسىز
قانداق؟
— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز؟ — شەۋكەت ئەندىككەن
ھالدا كۈلدى، — چۈشىڭىز بۇزۇلۇۋاتامدۇ نېمە؟
— مەن سىزگە دەپ قويای شەۋكەت، — چىمەنگۈل بوينىنى
قېقىپ تۇرۇپ دېدى، — ماڭا خىيانەت قىلىپ يۈز ئۆرۈيمەن،
دەپ خام خىيال قىلماڭ. بىكار ئۆزىڭىز زىيان تارتىپ
قالىسىز...
چىمەنگۈلنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ شەۋكەتنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇز-
دەك تىترەك ئولاشتى. ئۇ بىردەم «قانداق قىلاي؟» دېگەندەك
تۇرۇپ كېتىپ ئېسىگە كەلگەندەك بولدى ۋە باشقىدىن يوتقاننىڭ
ئىچىگە كىردى.

## 23

ياسىنجان ۋالىيلار بۈگۈن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقىش مۇنا-
سىۋىتى بىلەن ئەلگە ئۆي چېيى بەردى. ھەشەمەتلىك قورۇ بۈگۈن

توي تەنتەنىسىگە چۆمدى. ئەتىگەندىن تارتىپلا قورۇنىڭ ئالدى رەڭگارەڭ كىچىك ماشىنىلار بىلەن تولدى. بۈگۈنكى مەرىكىگە خىزمەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەن ئەر - ئاياللار ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ ئالدىرىشىپ يۈرەتتى. چىمەنگۈل تۈنۈگۈنكى مەسلىھەت چېيىدا بۈگۈنكى مەرىكىگە باش باشقۇرغۇچى قىلىپ شەھەر باشلىقى تۇرغۇننى، ئەرلەرنى كۈتۈۋېلىشقا قايىر ھاجىمنى، ئاياللارغا بولسا نۇرىماننى مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى ۋە ھەممە ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇڭا ھەممەيلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى بەجا كەلتۈرۈپ خوجايىنىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن ئىشلەۋاتاتتى.

بۈگۈن چىمەنگۈل بىلەن نۇرىمان پار قىلىپ پىلاتى يوپكا كىيىشكەن ئىدى. نۇرىمان مۇشۇ چاي ئۈچۈن ئالايىتەن ئۈرۈمچىدىن گە بېرىپ مۇشۇ كىيىمنى ئەكەلگەن ئىدى. ئەڭ يېڭى مودىدىكى بۇ كىيىملەر بىلەن ئۇلار تېخىمۇ كۆزگە تاشلىنىپ، ئاياللارنىڭ ئىچىگە ئوت يېقىۋەتتى. چىمەنگۈل بىلەن نۇرىمان ئاياللارغا تەييارلانغان ئۇستەللەرنى تەكشۈرۈپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ھويلىغا چىقىپ بۈگۈنكى مەرىكىنىڭ نەغمە - ناۋاسىنى كۆتۈرە ئالغان سەنئەت ئۆمەكتىكى ئارتىسلارنىڭ يېنىغا كەلدى:

— بۈگۈن ھۈنەرلىرىڭلارنى بىر كۆرسىتىسلەر جۇمۇ، ھاراقنى ئازراق ئىچىڭلار،— دېدى ۋە شۇلارنىڭ يېنىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان شەۋكەتنى شەرەت قىلىپ چاقىردى،— شەۋكەت! بۇ ياققا كېلىڭا!

نەچچە كۈندىن بۇيان بۈگۈنكى چاي ئۈچۈن مېڭىپ ئۇھ دېگۈدەك ھالى قالمىغان شەۋكەت خۇشياقمىغاندەك قاپىقىنى تۈرۈپ قويۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ئەجەب ئارتىسلارنىڭ يېنىدىن كېتەلمەيسىزغۇ؟ — چىمەنگۈل قاش - قاپىقىنى سۈزۈپ ئۇنى سوراققا ئالدى،— ماگنىتلار تارتىۋاتامدۇ؟

— نـەدىكى گـەپنى قىلىسىز ؟— شـەۋكەت «ھـۇپپىدە» قىزاردى .

— شوخلۇقنى ئازراق قىلىڭ جۇمۇ ! كېيىن ھېسابىنى بېرەلمەي قالماڭ... ،— چىمەنگۇل ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ ئۇنىڭ-غا تاپشۇرۇق بەردى ،— سىز مېھمانلار ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ تىزىملايسىز . ياسىنجان سېتىۋالدى مۇدىرنى كۆر-سەتكەنىدى ، ئاڭلىسام ئۇنى قولى ئەگرى نېمە دەيدۇ ، سىز ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىسىز ، نەق پۇللارنى سىز ئېلىڭ جۇمۇ !

— سوۋغاتلارنى نەگە قويىمىز ؟

— يەر ئاستى ئۆيىگە ، سېتىۋالدى شۇ يەردە ، سىز شۇ يەردىن مىدىر قىلماڭ !

شەۋكەت ئەلەم بىلەن ماقۇل دېدى . ئىچىدە بولسا «خەپ توختاپتۇر ، قانجۇق ! مۇشۇ قىلغىنىڭغا كۆزۈڭگە كۆرسىتىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر» دەپ قويدى ـ دە ، يەر ئاستى ئۆيىگە قاراپ ماڭدى .

بۈگۈن قايىر ھاجىم ھەممە ئادەمدىن ئالدىراش ئىدى . ئې-سىل رەختتىن كاستۇم ـ شىم كىيىپ ، مەيدىسىگە گۇل تاقىۋال-غان ھاجىمنىڭ بويىنىغا تاقىۋالغان گالستۇكى يوغان قورسىقىنىڭ يېرىمىغا ئاران كەلگەنىدى . ئۇ گويا مۇشۇ مەرىكىنىڭ ئىگىسى-دەك ھـويلىدا ئۇ ياقتىن ـ بۇ يـاققا ئـالچاڭشىپ مېڭىپ ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا بۇيرۇقلارنى بېرىپ قوياتتى . ياسىنجان ۋالىي نەگە بارسا كەينىدە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى . كۆزى بولسا ساھىبخانىلارغا قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئىدى . ئەگەر ياسىنجان ۋالىي ئورۇندۇقتا ئولتۇرماقچى بولۇپ كەلسە ، ئۇ ئاجايىپ بىر چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى ئىگىلەيتتى .

مېھمانلار دېگەن ۋاقىتتىن بالدۇر كېلىشكە باشلىدى . بۇ شەھەردە شۇنداق بىر ئادەت بار ئىدى . باشلىقنىڭ مەرىكىسىگە قانچە بالدۇر كېلىپ كۆزىگە كۆرۈنسە ، بۇنى ئۇنىڭغا بولغان

ھۆرمەت ، ساداقەتلىك دەپ بىلەتتى . شۇڭا چايغا ھەممىدىن ئاۋ-
ۋال ۋىلايەت ، شەھەردىكى ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى كەلدى . ئۇ-
لار ۋالىينىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ
شۇنچە بالدۇر كەلسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئورۇنلار ئاللىقاچان قايىر
ھاجىمدەك تەلەيلىك ئادەملەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ بولۇنغانلىقى-
نى كۆرۈپ ھەسرەت بىلەن ئىچىگە تىنىشاتتى .

ياسىنجان ۋالىي شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باش-
لىقى نىيازنى كۆرۈپ ئۇنى يېنىغا چاقىردى .

— قايىر ھاجىمنىڭ ئىشىنى قانداق قىلدىڭلا ؟ — دېدى ئۇ
ھاجىمنى كۆرسىتىپ .

— ھاجىم ئەنۋەر خاڭجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپتىكەن ،— دېدى
ئۇ ئالدىراپ ،— ئەنۋەر خاڭجاڭ بۇنى بانكىنىڭ رەسمىيىتى بويىچە
قىلساق دەپتۇ...

— ئەنۋەر رەھبەرلىككە چىققىلى ئۇزۇن بولمىدى ،— ۋالىي
ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى ، — سىلى باش خاڭجاڭ بولغاندىن كېيىن
بىرنېمە دېمەمسىلە ؟ سىلىگە ئايرىم بىرنېمە يېزىپ بېرىمىزمۇ -
يا ؟

— يوقسۇ... يوقسۇ... ۋالىي ، — نىياز خاڭجاڭ تىترەپ
كەتتى ،— بىز ئەتىلا ھەل قىلىپ بېرەيلى ، مەن ئەنۋەر خاڭجاڭ-
نىڭ گېپىنى يېرالماي تۇرغان...

— ئەنۋەرنىڭ ئېھتىيات قىلغان يەرلىرىمۇ باردۇ ،— دېدى
ۋالىي ، — ياش ئەمەسمۇ ، تەجرىبىسى يوق ، ئۇنىڭغا كۆپرەك
ياردەم قىلىڭلا !

— ئەلۋەتتە ، ئەلۋەتتە... ئەنۋەر خاڭجاڭنى ماختىغانلىق ئە-
مەس ، ناھايىتى ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ ، ئۇزۇنغا قالماي بانكىنى
قولىغا ئالىدۇ ، خاتىرجەم بولسىلا...

— رەھمەت ، ۋالىي ،— دېدى قايىر ھاجىم ئاغزى قۇلىقىغا
يېتىپ ،— بۇ تۇلكىنى ئەجەب جايلىدىلە ؟ ! تومۇر تۇتۇپ ئۆگە-

نىپ قالغان نېمىلەرچۇ بولار...
ياسىنجان ۋالىي گەپ ـ سۆز قىلمىدى . باش مېھمان كۈتكۈ-
چى — شەھەر باشلىقى تۇرغۇن كەلگەن مېھمانلارنى ئەمەل ،
دەرىجىسى بويىچە تەييارلانغان ئۆيلەرگە باشلاپ تۇرۇۋاتاتتى . بى-
رىنچى قەۋەتتىكى ساپالار بىلەن بېزەلگەن ئۆيلەر ۋىلايەت دەرىجە-
لىك باشلىقلارغا ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۈستەل قويۇلغان زال ناھىيە
دەرىجىلىكلەرگە تەييارلانغان بولۇپ ، بۇ ئۆينىڭ مېھمانلىرى خې-
لىلا كۆپ ئىدى . تاماقلار تارتىلغاندىن كېيىن ، ياسىنجان ۋالىي
شەھەر باشلىقى تۇرغۇن بىلەن قايىر ھاجىمنىڭ ھەمراھلىقىدا
مېھمانلارنىڭ يېنىغا كىرىپ ، تاماققا تەكلىپ قىلدى . ھەممەيلەن
ۋالىينىڭ سول يېنىدا كېرىلىپ مېڭىۋاتقان قايىر ھاجىمغا قاراپ
بىر ـ بىرىگە مەنىلىك كۆز قىسىشىپ قوياتتى . ۋىلايەتلىك
سودا ـ سانائەت ئىدارىسىنىڭ پاكار بويلۇق ، كۆزلىرى مۆغەمە-
جەرلىك بىلەن ئويناپ تۇرىدىغان باشلىقى يېنىدا ئولتۇرغان سە-
ھىيە ئىدارىسىنىڭ ياپىلاق يۈز ، سېمىز باشلىقىغا بۇرۇلۇپ :
— بۇگۈن قايىر ھاجىم ئۆزىنى بىر كۆرسىتىۋالدى ـ دە .
قاراڭلا ، ئاۋۇ قىلىپ كېتىپ بارغىنىنى ، — دېدى .
— سىلىگىمۇ مۇشۇنداق ئېسىل ئۆيلەرنى بىكارغا سېلىپ
بەرسە ئوك يېنىڭلارغا ئېلىپ ماڭاتتىڭلا ،— دېدى سېمىز ئادەم .
— ھاجىمنى بىكارغا قىلدى دەۋاتامسىلە ؟... شۇنىڭ بەدىلىگە
«ئاۋات »تىن خېلى جىق يەر تەستىقلىتىپ ئاپتۇ .
— نېمە قىلغۇدەك ؟
— ئاۋار ئۆيلەرنى سالىدىغان بوپتۇ ، بانكىدىنمۇ قەرز پۇل
تەستىقلىتىپتۇ .
— ھاجىمنىڭ ئىشى ئوڭ كەپتۇ ـ دە ،— دېدى سېمىز ئادەم
تام ـ تورۇسلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ ،— ئۆيگە قالتىس ئىشلەپ
قويغاندەك قىلامدۇ نېمە ؟ نەچچە ئېغىز ئۆيدۇ ؟
— تۆپە ـ تېگى بولۇپ ئون ئېغىز ئىكەن ، يەر ئاستىدا

نەچچە ئېغىز ئىسكىلاتى بار ئىكەن .
— قاچانلاردا كېلىپ كۆرۈپ يۈرىسلەر ؟
— تۈنۈگۈن ئىدارىنىڭ ئىشى بىلەن ۋالىينى ئىزدەپ كەل-
گەن ، ۋالىي ئۆيلەر قانداق بوپتۇ ، دەپ كۆرسىتىپ چىقتى .
«ئىدارىنىڭ ئىشى بىلەن كەلگەن دەپ كەتكىنىنى ماۋۇ
مازار چاشقىنىنىڭ . خۇشامەتنى تۈنۈگۈنلا بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ-
سەن ـ دە . بۇ كاززاپ نېمە سوۋغاتلارنى ئەكېلىۋەتكەندۇ ؟ باياتىن
ۋالىينىڭ ئەھۋال سوراپ كەتكىنىگە قارىغاندا ، ۋالىينى خېلى
رازى قىلغۇدەك بىرنەرسىلەرنى ئەكەلگەن بولسا كېرەك… » سې-
مىز جۇيجاڭ ھەسرەت بىلەن ئىچىگە تىنىپ قويدى .
— قايىر ھاجىمنىڭ ھۈنىرىگە قول قويدۇم جۇمۇ ، — دېدى
پاكار جۇيجاڭ ھەۋەس بىلەن ، — نەقىش دېگەننىمۇ جايىدا قويۇپ-
تۇ ، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا تۇردى شۇجىنىڭ ئۆيلىرى نېمە ئۇ ؟
— تۇردى شۇجى كەلمىگەندەك تۇرامدۇ نېمە ؟
— ئۇ ئادەم ، ئېيتسىمۇ كەلمەيدۇ جۇمۇ ؟
— ئاڭلىساق ، سىلىنىمۇ «بوستان»دىن يەر ئاپتۇ دەيدۇغۇ ؟
ئۆي سالامسىلە ؟
— كىم دەيدۇ ؟— پاكىنەك جۇيجاڭنىڭ كىچىك كۆزلىرى
پىلدىرلاپ كەتتى ، — ھۆكۈمەت بەرگەن بىر يۈز ئون كۋادرات
مېتىر ئۆي يېتىپ ئاشىدۇ ، يەنە ئۆي سېلىپ نېمە قىلىمەن ؟
— خۇپسەنلىكىنىمۇ قاملاشتۇرۇۋېتىسىلەر جۇمۇ !… ئاۋۇ
تۇگمەنبېشىدىكى زېمىنىڭلارچۇ ؟
— ئۇ دېگەن ئۇكامنىڭ زېمىنى ، مېنىڭ چىشىم پاتمايدۇ .
سىلىنىڭچۇ ؟ نەچچە يەرگە دوختۇرخانا ئېچىپ قويدۇڭلا ، بىزنى
بىلمەيدۇ دەۋاتامسىلە ؟
سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ چىرايى شۇ ھامان تاتى-
رىپ كەتتى . مېھمانلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتاتتى . ياسىنجان
ۋالىي خۇشامەت بىلەن ئالدىغا كەلگەن رەڭگارەڭ چىرايلارنى

كۆرۈپ كۆڭلى مەمنۇن بولدى . كېلىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە تۇردى ئوسماننىڭ يېقىنلىرى دېگەنلەرمۇ بار ئىدى . ۋالىي ئۇلارنى كۆ-رۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى . «ئالدىمغا كەلمەي چارەڭلار يوق ، چۈنكى سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار مېنىڭ قولۇمدا . هوقۇق دېگەن رەھىمسىز نېمە ، ئۇ ۋاقتى كەلگەندە دادا بىلەن بالىنى دۈشمەن قىلىۋېتىدۇ ، مىليونېرنى دېۋانە قىلىۋېتىدۇ . شۇڭلاشقا مەن بىر ئۆمۈر مۇشۇ هوقۇق ئۈچۈن تىرىشتىم - تىرماشتىم ، توغرا كەلگەندە ئايىماي بەدەلمۇ تۆلىدىم ، ئاخىرى بۇنىڭغا ئېرىشتىم . ئەمدى سىلەرمۇ مەندەك بەدەل تۆلىشىڭلار كېرەك ، ماڭا بولسا ئەمدى شۇ هوقۇقنىڭ هالاۋىتىنى كۆرىدىغان چاغلار كەلدى… »

ۋالىينىڭ يېنىغا تۇرغۇن شەھەر باشلىقى كەلدى .

— بۈگۈن مېھمانلار خېلى ئىچىپ قويىدىغان ئوخ-شايدۇ ،— دېدى ئۇ ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ ،— ھېلىتىنلا ئىككى ساندۇق هاراق تۈگەپتۇ .

— هاراق باردۇ ؟

— هاراقتىن خاتىرجەم بولسىلا ، ۋالىي ، تاڭ ئاتقۇچە ئىچ-سىمۇ يېتىدۇ .

— تۇردى ئوسمان كەلمىدى - ھە ؟

— كەلمىدى ، ئاڭلىسام دوختۇرخانىغا كىرىپ قاپتۇ دەيدىغۇ ؟

«مېنىڭ مەرىكە ئۆتكۈزىدىغىنىمنى ئاڭلاپ دوختۇرخانىدا يېتىۋاپتۇ - دە ! سەن مەن بىلەن ئاداققىچە ئېلىشماقچى ئوخشاي-سەن ، بوپتۇ ، ئېلىشىپ باقايلى . مەن سېنى ئالدىمدا ئۆمىلەتمەي-دىغان بولسام ، ياسىنجان دېگەن ئىسمىنى يۆتكىۋېتەرمەن !… »

ياسىنجان ۋالىي ئاچچىقى بىلەن دىمىغىنى قىقىپ قويدى .

مەكتەپ بىلەن توغرا تام ئايرىپ تۇرغان ۋالىينىڭ بۇ ھەشە-مەتلىك قورۇسىدا بەزمە قاينىماقتا . مېھمانخانىنىڭ پەگاھىدىن ئورۇن ئالغان سازەندىلەر پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناخشا - مۇزى-

كىلارنى چېلىۋاتاتتى ، لېكىن ، بۇ ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئاڭلاۋاتـ
قان ئادەمنىڭ تايىنى يوق ئىدى . رومكىلار تۆت ـ بەش قېتىم
چۆرگىلىگەندىن كېيىن ، باياتىن تولىمۇ سالاپەتلىك ئولتۇرۇشقان
مېھمانلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى قىزىرىپ ، گەپ ـ سۆزلىرىمۇ
ئايىنىپ كەتتى . هاراق گويا ھەممىنىڭ تىلىنى ئېچىۋەتكەندەك
ئۇلار ئەمدى يۈرىكىنىڭ پىنھان قېتىدىكى سىرلىرىنى بىر ـ
بىرىگە تۆكۈشكە باشلىدى .

— راھەتباغقا بېرىپ تۇرۇۋاتامسىلە ؟
— ئۇ يەردە نېمىش قىلىمەن ؟ نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىلە ؟
— بولدى ، قىزارماڭلا ، بۇ كۈندە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى سىلى
كۆرۈۋاتىسىلەر جۇمۇ !
— سىلىچۇ ، يېڭى بىرىنى نىكاھ قىلدۇرۇۋاپسىلەرغۇ ؟
— يالغـان گـەپ ، بىـر خوتـۇنـنىـڭ ھـۆددىسـىـدىن
چىقالمايۋاتساق...
— بۇ چوكان قانداقراق ئىكەن ؟
— قـانداق بولـدىغىنىنى سـىـلى مــەندىن ئوبدان بىلىدىـ
غانسىلە ؟...
— راستىنى ئېيتسام ، مۇشۇ كۈندە دۇنيانىڭ ھۇزۇرى
شۇ ئىكەن . بەزىلەر تاپقان ـ تەرگىنىنى خەجلەپ ئۆي ـ زېمىن
سالىدىكەن . ئۆلۈپ كەتسە قالىدۇ ـ دە . ئۇنىڭدىن بىر كۈن
بولسىمۇ ئوينىۋالغىنىڭ غەنىيمەت ئىكەن .
— شۇنىسى زامان كەڭرىپ كەتكەندە قېرىپ كېتىۋاتقىنىدـ
مىزنى دېمەمسىلە ، ھەي... كېلىڭلا ، بىردىن ئىچەيلى...

بىزنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ قېنىغا سىڭگەن بىر خۇي
بار . ئۇلار ئەمەلگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ، بىر بولسا زېمىن
سالىدۇ ، يا بولمىسا قوشلاپ خوتۇن ئالىدۇ . ئۇلار ھاياتنىڭ
مەنىسىنى شۇلا دەپ بىلىدۇ .

ئايال مېھمانلار بار ئۆيدە ئولتۇرۇش تېخىمۇ قىزىپ كەتكەن

ئىدى . ئۇلار ئاۋۋال ئۆيلەرنى بىرقۇر ئارىلاپ كۆرۈشتى . ئۆيلەرگە قويۇلغان جابدۇقلار ، دېرىزىلەرگە تارتىلغان پەردىلەر ، كاردۋات ياپقۇچلىرىغىچە تۇتۇپ كۆرۈشۇپ ئاغزى ئېچىلىپ قېلىشتى . يۇزلىرى ئاپئاق ئۆپكىدەك لىغىرلاپ تۇرغان سېمىز ئايال يېنىدىكى قارامتۇل ئايالغا دېرىزىنى ئىشارەت قىلدى .

— پەردىلىرى ئەجەب ئېسىل ئىكەن ، نەدىن ئالغاندۇ ؟

— نۇرىمان ئۇرۇمچىدىن ئەكەلدۇرۇپ بېرىپتۇمىش ، تۇركىيىنىڭ دەيدىغۇ ؟

— مەنمۇ بۇدا يېڭى ئۆيۇمگە مۇشۇنىڭدىن تارتسام بولغۇدەك . شۇنداق ئېچىپتۇ ـ هە ! نۇرىمانغۇ بەك قىممەتچى ، هەرقاچان چىمەنگۈلگە بىكارغا ئەكەلدۇرۇپ بەرگەندۇ ؟

— شۇڭا كۆرمەمسىلە ، بۇگۈن چىمەنگۈلنىڭ ئوڭ قولى بولۇپ تۇرمامدۇ ؟

— ئاڭلىدىڭلىمۇ ؟— دېدى ئۇ يېقىن كېلىپ پىچىرلاپ ،— نۇرىماننى تۇرغۇن شىجاڭ بىلەن شۇنداق دەيدۇ ، — سېمىز ئايال ئەتراپقا قاراۋېتىپ قېشىنى مەنىلىك قىلىپ ئۇچۇرۇپ قويدى .

— ۋاي ، خۇدايىم !··· شۇنداقمىكەن ؟ ئەجەب مۇشۇ پاسكىنىغا بىر ئۆلۈممۇ كەلمىدى ، خۇدايىمنىڭمۇ كۆزى يوقمىدۇ ؟

— سىلىنىڭ رازاقنىمۇ خېلى ئايلاندۇردى ـ هە ؟

— ئۇنى بىر دېمەڭلا ، ئاخىرى كېسەل قىلىپ تاشلاپ بەردى··· تۇرغۇن شىجاڭنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ بۇ ئالۋاستى !

— توۋا ، بۇنىڭ بارغانچە ياشىرىپ كېتىۋاتقىنىنى دېمەمدىغان ، كىم بىلىدۇ ، ئەتە ـ ئۆگۈن ۋالىينىمۇ ئوينىتىدۇ بۇ .

— ئەمما چىمەنگۈل تېتىيدۇ جۇمۇ !

— مۇشۇ كۇندە ئەرلەر نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن ، هە دېسە تالاغا قاراپ ئاشنا ئوينايدىغاننى چىقىرىۋالدى دېسە .

— «توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمى-

تىڭلا... بۇرۇنلاردا تەشكىلدىن قورقاتتى ، ھازىر ئۇلارنىڭمۇ كا-رى يوق بولدى .

— ئىنساپىنى تىلەپلا ئولتۇرىدىكەنمىز - دە !...

زالغا گۈلدەك يايراپ چىمەنگۈل كىرىپ كەلدى .

— خېنىملارنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالدىمىكىن ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ئەرلەر قىزىپ كېتىپتۇ ، بىزمۇ قاراپ ئول-تۇرمايلى ، نۇرىمان بىر - ئىككى پەدە ناخشا ئېيتىپ بەرسە قانداق ؟...

ھەممەيلەن «شۇنداق بولسۇن» دەپ توۋلاشتى . نۇرىمانمۇ خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دۇتارنى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى .

— بوپتۇ ، چىمەنگۈل خانىمنىڭ مەرىكىسىدە چالمىغان دۇ-تارنى نەدە چالىمىز ، مەن بىلگىنىمنى چالاي ، چىمەنگۈل خانىم ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن بولامدۇ ؟

ئاياللار «گۈررىدە» چاۋاك چېلىشتى . نۇرىمان بىر خىل نازاكەت بىلەن دۇتارنى سازلىدى . ئۇنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكلەر بىلەن تولغان ئاپئاق بارماقلىرى دۇتار تارى ئۈستىدە ئويناشقا باشلىدى . ئۇ پائۇزىنى چېلىپ بولۇپ ناخشا باشلىدى :

چاي تۇتقان پىيالەڭنى ،
قۇرۇق ياندۇرار بولدۇم .
نە ئېتەي سېنى يارىم ،
داغدا قالدۇرار بولدۇم .

نۇرىمان قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ چىمەنگۈلگە قايرىلدى . چى-مەنگۈل ئارتىسلارغا خاس نازاكەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە لەرزان ھەرىكەت بىلەن ئۇسسۇلنى باشلىدى . ئۇنىڭ قوللىرىدىن «قاس» چىقىرىپ شوخلۇق بىلەن پىرقىراشلىرى ، نازلىق تولغى-نىشلىرى شۇنچىلىك ياراشقان ئىدىكى ، ئۆيدىكى ھەممەيلەن ئۇ-نىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قېلىشتى . ئۇ نۇرىماننىڭ ئالدىغا كېلىپ بوينىنى قېقىپ تۇرۇپ قاش تاشلىدى :

ئۆستەڭ بويىدا ساندۇق ،
ساندۇقتا قۇلۇپ سالدۇق .
چاتاقنى ئايرىۋەت يارىم ،
كۆيۈك ئوتىدا قالدۇق...

— ياشاپ كەتسىلە ، نۇرىمان !— چىمەنگۇل ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تۇرۇپ توۋلىدى .

چىمەنگۇل يەنە بىر - ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن ، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇشقان ئۆمەكنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلىرىنى تارتتى . ئۆي ئىچىنى نازۇك قوللاردىن چىقىۋاتقان قارسىلدىغان ئاۋازلار ، دۇتارغا تەڭكەش قىلىنىپ چېلىنغان چاۋاكلار بىر ئالدى . نۇردىمان دۇتارنى يېڭى - يېڭى پەدىلەرگە يۆتكەيتتى ۋە پۈتۈن خۇلقىنى چىقىرىپ ناخشا ئېيتاتتى . قىزىپ قالغان ئاياللار بىر - بىرىنى تارتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى . ئۆي ئىچىنى تەر بىلەن ئەتىرنىڭ پۇرىقى قاپلىدى ۋە يېنىك تۇمان بولۇپ ، نەقىش بىلەن گۈل چېكىلگەن تورۇسقا يېيىلدى . يېقىملىق ناخشا ، خۇشخۇي كۈلكە بۇ ئاياللارنى ئەسىر قىلىپ ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغان ئىدى . ئۇلار شۇ تاپتا ئۆيلىرىنى ، بالىلىرىنى ، تۇرمۇشىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى — ھەممىنى ئۇنتۇغاندەك ئىدى . پەقەت مۇشۇ تاماشىنىڭ مەڭگۇ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىشىنى خالايتتى ، ھايات مانا شۇنداق...

مېھمانلار كەچقۇرۇن تارقىلىشتى . بىر كۈن ئۆرە يۈرگەن ياسىنجان ۋالىينىڭ ھېرىپ ھالى قالمىغان ئىدى . ئۇ بىردەم يېتىۋالماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا چىمەنگۇل ئۇنى ھويلىغا چاقىردى .

— يۈرۈڭ ، خەقلەرنىڭ ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى ،— دېدى ۋە ئېرىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنى يەر ئاستى ئۆيىگە باشلاپ كىردى . خېلى چوڭلا يەر ئاستى ئۆيى شۇ تاپتا ھەر تۈرلۈك ماللار بىلەن تىقىلىپ ماگىزىنغىلا ئوخشاپ

قالغان ئىدى . شەۋكەت قولىدىكى تىزىملىك بويىچە ئىككى خوجا-يىنغا سوۋغاتلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىشكە باشلىدى . كەلگەن نەرسىلەرنىڭ تولىسى گىلەملەر ئىدى . پىچىتى بۇزۇلمىغان تىلپ-ۋىزور ، توڭلاتقۇدىن تارتىپ كىر يۇيۇش ماشىنىلىرىغىچە بار بولۇپ ، بىرەر ماگىزىن توشقۇدەك مال يىغىلغان ئىدى . چىمەن-گۈل بۇ نەرسىلەرگە ياراتمىغاندەك قاراپ قويدى .

— چۈشكەن نەق پۇل تۆت يۈز مىڭ بوپتۇ ،— دېدى شەۋكەت دەپتەرنى بىر - بىردىن ئوقۇپ ،— تۇرغۇن شىجاڭ ئەللىك مىڭ ، قايىر هاجىم قىرىق مىڭ ، تۇرسۇن خاڭجاڭ ئوتتۇز مىڭ…

— لېتىپ جۈيجاڭ ئاران بەش مىڭنى ئەكەپتۇمۇ ؟ — چىمەنگۈل شەۋكەتنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدى ، — ئۇنداق كەل-گۈچە كەلمىسىمۇ بولمامدۇ ، ئادەمنى زاڭلىق ئەتكەندەك بەرگەن نېمىسىنى كۆرمەمدىغان ؟… ئەگەر تۇردى شۈجى چاي قىلغان بولسا ئۇنداق قىلماس بولغىيتتى ؟ ئاشۇنداق پەسلىكىدىنمۇ خوتۇ-نى كېسەلدىن نېرى بولالمايدۇ… بىلىپ قويۇڭ جۇمۇ ! كىم سىزنى چىن كۆڭلىدىن ۋاي دەيدۇ ، مۇشۇ ئەكەلگەن نەرسىسى دەيدۇ…

چىمەنگۈلنى خۇش قىلغىنى ئالتۇن - جابدۇقلار بولدى . چاقنان كەلگەن بىر ساندۇق هەر خىل ئۈزۈك ، هالقا ، مېدالى-ئون ، ئالتۇن زەنجىرلەر بىلەن تولغان ئىدى . ئاق - سېرىق ئالتۇن جابـدۇقـلار ، ياقـۇت كۆزلەر ، مـەرۋايىتـلار كـۆزنى چاقنىتاتتى . چىمەنگۈل ئۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ باهالاپ چىقتى ۋە هاردۇقى چىققاندەك بولدى .

— تۇردى ئوسماننىڭ ئاتىكەمى كەلگەندەك قىلىۋاتاتتى ، نېمە ئەكەپتۇ ؟— دەپ سورىدى شەۋكەتتىن .

— ئۈچ مېتىر سارجا ، بىر كىيىملىك دۇخاۋا بىلەن بەش يۈز يۈەن پۇل قويدى .

— پەس ! — دېدى چىمەنگۈل ئاچچىقى بىلەن ،— شۇڭىمۇ

كېسەلدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۆيلەرنى كۆرۈپ زۇۋانى تۇتۇلۇپلا كەتتى، ھەرقاچان، بىزنى قانداقراق ئۆي سالدى كۆرۈپ باقاي، دەپ كەلگەن نېمە؟ مەنمۇ كۆر مانا، سىلەردەك قوتان سالمايمىز، دەپ ھەممە ئۆينى كۆرسەتتىم.

«مۇشۇ ئاياللارنىڭ مەنمەنچىلىكى قاچانمۇ تۈگەر؟ — ياسىنجان ۋالىي خۇرسىنىپ قويدى، — مۇشۇ داۋراڭنىڭ ئاخىرى تىنچ ئۆتۈپ كەتسە بولاتتىغۇ؟...» ئۇنىڭ كۆڭلىنى نېمىشقىدۇر غەشلىك چۇلغىۋالدى... ئەسلىدە مۇشۇ چاينى ئۆتكۈزۈش - ئۆتكۈزمەسلىك توغرۇلۇق ئۆيدە خېلى تالاش - تارتىش بولۇپ ئۆتكەنىدى. ياسىنجان ۋالىي چاينى قىلماسلىقنى دېگەنىدى، چىمەنگۈل ئۇنىڭغا دەرھال قارشى چىقتى:

— نېمىدەپ چاي قىلمايمىز؟ — دېدى ئۇ كۆكىرەپ، — ھازىر يېڭى ئۆي سالغانلارنىڭ چاي ئۆتكۈزۈشى بىر ئادەت. خەق قىلغان يەردە بىز قىلمىساق، «تازىمۇ پىششىق ئادەملەركەن» دېمەمدۇ؟

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ھازىر مۇشۇنداق ھەشەمەتچىلىكنى چەكلەۋاتقان يەردە بىز قوپۇپ باشلاپ بەرسەك تەسىرى ياخشى بولماسمىكىن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ ئۆي توغرۇلۇقمۇ گەپ - سۆز ئاز ئەمەس.

— نېمە گەپ بولاتتى؟ — چىمەنگۈل تېرىكتى، — بىز باشقىلاردەك قانۇنسىز ئىش قىلمىدۇق، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا خىيانەت قىلمىدۇق. نېمە قورقۇش؟... ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەلگەندىن بۇيان خەقلەرنىڭ چېيىنى ئىچىپ كېلىۋاتىمىز، بىزمۇ بىرەر قېتىم داستىخان سالمىساق سەت بولار؟

ياسىنجان ۋالىي چىمەنگۈلنىڭ بۇ چاينى ئۆتكۈزمەي قويمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ «بوپتۇ» دېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ چىمەنگۈلنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەرەز قىلىپ بولدى. ئۇ شۇ تاپتا ئالدىدا يېيىلىپ تۇرغان بىر - بىرىدىن ئېسىل سوۋغاتلارنى

كۆرۈپ خۇش بولغاندەك بولدىيۇ ، لېكىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىنى ئەندىشە ئارىلاش غەشلىك چۇلغىۋالدى .

ئانىسى زورىخان بىلەن قىلىشقان پاراڭ ياسىنجان ۋالىينى تېخىمۇ ئويغا سېلىپ قويدى . ئۇ سوۋغاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ، بىرئاز دەم ئالماقچى بولۇپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ بولۇپ ، تۇرۇپلا ئانىسى ئېسىگە كېلىپ قالدى . ئەتىگەندىن بۇيان قاتىلاڭچىلىقتا ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغۇدەك بولالمىغاندى ، ئۇ يېتىشتىنمۇ يالتىيىپ چەتتىكى ئانىسى ياتقان ئۆيگە كىردى . گىلەم ئۈستىدىكى كۆرپىدە زورىخان موماي ئاسىيە بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى .

— ئانا ، بىرەر نەرسە يېدىڭىزمۇ ؟— دەپ سورىدى ئۇ ،— بۈگۈن بۇ قالايمىقانچىلىقتا سىزگىمۇ قارىغۇدەك بولالمىدۇق .

— يېدىم ، يېدىم ،— دېدى موماي ، — ئاسىيە قىزىم يېنىمدىن نېرى بولماي بېقىپ تۇردى ، مېھمانلارنى ئۇزىتىۋالدىڭلارمۇ ؟

— ھەئە ،— دېدى ياسىنجان ئۇھ تارتىپ قويۇپ ،— نەدىن چىقتى مۇشۇ ئۆي چېيى دېگەن ، قىلمىسا بولمىغان…

— ھەر زاماننىڭ بىر پەدىسى بولىدىكەن ، — دېدى موماي ، — بىز كىچىك چاغلاردا بايلار ، دوتەي - ئامباللار قىز - ئوغۇل توينى نەچچە كۈن قىلاتتى . ھازىر قارىسام ، تويلار كىچىكلەپ بىر كۈندە تۈگەيدىغان ، مۇشۇنداق ئۆي چېيى دېگەنلەر كاتتا بولىدىغان بوپتۇ . بۇمۇ يېڭى يوسۇن ئوخشايدۇ ، بىزنىڭ مەھەللىدىمۇ بىركىم ئۆي سالسا توي قىلىدىغان بولۇۋالدى ، تۇۋا دەيمەن ، بارغانچە ئادەمدىن ئوي ئەتىۋار بولۇپ قېلىۋاتامدۇ نېمە ؟…

— مەنغۇ بۇ چاينى قىلمايلى دېگەن ، — دېدى ۋالىي ئانىنىڭ گېپىدىكى كىنايىنى چۈشىنىپ ، — چىمەنگۈل ئۇنىماي تۇرۇۋالدى .

— ئايال خەق دېگەن كۆرسەتكىلى خۇشتار بولىدۇ…

شۇ ئارىدا چىمەنگۈل ئاسىيەنى چاقىرىپ قالدى . ئاسىيە

مومىسىغا «ھېلى كېلىمەن» دەپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۆيدە ئانا - بالا ئىككەيلەن ئازادە قالدى.

— ئەمدى ئۆيلىرىمىز كەڭتاشا بولدى، — دېدى ياسىنجان ۋالىي ئانىسىغا قاراپ، — ئەمدى بىز بىلەن مۇشۇ ئۆيدە تۇرارسىز، سىز ئۇ ياقتا تۇرسىڭىز بىزمۇ خاتىرجەم بولالمايدىكەنمىز، ئۆيلەر قانداق بوپتۇ؟

— بولمامدىغان، بالام... پادىشاھنىڭ ئوردىسىدەك بوپتۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى مامۇت شاڭيونىڭ زېمىنىمۇ بۇنچىلىك كاتتا ئەمەس ئىدى. ئۆيغۇ كاتتا بوپتۇ، بالام، شۇنىسى دوست بار يەردە دۈشمەن بار بولىدۇ. خۇدايىم، مۇشۇ ئۆيلەردە ئولتۇرۇش نېسىپ قىلسۇن. مېنىڭچىغۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاشۇ بەرگەن ئۆيلىرىمۇ تىنچ ئىدى.

— ئۇ يەردە سەل قىسىلىپ قالدۇق.

— ئۇمۇ جىق ئۆيلەر ئىدىغۇ؟... ھازىرغۇ، زامان شۇنداق بولۇپ كەتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئالتە - يەتتە جان ئىككى ئېغىز ئۆيدە چوڭ بولغانتىڭلار... ئادەم دېگەنغىغۇ بۇ دۇنيادا ھەممە نېمە تارلىق قىلىدىكەن، ئۆلۈپ قالساق بىر غۇلاچ يەرگە پاتىدىكەنمىز... خۇدايىم تىنچ - ئامان قىلسۇن!...

«ئانام ئەكەلگەن سوۋغاتلارنى كۆرسە نېمە دەپ قالار؟... ئەڭ ياخشىسى، ئانام ئۇقمىسۇن» دېدى ياسىنجان ۋالىي ئىچىدە. ئانىسىنىڭ گېپى ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېڭى ئەندىشە سېلىپ قويدى.

## 24

شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھەر چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى يېرىم كۈن سىياسىي ئۆگىنىش كۈنى قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىدىكىلەر ئۇقتۇرۇش بويىچە بالدۇرلا يىغىن زالىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. ئەترەت باشلىقى زالدىكىلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، يېنىدىكى مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقىدىن سورىدى:

— ئادىلجان رۇخسەت سورىغانمىدى؟
— ياق، — دېدى مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى،— هازىر كېـ-
لىپ قالارمىكىن...
گەپ تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا يىغىن زالىغا ئادىلجان كىرىپ
كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ ئەترەت باشلىقى كۆپچىلىكنى دىققەتكە
چاقىردى:
— هازىر ئۆگىنىشنى باشلايمىز، — دېدى ئۇ ئۇستەلنى
چېكىپ تۇرۇپ،— بۈگۈن هەرقانچە مۇهىم ئىش بولسىمۇ قاي-
رىپ قويۇپ تۇرايلى، ئۆتكەن بىر - ئىككى قېتىم ئۆگىنىشنى
قىلالمىغاندۇق، ئىدارە رەهبەرلىكى بىزنى قاتتىق تەنقىد قىل-
دى، شۇڭا بۈنىڭدىن كېيىن ئۆگىنىش ۋاقتىدا هېچكىمگە رۇخ-
سەت بېرىلمەيدۇ.
ئەترەت باشلىقى بۇ گەپنى ئادىلجانغا قاراپ تۇرۇپ دېدى.
چۈنكى، نەچچە كۈن ئاۋۋال ياسىنجان ۋالىي ساقچى باشلىقىغا
تېلېفون قىلىپ ئادىلجاننىڭ نەچچە كېچە ئۆيگە كەلمىگەنلىكىنى،
ئۇنىڭ ئىدارىدە بولغان - بولمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئاخىر-
دا ئىدارە باشلىقىغا قاتتىق جېكىلىدى:
— ئۇنى ئەركىگە قويۇپ بەرمەي چىڭ تۇتۇڭ، كېيىن ئۇ
بىرەر مەسىلە تۇغدۇرسا مەن سىزنى تۇتىمەن!
ئىدارە باشلىقى ئەتىگەن ئەترەت باشلىقىنى چاقىرىپ ۋالىي-
نىڭ بۇ گېپىنى يەتكۈزگەن ئىدى. شۇڭا، ئەترەت باشلىقى
ئادىلجاننىڭ كىرىپ: «مۇهىم ئىشىم بار ئىدى» دېگىنىگىمۇ
ئۇنىمىدى. ئادىلجان نائىلاج ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. لې-
كىن، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئوقۇلۇۋاتقان هۆججەتتىكى گەپلەرنىڭ
بىرسىمۇ كىرمەيتتى. ئەسلىدە ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن قايىر
هاجىم بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەن، هاجىم هاۋالە قىلغان
پاسپورتنىمۇ تەييار قىلىپ قويغان ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ يانچۇقىغا
ئون مىڭ يۈەن پـۇل كىرەتتى. «بۈگـۈن قانغۇدەك بىر ئوينى-

مىسام··· قايسى كۆنى گۈزەللىۈرنىڭ باشلاپ كەلگەن دوستى ئە-
جەب پەيزى بار نېمىكىنا، ئۆرۈمچى كۆرگەن قىزلار دېگەن يەنە
باشقىدە، — ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ تىتىلدىدى، — ماۋۇ
ئاداش ئەجەبمۇ ئېزىپ ئوقۇپ كەتتا؟··· »

ئەترەت باشلىقى ھۆججەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆگىنىشنى
ئورۇنلاشتۇردى:

— يۇقىرىدا يېقىندىن تۈزۈلگەن جىنايى ئىشلار قانۇنىنى
بىرقۇر ئوقۇدۇق. بىر قېتىم ئوقۇش بىلەنلا ئۇنى ئىگىلەپ
كېتەلمەيمىز، شۇڭا بۇ قانۇننى بىز داۋاملىق ئۆگىنىمىز، بىز
ساقچىلار ئاۋۋال قانۇننى بىلىشىمىز كېرەك. ھازىر قانۇن خىز-
مەتچىلىرىگە ئاممىنىڭ ھەر خىل پىكرى بار. ئاز بىر قىسىم
ساقچىلار جەمئىيەتتىكى بۇزۇق ئادەملەر بىلەن تىل بىرىكتۈ-
رۈپ، قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشۋاتقانلار يوق ئەمەس. بۇ ئاز
ساندىكى ئادەملەر بولسىمۇ، لېكىن خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئىناۋى-
تىگە ئېغىر زىيان سېلىشۋاتىدۇ. شۇڭا ئىدارە پارتكومى بۇنىڭدىن
كېيىن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنى ئورۇنلاشتۇدى. ئۆگىنىشكە
بىرلەشتۈرۈپ قانۇن قوشۇننى تەرتىپكە سالماقچى. شۇڭا بۇنىڭ-
دىن كېيىن يولداشلار ئۆگىنىشكە ۋاقتىدا قاتنىشايلى.

ئۆگىنىش ئاخىرى تۈگىدى. تاقىتى تاق بولغان ئادىلجان
ئىشىككە مېڭىشىغا ئەترەت باشلىقى ئۇنى چاقىردى:

— ئادىلجان، بۈگۈن كېچە سىز نۆۋەتچى ئىكەنسىز
جۇمۇ!— دېدى ئۇ.

ئادىلجاننىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى.

— نېمىدەپ ماڭا كېلىدۇ؟ — دېدى ئۇ تېرىكىپ،— مەن
دۈشەنبە كۈنىلا نۆۋەتچى بولغان تۇرسام.

— ئەسلىدە قەھرىمانغا كەلگەن، لېكىن ئۇ دوختۇرخانىدا
يېتىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا باشقىسى تۇرسۇن، شۇ تاپتا مېنىڭ موماـ

نىمۇ ئوپېراتسىيە قىلغان، بۈگۈن كېچە مەن قارىمىسام بولمايدۇ.

— راستمۇ؟

— راست، باياتىن نەچچە تېلېفون كېلىپ بولدى،— ئادىلجان ئېسىگە كەلگەن شۇ گەپتىن خۇش بولۇپ كەتتى.

ئەترەت باشلىقى بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. ئادىلجان ئىشخانىدىن ئالدىراپ چىقتى ـ دە، ماشىنىغا چىقىپ ئوت ئالدۇردى. «بۇ يەردىن دەرھال كېتىش كېرەك» دېدى ـ دە، ئىدارىدىن چىقىپ كەتتى. كوچىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ قايىر ھاجىمغا تېلېفون قىلىپ دەرھال «قىزىلگۈل» رېستورانىغا كېلىشنى ئېيتتى، ئاندىن دوستى ئېلشاتقا تېلېفون قىلدى:

— سەن نەدە؟— دەپ سورىدى ئۇ ئالدىراپ،— تېخى ئىشخانىدا ئولتۇرامسەن؟ بولدى قىلە! يالغاننى توقۇمامسەن!؟... ھېلىقى ئۇرۇمچىلىك قىزنى تاپمامسەن، نېمە؟ ئاخشام تېلېفون نومۇرىنى ئېلىۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتىڭغۇ، بۈگۈن ئۇنىڭ پەيزىنى بىر كۆرەيلى، بولدى، بۈگۈن مەن مېھمان قىلىمەن، «تولۇن ئاي»غا كېلەمسەن؟ بىر سائەتتىن كېيىن كۆرۈشەيلى، قىزلارنى چوقۇم ئەكېلىسەن جۇمۇ!...

ئادىلجان قايىر ھاجىم بىلەن بولغان سودىنى تېزلا تۈگىتىپ يولغا سالدى. ئۇ ھاجىمنىڭ خىزمەتتە بولاي دېگىنىگە: «كەچتە ئىدارىدە نۆۋەتچى ئىدىم» دەپ رەھمەت ئېيتتى. ئۇ تاراقلاپ تۇرغان پۇللارنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ ئۆزىگە: «يالغانىمۇ قاملاشتۇرۇپ دېسەڭ ئەسقاتىدىكەن» دەپ قويدى.

ئۇ «تولۇن ئاي» رېستورانىغا كىرىشىگە تونۇش خوجايىن ئۇنىڭغا:

— بالىلار سىزنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ،— دېدى خۇشامەت بىلەن كۆرۈشۈپ،— بۈگۈن پەيزى يىغىلىپ قاپسىلەر، كېپە-

نەكلەرنڭمۇ نوچىلىرى كەپتۇ .
— قايسى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردىڭلا ؟
— بىرىنچى ئايرىمخانىغا باشلاپ قويدۇم ، كەڭتاشا ، مەش-
رەپ قىلساڭلىمۇ قىسىلمايسىلەر .
ئادىلجان رازى بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ تۆپىگە
چىقتى . ئۇ كىرگەندە ئېلشات ئىككى قىز بىلەن پاراڭلىشىپ
ئولتۇراتتى .
— قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئولتۇردۇڭمۇ ؟— دېدى ئادىلجان
ئۇستەلگە قاراپ ئېلشاتقا ،— مېھمانلارنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى
ئىلگىرى - كېيىن چۈشۈرۈپسەن - دە ؟
— سېنى ساقلاپ تۇرغان .
— بولە ، كۆتكۈچىنى چاقىر ! — دېدى ئۇ ئۇرۇمچىدىن
كەلگەن قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ .
كۈتكۈچى قىز كىرگەندىن كېيىن ئادىلجان تاماق تىزىملىكى
يېزىلغان دەپتەرنى يېنىدىكى قىزغا سۇنۇپ تۇرۇپ :
— سىز مېھمان ، ئاۋۋال سىز بۇيرۇڭ ، نېمىگە كۆڭلىڭىز
تارتىدۇ ؟… شەھىرىمىز كىچىك بولغان بىلەن يېمەك - ئىچمەك
خىلى كەڭرى ، قېنى ، تارتىنماي بۇيرۇڭ !…
قىز تاتلىققىنا كۈلۈپ قويۇپ ئۆزرە ئېيتتى . بىرمۇنچە تە-
كەللۇپلاردىن كېيىن تاماق - سەيلەرمۇ بۇيرۇلدى . ئادىلجاننىڭ
كېلىشى بىلەن ئولتۇرۇشقا جان كىرگەندەك بولدى . رومكىلار
ئىككى - ئۈچ قېتىم پىرقىراپ قۇرۇقدالغاندىن كېيىن قىزلار-
نىڭ تارتىنىش ، سۇزۇلۇشلىرىمۇ يوقاپ ئېچىلىپ كەتتى . ئادىل-
جان نۆۋەتتىكى رومكىنى يېنىدىكى قىزغا تۇتتى .
— كامىلە ، تونۇشۇپ قالدۇق… بۈنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ
قويۇق ئارىلىشىپ ئۆتۈشىمىز ئۈچۈن مۇشۇ رومكىنى كۆتۈرەي-
لى ، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم .
قىز سىرلىق بىر تەبەسسۇم بىلەن رومكىنى قولىغا ئالدى .

ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، سۇزۇك يۈزى، كۈلۈپ تۇرغان قوي كۆزلىرى ئادىلجاننىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىپ، تاقىتىنى تاق قىلىۋېتىپ باراتتى. «پەرىزات ئىكەنغۇ كاساپەت... بۈگۈن ئۇنى كەلتۈرگىنىم كەلتۈرگەن». ئادىلجان ئۇنىڭ بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى تانسىغا تارتتى. ھاراقنىڭ كەيپىدە قىزىغان ئادىلجاننىڭ تەشنالىقىنى قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقىلىۋاتقان يېقىملىق ئەتىر ھىدى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى:

— خىزمەت تاپتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن.

— نەدىكىنى، — قىز ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ دېدى، — ھازىر ماڭا ئوخشاش ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ساماندەك ئىكەن... قەيسەرنىڭ دېيىشىچە، سىزنىڭ دادىڭىزنى ۋالىي دەيدىغۇ؟

— ھە، قانداق؟ بىرەر ئىش بارمىدى؟

— مېنىڭ خىزمەت ئىشىمنى ھەل قىلىپ بېرەرمۇ؟

— چاتاق يوق... سىزدەك ئالىي مەكتەپنى ئوقۇپ كەلگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرمىسا نېمە قىلىدۇ، قايسى ئورۇندا ئىشلەشنى خالايسىز؟

— ئوقۇغان كەسپىم دورىگەرلىك، لېكىن ھەممە يەردە ئادەم تولۇق دەپ يېقىن كەلتۈرمەيۋاتىدۇ، بارمىغان يەر قالمىدى.

— ئۇنداقتا دوختۇرخانىدا ئىشلىسىڭىز بولىدىكەنغۇ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا بولامدۇ؟

قىز ھاياجاندىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتاتتى. «ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا نېمىشقا بولمىغۇدەك. شەھەرلىك دوختۇرخانا بولسىمۇ مەيلىتى. قارىغاندا، قولىدىن ئىش كېلىدىغان يىگىتتەك قىلىدۇ. يۈرۈۋاتقان قىزى بارمىدۇ؟»

قىزلار مانا شۇنداق . ئۇلارنىڭ قەلبى خۇددى كۆز يېشىدەك ئېرىمىكىمۇ شۇنداق ئاسان . كاملە ئادىلجاننىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەندى . ئۇنىڭ تۇتقان ھارىقىنى ياندۇرمىدى . بۇ يىگىت ئۇنىڭغا خىيالىدىكى جۈپتى بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى . نۆۋەتتىكى بىر تانسىدا ئادىلجان قىزنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن پىچىرلىدى :

— كاملە ، مەن سىزنى قايسى كۈنى تويدا كۆرگەندىن بۇيان قولۇم پەقەت ئىشقا بارماي قويدى ، راست...

قىزنىڭ يۈزلىرى «لاپ» قىلىپ ئوت ئالدى . يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تومۇرلىرىنى بويلاپ يامراپ كېلىۋاتقان ئىللىق بىر ئېقىمنىڭ تەسىرىدە ئېرىپ بارماقتا ئىدى .

— يۈرگەن قىزىڭىز باردۇ ؟

— مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمگە لايىق قىز تاپالمىدىم .

— ئىشەنمەيمەن .

— قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ ؟ ئىشەنمىسىڭىز قەيسەردىن سوراڭ !

قىز ناز بىلەن قاشلىرىنى سۈزدى . ئولتۇرۇش تەڭ كېچىگىچە داۋاملاشتى . كاملە بۈگۈن ئادىلجاننىڭ كۆڭلىنى ياندۇرماي جىقراق ئىچىپ قويغاچقا مەست بولۇپ قالدى .

— كەلتۈرۈپ بوپسەندە ؟— ئېلشات ئادىلجاننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى ، — نەگە ئاپىرىسەن ؟

ئادىلجان كۆرەلىگەن قىياپەتتە قولىدىن «قاس» چىقىرىپ قويدى . بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كاملەنى رېستوراندىن قولتۇقلاپ ئاچىقىپ ماشىنىغا ئولتۇرغۇزدى . ئۇ قىزنى شەھەرنىڭ چېتىدىكى ئىجارىگە ئېلىپ قويغان ، ئارىلاپ قىزلارنى ئەكېلىپ قونۇپ كېتىدىغان ئۆيگە ئېلىپ بارماقچى بولۇپ ماڭدى . كوچا چىراغلىرى سۇس يورۇتۇپ تۇرغان كوچىدا ئادەم قالمىغان ، ئاندا - ساندا تاكسى غۇيۇلداپ ئۆتۈپ قالاتتى . ئادىلجان يېنىدىكى ئورۇندۇقتا

سوزۇلۇپ ئۆلتۈرغان قىزغا پات - پات قاراپ قويـاتتى . قىز تولىمۇ چىرايلىق ئىدى : تال - تال كىرپىكلىرى ئاستىدىكى بۇلاقتەك كۆزلەر ، ئېقىپ چۈشكەندەك نازۇك بۇرۇن ، نىمگىـ دۇر تەشنالىق بىلەن يىمىرىلىپ تۇرغان لەۋلەر قارىغان كىشىنى مەست قىلاتتى . ئادىلجاننىڭ كۆزى قىزنىڭ ئېچىلىپ قالغان يوتىسىغا چۈشتى . ئاق بېلىقتەك چىرايلىق ساغرا گويا بىر پارچە ماگنىتتەك ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ ، سەۋر - تاقىتىنى يوقاتتى . ئۇ ئوڭ قولىنى سوزۇپ قىزنىڭ يوتىسىنى بوشقىنا سىلىدى . قىز گويا ھەرە چاققاندەك چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى - دە ، تۇرۇلۇپ قالغان يوپكىسىنى تۈۋەنگە تارتتى ۋە تىكرەك بولۇپ ئولتۇردى .

— نەگە كەلدۇق ؟— دېدى قىز ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراپ .

— سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كېتىۋاتىمىز .

— ۋىيەي ، ئۆيگە مۇشۇ تۇرقۇمدا بارسام نېمە دەپ قالار ؟— دېدى قىز ئاغرىۋاتقان بېشىنى تۇتۇپ ،— مەن پەقەت هاراق ئىچىپ باقمىغان ، بۈگۈن ئەجەب بىر ئىش بولدى ، سىز-نىڭ قولىڭىزنى ياندۇرالمىدىم .

— سىزگە رەھمەت .

— مېنى ئالداپ قويمايدىغانسىز ؟

— قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ ؟

قىز ناز بىلەن كۈلدى . ئادىلجاننىڭ ئەمدى تاقىتى چېكىگە يەتتى . ئۇ قىزنى بويىنىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى .

— ئادىلجان !··· بۇنداق قىلماڭ ، —قىز ئۇنىڭ قولىدىن چىقىش ئۈچۈن تېپىرلىدى . ئادىلجان بولسا ئۇنىڭ بويىنىنى تېخىـ مۇ قايرىپ ئۆزىگە تارتتى . ماشىنا بولسا مەست ئادەمدەك كوچىـ نىڭ ئۇ چېتىدىن - بۇ چېتىگە قېيىپ مېڭىشقا باشلىدى .

— ماشىنىنى توختىتىڭ !— قىز يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى .

ئەمما ، ئادىلجان ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قۇلاق سالمايتتى . قىز-

نىڭ قارشىلىقى ئادىلجاننىڭ نېرۋىسىنى ئۆرلەتتى . ئۇنىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلدى . ئۇ رولنى ، ماشىنىنى ئۇنتۇپ ، بار كۈچى بىلەن قىزنى ئۆزىگە تارتتى . ماشىنا تۆت كوچىغا كېلىپ قالغان ئىدى .

— ماشىنىغا قاراڭ ! — قىز ئالدىغا قاراپ توۋلىدى .

ئادىلجان رولنى ئىتتىك سولغا بۇرىدى ۋە ئۆزىمۇ ئۇقماستىن پۇتىدا ماينى بېسىۋەتتى . ماشىنا ئوقتەك ئېتىلىپ ئالدىغا تاشلاندى . ئادىلجاننىڭ كۆزىگە ئالدىدا ۋېلىسىپىتلىك بىر ئادەم كۆرۈنگەندەك بولدىيۇ ، ئەس ـ هوشىنى يىغىپ رولنى تولغاشقا ئۈلگۈرەلمىدى . ئۇنىڭ قۇلىقىغا «جاڭ !» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى . ئۇ ئېسىنى يىغىپ ماشىنىنى توختاتتى . ئۇنىڭ كاللىسى قېتىپ قالغاندەك ئىدى . ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئارقىغا قارىدى . ماشىنىدىن ئىككى مېتىر كەينىدە بىرى يىقىلىپ ياتاتتى ، ئۇنىڭ يېنىدا ئالدى چاقى قاتلانغان ۋېلىسىپىت تۇراتتى . بۇنى كۆرۈپ ئادىلجاننىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالىدى .

— ئادەم ساقمىدۇ ؟— قورقۇپ كەتكەن قىز تىترەپ تۇرۇپ سورىدى .

«قانداق قىلىش كېرەك ؟ — ئادىلجاننىڭ هاراق كەيپى تارقىلىپ ئەمدى ئۇنى قورقۇنچ باستى ،— ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپارسام نېمە دەيمەن ؟ مەن ئۇرۇۋەتتىم دېسەم ئۆزۈمنى ئۆزۈم تۇتۇپ بەرگەن بولىمەن ، ئۇ تىرىكمىدۇ ياكى ئۆلگەنمىدۇ ؟ بۇ ئىشنى هېچكىم كۆرمىدى . ئەڭ ياخشىسى كۆزدىن يىتىش كېرەك . ماۋۇ پالاكەتنى كۆرمەمدىغان ، نەدىنمۇ ماۋۇ جالاپقا يولۇقتۇم ، دەرهال بۇ يەردىن كېتىش كېرەك !··· » ئۇ ئەتراپقا قارىدى ، هېچكىم يوق . يىراقتا بىر ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلانغاندەك قىلدى . ئادىلجان ئالمان ـ تالمان ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ئىتتىك ماڭدى .

— ئاۋۇ ئادەمنى تاشلاپ كېتەمدۇق؟— قىز ئالدىراپ سورىدى .
— سېنىڭ تۇرمىدە ياتقۇڭ بارمۇ؟ — ئادىلجان ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى ، — ھەممىنى قىلغان سەن !
— مەن نېمە قىلدىم؟ مېنى سەنلىمەڭ !
— سەنلىمىگۇدەك كىم ئىدىڭ؟ — ئادىلجان خېلى ماڭغاندىن كېيىن ماشىنىنى توختاتتى ،— چۈشە ماشىنىدىن ، دوملە؟ !
— ھۇي ، لۈكچەك !— قىز غەزەپ بىلەن ئالايدى ،— سېنىڭ نەرىڭمۇ ساقچى ، مېنى ھاقارەت قىلغىنىڭنىڭ جاجىسىنى تارتىسەن جۇمۇ !
قىزنىڭ ئاخىرقى گېپى ئادىلجاننى چۆچۈتۈپ قويدى . «بۇ جالاپ ساقچىغا خەۋەر قىلسا تۈگەشكىنىم شۇ ، بۇنى بۇنداقلا قويۇۋەتسەم بولمىغۇدەك . بۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش كېرەك…»
ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزدى .
— خاپا بولماڭ ، — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ ،— بايىقى پالاكەتتىن خۇدۇمنى يوقىتىپ قويدۇم . قاراڭ ، بولىدىغان ئىش بولدى ، ئەمدى نېمە دېگەنبىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ . ئەگەر بۇنى مەلۇم قىلساق ھەر ئىككىمىز جىنايەتچى بولۇپ ئىستىقبالىمىز تۈگەيدۇ .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى .
— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟
— ساقچىدا بۇنداق ئىشلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ ، بىزنى باياتىن ھېچكىم كۆرمىدى . شۇڭا بىزنىڭ بۇ ۋەقە بىلەن ھېچقانداق ئالاقىمىز بولمىسىلا بولدى ، چۈشەندىڭىزمۇ؟
— ئۇ ئادەمنى ئاشۇنداقلا تاشلاپ قويامدۇق؟
— بولمىسا ھازىر بېرىپ قاراپ باقايلى .

— شۇنداق قىلايلى .

ئادىلجان ماشىنىنى قايدۇرۇپ باياتىن ۋەقە يۈز بەرگەن يەرگە كەلدى . ئۇ يەردە هازىر ئادەممۇ ، ۋېلسىپىتمۇ يوق ئىدى . ئادىلجان يەرگە سەپسالدى . بىر يەردە قان ئىزىمۇ يوق ئىدى . بۇنى كۆرۈپ ئادىلجاننىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك بولدى .

— ساق ئوخشايدۇ ، — دېدى ئۇ قىزغا ، — قوپۇپ كېتىپتۇ .

— ئىلاھىم شۇنداق بولار ، — قىز ئۇھ تارتىپ دېدى ، — بولدى ، مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي .

— نەگە ئالدىرايسىز ؟ مەن ئاپىرىپ قويىمەن .

— رەھمەت ، تاكسى توسۇپ كېتىمەن ، — قىز شۇنداق دېدى ـ دە ، ماشىنىدىن ئىتتىك چۈشتى . قىزنىڭ گەپ يېمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئادىلجان ئۇنىڭ كەينىدىن چۈشۈپ يېنىغا كەلدى .

— ئەمىسە گەپ شۇنداق ، كامىلە ، — دېدى ئۇ تەئەددى بىلەن ، — تۆگە كۆردۈڭمۇ يوق جۇمۇ ! ئەگەر بۇ ئىشنى بىرەرىگە تىنىپ قويىسىڭىز ئۆمرىڭىز تۈرمىدە ئۆتىدۇ ، ئېسىڭىزدە بولسۇن !...

قىز گەپ ـ سۆز قىلمىدى . ئۇ كېلىۋاتقان بىر تاكسىنى توستى ـ دە ، غۇۋۋا يورۇپ تۇرغان كوچىغا كىرىپ غايىب بولدى . ئادىلجان تاكسىنىڭ كەينىدىن غەزەپ بىلەن تۈكۈردى . «خەپ ، بۇگۈن خەجلىگەن پۇلۇم كۆزى ئوچۇقلا كەتتى ـ دە . هۇزۇرىنى كۆرەلمىدىم . كاساپەت بولمىغان نېمە ئىكەندۇق . بىر هېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى . ئۇ ئەمدى مېنىڭ چاڭگىلىمدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان بولدى...» ئادىلجان ماشىنىنى ئاستا هەيدىگەچ خىيال قىلدى . كېچە جىمجىتلىقىغا چۆككەن كوچا كۆڭۈلسىز ئىدى . ئارىلاپ رېستورانلارنىڭ ئىشىكلىرىدىن مۇزىكىلار كوچىغا بوراندەك گۈرۈلدەپ ئاڭلىنىپ قالاتتى . قىزلارنىڭ ۋارقىراپ ـ چىرقىرىغان ئاۋازى كېلەتتى . «ئۇ ئادەم راستىنلا هېچ نەرسە

بولمىغانمىدۇ؟ ۋىلىسىپىتى ماكچىيىپ كەتكەندەك كۆرگەنىدىم، ئۇنى كىم ئېلىپ كەتكەندۇ؟ ئەگەر ئۆلگەن بولسا يەردە قان داغلىرى بولاتتى. قارىغاندا ساق بولسا كېرەك... ۋاي - ۋۇي، نېمە بۇنىڭغا بېشىمنى قاتۇرىمەن، نېمە بولسا بولمامدۇ؟ ئىشقىلىپ، مېنى بىرى كۆرگەندەك قىلمىدى، يىراقتا بىر ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى، لېكىن ئۇ ماشىنامنىڭ نومۇرىنى كۆرەلمىدى... هاراقنىڭ كەيپىمۇ تۈگىدى دېسە...» ئادىلجاننىڭ بىردىن ئىچى پۇشتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا چىلاشقۇدەك ئىچكۈسى كەلدى. ئۇ يېنىدىن تېلېفوننى ئېلىپ، ئۆزۈن بىر نومۇرنى باستى.

— ئېلشاتمۇ سەن؟ — دېدى ئۇ چىرايىنى تۈرۈپ، — نەدىسەن؟ تېخى ئۇلتۇرۇۋاتامسىلەر، مەن هازىر بارىمەن...

ئۇ «تولۇن ئاي» رېستورانىنىڭ تونۇش ئايرىمخانىسىغا كىرگەندە، ئېلشات بىلەن قىز تانسا ئويناۋاتاتتى. غەرق مەست بولغان ئېلشات قىزنى تاشلاپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بالدۇرلا يولغا سېلىپسەنغۇ؟— دېدى ئۇ ئېڭىشىپ، — قانداقراق ئىكەن؟ چىرايىڭ سولىشىپ قاپتۇ، كەلتۈرەلمىدىڭمۇ - يا؟

ئادىلجان گەپ - سۆز قىلماستىن بوتۇلكىنى ئېلىپ رومكىغا «لىققىدە» توشقۇزۇپ هاراق قويدى - دە، بىراقلا كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، ئىچى - قارنى چوغ چۈشكەندەك كۆيۈشتى. هايال ئۆتمەي ۋۇجۇدى قىزىشقا باشلىدى. ئاشۇ بىر رومكا هاراق بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنى بېسىپ تۇرغان غەم بۇلۇتلىرى ئاستا - ئاستا تارقالغاندەك بولدى.

## 25

ئۇ دوختۇرخانىدا هوشىغا كەلدى. ئۇنىڭ بېشى غوڭۇلدايتتى. ئەتراپتىكى هەممە نەرسە قويۇق تۇمان ئىچىدە لەيلەۋات-

قاندەك غوۋۋا كۆرۈنەتتى . ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچماقچى بولاتتىيۇ ، لېكىن قاپىقىغا تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى . تېنىمۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەستەك ئىدى . بېشى ئۈستىدە بىرلىرىنىڭ گۇڭگۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى ، لېكىن ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايتتى . قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، بەدىنىدە نېمىدۇر چىمىلداپ ماڭغاندەك بولدى - دە ، كاللىسىدىكى تۇمان ئاستا - ئاستا تارقىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى . ئۇ زور بىلەن كۆزىنى ئاچتى .

— ئەنۋەركا !…

تولىمۇ يىراقتىن تونۇش بىر ئاۋاز كەلدى . ئۇ ئاق خالات كىيگەن بىر ئايالنىڭ بېشىدا ئۆزىگە ئېڭىشىپ تۇرغانلىقىنى غوۋۋا پەرق قىلالىدى . ئۇ مىدىرلىماقچى بولۇپ كۈچىنىپ باقتى ، لېكىن پۈتۈن ئەزايى گويا بىرى مەھكەم باغلاپ قويغاندەك قوزغالمىدى .

— ئەنۋەركا !…

بۇ قېتىم ئۇ ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىدى . «بۇ ئاسىيەغۇ ؟… مەن دوختۇرخانىدا ئوخشايمەندە ؟… گۈلشەن نەدىدۇ ؟…»

— ئاسىيە !… ،— دېدى ئۇ ئارانلا ،— مەن نېمە بولدۇم ؟…

— ئەنۋەركا ، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ ؟

— مەن نېمە بولدۇم ؟…

— ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپسىز… خۇداغا شۈكرى ، هازىر هەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى ، چوڭ ئىش يوق…

— پۇتۇم نېمە بولدى ، مىدىرلىمايدىغۇ ؟

— گىپسلاپ قويدى ، سۆڭەككە دەز كېتىپتۇ…

— گۈلشەن ئۇقتۇمۇ ؟

— هېلى تېلېفون قىلدىم… مانا گۈلشەن كەلدى…

ئۆكسۈلى قالمىغان گۈلشەن ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىردى .

— ئەنۋەر ! نېمىش بۇ ؟... ،— ئۇ بالىنىستىنى بېشىغا كىيىپ چىرقىرىدى ۋە ئەنۋەرنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى .

— گۈلشەن !— دېدى ئاسىيە كېلىپ ئۇنى تارتتى ،— بۇنداق قىلماڭ ، ئەنۋەركام تېخى هازىرلا هوشىغا كەلدى .

قىيا - چىيانى ئاڭلاپ مەسئۇل دوختۇر بىلەن سېستىرالار يۈگۈرۈپ كىرىشتى .

— گۈلشەن ،— دېدى مەسئۇل دوختۇر ،— كېسەل دەم ئېلىشى كېرەك...

— ئاسىيە ،— دېدى گۈلشەن ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ ، — زادى نېمە گەپ ، ئەنۋەرگە نېمە بولدى ؟

— يۈرۈڭ ،— دېدى ئاسىيە ئۇنى تارتىپ ، — مەن سىزگە بولغان ئىشنى دەپ بېرەي .

ئاسىيە ئۇنى دوختۇرلار ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى :

— خەۋىرىڭىز بار ، مەن ئاخشام دېجورنى ئىدىم ، — دېدى ئاسىيە ئۇنىڭغا ، — ئاخشام يېڭى كېسەلمۇ كەلمىدى ، سائەت ئوندىن ئاشقاندا ئۇخلاي دەپ يېتىپ زادى ئۇيقۇم كەلمىدى ، يۈرىكىم تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئېغىپ ئاغرىمىغا تىقىلغاندەك بولاتتى ، كۆڭلۈمگە ئۆيدە بىرەر ئىش يۈز بېرىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ ئەنسىز-لىك بېسىۋالدى . كىتاب ئوقۇي دېسەم كىتابلىرىم ئۆيدە قاپتۇ ، ئاخىرى چىقىپ «ئۆيگە بېرىپ كېلەيچۇ ؟» دەپ بىر تاكسىنى توسۇپ ماڭدىم . 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى تۆت كو-چىغا كېلىشىمىزگە يان كوچىدا ماشىنىنىڭ قاتتىق تورمۇز قى-لىپ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . «نېمە ئىش بولغاندۇ ؟ » دەپ يېتىپ كەلسەك بىرەيلەن كوچىدا يىقىلىپ يېتىپتۇ ، يېنىدا ماك-چايغان ۋېلىسىپىت ، چۆچۈپ قارىسام ئەنۋەركام ئىكەن .

— بىرى ماشىنىدا ئۇرۇۋەتكەن ئوخشىمامدۇ ؟

— شۇنداق ئىكەن ، بىز دوقمۇشتىن قايرىلىشىمىزغا بىر ماشىنا ئۇچقاندەك تېز كېتىپ قالدى .

— ماشىننى كۆرەلىدىڭلارمۇ ؟

— ئۇ كوچىنىڭ چىرىغى بەك سۇس ئىكەن ، كۆرەلمىدۇق ، تاكسى شوپۇرىنىڭ دېيىشىچە كىچىك ماشىنا دەيدۇ...

— ئەنۋەرنىڭ جاراھىتى ئېغىرمۇ ؟

— سول پۇتىنىڭ سۆڭىكى سۇنۇپتۇ ، قوۋۇرغىسىمۇ زەخىم يېگەندەك تۇرىدۇ ، بېشى قاتتىق سىلكىنگەن ئوخشايدۇ ، خۇدايىم ساقلاپ كوچىنىڭ چېتىدىكى سېمونت قىرغا تەگمەي ، بىر غېرىچ بېرىسىغا يىقىلىپتۇ ، ئەگەر بېشى قىرغا تەگكەن بولسا ئەنۋەركام يوق ئىدى . تاكسى شوپۇرىنىڭ دېيىشىچە ، ئۇرۇۋەتكەن ماشىنىنىڭ شوپۇرى مەست بولسا كېرەك . ئۇ ئەنۋەركامنى ئۇرۇۋەتكەندىن كېيىن قورقۇنچاقلىقىدا قېچىپتۇ...

— ۋاي ، خۇدايىم ! نېمە كەلگۈلۈك بىز گە ،— گۈلشەن مىچىلداپ يىغلىدى ،— ئاسىيە ، سىزچە ئەنۋەرگە بىر ئىش بولماس ، مېڭىسى زەخىم يېمىگەندۇ ـ ھە ؟

— يېرىلغان يەرنىڭ قېنى توختىدى ، باياتىن ھوشىغىمۇ كەلدى . مېنىڭچە ، مېڭىسى ساقتەك قىلىدۇ ، ئەتىگىچە مېڭە تەكشۈرۈش ماشىنىسىغا سېلىپ كۆرۈپ باقماقچى .

— جېنىم ئاسىيە ، سىزگە كۆپ رەھمەت ، سىز بولمىسىڭىز ئەنۋەر نېمە بولاتتى .

— گۈلشەن ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ ئۇ مېنىڭ ئۆز ئاكام تۇرسا .

— توغرا دەيسىز ، ئۇ سىزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ ،— گۈلشەن بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدى ،— قېينانامغا خەۋەر قىلساق بولارمۇ ؟

— مەن سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرغان ، مېنىڭچە خەۋەر قىلغىنىڭىز توغرا بولار ، كېيىن رەنجىپ قالمىسۇن .

— ماقۇل...

ئەنۋەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشى بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا-

دىكى ئۆچمەنلىكنى يوق قىلىۋەتكەندەك ئىدى . ئۇنىڭ تۇرۇپلا ئاسىيەگە ئىچى ئاغرىپ قالدى .

— ئاسىيە ،— دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، — سىز بىردەم يېتىپ ئۇخلىۋېلىڭ ، قاراڭا ، كۆزلىرىڭىز قان قۇيغاندەك قىزى-رىپ كېتىپتۇ .

— ياق ، بولدى…

— ماقۇل دەڭ ، — دېدى گۇلشەن ئۇنىڭ مۇرىسىدىن بې-سىپ ، — سىز كىچىچە ئۆرە تۇرغان ئادەم ، مەن ئەنۋەرنىڭ يېنىغا چىقىپ باقاي !

— ماقۇل… ،— دېدى ئاسىيە . ئۇ گۇلشەننىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزىگە ئىللىق مۇئامىلە قىلغىنىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى .

ھەلىمە كېلىنىنىڭ تېلېفوندا دېگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھو-شىدىن كەتكىلى قىل قالدى . ئۇنىڭ كاللىسىغا مىڭ تۈرلۈك خىياللار كېلىپ پۇت - قولىدا جان قالمىدى . ئۇ بىرىنچى سائەتلىك دەرسىنىمۇ ئۆتتۈدى ، ئىچىۋاتقان چېيىنىمۇ تاشلاپ دوخ-تۇرخانىغا يۈگۈردى . ئۇ بالىنىستقا كىرگەندە دوختۇرلار ئەنۋەر-نىڭ بېشىدا بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى . ئاسىيە بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق دوختۇرلارغا ئەنۋەرنىڭ كېسەل ئەھۋالى-نى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى . گۇلشەن ئىشىكتىن ھاسىراپ كىرىپ كەلگەن قېيىنانىسىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئالدىغا باردى .

— ئاپا ، كەلدىڭىزمۇ ؟— دېدى بوش ئاۋازدا .

— بالام ساقمۇ ؟

— ساق ، ئاپا ، ئەنسىرىمەڭ ، دوختۇرلار تەكشۈرۈۋاتىدۇ ، سەل تەخىر قىلىپ تۇرايلى .

ھەلىمەنىڭ كۆزى ئوتتۇرىدا سۆزلەۋاتقان ئاسىيەگە چۈشۈپ يۈرىكى ئاچچىق بولدى . ئۇ ياسىنجان ۋالىينىڭ بۇ قىزىنى قېينا-نىسى زورىخاننىڭ يېنىدا بىرلا قېتىم كۆرگەن ، زورىخان موماي بۇ قىزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ بەرگەنىدى . ئەنۋەرنىڭ

ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېلىشى ھەلىمەنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى .
«توۋا ، ماۋۇ قىسمەتنى كۆرمەمدىغان ، مېنى نېمە قىلساڭ قىل
دېگەندەك ئەنۋەرنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەمدى-
غان ، كىم بىلىدۇ ، ئاغزىدا ۋاي دەپ قويغىنىنى بىلەن كۆڭلىدە
نېمە شۇملۇقلارنى پىلانلاۋاتىدۇ ، بىرەر دورىنى خاتا بېرىپ قويسا
ئەنۋەر تۈگەيدىغۇ ؟... ياق ، ئەنۋەرنى بۇ يەردىن يۆتكەپ كېتىش
كېرەك . ئۈرۈمچى بولامدۇ ، نەگە ئاپارساقمۇ مەيلى ، لېكىن
بۇنىڭ قولىغا قالدۇرمايمەن... »

ئەنۋەرنى تەكشۈرۈش خېلى ئۇزۇن داۋاملاشتى . بۆلۈم باش-
لىقى ئاسىيەنىڭ دىئاگنوزىنى توغرا كۆردى ، ئاندىن يېڭىدىن
ئوكۇل ، دورىلارنى بۇيرۇپ بولۇپ ماڭدى . ئاسىيە شۇ چاغدىلا
ھەلىمەنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— ھەلىمە ئاپا ، كەلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئۇ ئوچۇق چىراي
بىلەن .

ھەلىمە نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى .

— ئەنۋەركام خېلى ياخشى بولۇپ قالدى ، بۈگۈن مېڭىسىنى
رەسىمگە ئالىدىغان ماشىنىغا سېلىپ كۆرۈپ باقماقچىمىز ، قورق-
قۇدەك ئىش يوق .

— قورساقىنىڭ ئىچىگە قان چۈشمەپتىمۇ ؟ — گۈلشەن
سورىدى .

— رەسىمگە قارىغاندا ئۇنداق ئالامەت يوق ، قوۋۇرغا ئېگىل-
گەندەك قىلىدۇ ، — ئاسىيە ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى ، —
دوختۇرلار مېنى ساقلاپ قالدى ، كېسەللەرنى كۆرۈپ بولغاندىن
كېيىن كىرىمەن .

ھەلىمە ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن-
دىن كېيىن كۆڭلى جايىغا چۈشتى . لېكىن ، ئوغلىنىڭ ئاسىيە-
نىڭ قولىدا داۋالىنىشى ئۇنى زادى خاتىرجەم قىلمىدى . ئاخىرى
ئۇ گۈلشەنگە كۆڭلىدىكىنى دېدى :

— ئاپا ، — دېدى گۈلشەن ئۈنسىز ، — راست گەپنى قىلغاندا ، بۇ دورەم ئەنۋەرنى ئاسىيە قۇتۇلدۇرۇپ قالدى . ئەگەر ئاسىيەگە يولۇقمىغان بولسا ئەنۋەر بەلكىم قانسىراپ بىر نەرسە بولغان بولاتتى . ئۇ ھازىرغىچە ئەنۋەرنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالاۋاتىدۇ ، مۇشۇ ئەھۋالدا باشقا دوختۇرخانىغا يۆتكىسەك قانداق بولار ؟ ئەنۋەرمۇ ئۇنىماسمىكىن ؟

ئاسىيەگە چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ گۈلشەننىڭ گېپى ھەلەمەنى ھەيران قالدۇردى . گۈلشەن بولغان ۋەقەنىڭ جەريانىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ھەلىمەمۇ ئىككىلىنىپ قالدى . «بۇ قىز ئەنۋەرگە نېمىدەپ يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىدۇ ؟ دادىسىنىڭ قىلغان ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن نومۇس قىلامدۇ ياكى ياسىن ئەنۋەرنى يۇمشىتىش ئۈچۈن مۇشۇ قىزنى ئىشقا سېلىۋاتامدۇ - يا ؟ بۇمۇ يوق ئەمەس ، تۇرقىدىنمۇ خېلى تۈزۈكتەك تۇرىدۇ ، بىر يەرلىرى ياسىنغا ئوخشاپ كېتىدىكەن… »

ئەتىگەنلىك كېسەللەرنى تەكشۈرۈشنى تۈگەتكەن ئاسىيە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ گۈلشەندىن سورىدى :

— ساقچىغا مەلۇم قىلدىڭىزمۇ ؟

— ياق…

— بۇ ئىشنى ئۇلارغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش كېرەك . بۈگۈن ، ئىشخانىغا كىرىپ تېلېفون قىلايلى ، ئەنۋەركام ئۇخلاۋاتىدىغۇ دەيمەن ؟…

ھەلىمە ئاسىيەنى چەتكە تارتتى .

— قىزىم ، راست گەپنى قىلسىلا ، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ ، — ئەنۋەر ساقىيىپ كېتەرمۇ ؟

— چوڭ خەتەر ئۆتۈپ كەتتى ، — دېدى ئاسىيە ئۇنى بەزلەپ ، — مەن راستىنى ئېيتسام ، مېڭىسىدىن ئەنسىرىگەنىدىم . تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا مېڭە ساقتەك قىلىدۇ ، قان چۈشكەن ئالامەتمۇ يوق ، ئۆزىنىڭ گەپ - سۆزىمۇ جايىدا . خاتىر-

جەم بولسىلا ، چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ .
— ئىلاھىم ، دېگىنىڭىزدەك بولار ، دادىڭىز ئۇقتۇمۇ ؟
— ياق تېخى ، دادام تۇنۇگۇن ناھىيىگە كەتكەن... خەۋەر قىلىپ قويايمۇ ؟
— ياق ، ياق ، — ھەلىمە ئىتتىك بېشىنى چايقىدى .
— ھەلىمە ئاپا ، دادام بۇنى بەربىر ئاڭلايدۇ ، كېيىن سەن نېمىشقا دېمىدىڭ دەپ مېنىڭدىن خاپا بولىدۇ ، ئۇققىنى ياخشىمىكىن ؟
— سىز ئەنۋەرنىڭ مىجەزىنى بىلمەيسىز ، سەل جاھىلراق بالا ، دادىڭىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويامدىكىن دەيمەن .
— ئەنۋەركام رەنجىتسىمۇ ھەقلىق... ئاچچىقىنى قورساقتا ساقلىغاندىن چىقىرىۋەتكەن ياخشىغۇ ، داداممۇ توغرا چۈشىنىدۇ .
ھەلىمە ئويلىنىپ قالدى . ئاسىيە ئۇنىڭغا بارغانچە ياخشى كۆرۈنۈپ قېلىۋاتاتتى . «توۋا ، بۇ ۋالىينىڭ قىزىدەكمۇ ئەمەس ، ئاددىي ـ ساددا ، ئوڭلۇق قىز ئىكەن . گۈلشەن مۇشۇ قىزنى دورىغان بولسىمۇ نېمە بولاتتى ، ئەنۋەر ئۇنى بىكارغىلا ماختىمىغان ئىكەندە ؟... ياسىنىنىڭ ئۇققىنىمۇ بىر ھېسابتا توغرا . قاۋداقلا بولمىسۇن ، ئۆزىنىڭ پۇشتى ـ دە . ئاسىيە دېگەندەك ماڭا نېمىشقا ئېيتمىدىڭلار دېسە نېمە دەيمىز ؟...» ھەلىمە چىگىش خىياللارنىڭ ئىچىدە قالدى...
ئەنۋەر كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇشقا باشلىدى . بېشىنىڭ ئاغرىقىمۇ قويۇپ بەردى ، پەقەت پۇتىنى گىپسلاپ قويغاچقا يەرگە چۈشەلمەيتتى . ئاسىيە ھەر قېتىم يېنىغا كىرسە ، «گىپسنى ئېلىۋېتىڭلار !» دەپ جېدەل قىلاتتى . كېچىلىرى كۆپرەك ئاسىيە بىلەن گۈلشەن ئۇنىڭغا نۆۋەتلىشىپ قارايتتى . بۈگۈن گۈلشەن ئۆيدىن بالدۇرلا كەلدى . ئاسىيە بالنىستقا كېچىلىك دېجورنى ئىدى . گۈلشەن ئەنۋەرنىڭ تامىقىنى يېگۈزۈپ تۇرۇشىغا بالنىستقا ئەنۋەرنى يوقلاپ راخمان كىرىپ كەلدى . ئاسىيە ئىشىككە

دۇمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرغاچقا راخماننىڭ كىرگىنىنى كۆرمى-
دى . پەقەت گۈلشەن گەپ قىلغاندىلا ئۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ
قالدى ، راخمانمۇ ئاسىيەنى كۆرۈپ ئۆزىچىلا قىزىرىپ كەتتى .
ئاسىيەنىڭ تەلىيىگە نۆۋەتچى سېسترا كىرىپ يېڭى كېسەلنىڭ
كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ قالدى - دە ، ئاسىيە دەرھال ئورنى-
دىن تۇردى :

— ئەنۋەركا ، مەن چىقىپ باقاي ، — دېدى ئۇ ۋە راخمانغا
قارىماستىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى . بۇ ھالنى كۆزىتىپ تۇرغان
ئەنۋەر ھەيران بولۇپ گۈلشەنگە قاراپ قويدى .

ئاسىيە كېسەلنى كۆرۈپ بولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن دوخ-
تۇرلار ئىشخانىسىغا قايتىپ كىردى . ئۇنىڭ راخماننى كۆرگۈسى
يوق ئىدى . ئۇ سومكىسىدىن ئىنگلىزچە تىل ئۆگىنىش قوللانمى-
سىنى ئېلىپ مەشىق قىلماقچى بولدى . لېكىن ، شۇ ھامان گويا
ئۇنىڭ قېشىغا راخمان كىرىپ : «بۇ ئورۇندا ئادەم بارمۇ ؟ » دەپ
سورايدىغاندەك تۇيۇلۇپ دىققىتى چېچىلدى . ئۇ قانچە قىلىپمۇ
پىكرىنى يىغالمىدى . گويا راخمان ھېلىلا ئىشىكتىن كىرىپ
كېلىدىغاندەك ، ئۇنىڭدىن : «نېمىشقا مەندىن ئۆزىڭىزنى قاچۇ-
رۇپ يۈرىسىز ، ماڭا سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭا ؟ » دەيدىغان-
دەك بىلىنىپ بىئارام بولدى . بەزىدە ئۇنىڭ ئېسىگە راخمان
بىلەن بىللە بولغان چاغلار كېلىپ يۈرىكى ئەلەم بىلەن ئېچىشاتتى
ۋە ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئويلايتتى . لېكىن ، كوچىلاردا راخمان-
نى يىراقتىن كۆرۈپ قالسا ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالاتتى .
ئاشۇ چاغدا گۈلشەن راخمان توغرۇلۇق گەپنى قىلغاندىن كېيىن
ئاسىيە بىرنەچچە كۈنگىچە گاراڭ بولۇپ يۈردى ، ھەممىدىن ئۇمى-
دىنى ئۈزدى . ئۇ ئىنگلىز تىلى كۇرسىغىمۇ بارماي قويدى .
ئۇنىڭ راخماننى پەقەتلا كۆرگۈسى يوق ئىدى . بىر كۈنى ئۇ
ئىشتىن چۈشۈپ دوختۇرخانىدىن چىقىشىغا دەرۋازىدا تۇرغان
راخمان ئۇنى توسۇدى :

— ئاسىيە ، نېمە بولدىڭىز ؟ ئاغرىپ قالمىغانسىز ؟ — دېدى راخمان يېقىن كېلىپ ، — كۆرسىقىمۇ كەلمىدىڭىز ؟

ئاسىيە ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىدى .

— مىجەزىم يوق ، — دېدى ئۇ راخماندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغاندىنلا ، — دوختۇرخانىدىمۇ ئىش ئالدىراش بولۇپ كەتتى .

— سىزگە نەچچە قېتىم تېلېفون قىلدىم ، قايتۇرمىدىڭىز . مەن تېخى «بىر ياققا كېتىپ قالدىمىكىن» دەپ گۈلشەندىن سورىسام ، «بار» دېدى . شۇڭا بۈگۈن سىزنى ساقلاپ تۇرغاندىم ، ئىشتىن چۈشتىڭىزمۇ ؟

— ھەئە...

— ئاسىيە ، تاماقمۇ يېمىگەنسىز ، ۋاقتىڭىز بولسا ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېسەك قانداق ؟

— رەھمەت ،— ئاسىيە ئۇنىڭغا قارىماستىن بېشىنى چايقىدى ، — مەن ھازىر ئۆيگە كەتمىسەم بولمايدۇ .

— ئاسىيە ، مەن چۈشىنەلمەي قالدىم ، بىرەر گەپ - سۆز بولدىمۇ ؟

— ھېچ نەرسە بولمىدى... بۇندىن كېيىن مېنى ئىزدىمەڭ ، تېلېفونمۇ قىلماڭ !

— نېمىشقا ؟— راخمان تېڭىرقاپ قالدى ، — زادى نېمە گەپ بولدى ؟

— بولدى ، — ئاسىيە قاپىقىنى تۈرۈپ دېدى ، — مېنى ئارامىمدا قويۇڭ !

ئاسىيە شۇنداق دېدى - دە ، قايرىلىپ ماڭدى . ھېچ نەرسىنى ئۇقالمىغان راخمان نېمە دېيىشىنى بىلمەي قېتىپ تۇرۇپلا قالدى...

راخمان شۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئاسىيەنى ئىزدىمىدى . تېلېفونمۇ قىلمىدى . ئۇلار يات ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتكەندەك ئىدى . ئۇ ئىزدىمىگەنچە ئاسىيەنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچەيدى .

«گۈلشەننىڭ دېگىنى توغرا ئوخشايدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە
بولسام مېنى ئىزدىمەي قويمايتتى ، نېمىشقا رەنجىگىنىمنى بىلد-
شى كېرەك ئىدىغۇ ؟ بەلكىم ، يېڭى بىر قىزنى تېپىپ بولغاندۇ ؟
توۋا ، ماڭا نېمىشقا ساپلا مۇشۇنداق تايىنى يوق ئالدامچىلار ئۇچى-
رايدۇ ؟ مەن نېمانچە بىتەلەي ؟... »

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئازابلارمۇ ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى . ئاسىيە
ئەمدى پۈتۈن زېھنىنى خىزمەتكە ئاتىدى . ئۆيدە بىكار بولسا
كىتاب ئوقۇيتتى ، توي - تۆكۈن ، ئويۇن - تاماشىلاردىن ئۆزىنى
پۈتۈنلەي تارتتى . ئۇ شۇ نىيەتكە كەلدى . ئەمدى ئۆمۈرۋايەت
يالغۇز ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى .

لېكىن ، باياتىن راخماننى كۆرۈپ ئۇنىڭ تىنچلىقى يەنە
بۇزۇلدى ، گويا راخمان ھېلىلا كىرىپ : «ئاسىيە ، سىز مېنى خاتا
چۈشىنىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن ، مەن سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن
ياخشى كۆرىمەن » دەيدىغاندەك بىلىنىپ يۈرىكى ھېلىدىن - ھې-
لىغا ئېغىپ داۋالغۇيتتى . «گۈلشەننىڭ گېپى راستمىدۇ ؟ راخ-
مان ئۇنداق ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ . ئەگەر شۇنداق بولسا ئەنۋەر-
كامۇ ئۇنىڭغا تونۇشتۇرماس بولغىيتتى ، مەن بەك ئالدىراپ
كەتتىممۇ نېمە ؟... »

گۈلشەننىڭ كىرىشى ئاسىيەنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى .

— كېسەلنى كۆرۈپ بولدىڭىزمۇ ؟ نېمە كېسەل ئىكەن ؟ —
گۈلشەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ سورىدى .

— ئۇرۇشۇپ تاياق يېگەن بىرى ئىكەن ، تېڭىپ ماڭغۇزىۋەت-
تىم .

— ياشلاردۇر ھەرقاچان ؟

— ھەئە... تويدا بىرىنىڭ قىزىغا چاقچاق قىلغان ئوخشايدۇ ،
قىزنىڭ يىگىتى بوتۇلكا بىلەن ئۇرۇپتۇ... بۇ كۈننىڭ ياشلىرى
نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىنتاڭ ، دوختۇرخانىغا كۈندە شۇنداقلار-
دىن نەچچىسى كېلىدۇ .

— هازىرقى قىزلارمۇ ئەسكى ، بىكار تۇرماي ئىش تېپىپ تۇرىدۇ ، قايسى يىگىتنىڭ يانچۇقى تومراق بولسا شۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ… مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى ، يىگىتى گېزىتخانىدا مۇخبىر ئىدى ، ئۇلار تۆت - بەش يىلدىن بۇيان يۈرۈۋاتقان ، ھەتتا توي قەغىزىنىمۇ ئېلىپ بولغانىدى دەڭا ، قاي-سى كۈنى قىزلاردىن ئاڭلايمەن ، ئۇ دوستۇم يىگىتىدىن يۈزىنى ئۆرۈپ بىر سودىگەرنى تېپىۋاپتۇ دەيدۇ ، ئىچىمدە دېدىم : «سې-نىڭ كۆرىدىغان كۈنۈڭ بارغۇ ، سودىگەرنىڭ پۇلىمۇ تۈگەيدۇ ، ئۇ چاغدا قانداق قىلارسەنكىن ؟ »… بەزىلەر توينى ئويۇن چاغلاي-دىكەن ، قىز بالا دېگەن تۇنجى يۈرگەن يىگىتىدىن ئايرىلسا چوقۇم بەختسىز بولۇپ قالىدۇ…

— ئەنۋەركام سىزنىڭ تۇنجى يىگىتىڭىزغۇ دەيمەن ؟

— ھەئە… ،— گۈلشەن ئېچىلىپ كەتتى ،— بىز بىر تويدا تونۇشۇپ قالغان ، ئۇ يىگىت قولدىشى ، مەن قىز قولدىشى ئىدىم . ئۇنى بىر كۆرۈپلا يارىتىپ قالدىم ، قارىسام ئېغىر - بېسىق ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان يىگىت ئىكەن ، بىرەر يىلدەك يۈرۈپ توي قىلدۇق ، ھازىر ئويلىسام يىگىتنى خاتا تاللىماپتىمەن .

— سىز راستىنلا بەختلىك ، گۈلشەن ، — دېدى ئاسىيە ، — ئەنۋەركامدەك يىگىتلەر ھازىر بەك ئازلاپ كەتتى . مەن راستىنى ئېيتسام ، دادام بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئەنۋەركام بىلەن پەخىرلىنىمەن .

ئاسىيەنىڭ ئاخىرقى گېپى گۈلشەنگە قاتتىق تەسىر قىلدى . ئۇنىڭ بىردىن ئاسىيەگە ئىچى ئاغرىپ قالدى .

— ئاسىيە !— دېدى گۈلشەن ئوڭايسىز بىر ھالەتتە ، — مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەك خىجىلمەن .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟— ئاسىيە ھەيران بولدى .

— سىز بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان سىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلمىدىم . ئۆچلۈك قىلىپ كۆڭلىڭىزگە جىق ئازار بەردىم ،

ئەنۋەر ئىككىمىز سىز توغرۇلۇق سوقۇشۇپمۇ قالدۇق . ھازىر ئويلاپ باقسام مەن خاتا قىپتىمەن . چوڭلارنىڭ ئىشىغا بىز نېمە. دەپ ئارىلىشىمىز ؟ چوڭلارغۇ ئەمەل تالىشىدىكەن ، سىز بىلەن مەن نېمىنى تالىشىمىز ؟ شۇنداقمۇ ؟ ھۆكۈمەت دادىڭىزنىڭ ۋا. لىيلىقىنى سىزگە بەرمەيدۇ ، ماڭىمۇ دادامنىڭ شۇجىلىقىنى تۇت. قۇزۇپ قويمايدىغۇ ؟...

— شۇنداق ، بىز ئۆز ئىستىقبالىمىزنى ئۆزىمىز يارىتىمىز .

— شۇڭا ھازىر مەنمۇ چۈشەندىم . ماڭا قەدىرلىكى ئۆزۈم. نىڭ ئائىلەم — ئەنۋەر ، ئوغلۇم ئىكەن ، ئاندىن قالسا خىزمىتىم ئىكەن . شۇڭا ھازىر چوڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاشۇنداق گەپلىرىنى ئاڭلىمايدىغان بولدۇم .

— توغرا ئويلاپسىز ، گۈلشەن .

— راستىنى ئېيتسام ، مەن سىزنى ئەنۋەر ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالىدۇ ، دەپ ئويلىغانتىم . قارىسام ، سىزنىڭ مىجەزىڭىز باشقىلارغا ئوخشاشمايدىكەن ، بۇ قېتىم ئەن. ۋەرنى يەنە سىز قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەك خىجىلمەن .

— ئۇنداق دېمەڭ ، مەن سىلەرنىڭ تۇرمۇشىڭلارغا شۇنداق ھەۋەس قىلىمەن .

— سىزمۇ خۇدايىم بۇيرۇسا بەختلىك بولىسىز ،— گۈلشەن كۆزى بىلەن بالىنىستىنى ئىشارەت قىلدى ،— راخمان بىلەن قان. داقراق ؟

ئاسىيەنىڭ چىرايى شۇ ھامان ئۆڭدى .

— ئۇزۇن بولدى كۆرۈشمىدىم .

— نېمىشقا ؟

— سىز ئۆز ۋاقتىدا نېمە دېگەن ، ئېسىڭىزدىدۇ ؟

— ۋاي ، ئۇلەي !... ،— گۈلشەن لېۋىنى چىشلىدى ،— ئاسىيە ، مەن ئۇ چاغدا سىزگە زىتلىشىپ دېگەن گەپ ئىدى .

راخمان هازىرغىچە بىر قىز بىلەن يۈرۈپ باقمىغان .
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاسىيەنىڭ يۈرىكى داۋالغۇپ كەتتى .
— شۇ گەپكە ئىشىنىپ قاپسىز ـ دە ؟— گۈلشەن قىزىرىپ كەتتى ، — ئەگەر راخمان شۇنداق بولسا ئەنۋەرمۇ ئاغىنە بولۇپ يۈرمەس ئىدى ، شۇنى ئويلىمىدىڭىزمۇ ؟
— مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشىنىپتىمەن .
— جېنىم ئاسىيە ، مېنى كەچۈرۈڭ ، — گۈلشەن ھودۇقۇپ كەتتى ،— مەن راخمانغا ئۆزۈم چۈشەندۈرەي بولمىسا .
— ياق ، ياق ، ھاجىتى يوق…
شۇ ئارىدا كارىدوردا چوڭ ـ چوڭ چامدىغان ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئاسىيە ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى . ئۇ بۇ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تۇيۇپ بولغان ئىدى ، دەرۋەقە ئىشىك-تە راخمان پەيدا بولدى .
— مەن قايتاي ، گۈلشەن ،— دېدى ئۇ . لېكىن كۆزى ئاسىيەدە ئىدى ،— ئەنۋەرمۇ دەم ئالسۇن ، ئەتە يەنە كېلىمەن .
— رەھمەت ، راخمان ،— دېدى گۈلشەن ئاسىيەگە قاراپ قويۇپ ، — ياتاققا كېتەمسىز ؟
— ھەئە…
— ئاسىيەمۇ ئۆيگە كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى ، ئۆيگە ئاپىرىپ قويامسىز ؟
ئاسىيە چۆچۈپ كەتتى . ئۇ «گۈلشەننى بۇنداق دەيدۇ» دەپ ئويلىمىغان ئىدى ، شۇڭا ھودۇقىنىچە نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى .
— ئەگەر خالىسا ئاپىرىپ قوياي ، — دېدى راخمان .
— باياتىن يالغۇز قانداق كېتەرمەن دەپ تۇراتتىڭىز ، — دېدى گۈلشەن ئاسىيەگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ، — راخمان ئاكىڭىزنىڭ ئاغىنىسى… راخمان ، ئاسىيەنى بوزەك قىلىسىڭىز كۆرىدىغىنىڭىز بار جۇمۇ !

— بوزەك قىلىدىغانغا بېشىم ئونمۇ مېنىڭ .
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ، — دېدى گۈلشەن قوپۇپ ، — مەن ئەنۋەرنىڭ قېشىغا چىقىپ باقاي ، ئەتە كۆرۈشەيلى .
ئاسىيە بۇ تاسادىپىيلىقتىن تەمتىرەپ كەتتى . ئۇ راخمانغا تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكى راخماننىڭ ئۆزىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى .

## 26

ياسىنجان ۋالىي ئەنۋەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئاسىيەدىن ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى .
— ھازىر قانداقراق ؟ — دېدى ئۇ ئالدىراپ ، — مېيىپ بولمىغاندۇ ؟
— ھازىر خېلى ياخشى ، پۇتى ئوشۇقىدىن سۇنۇپتىكەن ، گىپىسلاپ قويدۇق ، ئىككى قوۋۇرغىسى ئېگىلىپتۇ .
— ناكار بولۇپ قالماس ـ ھە ؟
— ناكار بولمايدۇ ، ھازىرمۇ تېز ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ .
— ساقچىغا مەلۇم قىلغانمۇ ؟
— گۈلشەن «مەلۇم قىلدىم» دېگەن . تېخى ئېنىقلاپ چىقىمىغان ئوخشايدۇ .
ياسىنجان ۋالىي شۇ ھامان شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا تېلېفون قىلدى :
— ھازىرغىچە ئېنىق يىپ ئۇچى تاپالمىدىڭلارمۇ ؟ — دېدى ئۇ ساقچى باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن خاپا بولۇپ ، — مۇشۇنداق ئاددىي ئەنزىنىمۇ بۇگۈنگىچە سۆرەپ يۈرسەڭلار سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى نېمە دېسەك بولىدۇ ؟ بۇ ئەنزىنى تەكشۈرۈشكە كىمنى مەسئۇل قىلغانتىڭلار ؟… بولماپتۇ ،

دەرھال كونا ، تەجرىبىلىك ساقچىلاردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ ئىنقىلاۋىلار ، ئەززىنىڭ نەتىجىسىنى ماڭا دوكلات قىلىڭ !...

ياسىنجان ۋالىي ئەنۋەرنى يوقلاپ بېرىش ـ بارماسلىق توغ-رۇلۇق بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ كەتتى . «شۇ تاپتا بارسام ئەنۋەر ماڭا چىراي ئاچماي قويسىچۇ ؟ ئۆتكەندە ئانامنىڭ ئالدىدا مېنى ئوسال قىلدى . بۇگۈنمۇ شۇنداق قىلىپ قالسىچۇ ؟... لېكىن مۇشۇنداق چاغدا يوقلاپ بارمىسام ماڭا تېخى-مۇ ئۆچ بولۇپ كېتەر ، خەقلەرمۇ ئەيىبنى ماڭا قويىدۇ . بوپتۇ ، قانداق قىلىپ قالسىمۇ باراي...»

ئۇ شۇ قارارغا كېلىپ ئاسىيەدىن سورىدى :

— ئەنۋەر قايسى ياتاقتا ؟

— ئون بەشىنچى نومۇرلۇق ئۆيدە ، — دېدى ئاسىيە خۇش بولۇپ .

ياسىنجان ۋالىي باشقا گەپ قىلماستىنلا ماڭدى . ئۇ ئىشىككە بارغاندا توختاپ :

— ئاپىڭىز سورىسا مېنى ئىدارىغا كەتتى دەپ قويۇڭ ،— دېدى .

ياسىنجان ۋالىي تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىگە كىرىپ ئاسىيە دەپ بەرگەن ئۆينى ئىزدىدى . كارىدور كېسەللەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئېسىگە ھۆكۈمەت يىغىنىدا دوختۇرخانىنىڭ بالنىست بىناسى سېلىشنى مۇزاكىرە قىلغان چاغ كېلىپ خۇرسە-نىپ قويدى . شۇ چاغدا ياسىنجان ۋالىي : «ھازىر ئىقتىساد جىددىي» دەپ بالنىست بىناسى سېلىشقا قوشۇلمىغانىدى . «بۇنى ئويلىشىپ كۆرسەك بولغۇدەك ، بۇ دوختۇرخانىغا ئوخشىماي قاپتۇ ...» دەپ ئويلىدى ئىچىدە . ئۇ ئون بەشىنچى نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى . ياتاقنىڭ ئىچىدىن بىر-لىرىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى كېلىۋاتاتتى . «كىملەر باردۇ ؟ »

ياسنجان ۋالىينىڭ يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى . گويا ھەلىمە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ : «سىزگە نېمە بار ؟ بۇ يەرگە نېمدەپ كەلدىڭىز ؟ » دەپ تىللاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى . دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ چايدان كۆتۈرگەن ھەلىمە ئۇنىڭ ئالدىغىلا چىقتى . ئۇ ئىشىكتە تۇرغان ياسنجان ۋالىينى كۆرۈپ چۆچۈپ كەينىگە داجىدى ، قولىدىكى چايدانمۇ يەرگە چۈشۈپ كېتەي دېدى . ھەر ئىككىسى بىر مىنۇتچە گەپ - سۆزسىز قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى . ھەلىمەنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە لىغىرلاپ ياش پەيدا بولدىيۇ ، لېكىن شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتىۋالدى .

— ئەنۋەر مۇشۇ يەردىمۇ ؟ — دەپ سورىدى ياسنجان ۋالىي .

— ھە ، كېلىڭ ،— دېدى ھەلىمە ۋە ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ۋالىيغا يول بەردى .

ياسنجان ۋالىي ھەلىمەگە گەپ - سۆز قىلماستىن مېڭىپ ئەنۋەر ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى . بېشى داكا بىلەن تېڭىۋېتىلگەن ئەنۋەر دادىسىنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى . بۇنى ھەلىمە سېزىپ بولدى . ياسنجان ۋالىي كارىۋاتنىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى . ھەلىمە بولسا دادا - بالا ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان كۆڭۈلسىزلىكتىن ئەنسىرەپ ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇراتتى . ياسنجان ۋالىي ئەنۋەرگە قاراپ قويۇپ ھەلىمەدىن سورىدى :

— ئەھۋالى قانداقراق ؟

— ھازىر خېلى ياخشى...

— مەن ناھىيلەرگە كەتكەن ، بۈگۈن ئەتىگەن ئاسىيەدىن ئاڭلىدىم ،— دېدى ئۇ ئەنۋەرگە كۆز تاشلاپ قويۇپ ،— بۇلارنىڭ داۋالىشى قانداق ئىكەن ، ئەگەر بولمىسا ئۈرۈمچىگە يۆتكەيلى .

— ھازىر كۈندىن - كۈنگە ياخشى ، ئاسىيە ئۆزى مەسئۇل بولۇپ داۋالاۋاتىدۇ . مەن ئاسىيەگە چوڭراق دوختۇرخانىغا ئاپە-

رايلىمۇ دېسەم ، «چوڭ ئىش يوق ، مۇشۇ يەردە داۋالانسىمۇ بولىدۇ» دېدى .

— مەن ئاسىيەدىن ئۇقۇپ باقاي ، بولمىسا ۋاقتىدا يۆتكەش كېرەك .

ھەلىمە ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى . ئۇ ياسىنجان ۋالىيىنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن كۆڭلى خۇش بولدى . نەچچە كۈندىن بۇيان تۇردى ئوسماندىن تارتىپ جىق ئادەملەر ئۇنى يوقلاپ كەلدى . ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ، دوست ـ ئاغىنىلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى . ھەلىمە ئوغلىنىڭ شۇنچىلىك يۈز ـ ئابرۇيىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى . لېكىن ، ئۇنىڭ كۆڭلى ھامان يېرىم ئىدى . ئۇ مۇشۇ ئادەمنىڭ كېلىشىنى كۈتكەن ئىدى . ئاسىيە دادىسىنىڭ ناھىيىلەرگە خىزمەتكە كەتكەنلىكىنى دەپ بەرگەن ئىدى . شۇڭا ئۇ ياسىنجاننىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى . باياتىن ئۇ ئىشىكتە پەيدا بولغاندا ، ھەلىمە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى . ئۇ ئەنۋەرنىڭ مۇشۇ سۆرلۈك ئادەمنى «دادا» دەپ چاقىرىشىنى چىن يۈرىكىدىن ئارزۇ قىلاتتى ، لېكىن ئەنۋەر كۆزىنى ئاچماي قويدى . ھەلىمە ئاخىرى چىدىمىدى .

— ئەنۋەر ، ئەنۋەر !— ھەلىمە ئوغلىنىڭ بېشىغا كېلىپ ئاستا چاقىردى ،— بالام ، داداڭ سېنى يوقلاپ كەپتۇ...

ئەنۋەر چۆچۈگەندەك سىلكىنىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە ئاپىسىغا قارىدى . ئۇ ئانىنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزىدىكى يېلىنىش ، ئىلتىجانى چۈشەندى . ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھەممە ئاچچىقلار تارقاپ كەتكەندەك بولدى . ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ، كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولدى . ئۇ ياش يۇقى كۆزى بىلەن ئاستا دادىسىغا ئۆرۈلدى . بۇنى كۆرۈپ ياسىنجان ۋالىيىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى . ئۇ قولى بىلەن ئەنۋەرنىڭ مەڭزىدىكى ياشنى ئاستا سۈرتتى :

— ئەنۋەر !...— دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ، — مېنى كەچۈرگىن ، بالام... مەن ئاپاڭ ئىككىڭلارنىڭ ئالدىدا گۇناھكارمەن...

ئەنۋەرنىڭ لەۋلىرى ئۇمچەيدى . ئۇ نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى . لېكىن ، گېلىغا قاپلاشقان ئاچچىق بىر نەرسە ئۇنىڭ گېپىنى يۇتۇۋەتتى . دادا ـ بالا ئىككىسىگە ھودۇقۇش ، ئەنسىرەش بىلەن قاراپ تۇرغان ھەلىمە ئەنۋەرنىڭ ئۆز دادىسىغا قارىغانلىقىنى كۆرۇپ «ئۇھ» دېدى ، يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان تاش چۈشكەندەك يېنىكلەپ قالدى . ئانا قەلبى شۇنداق . بىر ئۆمۈر يالغۇزلۇق ، تۇللۇقنىڭ ئازابىنى تارتقان ، ئوغلىنىڭ ئالدىدا دادا مېھرىگە قەرزدار بولغان ئانا شۇ تاپتا ئوغلىنىڭ دادىسىنى كەچۈرگەنلىكىنى كۆرۇپ بەخت قوينىغا چۆمگەندەك بولدى . ئۇ دەل مۇشۇ دەقىقىلەرنى كۈتكەن ، ئارمان قىلغانىدى . ئاخىرى مۇرادىغا يەتتى ، قەرزىنى ئادا قىلدى . ئۇ بۇنىڭ ئۇچۇن ھاياتى بىلەن بەدەل بېرىشكە رازى ئىدى .

ياتاققا ئاسىيە كىرىپ كەلدى . ئۇ ئەنۋەرنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان دادىسىنى كۆرۇپ خۇشال بولدى .

— دادا ، كەلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئۇ يېقىن كېلىپ ، — ئەنۋەركام ياخشىلا بولۇپ قالدى .

— سىز مەسئۇل بولۇپ داۋالاۋاتامسىز ؟

— ھەئە... قانداق ؟

— راست گەپنى قىلىڭ ، سىلەرنىڭ تېخنىكاڭلار بولامدۇ ؟ بولمىسا ، ۋاقتىدا چوڭراق دوختۇرخانىلارغا يۆتكىسەك بولىدۇ .

— بىزنى شۇنچىۋالا سەۋىيەسىز چاغلايسىز ـ ھە ، دادا ! قاراپ تۇرۇڭ ، شۇ دېگىنىڭىزگە ئەنۋەركامنى بۇرۇنقى ساق ھالىتىگە ئەكەلمىسەم .

— پونى ئازراق ئېتىڭ ، ئەگەر ئەنۋەرنىڭ بىر يېرى ناكار بولۇپ قالسا سىزدىن ھېساب ئالىمەن جۇمۇ !

— خاتىرجەم بولۇڭ ، دادا .

شۇ ئارىدا ياتاقتا ساقچى فورمىسى كىيگەن ئىككەيلەن كىرىپ كەلدى . ئۇلار ۋالىينى كۆرۈپ سالام قىلدى .

— بىز ئەنۋەردىن شۇ كۈنكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەيلى دەپ كەلگەنتۇق ،— دېدى ئوتتۇرا ياش ساقچى ۋالىيغا ، — بولمىسا ، بىز چۈشتىن كېيىن كېلەيلى .

— ياق ، هازىر سۆزلىشىۋېرىڭلار ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە گەپ قىلىغان ساقچىنى چەتكە تارتتى ،— ئىلگىرىلەش بارمۇ ؟

— بەزى يىپ ئۇچىغا ئېرىشتۇق ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرمەكچىمىز .

— تېز تۇتۇپ ئىشلەڭلا !

— ئەنۋەر سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەندە ؟

— ھەئە...

— بىز بۇ ئەنزىنى چوقۇم ئېنىقلاپ چىقىمىز .

ياسىنجان ۋالىي ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم تاپىلاپ قويۇپ ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كەلدى :

— ئەنۋەر ، مېنىڭ يىغىنىم بار ئىدى ، — دېدى ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ ، — ئەتىگىچە يەنە كېلىمەن ، بىرەر نەرسە لازىممۇ ؟

ئەنۋەر «ياق» دېگەندەك بېشىنى چايقىدى . ياسىنجان ۋالىي ئوغلىنىڭ قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ قويۇپ خوشلىشىپ ماڭدى . ھەلىمە ئۇنى كارىدورغىچە ئۇزىتىپ چىقتى .

— رەھمەت سىزگە ، — دېدى ھەلىمە ئاستا . ئۇنىڭ شۇ تاپتا دەيدىغان جىق گەپلىرى بار ئىدى ، لېكىن ئۇ ياسىنجان ۋالىينىڭ باشقىچە چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ گەپ قىلمىدى .

— داۋالاش پۇلىنى تاپشۇردىڭلارمۇ ؟ — ياسىنجان ۋالىي سورىدى .

— ئىككى مىڭ يۈەن تاپشۇرغان…

ياسىنجان ۋالىي قويۇن يانچۇقىدىن قېلىن بىر كونۋېرتنى ئېلىپ ھەلىمەگە سۇندى:

— دوختۇرخانا پۇل بىلەن داۋالايدۇ، — دېدى ئۇ، — جىنايەتچى ئېنىقلانغىچە قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ، مانى تۆلەپ تۇرۇڭلار!

— ياق، ياق، — ھەلىمە كەينىگە داجىدى، — ئەنۋەرنىڭ ئىدارىسىمۇ داۋالاشنى كۆتۈرىدىغان بولدى، كېرىكى يوق.

— مېنىڭ قولۇمنى ياندۇرماڭ، — ياسىنجان ۋالىي بۇيرۇق قىلغاندەك دېدى، — ئەنۋەرنىڭ ئىدارىسى ھەممىنى كۆتۈرۈشى ناتايىن…

ھەلىمە ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ. ھەلىمە ھېچقاچان ئۇنىڭ گېپىنى يېرىپ باقمىغان، ھەلىمە شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئەيمىنىپ ماقۇل بولدى.

— بىرەر نەرسە لازىم بولسا ئاسىيەگە دەڭلا بولامدۇ؟

— ماقۇل، — دېدى ھەلىمە، — ئاسىيە ياخشى قىز بوپتۇ، ئەگەر شۇ قىزغا ئۇچراپ قالمىغان بولسا ئەنۋەر نېمە بولاتتىكىن، ئەنۋەرنى كۆنىگە يۈز قاتار يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— مېنىڭ ھالىمغا يېتىدىغىنىمۇ شۇ قىز.

— خۇدايىم بەختىنى بېرەر، — دېدى ھەلىمە، ئاندىن ۋالىيغا ئىلتىماس قىلدى، — ياسىن، بولسا ئەنۋەر ساقايغۇچە كېلىپ تۇرسىڭىز، بىچارە بالام دادىغا قانماي چوڭ بولدى، سىزنى كۆرسە كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ.

ياسىنجان ۋالىينىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ «ھەئە» دېدى ـ دە، قايرىلىپ ماڭدى. ئۇ شۇ تاپتا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. نېمە بولمىسۇن، ئەنۋەر ئۇنىڭغا چىراي ئاچتى. گەرچە «دادا» دەپ چاقىرمىسىمۇ، ياسىنجان ئۇچۇن شۇمۇ يېتەرلىك ئىدى… يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇ

ھايات توغرۇلۇق كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۆتكەن ھاياتى پات - پاتلا كۆز ئالدىغا كېلىپ ئازابلىناتتى. بولۇپمۇ ھەلىمە بىلەن ئەنۋەر خىيالىغا كەلسە گويا كەكرى يەۋالغاندەك ئاچچىق بىرنەرسە گېلىنى بوغقاندەك بولاتتى. ئۇنىڭغا ھاياتىدا ئېرىشكەن نەرسىسىدىن يوقاتقان نەرسىلىرى چوڭ بىلىنەتتى. ئۇ ھوقۇق ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرنى قۇربان قىلدى، ئاخىرى ئۇنىڭغىمۇ ئېرىشتى. لېكىن شۇنچە بەدەللەرنى بېرىپ، جاپا بىلەن ئېرىشكەن ئاشۇ نەرسە ئۇنىڭ كۆڭلىنى تولدۇرالمىدى. خۇددى نۇرغۇن ئادەملەر پۇل، بايلىق ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇپ كۇرەش قىلىپ، ئاخىرى ئۇنىڭغا ئېرىشكەندە بولسا قىممەتسىز نەرسىگە ئايلانغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. «مەن تۇردى ئوسمانلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى كۆرسەتتىم، لېكىن شۇنىڭ ھېسا-بىغا ئىككى جاننى بىر ئۆمۈر ئازابلىدىم، كۇلپەت تارتقۇزدۇم. چىمەنگۈل ماڭا ئامەت، مەنسەپ ھەدىيە قىلدى، ئەمما مەن ئۇنىڭ قونچىقىغا ئايلاندىم، ئاسىيەغۇ تۇزۇك قىز بولدى، ئادىلجانچۇ، تۇرغان - پۈتكىنى بىر بالايىئاپەت بولدى، ئەنۋەرنى ئازراق بول-سىمۇ دورىغان بولسا كاشكى...». ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىق-لىرى نەچچە قاتار ئۇنىڭ دەردىنى ئېيتىپ كەلدى، ئۇنىڭ يۈزىنى دېمىگەن بولسا ئالىقاچان خىزمەتتىن ھەيدىۋەتكەن بولار ئىدى. ئۇنىڭ دەردىنى ئاز دەپ چىمەنگۈلنىڭ ئەدەپ كېتىۋاتقىنى، ھازىر ئۇ ئالىمەنگىلا تۇردى. ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ - ئۇقتۇرماي ئېلىۋې-رەتتى. يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭ نەپسى تېخى-مۇ يوغىناپ كەتكىلى تۇردى. ياسىنجان ۋالىي ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ ئەنسىرەپ قالدى...

ياسىنجان ۋالىي ئازادە ئىشخانىسىدا يېڭى كەلگەن ھۆججەت-لەرنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئويلىمىغان، يوقىلاڭ ئىشلار كىرىۋېلىپ دىققىتىنى ئېلىپ قاچات-تى. ئاخشام ئۇيقۇسىمۇ ياخشى بولمىدى. ھېلىدىن - ھېلىغا قارا

بىسىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى . شۇڭلاشقىمۇ بۇگۈن ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكەندەك بولۇپ ئېزىلىپ قالدى . ئۇ غەيرەت قىلىپ بىر ھۆججەتنى كۆرۈپ چىقتى ـ دە ، دوختۇرخانىغا ئەنۋەرنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا ، ئىشخانىغا كاتىپ كىرىپ كەلدى :

— شەھەرلىك ساقچىنىڭ باشلىقى سىز بىلەن كۆرۈشمىدىغان مۇھىم ئىش بار ، دەپ كەپتۇ . كىرسۇنمۇ ؟ — دېدى ئۇ .

ۋالىيىنىڭ ئېسىگە شۇ ھامان ئەنۋەر كېلىپ جىددىيلەشتى ـ دە :

— كىرسۇن ! — دېدى .

ھايال ئۆتمەي قولتۇقىغا قارا سومكا قىستۇرغان ساقچى باشلىقى كىرىپ سالام قىلدى .

— ئىشلار قانداقراق ، جىنايەتچىنىڭ دېرىكى چىقتىمۇ ؟ — دەپ سورىدى ۋالىي .

ساقچى باشلىقى دەرھال جاۋاب بەرمىدى . ئۇ بۇ ئەنزىنى تەكشۈرۈش جەريانىنى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلىدى . ياسىنجان ۋالىي ئاخىرى چىدىماي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى :

— ئۇ گەپلەرنى قويۇپ نەق گەپنى دېسىلە ، زادى جىنايەتچى ئېنىقلاندىمۇ ؟

ساقچى باشلىقى ئوڭايسىزلانغاندەك تۇرۇپ قالدى .

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىلە ؟ — ۋالىي سۇرلۇك تەلەپپۇزدا سورىدى .

— ۋالىي… ، — دېدى ساقچى باشلىقى دۇدۇقلاپ ، — سىلىگە قانداق دېيىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن ، بۇ…

— نېمە گەپ زادى ؟

— جىنايەتچى ئادىلجان چىقىپ قالدى .

ياسىنجان ۋالىي باشتا ئۇقالمىدى ، ئارقىدىن گويا غايىبتىن كەلگەن بىر توقماق بېشىغا تەگكەندەك كاللىسى پىرقىراپ كەتتى .

— نېمە دېدىڭلا ؟

— بىزمۇ بۇنداق بولۇشىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدۇق...

ساقچى باشلىقى جىنايەت جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەشكە باشلىدى . ياسىنجان ۋالىي مۇردىدەك قېتىپلا قالدى ، مېڭىسى ۋىڭىلدايتتى ، يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئاچچىق سىرقىراپ ، بارا - بارا نەپەسىنى بوغۇشقا باشلىدى . ئۇ ناھايىتى تەستە بويىنىدىكى گالستۇكنى تارتىپ بوشاتتى ، يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئورۇندۇقنىڭ تۇتقۇچىنى چىڭ تۇتۇۋالدى .

ساقچى باشلىقى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بولدى . ئۇ ۋالىينىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان كىشىدەك سالپىيىپ تۇراتتى .

— ئادىلجان بىلەن سۆزلەشتىڭلارمۇ ؟— ياسىنجان ۋالىي خېلىدىن كېيىن ئۈن قاتتى .

— سۆزلەشتۇق ، ھەممىگە ئىقرار بولدى...

ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭغا «چىقىپ كېتىڭ» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى . ساقچى باشلىقى پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئىشخانىدىن چىقتى . بۇ شۇم خەۋەر ۋالىينىڭ ئەس - ھوشىنى يوقىتىۋەتتى ، ئۇ گويا مۇردىدەك قېتىپلا قالدى ، مېڭىسىنى بولسا بىرلا سوئال قوچۇيتتى : «بۇ نېمە گەپ ؟... ئەنۋەرگە باشقا بىرى ئەمەس مېنىڭ بالام قەست قىلغان بولدىغۇ ؟... بۇ گەپنى ھەلىمە ، ئەنۋەر ئۇقسا نېمە دەر ؟ بۇ تەقدىرنىڭ مېنى جازالىشىمۇ نېمە ؟ ئۇلارغا قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك ؟... بىلمىگەنلەر بۇنى بەلكىم ئادىلجان قەستەن قىلدى دېيىشى مۇمكىن ، بۇ گەپ كوچىغا چىقىپ كەتسە خەقلەر نېمە دەيدۇ ؟ تۇردى ئوسمانلارغا تېپىلغۇسىز دەسمايە بولىدىغان بولدى - دە ؟...»

ئىشخانىغا رەڭگىرويىدا قان قالمىغان چىمەنگۈل ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى .

— ئادىلجاننى نېمىدەپ سولايدۇ ؟— دېدى ئۇ ئىشخانىنى

بىشىغا كىيىپ ، — بۇ چوقۇم ئاۋۇ ھەلىمە دىگەن ئەر ئالماس خوتۇننىڭ تۆھمىتى... مىنىڭ بالامدا گۇناھ يوق... بالىڭىزنى سولاپ قويسا غەم تارتماي ئولتۇرىسىزغۇ ، گەپ قىلمامسىز ؟...

ياسىنجان ۋالىينىڭ ئۇستەلنى قاتتىق ئۇرۇشىدىن چىمەنگۇل توختىدى .

— نىمە ئاغىزىڭىزغا كەلگەننى ۋالاقلايسىز ؟ — ياسىنجان ۋالىي غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ، — ھەممە گۇناھ ئادىلجاندا...

— كىم دەيدۇ ؟

— ساقچىلار ئېنىقلىدى ، ئۆزىمۇ ھەممىگە ئىقرار بوپتۇ .

— ۋاي ، جېنىم بالام ، — چىمەنگۇل يىغىنى سالدى ، — بۇ نەس يۇرتقا كەلمىسەكمۇ بوپتىكەن ، دۇشمەنلىرىڭنىڭ كۆزى تەگدى ساڭا ، ۋاي ، ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟ بۇ دەردكە قانداق چىدارمەن ؟...

— بولدى قىلىڭ ! — ياسىنجان ئۇنى سىلكىدى ، — ئىداردىكىلەر نىمە دەيدۇ ؟...

چىمەنگۇل ئىسەدىگىنىچە توختىدى . ياسىنجان ۋالىي تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى . ئۇ شۇ تاپتا نىمە قىلىشىنى بىلمەيتتى ، ئۇ پۈتۈن ئەلىمىنى چىمەنگۇلدىن ئالدى :

— مانا ، ۋاي - ۋاي دەپ پەپىلىگەننىڭ خۇلاسىسى چىقتى ، ئۆز ۋاقتىدا ئادىلجاننى بۇنداق ئەركە قىلمايلى ، كىيىن بىشىمىزغا بالا تېپىپ بېرىدۇ دىسەم ، سىز ئاربلاشماڭ دەپ گەپ قىلغىلى قويمىدىڭىز ، ئۇرۇمچىدىمۇ خىلى ئويۇنلارنى كۆرسەتتى ، نەچچە قېتىم تۈرمىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ ياندى ، ئاخىرى مانا ماۋۇ ئىشنى چىقاردى ، يەنە كېلىپ ئەنۋەرگە تەگكىنىنى كۆرمەمدىغان ؟ ھەممىنى قىلغان سىز !...

ياسىنجان ۋالىي چىمەنگۇل بىلەن ئۆي تۇتۇپ ھازىرغىچە ئۇنىڭغا بۇنداق قاتتىق گەپ قىلىپ باقمىغانىدى . باشقا چاغلار

بولسا چىمەنگۈل قاراپ تۇرمىغان، ۋارقىرىغىنى ئۇچۇن تويغۇ-زۇپ قويغان بولاتتى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرسا زىيان تارتىدىغانلىقىنى پەملەپ يالۋۇرۇشقا ئۆتتى.

— ياسىنجان، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، — نېمە بولمى-سۇن، ئادىلجان ئۆزىڭىزنىڭ ئوغلىڭىز، مەستچىلىكتە ئۇقماي باستۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇ قەستەن قىلمىدى - دە. ئەنۋەرمۇ ئۆلمەپتۇ.

— ئۆلسە بولامتى؟

— مەن ئۇنداق دېمىدىمغۇ، ئاسىيەنىڭ دېيىشىچە، ھازىر ياخشى بولۇپ قالدى دەيدۇ. ئەگەر ئەنۋەر ئەرز قىلمىسا قانۇنمۇ جازالىمايدۇ، ئادىلجانمۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر تۇغقان قېرىندى-شىغۇ؟

— ئادىلجان قېرىنداشلىقنى تازا ئوبدان يەتكۈزدى.

— ئۇقمىغاننىڭ ئىشىغۇ، بولمىسا ئادىلجانمۇ ساراڭ ئەمەس ... ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز دېگەن ۋالىي، ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، ئادىلجان مۇشۇ جىنايەت بىلەن كېسىلسە خەقلەر نېمە دەيدۇ؟

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟

— ئەنۋەر بىلەن سۆزلىشىپ باقسىڭىز دەيمەن، — چىمەنگۈل ئالدىراپ دېدى، — دوختۇرخانىغا يوقلاپ باردىڭىزمۇ؟

— ياق... — ياسىنجان ۋالىي بېشىنى كۆتۈرمەستىن دېدى.

— بۇ قىلىقىڭىز بولماپتۇ، ھازىرلا بېرىڭ... بولسا، ھەلى-مەگىمۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ دەڭ، سىزنى ئايىسا بولىدۇ. ئادىلجانغۇ ئۆزىمۇ پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ، ئەگەر ئەنۋەر بۇ قېتىم ئۆچمەنلىك قىلىپ جازالىتىۋەتسە ئادىلجاننىڭمۇ يۈرىكىگە ئورناپ كېتىدۇ، بۇ قېتىم ياخشىلىق قىلسا ئادىلجاننىڭمۇ بىلگۈچىلىكى بار...

ئايالىنىڭ گەپلىرى ياسىنجان ۋالىينى يۇمشاتتى. ئادىلجاننى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىمۇ شۇ ئىكەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ ھېس قىلات-تى: «لېكىن بۇنى ئۇلارغا قانداق دېيىش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ

شۇنچە يىللاردىن تارتقان كۆلپەتلىرى ئازمۇ؟… ئەنۋەر تېخى ئەمدىلا ئۇنىڭغا چىراي ئاچقان ئىدى. ئۇلار ئادىلجاننىڭ بۇ قىلمىقىنى مەقسەتسىز سەۋەنلىك دېگەنگە ئىشىنەرمۇ؟ دادىسىنىڭ شۇ تاپتىكى تارتىۋاتقان دەردىنى چۈشىنەرمۇ؟…»

ياسىنجان ۋالىي تاماكىدىن يەنە بىر تالنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ كاللىسى ئىلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە نېمىشقىدۇر ھەلىمە: «ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ بوپتۇ» دەيدىغاندەك، ئەنۋەرمۇ: «بوپتۇ، دادا، ئادىلجاننى قۇتۇلدۇرايلى» دەپ ئۇنى غەمدىن خالاس قىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ تاماكىنى كەينى ـ كەينىدىن شورىدى ۋە تاماكا تۈتۈنى ئارىسىدىن ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان چىمەنگۈلگە قارىدى. چىمەنگۈل ئۇنىڭ كۆزىگە تۇرۇپلا جىلمىيىپ ئەركىلىگەندەك، تۇرۇپلا قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ۋەھىمىلىك تۇرۇلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ياسىنجان ۋالىينىڭ يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى. شۇنداق ئاياللار بار، ئۇلار بەئەينى ئۈمۈچۈككە ئوخشايدۇ، ئۇلار ئەرلەرنى كۆزگە كۆرۈنمەس تور بىلەن چىرمىۋالىدۇ. سەن ناۋادا شۇ تورنىڭ ئىچىگە كىردىڭمۇ، بولدى، ئۇ توردىن قۇتۇلۇپ چىقالمايسەن، ياسىنجان ۋالىيمۇ چىمەنگۈلنىڭ قاتمۇقات توردىن چىقىپ كېتىشكە ئاجىز ئىدى…

ياسىنجان ۋالىي ئەلەم بىلەن خۇرسىندى. ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان چىمەنگۈلنىڭ كۆزلىرىدە خاتىرجەملىك ئۇچقۇنى چاقنىدى. ئۇ مۇلايىم بىر ئاۋازدا:

— مەنمۇ بىللە بارايمۇ؟— دەپ سورىدى.

— ياق!… ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي قاپىقىنى ئاچماستىن ۋە ئېغىر قەدەملەرنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى.

## 27

يېقىندىن بۇيان يۈز بەرگەن ئىشلار ھەلىمەنى ھارغۇزۇپ ھالىنى قويمىدى. ئۇ قانچە ـ قانچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. بىر تەرەپتىن مەكتەپتىكى دەرس، يەنە بىر تەرەپتىن

ئەنۋەرنىڭ كېسىلى . ئۇ دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپلا دوختۇر-
خانىغا يۈگۈرەيتتى . ھېلىمۇ تەلىيىگە ئەنۋەر ياخشى بولۇپ قال-
دى . تۈنۈگۈن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ چىقتى . ھەلىمەمۇ خاتىر-
جەم بولۇپ «ئۇھ» دېدى . بۈگۈن شەنبە ، دەم ئېلىش ئىكەنلىكى
ئېسىدە يوق . ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ چېيىنى چالا - بۇلا ئىچتى -
دە ، مەكتەپكە چىقتى . لېكىن ، ھويلىدا بىرمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
يوقلۇقىنى كۆرۈپ ، بۈگۈن دەم ئېلىش ئىكەنلىكى ئېسىگە كې-
لىپ «تووۋا !» دېدى - دە ، ئۆيىگە يېنىپ كىردى .
بىردىن ئۇنى ھارغىنلىق باستى . ئۆگە - ئۆگىلىرى ئاجراپ
كەتكەندەك بوشىشىپ كەتتى . ئۇ بىردەم ئۇخلاپ ئارام ئېلىش
ئۈچۈن ساپاغا سوزۇلدى ، لېكىن يېتىپلا ئۇيقۇسى قاچتى . ئۇنىڭ
كاللىسىغا يەنىلا باش - ئايىغى يوق خىياللار بۆسۈپ كىرمەكتە
ئىدى . يېقىندىن بۇيان ئۇنى مۇشۇنداق قالايمىقان ، تەشۋىشلىك
خىياللار ئەسىر قىلىۋالىدىغان بولدى . ئۇ قانچە ئۆزىنى قاچۇر-
سىمۇ ، بۇ خىياللار خۇددى سايىدەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئارام
بەرمەيتتى . ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باققانىدى ، دوختۇر ئۇنى
ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تەكشۈرگەندىن كېيىن :
— ئىچكى ئەزالىرىڭىز ساق ئىكەن ، — دېدى ھەلىمەنى
خاتىرجەم قىلىپ ، — ئادەم بەك چارچاپ كەتسىمۇ نېرۋا ئاجىز-
لاپ كېتىدۇ ، بىرقانچە ۋاقىت دەم ئېلىپ كۆرۈڭ ، — دېدى ۋە
نېرۋىنى تىنچلاندۇرىدىغان دورىلارنى يېزىپ بەردى .
لېكىن ، دوختۇرنىڭ بەرگەن ئۇ دورىلىرىمۇ تەسىر قىلمى-
دى . مانا شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ مېڭىسى غوڭۇلداشقا باشلىدى . كۆز
ئالدىغا بولسا ئاشۇ سۈرلۈك ئادەم نامايان بولدى . ئۇ ئېگىز بىر
تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ، قول ئىشارىتى بىلەن ھەلىمەنى چاقىرى-
ۋاتاتتى . ھەلىمە ئۇنىڭغا قاراپ مىدىرلىدى . ئۇ شۇ تاپتا جىسمى-
نىڭ ساپادىن ئايرىلىپ ئاستا - ئاستا لەيلەۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلدى . تورۇس بولسا تولىمۇ ئاستا چۆرگىلەۋاتاتتى . ئۇ قولىقىغا

سانسىزلىغان ئاۋازلارنىڭ كىرىۋاتقانلىقىنى بايقىدى . ئۇ ناھايىتى يېقىندىن شۇنداق يېقىملىق تونۇش ئاۋازنى پەرق قىلدى . «ھەلىمە ، بولۇڭ ! نېمىگە قاراپ تۇرىسىز ؟ بىز بۇ يەردىن كېتەيلى !... » دەيتتى . ھەلىمە كۆچەپ ئالدىغا ئۇمىلىدى . جىسمى تېخىمۇ يۇقىرىغا لەيلىدى . بىردىن ئۇ بەدىنىنىڭ بوشىشىپ ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، نەپىسىنىڭمۇ چىڭقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى . شۇ ئارىدا ھېلىقى ئادەم تاغ بېشىدىن غايىب بولدى ، ئۇنىڭ ئورنىنى يوپۇرۇلۇپ كەلگەن قارا بۇلۇتلار قاپلىۋالدى . ئۇنىڭ مېڭىسىگىمۇ سانسىزلىغان ھەرىلەر كىرىۋالغاندەك غوڭۇلداپ كەتتى . ئەمدى ئۇ ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى ، ئۇشتۇمتۇت نېمىگىدۇر تەگكەندەك بولدى . قۇلىقىغا قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى...

ھەلىمە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . تېلېفون كەينى ـ كەينىدىن جىرىڭلاۋاتاتتى . ئۇ خۇشياقماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېفوننى ئالدى . ئۇ تېلېفوندىكى ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى . تېلېفون بەرگەن ياسىنجان ۋالىي ئىدى . ئۇ ئەنۋەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بولغاندىن كېيىن :

— ئەنۋەرنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفوننى بىلمەيدىكەنمەن ، دەپ بېرەمسىز ؟— دېدى .

ھەلىمە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا دەرھال تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى . گەپ تۈگىدى ، ھەلىمە بولسا تېخىچىلا ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتاتتى . «ئۇ ئەنۋەرگە نېمە دېمەكچىكىنا ؟ يەنە بىر ئىش بولمىغاندۇ ؟... چىمەنگۈل يەنە بىر ئىش تاپتىمىكىنا ؟... » ھەلىمەنى يەنە ئەنسىزلىك باستى . ئۇنىڭ ئېسىگە نەچچە كۈن ئاۋۋال دوختۇرخانىدا بولغان ئىشلار كەلدى . ئۇ كۈنى زورىخان موماي ئەنۋەرنى يوقلاپ كەلگەنىدى . ھەلىمە بولسا مومايغا ئەنۋەرنىڭ قانداق بولۇپ ۋەقەگە ئۇچرىغانلىق جەريانىنى سۆزلەپ كېلىپ ، ئاخىرىدا ئۇنى ئاسىيەنىڭ قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى دەپ بەرگە-

ندى ، موماي خۇش بولۇپ كەتتى .
— خۇدايىم بىر بالا ـ قازادىن ساقلاپتۇ ، بالام ،— دېدى موماي ئەنۋەرنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ ،— ھېلىمۇ ئاسىيە قىز- غا ئۇچراپ قالغىنىڭنى دېمەمدىغان ، ئەجەبمۇ ئالدى ئوچۇق قىزغۇ ئۇنىڭ ، ماڭىمۇ شۇ قىزىم خەۋەر قىلدى ، بىچارە قىزنىڭ ئاغزى- دىن ئەنۋەر چۈشمەيدۇ ، ئەنۋەرنى ئۇرۇۋەتكەن جىنايەتچى تۇتۇلۇپ- تۇمۇ ؟...
— تۇتۇلۇپتۇ دەيدىغۇ .
— كىم ئىكەن ؟
ھەلىمە نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئوغلىغا قارىدى . ئەنۋەر ئاپىسىنىڭ ھالىنى سېزىپ ئالمان ـ تالمان :
— بىر مەست ئىكەن ، مەنمۇ تونۇمايمەن ، — دېدى .
— بېشىڭنى يەيدىغان ، خۇدايىم جاجىسىنى بېرەر ، ئىلاھىم ئۆمرى تۈرمىدە ئۆتۈپ كېتەر ، ياسىنجان ئۇقتۇمۇ ؟
— كەلدى...
موماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ۋە رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .
— نېمە بولمىسۇن ، ئۆزىنىڭ پۇشتى ئەمەسمۇ ؟ — دېدى ئۇ خورسىنىپ قويۇپ ، — بۇ دۇنيادا ئازمايدىغان بەندە يوق ئىكەن ، بالامنىڭ بېشىنى ئاشۇ ئالۋاستى ئازدۇرۇپ كەتتى ، سىلەردىن ئايرىۋەتتى .
— تەقدىر شۇنداق ئىكەن ، ئانا...
ھەلىمە گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىدى . بۆلۈم- گە ياسىنجان ۋالىي كىرىپ كەلدى . ئۇ ئەنۋەرنىڭ بېشىدا ئولتۇر- غان ئانىسىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى .
— ئانا !... ،— ياسىنجان ۋالىي ئوڭايسىزلىنىپ ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ،— سىز قاچان كەلدىڭىز ؟ — ۋە ھەلىمەگە قاراپ رەنجىگەن قىياپەتتە دېدى ، — ئانامغا سىز دېدىڭىزمۇ ؟

— ماڭا ئاسىيەگۈل دېدى ، — زورىخان موماي ھەلىمەنىڭ ئالاقزادە بولغانلىقىغا ئىچى ئاغرىپ ئۇنى قاتتى ، — مەندىن يوشۇ-رۇپ نېمە قىلاتتىڭلار ؟

— سىزنى ئەنسىرەپ كەتمىسۇن دېگەن .

— نەچچە كۈندىن قاپىقىم تارتىپ كەتكەنىدى ، بايام مۇشۇ ئىش ئىكەن... ئەنۋەرجاندىن ئەھۋال سوراپ قويۇڭ ، بالام .

ياسىنجان ۋالىي ئېسىگە كەلگەنىدەك بولۇپ ئەنۋەرگە قايرىلدى :

— قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن ؟ ئاغرىق قويۇۋەتتىمۇ ؟

ئەنۋەر بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . دادا - بالىنىڭ كەيپىيا-تىغا ئەنسىزلىك ئىچىدە زەن قويۇپ تۇرغان ھەلىمەنىڭ ۋۇجۇدى ھاياجان بىلەن تىترەپ كەتتى ، كۆزىگە ياش كەلدى . دادا مېھرىگە قانمىغان ئوغلىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قەرزدار ھېسابلاپ كەلگەن ھەلىمەنىڭ كۆڭلى تىندى . ئۇنىڭ ئۇچۇن مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەر-لىك ئىدى . زورىخان موماي بولسا ياسىنجان ۋالىيدىن مىننەتدار بولدى . «جېنىم بالام ، مېنىڭ ئارمىنىم دادا - بالا ئىككىڭلارنى جەم قىلىش ئىدى . خۇدايىم تىلىكىمگە يەتكۈزدى . ئەمدى ياراتقان ئىگەم ئامانىتىنى ئالسىمۇ ئارمىنىم يوق... » دېدى ئۇ ئىچىدە .

ياسىنجان ۋالىي ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋال سورىدى .

— ياخشى ، بالام ، خۇدايىمنىڭ ھىممىتىدە يەيدىغان رىزقىم بار ئوخشايدۇ ، ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن ، ئەنۋەرجان نەچچە كۈندە بىر قېتىمغا چىقىپ تۇراتتى ، يېقىندىن چىقمىدى ، مەن تېخى خىز-مەت بىلەن بىر ياقلارغا كەتكەن چېغى دەپتىمەن ، زادى كۆڭلۈم بىر يامانلىقنى تۇيغانتى... جىنايەتچىنى تۇتۇلۇپتۇ دەيدۇ ، سىز-نىڭ خەۋىرىڭىز باردۇ ؟

ياسىنجان ۋالىي چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ھودۇققىنىدىن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى . لېكىن ، ئۇ مىڭ يوشۇرغان بىلەن ئەتە - ئۆگۈنگىچە جىنايەتچى بەربىر ئاشكارا بولىدۇ . بۇلار

ئادىلجاننى قەستەن ئۇر ۋۇەتتى دەپ ئويلىشىمۇ مۇمكىن ، ئۇ چاغدا ياسىنجان نېمىدەپ چۇشەندۇرەلەيدۇ ؟ چىمەنگۈلگە نېمە دەيدۇ ؟ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يېرى يىڭنە سانجىغاندەك سىرقىراپ كەتـ-تى ، دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ بىئارام بولدى . ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان زورىخان موماي ئەنسىرەپ سورىدى :

— بالام ، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە ؟

— ياق… ،— ياسىنجان ۋالىي بېشىنى كۆتۈرۈپ زورىخانغا كۈلۈمسىرىدى ، — ھېچنىمە بولمىدىم ، سەل ھاردۇق يەتكەن چېغى…

— دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقسىڭىز بوپتىكەن ، بالام ، چىرايىـ-ڭىز بىر قىسىملا…

— ھېچقىسى يوق ، ئانا…

ياسىنجان ۋالىي ئەسلىدە ئادىلجاننىڭ ئىشىنى ھەلىمە بىلەن ئەنۋەرگە ئايرىم دېمەكچى بولۇپ كەلگەنىدى . لېكىن ئانىسىنىڭ بۇ يەردە بولۇشى ئۇنى ئىككى تايىن قىلىپ قويىدى . تۇرغانلا گەپ ، موماي ئۇنى ئەيىبلەيدۇ ، ئادىلجان ئەتەيگە ئەنۋەرگە قەست قىلدى دېيىشى مۇمكىن . ئۇ ئانىسىنىڭ ئادىلجاننى ياخشى كۆر-مەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . بىر قېتىم ئۇنىڭغا : «ئادىلجاننى بەكمۇ شوخ قىلىۋېتىپسىلەر ، كېيىنچە بىرەر خاپىلىق تېپىپ بەرمىسە بولاتتىغۇ ؟» دېگەنىدى . «ئەگەر ئانام جىنايەتچىنىڭ ئادىلجان ئىكەنلىكىنى ئۇقسا نېمەدەپ قالار ؟» ياسىنجان ۋالىيـ-نىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى .

— ساقچىلارغا گەپ قىلىپ قويغان بولسىڭىز بوپتىكەن ، بالام ،— زورىخان موماي ئوغلىغا مۇراجىئەت قىلدى ، — سىزنىڭ گېپىڭىزنىغۇ ئاڭلار ؟

— جىنايەتچى تۇتۇلۇپتۇ .

— كىم ئىكەن ؟

— ئادىلجان… ،— ياسىنجان ۋالىيـنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى .

— كىم دېدىڭىز ؟ — موماي قايتىلاپ سورىدى ، — قايسى ئادىلجان ؟

— بىزنىڭ ئادىلجان...

— ۋاي ، خۇدايىم ! نېمە دەيدىغانسىز ؟— موماي پەرياد سالدى ، — ئەنۋەرجان ئۇنىڭغا ھېچبىر يامانلىق قىلمىغانتىغۇ ؟

ھەلىمەمۇ ئادىلجاننىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى . ئۇ ئىتتىك ياسىنجان ۋالىيغا قارىدى . ئۇنىڭ سولغۇن ، بىچارە تۇرقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەندەك بولدى - دە ، غەزىپى نەلەرگىدۇر تارقىلىپ كەتكەندەك بولدى ، ئاپىسىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ئەنۋەر گويا بۇ مەنزىرىنى كۆرۈشنى خالىمىغاندەك كۆزىنى يۇمۇۋالدى .

— ئادىلجاننىڭ نېمە قىلغىنى بۇ ؟— موماي تىترەپ تۇرۇپ سورىدى .

— مەن تېخى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدىم ، — دېدى ياسىنجان خۇرسىنىپ قويۇپ ، — ساقچى باشلىقىنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ غەرق مەست ماشىنىنى ھەيدەپ چىققانىكەن ، ئۆزىمۇ كىمنى ئۇرۇۋەتكىنىنى ئۇقمايدىكەن .

— ۋاي ، خۇدايىم ! — زورىخان موماي ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقىدى ، — نېمە سەتچىلىك بۇ ؟ ياسىنجان ۋالىينىڭ ئوغلى ئاكىسىنى باستۇرۇۋېتىپتۇ دېسە نە ئاتاق ، نە نومۇس ؟ خەقلەر نېمە دەيدۇ ، ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپ ئەنۋەرجان ساق قاپتۇ ، بولمىسا نېمە رەسۋاچىلىق بولاتتى ؟...

ياسىنجان ۋالىي ئىتتىك ھەلىمەگە قارىدى . ھەلىمە بولسا يەرگە قارىغانچە گەپ قىلماي ئولتۇراتتى . ئۇ ياسىنجاننىڭ ئىلتىجا بىلەن قارىشىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ بولدى . «ياسىنجانغىمۇ تەس بولدى ، — دەپ ئويلىدى ئىچىدە ، — ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ بالىسى ، ئەگەر ئادىلجان كېسىلىپ كەتسە چىمەنگۇل بۇنى ئەنۋەر بىلەن ئىككىمىزدىنلا كۆرىدۇ ، ياسىنجانغا

كۆن بەرمەيدۇ ، لېكىن ئەنۋەر قاراپ تۇرۇپ بىكاردىنلا ئازاب چېكەمدۇ ؟ پۈتى سۇندى ، بىر ئايدىن بۇيان قىينالدى ، بۇنىڭغا ئەنۋەر رازى بولامدۇ ؟… ئەنۋەر ئەمدىلا تېخى دادىسىنىڭ يۈزىگە قارىغانتى ، مۇشۇ ئىش بىلەن بۇلار ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتەرمۇ ؟ ۋاي خۇدايىم ، بىزگە نېمە كەلگۈلۈك بۇ ؟… » ھەلىمەنىڭ كاللىسىنى بىر ـ بىرىدىن چىگىش ، ئەندىشىلىك خىياللار چىرمىۋالدى . ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي قالدى .

ياسىنجان ۋالىي ھەلىمەگە پات ـ پات قاراپ قويۇپتتى ، ئاخىر ئۇ ئېغىز ئاچتى :

— ھەلىمە ، ئەنۋەر ! — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — ئەگەر ئادىلجان ئەنۋەرنى ئەمەس ، باشقا بىرىنى باستۇرۇۋەتكەن بولسا ھەرگىز ئارىلاشمايتتىم ، قانۇننىڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتسۇن دەيتتىم ، ئۆزىمۇ شۇنداق يېرىگە كېلىپ قالغانىدى . لېكىن قېرىشقاندەك ئۇنىڭ باستۇرۇۋەتكەن ئادىمى ئەنۋەر بولۇپ قالدى ، مېنىڭ ھالىمنى دەپ ئولتۇرمىسامۇ چۈشىنىۋالىسىلەر ، مەن شۇ تاپتا قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم . ئادىلجان جازالانسا خەقلەر بۇنى سىلەردىن كۆرىدىغىنى تۇرغان گەپ ، شۇڭا سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كەلدىم ، ئىلگىرىمۇ سىلەر مېنىڭ ئېغىرىمنى كۆتۈرگەن ، ھازىرمۇ سىلەرگە ئىشىنىمەن .

ئوتتۇرىغا جىمىغۇسىز جىمجىتلىق چۈشتى . ئەنۋەر بولسا گويا دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان كىشىدەك كۆزىنى ئاچماستىن ياتاتتى . ھەلىمە بولسا چوغىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بىئارام بولغىنىچە بىر ئوغلىغا ، بىر زورىخان مومايغا قاراپ قويۇپتتى . ئۇ شۇ تاپتا ئەنۋەرنىڭ بىرەر ئېغىز ئىپادە بىلدۈرۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى . زورىخان موماي بۇ جىمجىتلىقتا چىدىمىغاندەك پات ـ پات ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك خورسىناتتى ، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆز چاناقلىرىدا يالتىراپ ياش

پەيدا بولدى . ئۇنىڭ قانسىز لەۋلىرى تىترەپ ـ تىترەپلا مىدىر-
لايتتيۇ ، لېكىن ئۇن چىقمايتتى . ئۆيىنى ماتەم جىمجىتلىقى
قاپلىغان ئىدى .ئاخىرى ئەنۋەر كۆزىنى ئاچتى :
— ئانا ، — دېدى ئۇ ھەلىمەگە قاراپ ، — دادامنى خىجالەت
قىلمايلى ، ساقچىلارغا دەڭ ، بىزنىڭ دەۋايىمىز يوق ، ماقۇلمۇ ؟
ھەلىمەمۇ ئوغلىدىن شۇنى كۈتۈپ تۇراتتى . ئۇ ھودۇققان
ھالدا :
— سەن نېمە دېسەڭ شۇ ، — دېدى .
زورىخان موماي نەۋرىسىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قولىنى
ئېلىپ باغرىغا باستى :
— ئەقىللىق بالام ، كۆڭلى دەرىيادەك بالام ، خۇدايىم ئۆمە-
رىڭنى ئۇزۇن قىلار ، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ،— خۇدايىم
سېنى يامان كۆزلەردىن ساقلار ، رەھمەت بالام ، — موماي ئاندىن
ياسىنجان ۋالىيغا قارىدى ، — بالام ، مۇشۇنداق ئوغلىڭىزنى نەچ-
چە ۋاقىتتىن تاشلىۋېتىپ ياخشى قىلمىدىڭىز ، ئەمدى ھەممىنى
چۈشەنگەنسىز ، سىزگە مەن نەسىھەت قىلغۇدەك يەردە ئەمەس ،
سىز دېگەن بىر ۋىلايەتنى سوراپ تۇرۇۋاتقان ئادەم ، ھەممىنى
بىلىسىز ، ھېلىھەم بولسا مۇشۇ ئەقىللىق ئوغلىڭىزغا ئاتىدارچى-
لىقىڭىزنى يەتكۈزۈڭ ، بېشىنى سىلاڭ ، مېنى خۇش قىلماەن
دېسىڭىز ، ئانا ـ بالا مۇشۇ ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگۈچى
بولماڭ بالام ، ئۇلار سىزنىڭ دەردىڭىزنى يەتكۈچە تارتتى ، شۇمۇ
يېتەر ، مەن دەپ قويا ي ، سىزگە ۋاپا قىلىدىغىنى مۇشۇ
ئىككىسى…
ئانىنىڭ سۆزلىرى ياسىنجان ۋالىينىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەت-
تى . ئۇ لام ـ جىم دېمەستىن يەرگە قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ
كەتتى . ئۇ بۈگۈن ئۆزىنى تولىمۇ ئاجىز ھېس قىلدى . ئۇنىڭغا
ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە شۈنچىلىك يات ، قەدىرسىز تۇيۇلۇشقا
باشلىدى . «مەن نېمە قىلدىم ؟… ئەمەل ، ھوقۇقنى دەپ بىر

ئوبدان ئائىلىنى ۋەيران قىلدىم، ئاخىرىغۇ مەقسىتىمگە يەتتىم، تۇردى ئوسماننىڭ ئۇستىدىن غەلىبە قىلدىم، يۈرىكىم قانائەت ھاسىل قىلدى. مەن تېخى تۇردى ئوسماننى دەسسەپ چەيلىمەكچى، ماڭا ئۇز ۋاقتىدا قىلغانلىرىنىڭ ئۆچىنى بىر - بىرلەپ ئالماقچى ئىدىم، ھازىر ئويلىسام بۇ نادانلىق، ئەخمەقلىق ئىكەن... مەن شۇنىڭدىن نېمىگە ئېرىشىمەن؟ ئەنۋەر جېنىمدا شۇنچە يىل مېنىڭ سەۋەبىمدىن كۆلپەت چېكىپ تۇرۇپ يەنە مېنى كەچۈرۈۋاتىدۇ، مەن شۇنى بولسىمۇ دورىيالمىدىمغۇ؟...»

ئادىلجاننىڭ ئىشى ئۇنىڭ ھەممە پىلانلىرىنى يوققا چىقىرىپ ئۈمىدسىزلەندۈردى، بۇ ئەمدى تۇردى ئوسمانلار ئۈچۈن دەسمايە بولدى. «ئۇلار ھازىر ھەممە يەردە مۇشۇ توغرۇلۇق مۇھاكىمە قىلىشىۋاتىدۇ، مېنىڭ قانداق قىلىشىمنى كۈتۈۋاتىدۇ. توۋا، بۇ پالاكەت نېمىدەپ مېنىڭ بېشىمغا كېلىپ قالدى؟ ئۇز ۋاقتىدا ئادىلجان ‹ئۈرۈمچىدە قالىمەن› دېگەندە، بوپتۇ دەيدىغانمۇ گەپ ئىكەن. كۆزدىن يىراقتا نېمە بولسىمۇ مەيلىتى، ھەممىنى قىلغان چىمەنگۈل. ئۇز ۋاقتىدا ئۇنى چىڭراق تۇتايلى دېسەم يول قويمىغانىدى، بولۇشىغا قويۇپ بەرگەنىدى، ئاخىرى مانا خۇلاسىسى چىقتى. ئەنۋەرنىڭ ئازراق يېرىنى بولسىمۇ دورىمىدى، يەنىلا ئەنۋەر مېنىڭ ھالىمنى چۈشەندى، ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇنىڭغا دادىلىقنى يەتكۈزىمەن...»

ياسىنجان ۋالىي ئۆيگە ئالدىرىمىدى، نېمىشقىدۇر كۆڭلى پەرىشان، چىگىش خىياللار كۆڭلىنى ساراسىمىگە سالاتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ھەممىدىن كۆڭلى سوۋۇدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ۋەھىمە ئۇنىڭغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى ئاچچىق - ئاچچىق سانجىپ كەتتى. شەھەرگە گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى يېيىلغان ئىدى. كوچىلاردا ئادەم شالاڭ ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ تونۇشلارنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ پىيادىلەر يولىدىن ئۆتۈپ باغچىغا كىردى ۋە ئادەمسىز بىر يەرنى تاللاپ

ئولتۇردى . ئۇنىڭ ئەزايىغا ھاردۇق يەتكەندەك بوشىشىپ كەتتى . ئۇ بۇ باغچىغا شۇ كەمگىچە بىر قېتىممۇ كىرىپ باقمىغانلىقىنى ئويلاپ «ئۇھ» تارتىپ قويدى . ئۇنىڭ پۈتۈن كۆڭلىرى خىزمەت ، يىغىنلار بىلەنلا ئۆتۈۋاتاتتى . «ھايات دېگەن شۇمۇ؟ مەن نېمىگە ئېرىشتىم؟… توغرا ، مەن ئۆز ۋاقتىدا ھوقۇق ، مەنسەپنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىدىم . شۇڭا ھوقۇق ئۈچۈن كۆرەش قىلدىم ، ئاخىرى بۇنىڭغىمۇ ئېرىشتىم . لېكىن بۇنىڭ ھېسابىغا ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان ، مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان نەرسىنى يوقاتتىم ، مەن ئەسلىدە بۇ يەرگە يېنىپ كەلمىسەم بوپتىكەن… »

ياسىنجان ۋالىي تۈنجى قېتىم پۇشايمان قىلدى . ئىنسان دېگەن شۇنداق نەرسە : بەزىدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك سېنى ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچكۈزۈۋېتىدۇ ، سەن ھەممىنى چۈشىنىپ ، قانداق ياشاشنى بىلگەن چېغىڭدا كېچىككەن بولىسەن ، پۇشايمانلىرىڭمۇ ،، ئارزۇ - مەقسەتلىرىڭمۇ بىكار بولىدۇ…

يانفوننىڭ ئەنسىز سايرىشى ياسىنجان ۋالىينى خىيالدىن سەگىتتى . ئۇ يانچۇقىدىن يانفوننى ئېلىپ قارىدى . تېلېفوننىڭ ئۆيدىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ چىرايىنى تۈردى . ئۇنىڭ بۈگۈن چىمەنگۈلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغۇسى ، چىرايىنىمۇ كۆرگۈسى يوق ئىدى . لېكىن تېلېفون كەينى - كەينىدىن سىگنال بېرىۋەرگەندىن كېيىن : «يەنە خىزمەت ئىشى بولۇپ قالمىسۇن» دەپ تېلېفوننى ئالدى .

— سىز نەدە؟ — چىمەنگۈل ئاچچىق ئارىلاش سورىدى ، — دوختۇرخانىغا تېلېفون قىلسام سىزنى خېلى بۇرۇن كەتكەن دەيدۇ ، نەدە يۈرىسىز؟

— نېمە بولدى؟ — ياسىنجان ۋالىي كۆڭۈلسىزلا دېدى .

— ئۆيگە تېز يېنىپ كېلىڭ ، ئابلا جۇيجاڭ باياتىن تېلېفون قىلغانىدى .

— نېمە دەيدۇ ؟
— ئۆيگە تېز كېلىڭلا !— چىمەنگۇل شۇنداق دېدى ـ دە ، تېلېفوننى ئېتىۋەتتى .
ياسىنجان ۋالىي چىمەنگۇلنىڭ تەلەپپۇزىدىن ياخشىلىقنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ كۆڭۈلىنى يېڭى بىر ۋەھىمە قاپلىدى .

## 28

ئاتىكەم ئۆيگە ھودۇققان ھالدا ئالدىراپ كىردى . ئادەتتە ئاسمان ئۆرۈلۈپ كەتسىمۇ تەۋرەپ قويمايدىغان ئېزىلەڭگۇ ئايالنىڭ ھازىرقى جىددىيلەشكىنىنى كۆرگەن تۇردى ئوسمان ئۇنىڭ بىرەر مۇھىم خەۋەرنى ئۇقۇپ كەلگەنلىكىنى پەملەپ سورىدى :
— نېمە بولدۇڭلا ؟
— يېڭى بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ كەلدىم ،— دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ .
— نېمە خەۋەر ؟
— ئەنۋەرجاننى ماشىنىدا باستۇرۇۋەتكەن كىمكەن دېمەملا ؟
— ھە ، كىمكەن ؟
— ياسىن ۋالىينىڭ كىچىك ئوغلى ئادىلجان ئىكەن...
— نېمە دېدىڭلا ؟ — تۇردى ئوسمان بىرى بېقىنىغا نوقۇغاندەك ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى ،— ئادىلجان دەمسىلە ؟
— ھە ، شۇ ئىكەن .
— كىم دەيدۇ ؟
— باياتىن دوختۇرخانىغا دورا ئالغىلى بارغان ، ئەنۋەرجاننى يوقلاپ كېتەي دەپ كىرسەم يېنىدا گۇلشەن بار ئىكەن ، شۇ دېدى . ئادىلجاننى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ دەيدۇ .
تۇردى ئوسمان بۇ خەۋەرگە بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەي

تۇرۇپ كەتتى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا جان كىرگەندەك بولۇپ تېتىك-
لەشتى ، كۆڭلى خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتى . شۇ هامان ئۇنىڭ
كۆز ئالدىغا ياسىنجان ۋالىينىڭ تەكەببۇر قىياپىتى كېلىپ ئاچ-
چىق كۈلۈپ قويدى . «خوش ، ياسىناخۇن ، ئەمدى تاماشاڭنى
كۆرۈپ باقمىزكەن - دە ؟ نەچچە ۋاقىتتىن كۆرەڭلەپ تېرەڭگە
پاتماي كەتكەنىدىڭ . ‹ئالدىرىماڭ يارەي ، سىزگىمۇ بىر كۈن
بارەي › دېگەن مۇشۇ… تەقدىر - قىسمەت مۇنداقمۇ توغرا كەلتۈر-
گەن بارمۇ ؟… بۇ تېخى باشلىنىشى ، ئەتە - ئۆگۈن كۆرىدىغىنىڭ
بار تېخى… سەن ئۆزۈڭچە تۇردى ئوسماننى بوش چاغلاپ قالدىڭ .
مېنىڭ قانات - قۇيرۇقىمنى بوغقۇچلىۋەتتىم دەپ كېرىلىپ كەت-
كەنىدىڭ ، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق ، ئۇستۇڭدىن يېزىلغان ئەرز-
لەردىن تېخى خەۋىرىڭ يوق ، ئەتە - ئۆگۈن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرى-
سەن . مەن بۇ يەردە هايات بار ئىكەنمەن ، ساڭا كۈن يوق… »
— ئەنۋەرجاننىڭ ئەهۋالى قانداقراق ئىكەن ؟— دەپ سورى-
دى ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ .
— خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ .
— ماۋۇ خەۋەرنى ئۇققاندۇ ؟
— ئۇققان ئوخشايدۇ . گۈلشەننىڭ دېيىشىچە ، بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى ، دەيدۇ .
«ئاچچىقىدا يىغلىغاندۇ ؟ دېمىسىمۇ : ‹بالا كەلسە قېرىنداش-
تىن › دەپ دادىسى ئۇنى قارا يېتىم قىلىپ تاشلاپ
كەتسە… ئىنىسى بولغان نېمە ماشىنىدا ئۇرۇۋەتسە ئۇنىڭغا ئېغىر
كېلىدۇ - دە ! بۇ تۇرقىدا ئەنۋەرجان ئۇنى بوش قويمايدىغان بولسا
كېرەك . بولسا ، ھەلىمەنىمۇ كۈشكۈرتۈش كېرەك… » تۇردى
ئوسمان شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاتىكەمگە ئۆرۈلدى :
— ماڭا قاراڭلا ،— دېدى ئۇ ،— ياسىن ۋالىينىڭ ھەيۋىسى-
نى سۇندۇرىدىغان پۇرسەت ئەمدى كەلدى . ئەگەر ئەنۋەرجان
بىلەن ئاپىسى قاتىلنى جازالاشنى چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلسا ياسىن-

جانىنىڭ ئۇ ئوغلىنى چوقۇم كېسىۋېتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ياسىن-
جانىنىڭ بۇ يەردىكى ئابرۇيىمۇ بىر پۇل بولىدۇ . شۇڭا گۈلشەنگە
دەڭلا ، ئەنۋەرجان چىڭ تۇرسۇن ، ئاندىن ھەلىمەگىمۇ خىزمەت
ئىشلەش كېرەك . قايسى كۈنى گۈلشەن ئۇنى ئاغرىپ قاپتۇ ،
دېگەندەك قىلىۋاتاتتى . بېرىپ قويدۇڭلىمۇ ؟

— بارغۇدەك نەدە چولا ؟ بۇ نەچچە كۈن كۈرس ئاچىمىز ،
دەپ ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق .

— خىزمەت دېگەن تۈگىمەيدۇ ، — دېدى تۇردى ئوسمان
ئاچچىقى كەلگەندەك بولۇپ بېشىنى چايقاپ ، — ئايال كىشىنى
مەن يوقلاپ بارسام سەت تۇرار ، بۈگۈنلا بېرىڭلار ! ئوبدانراق
تەييارلىق قىلىپ بېرىڭلار جۇمۇ !

ئېرىنىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈگەن ئاتىكەم دەرھال ماقۇل
دېدى .

— ئاندىن كېيىن ، — دېدى تۇردى ئوسمان نېمىدۇر ئېسىد-
گە كەلگەندەك بولۇپ ، — بۇ خەۋەرنى پۈتۈن شەھەرگە تارقىتىش
كېرەك . سىلەرنىڭ ھېلىقى قاتار چېيىڭلار بولۇۋاتقاندۇ ؟

— ئەتە سەلىمەم ئۆتكۈزمەكچى .

— چايدا ھەممىگە دەڭلا ، ئۇلارنىڭ ئاغزى رادىئو - تېلېۋى-
زوردىنمۇ تېز…

— ھە ، راست ، يەنە بىر گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ، — دېدى
ئاتىكەم ئالدىراپ .

— نېمە گەپ ؟

— بۈگۈن دوختۇرخانىدا بىرقانچىسى دەيدۇ ، ھازىر چىمەن-
گۈلنىڭ كامپانىيىسىدىكىلەر چايلىرىنى شەھەر ئاتلاپ ئويناي-
دىغان بولۇپ كېتىپتۇمىش .

— قانداق ؟

— ئۇلار چاينى بۇ يەردە ئەمەس ، ساياھەت قىلغاچ ئويناي-
دىغان پەدىنى چىقىرىپتۇ ، دەيدۇ . يېقىندا ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوي-

ناپ كەپتۇمىش ، بۇدا ئىچكىرىگە بېرىپ ئويناپمىز دېيىشىۋاتقۇ-
دەك .

«جاھاننى بۇزىدىغانلار ھەممىدىن بۇرۇن مۇشۇ خوتۇن خەق-
لەرغۇ ، ئەمدى ماۋۇ پەدىنى چىقىرىپتۇ - دە ! بۇلار نەدىكى پۇلغا
ساياھەت قىلىدىغاندۇ ؟ — تۇردى ئوسماننىڭ كۆڭلىگە شۇ ھامان
گۇمان چۈشتى ، — ئۈرۈمچىگە بارسىمۇ مېھمانخانىدا يېتىش
كېرەك . مېھمانخانىنىڭ بىر كۈنلۈكى پالانچى پۇل ، ساياھەت
قىلسىمۇ پۇل كېتىدۇ ، بۇ خوتۇنلارنى تاراقشىتىپ ئۇسسۇلغا
سېلىۋاتقان بىر ئويۇن بارمۇ نېمە ؟...»

— ئۇنداقتا بىر چايغا نەچچە مىڭنى خەجلەپ قويغۇدەك -
دە ، بۇلار ؟ — تۇردى ئوسمان بۇنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقۇپ
باقماقچى بولۇپ سورىدى .

— خوتۇنلارنىڭ دېيىشىچە ، نۇرىمان شۇ چايغا ئون نەچچە
مىڭنى خەجلەپتۇ دەيدۇ...

— پاھ ، قالتىسقۇ ؟ ئۇغۇ سودىگەر بولغاچقا پۇلى باردۇ ؟

— بۇلار ھازىر چايغا ئوينىمايدىكەن ، سودا قىلىۋاتقاننىڭ
گېپى بار .

— نېمە سودا ؟ — تۇردى ئوسمان دىققەت بولۇپ سورىدى .

— ئۆتكەندە خەلچەم مۇدىر شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى-
نىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ، بىز ھازىر ئاياللار-
نى خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا تەشكىللەۋاتىمىز دەپ چىمەنگۈل
باشلىق ئون ئايال چايدا چۈشكەن پۇلدىن يېتىملار ساناتورىيىسى-
گە يىگىرمە مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى ، دەپ ئالاھىدە تىلغا ئالدى .
بۇنى گېزىت ، تېلېۋىزىيىدىمۇ خەۋەر قىلغانتى ، كېيىن ئۇقساق
ئۇلار سودا قىلىپ شۇنىڭ پايدىسىدىن ئىئانە قىپتۇمىش .

— ئۇلار نېمە سودا قىلىدىكەن ؟

— ئېنىق ئۇقمىدىم ، خوتۇنلارنىڭ دېيىشىچە ، ئوغۇت ئې-
لىپ سېتىۋاتىدۇ دېگەندەك قىلىدۇ .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇردى ئوسمان سەگەكلەشتى .
— بۇ ئىشنى ئۇقۇپ باقساڭلا بولىدىكەن ، ئەگەر ئۇلار راستتىنلا شۇ سودىنى قىلىۋاتقان بولسا بۇنىڭدا چوقۇم مەسىلە بار ، هازىر خىمىيىۋى ئوغۇت ، ئۇرۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى هۆكۈمەت چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ . بۇلار چوقۇم ئۇ نەرسىلەرنى زاۋۇت باهاسىدا ئېلىپ قىممەتتىگە سېتىۋاتىدۇ ، بۇ قانۇنغا چۈشىدىغان مەسىلە… ئۇلارنىڭ چېپىدا كىملەر بار ؟… ئايىشەم جۈيجاڭ بارمۇ ؟
ئايشەمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئاتىكەمنىڭ قاپاقلىرى سۈزۈلدى .
— بولمامدۇ ، — دېدى ئۇ ،— هازىر ئۇ چىمەنگۈلنىڭ ئۆيىدىن چىقمايدۇ ، ئۆز ۋاقتىدا بوسۇغامدىن كەتمەيدىغان پاسكىنا ئىدى ، ئادەم دېگەن يۈزسىز بولسىمۇ ئامال يوق ئىكەن…
تۇردى ئوسمان ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ قىمىرلاپ قويدى . ئۇنىڭ ئېسىگە بىر چاغلاردا شۇ ئايال بىلەن بىللە بولغان شېرىن كۈنلەر كېلىپ خۇرسىنىپ قويدى ـ دە ، گەپنى دەرهال يۆتكىدى :
— ماۋۇ مۇهىم گەپ ئىكەن ،— دېدى ئۇ جىددىي تۇردە ،— ئەگەر بۇ ئاياللار راستتىنلا خىمىيىۋى ئوغۇت سودىسى قىلىۋاتقان بولسا بۇ بىر مەسىلە . ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ئالالمايدۇ ، ئۇلارنىڭ كەينىدە چوقۇم ئەرلىرى بار ، چۈشەندىڭلىمۇ ، شۇڭا بۇنى چاندۇرماي ئۇقۇپ بېقىش كېرەك ، بولامدۇ ؟
— ماقۇل ،— دېدى ئاتىكەم…
بۈگۈن ئاتىكەم ئەكەلگەن خەۋەرلەر تۇردى ئوسماننىڭ قەلبىگە ئۈمىد چىرىغى ياققاندەك بولۇپ ئۇنى خۇش قىلدى ، ۋۇجۇدىغا باشقىدىن جان كىرىپ تېتىكلەشتى . ئۇنىڭغا گويا يېقىن كۈنلەردە چوڭ بىر ئۆزگىرىش بولىدىغاندەك ، ياسىنجان ۋالىيدىن ئۆچ ئالىدىغان پۇرسەت كېلىدىغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى . ئەل-

ۋەتتە ، ئۇ بۇ يولدا ئاز ئىش قىلمىدى . «ئاۋات»لىق يۇرتداشلى-
رىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ ئەرز قىلدۇردى ، 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ مۇدىرى جاپپارغا يول كۆرسىتىپ ئاپتونوم رايونغا ئەۋەتتى .
«ئۇنىڭ ئىرادىسى چىڭ ئىكەن : ‹بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ
چىقمىغۇچە توختىمايمەن› دەپ يۈرىدۇ . بۈگۈن ئاتىكەم دەپ
كەلگەن خەۋەرمۇ مۇھىم ، ئەگەر ئۇلار راستىنلا سودا قىلمۇاتقان
بولسا بۇنىڭغا چوقۇم ياسىن شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ .
خەير ـ ساخاۋەت قىلارمىش ، بۇ بىر پەردە نىقاب . ئۇلار شۇ
ئارقىلىق پۇل تېپىۋاتىدۇ ، نۇرىمان ئاربلاشقان ئىكەن ، بۇ چوقۇم
سودا… بۇنى ئېنىقلاپ بېقىش كېرەك . كىم بىلىدۇ ، مۇشۇ
ئىشتىن ياسىننى پۇتلىغۇدەك بىرەر نېمە چىقىپ قالامدۇ ؟… »
بۈگۈن تۇردى ئوسماننىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالدى . ئۇ
دوختۇرنىڭ «بالىنىستىتا يېتىپ داۋالانمىسىڭىز بولمايدۇ» دېگەن
گەپلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ ئىدارىغا بارماقچى بولدى . ئۇ ئۆيدىن چىقى-
ۋېتىپ ئاتىكەمگە بۇيرۇق قىلدى :
— ئەته ـ ئۆگۈنگىچە گۈلشەن بىر كەلسۇن !
— نېمە ئىش بولدى ؟
— سوراپ نېمە قىلىسىلە ، گەپ بار… ، — دېدى تۇردى
ئوسمان ئايالىنىڭ كوچىلاپ سوراپ كەتكىنىگە ئاچچىقى كېلىپ .
ئاتىكەم گەپ ـ سۆز قىلمىدى . ئۇ ئېرىنىڭ مىجەزىنى
ئوبدان بىلىدۇ . ئەگەر يەنە بىرەر ئېغىز گەپ سورىسا تۇردى
ئوسمان ئۇنى سورىغىنىغا تويغۇزۇپ قويىدۇ . شۇڭا ئۇ سۈكۈت
قىلىشقا ئادەتلەنگەن . ئۇ ئېرىنىڭ رايىغا بېقىپ شۇنچە يىللارنى
ئۆتكۈزدى . بۇ ئۆيدە ھەممە ئىشلار تۇردى ئوسماننىڭ ئىرادىسى
بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ، نېمە تاماق ئېتىش ، ئۆيگە نېمە ساي-
مان ئېلىشلاردىن تارتىپ تۇردى ئوسمان بەلگىلەيتتى . ئائىلىدە
ھېچكىم ئۇنىڭغا «ياق» دەپ قارشى گەپ ياندۇرۇپ باقمىغان .
تۇردى ئوسمان ئائىلىدىكى بۇ تۈزۈم ـ تەرتىپنى ھەرگىز بوشاش-

تۆرمايتتى . شۇڭا ئۇ ئاتىكەمنىڭ ئېسىدە يوق سورىغان سوئاللىرىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋەتتى .

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ گۈلشەن چوڭ ئۆيگە كەلدى . يېقىندىن بۇيانقى جىددىيچىلىك ، ئەنۋەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىشى ئۇنى ئوبدانلا ھارغۇزۇپ ئورۇقلىتىۋەتكەنىدى . «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دەپ قايسى كۈنى ئوغلى ئاغرىپ بەردى . ھېلىمۇ قېينانىسى ھەلىمە بالىغا تەڭ قارىدى ، سەل ياخشى بولغاندا مەن قاراي ، دەپ بالىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى . شۇڭا ئۇ بۈگۈن ئاران ۋاقىت چىقىرىپ كەلگەنىدى .

تۇردى ئوسمان ئەسلىدە ئۇنىڭ دېگەن چاغدا كەلمىگەنلىكىگە قايىلماقچى ئىدى ، لېكىن قىزىنىڭ ھارغىن چىرايىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى .

— ئەنۋەرجاننىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ — دېدى ئۇ سوغۇقلا قىلىپ .

— خېلى ياخشى ، پۈتىدىكى گىپىسنى بۈگۈن ئالدى .

— كارىۋاتتىن چۈشتىمۇ ؟

— ئەتىگىچە چۈشۈپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئوخشايدۇ ، ئاسىيە دوختۇر ھەرىكەت قىلىپ بەرسۇن ، دەيدۇ .

تۇردى ئوسمان ئىتتىك گۈلشەنگە قارىدى . ئۇنىڭ قارىشىدىن گۈلشەننىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى . ئاتىكەمۇ گۈلشەنگە قاراپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى . گۈلشەن شۇ چاغدىلا ئاسىيەنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلدى .

— ياسىن ۋالىي يوقلاپ كەلدىمۇ ؟

گۈلشەن دادىسىنىڭ مۇشۇنى سورايدىغىنىنى ئويلىغانىدى . ئۇ ئىچىدە : «دادام بۇلارنىڭ ئىشىغا نېمىدەپ ئارىلىشىدىغاندۇ ؟» دەپ ئويلىدى ۋە نېمە دەيدىكىن دەپ :

— كەلدى ، كۈن ئارىلاپ يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ ، — دېدى .

تۇردى ئوسماننىڭ چىرايى يېقىمسىز پۈرۈشتى .

— بۇ گەپچە ، ئەنۋەرجانمۇ دادىسىنى تېپىۋاپتۇ - دە ؟— تۇردى ئوسمان دىمىغىنى ئاچچىقى بىلەن قېقىپ قويدى ،— «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دېگەن شۇ… مەن ئەنۋەرجاننى خېلى جىگەرلىك دەپ ئويلىسام بۇمۇ تايىنلىق نېمە ئىكەن… ئۇ ئۆزىنى ماشىنىدا ئۇرۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇقمىغاندۇ ھەرقاچان ؟

— ئۇقتى ، دادىسىمۇ كېلىپ دېدى .

— ھە ، ئەنۋەرجان قانداق قىلىپ قالدى ؟ — تۇردى ئوسمان ئالدىراپ سورىدى .

گۈلشەن : «نېمە دېسەم بولار ؟» دېگەندەك ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ كەتتى .

— ھە ، گەپ قىلمايسىزغۇ ؟

— ئەنۋەر باشتا بەك ئازابلاندى ، — دېدى گۈلشەن بۇ ئىشقا گويا ئۆزى ئەيىبكاردەك دۇدۇقلاپ .

— كېيىنچۇ ؟

— ئادىلجاننىڭ قەستەن قىلمىغانلىقىنى بىلىپ كەچۈرۈۋەتتى .

— كەچۈرۈۋەتتى ؟— تۇردى ئوسمان ئاچچىقى بىلەن قايتىلاپ سورىدى ، — سىزمۇ بوپتۇ دېدىڭىزمۇ ؟ ئۇنى قەستەن قىلمىدى دەپ كىم دەيدۇ ؟

— دادا ، ئادىلجان ئۇ كۈنى ئېغىر مەست ئىكەن ، ئۇنداق چاغدا ئادەم تونۇمدۇ ؟

تۇردى ئوسماننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى .

— ياخشى ، ياخشى ، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن تىترەپ تۇرۇپ ، — شۇنداق قىلىپ ئەنۋەرجان ئەرز قىلمايدىغان بولدى دەڭ ، شۇنداقمۇ ؟ سىزچۇ ، سىزمۇ ماقۇل دېدىڭىزمۇ ؟

— مەن نېمە دەيمەن ؟… ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنۋەرمۇ ياخشى بولۇپ قالدى ، ئۇلارنى ۋەيرانچىلىققا سالساق نېمە پايدا ؟ ئەگەر

شۇ كۈنى ئاسىيە قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا ئەنۋەر بۇ دۇنيادا يوق ئىدى. ئاسىيە كېچە - كۈندۈز يېنىدىن نېرى بولماي داۋالىدى، بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ مەن يەنە نېمە قىلىمەن؟

تۇردى ئوسمان قىزىنى بۈگۈن كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ كەتتى.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى ئۇ زەھەر بىلەن دىمىغىنى قېقىپ، — دېمەك، ياسىنلارغا ئىچىڭىز ئاغرىپ ئېرىپ كېتىپسىز دە؟ ياخشى... — ئۇ بىر چەتتە گەپ قىلماي سالپىيىپ تۇرغان ئاتىكەمگە قاراپ خىتاب قىلدى، — قىزىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، بۇ يېڭى گەپ بولدىغۇ، ئەجەبا، ياسىن بىزگە نېمە ياخشىلىق قىلدى دەپ ئويلاپ باقمايدىكەنسىز - ھە؟... ئۇ كەلگەندىن بۇيان نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ، ماڭا تېگىدىغان ۋالىيلىق ئورۇننى ئىگىلىۋالدى، بىزگە ماڭدامدا بىر زەربە بېرىۋاتىدۇ، مېنىڭ يېقىنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى چەتكە قاقتى، ئۇنىڭ مەقسىتى مېنى ئۆرۈۋېتىش. ئۇ بۇ يولدا قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلىۋاتىدۇ، ئەجەبا، ئۇ بىزگە قىلسا بولىدىكەن، بىز تەگسەك بولمامدىكەن؟ ئەنۋەرجان ئۇنىڭ پۇشتى بولغاچقا دادىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنگە ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى ساقلىماقچى بولۇپ كەچۈرۈپتۇ، سىزچۇ، سىزمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا قېتىلىپ كەتتىڭىزمۇ؟

— ئەمىسە مەن نېمە قىلىمەن؟ — گۈلشەن بىزار بولغاندەك بولۇپ دېدى.

— ئەنۋەرجاننى ئەرز قىلدۇرۇڭ!

— ئۇ ئۇنىمىسىچۇ؟

— ئۇنىمىسا سىز ئەرز قىلىڭ! سىز دېگەن ئۇنىڭ ئايالى. ناۋادا ئەنۋەرجان مۇشۇ ۋەقەدە ناكار بولۇپ قالغان بولسا كىمگە بولاتتى، بار جاپانى سىز تارتاتتىڭىز، ئەنۋەرجان ئويلىمىغان يەردە سىز بىلىشىڭىز كېرەك - دە! ئەنۋەرجاننى گەپكە كىرگۈ-

زۆشىگىز كېرەك ـ دە ! ھازىرچۇ خەققە ئىچ ئاغرىتىدىغان ، يول قويىدىغان زامان ئەمەس جۇمۇ !

گۈلشەن تەڭقىسلىقتا قالدى . ئۇ ئەنۋەرنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدۇ . ئەنۋەرنى گەپكە كىرگۈزۈش دادىسى دېگەندەك ئاسان ئەمەس . بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ بىر جېدەلنى قوزغىسا بولىدۇ . بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئائىلىنى ۋەيران قىلىشى مۇمكىن . لېكىن ، دادىسىنىڭ خۇيىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ، ئۇمۇ دېگىنىدىن يانمايدىغان ئادەم . «قانداق قىلىش كېرەك ؟ خۇداغا شۈكۈر ، ئەنۋەر ساقىيىپ قالدى ، ئۇمۇ بىر يېرىنى ئويلاپ ‹بولدى › دەۋاتىدۇ . مەن مۇشۇنداق چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسەم قانداق بولىدۇ ؟ ھېلىمۇ دادامنىڭ رايى بىلەن نەچچە ۋاقىتتىن ئۇنى جىق خاپا قىلدىم ، بوزەك قىلدىم ، ئەنۋەر شۇنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈردى ، ئەمدى كۆتۈرۈشىمۇ ناتايىن ، بولدىلا...»

گۈلشەن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم دادىسىغا قارشى چىقتى .

— دادا ! — دېدى ئۇ ئاستا ، — سىز بۇ ئىشقا ئارىلاشمىسىڭىز بوپتىكەن...

قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇردى ئوسماننىڭ ئاق سېرىق چىرايى كۆكىرىپ كەتتى .

— نېمە دېدىڭىز ؟— دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ،— يەنە بىر دەڭا !

— دادا ، — دېدى گۈلشەن يىغلامسىراپ ، — مېنى قىينىمىسىڭىز بولمامدۇ ، بۇنى تەرگەپ نېمە قىلىسىز ؟ مەن ئەرز قىلسام ئۆيىنى بۇزسام بولىدۇ .

— بۇزۇلسا نېمە بوپتۇ ؟ بۇزۇش توغرا كەلسە بۇزۇش كېرەك !

— ياق ،— دېدى گۈلشەن بېشىنى تولغاپ ، — مەن بالامنى يېتىم قىلمايمەن !

تۇردى ئوسمان بىرپەس گۈلشەنگە تىكىلىپ قادالغىنىچە تۇرۇپ كەتتى . ھازىرغىچە بالىلارمۇ ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا بۇنداق

گەپ ياندۇرۇپ باقمىغانىدى . گۈلشەننىڭ بۇ قارشىلىقى ئۇنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى .
— يوقال ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قولىنى شىلتىپ ، — كۆزۈمدىن يوقال ! ئىككىنچى بۇ ئۆيگە دەسسىگۈچى بولما !...
گۈلشەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . ئۇ دادىسىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى كۈتمىگەنىدى ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى .
— يوقال دەۋاتىمەن ! — تۇردى ئوسمان غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى .
گۈلشەن ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە كەينىگە قايرىلدى ۋە ئېتىلىپ غىنىچە سىرتقا چىقتى . ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەيتتى ، ئاچ چىق ئەلەملىك ياش بولۇپ قۇيۇلاتتى ، ئۇ دادىسىنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىنى ئېنىق ئاڭلىمىدى . ئۇ باراڭ ئاستىغا كېلىپ بىردەم تۇردى . ئۆي ئىچىدىن ئاپىسىنىڭ بولسا كې ك ، يىغلاپ يالۋۇرغان ئۈنىنى ئاڭلىدى ، لېكىن كەينىدىنلا دادىسىنىڭ :
— سەنمۇ يوقال ! ھۆي ، نائەھلىيلەر ! — دېگەن ھەرلىك ئاۋازى كەلدى .
گۈلشەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتتى- دە ، كوچ چىقتى . ئۇنىڭ مېڭىسى غوڭۇلدايتتى ، يۈرىكى ئاچچىق بىرنى نى تۆكۈپ قويغاندەك ئېچىشاتتى . چوڭ كوچىغا چىققاندىن ك ن ، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىلا ئۆي يۈز بەرگەن ئىشلار ، دادىسىنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايى كېلىپ تەرەپ كەتتى . «توۋا ، دادام نېمانچىلا قىلىدۇ ، باشقىلارنىڭ له ئىشلىرىغا نېمىدەپ ئارىلىشىدۇ ؟... ئۇ ئەنۋەرنىڭ دادىسىغا نېمانچە ئۆچلۈك قىلىدىغاندۇ ؟ بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈگمەيدىغان نېمە ئاداۋەت باردۇ ؟ ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ ئەنۋەر بىلەن ي قىلىشىمغىمۇ شۇنداق قارشىلىق قىلىپ كەتتى ، ھەتتا سېنى ەك قىزىم يوقمۇ

ىدى ، بۈگۈن بولسا يەنە مۇنداق دەيدۇ ، دادامغا زادى نېمە كېرەك ؟ ئۇنىڭغا نېمە يەتمەيدۇ ؟ ئەمەل دېسە ئەمىلى بار ، بالىلار-دىنمۇ ھېچقانداق بىر خاپىچىلىق كۆرمىدى ، بولدى ئەمەسمۇ ؟... ئەمەل ، ھوقۇق دېگەن ئادەملەرنى شۇنداق تىنچ قويمايدىغان نەر-سىمىدۇ ؟ ئەنۋەرنىڭ دادىسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلنى دەپ ، ئۆينى ۋەيران قىلىپ ئەنۋەرنى يېتىم قىلىپ كېتىپتىكەن . دېگەن ئەمە-لىگىمۇ ئېرىشتى ، لېكىن ئاسمانغا چىقىپ كەتمىدىغۇ ، يەنە خاپە-چىلىقتىن نېرى بولالمايۋاتىدۇ . ئۇنىڭدىن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم ئىكەن ، يەيدىغىنىمىز بار ، كىيىمەن دېسەك تۇرۇپتۇ ، ھېچكىم بىزدىن بىرنەرسىنى تالاشمايدۇ ، ئەنۋەر شۇڭا بانكىغا باشلىق قىلىمىز دېگەندە ئۇنىماي كەتكىنى شۇ ئىكەن - دە ! ئەمەل تۇتقانلار دادامدەك بولىدىغان بولسا ئۇنى نېمە قىلىدۇ ؟... مەن ئەنۋەردىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن ، ئوغلۇمنى يېتىم قىلمايمەن !... »

گۈلشەن سەل يېنىكلىگەندەك بولۇپ ئۆدۈل دوختۇرخانىغا ماڭدى .

## 29

ساقچى باشلىقى ياسىنجان ۋالىيغا ئادىلجاننىڭ يېقىندىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى .

— ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بار ، ھازىر قانۇن ئورۇنلىرىدى-كى خىزمەتچىلەرگە قويۇلۇۋاتقان تەلەپ بەك قاتتىق ، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي ، — ئادىلجانمۇ بىلىدۇ ، بىز يېقىندىلا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا ھاراق ئىچىپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بىر ساق-چىنى چارە كۆرۈپ خىزمەتتىن بوشاتتۇق . ئادىلجان بولسا بىر ئەمەس ، بىرنەچچە قېتىم ۋەقە تۇغدۇردى . شۇ كۈنىمۇ ئەسلىدە ئادىلجاننى ئىدارىدە نۆۋەتچىلىككە بەلگىلىگەن ئىكەن . لېكىن ئۇ

ئەترەت باشلىقىغا : «مومام ئوپېراتسىيە قىلىنغانتى ، مەن كەچتە شۇنىڭغا قارىمىسام بولمايدۇ» دەپ يالغان ئېيتىپ ئولتۇرۇشقا كېتىپ ئاخىرى بۇ ۋەقەنى سادىر قىلدى . ئىلگىرى بىز سىلىنىڭ يۈزلىرىنى قىلىپ تەربىيە بېرىپلا ئۆتكۈزۈۋېتىپ كەلگەن ، بۇنىڭ-غا ئىدارىدە باشقىلارنىڭ پىكرىمۇ جىق . بۇ ئىشنى ئەمدى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدىكىن ، بىزنىڭمۇ بېشىمىز قېتىپ قالدى...

«بۇ ئاداش زادى نېمە دېمەكچى ؟ — ياسىنجان ۋالىي ئۆنىڭ ئۆزۈندىن - ئۆزۈن چۈشەندۈرۈشلىرىدىن بىزار بولۇپ قاراپ قويدى ، — مېنى چېكىپ باقاي دەۋاتامدۇ ؟ ياكى مۇشۇ باھانىدە بىرەر نەرسە ھەل قىلىۋالماقچىمۇ ؟... مەن ساڭا ئوخشاش نېمە-لەرنى كۆپ كۆرگەن ، قېنى نېمە دەيسەنكىن ، يۈرىكىڭدىكى مەق-سىتىڭنى ئاڭلاپ باقاي... »

— ئادىلجانغا قانداق چارە كۆرمەكچىسىلەر ؟ — دەپ سورى-دى ئۇ .

— مەنغۇ ئامال بار يېنىكرەك بىر تەرەپ قىلىش تەرەپدارى ، ئۆزلىرىمۇ بىلىلا ، بۇ يالغۇز مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس...

— مەن سىلىگە باشتىلا دېگەن ، — ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ، — ئادىلجان سەل شوخراق ، شۇڭا چىڭراق تۇتۇڭلا دەپ . مەسئۇلىيەتنىڭ بىر قىسمى سىلەردىمۇ بار ، نېمە-دەپ ئۇنىڭغا ماشىنا تۇتقۇزۇپ قويىسىلەر ؟

— جىنايى ئىشلار ئەترىتىدىكىلەرگە خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ماشىنا سەپلەپ بېرىلىدۇ . بۇ ئىدارىنىڭ بەلگىلىمىسى .

ياسىنجان ۋالىي ساقچى باشلىقىغا قاراپ قويۇپ سورىدى .

— سىلىنىڭمۇ بالىلىرى باردۇ ؟

ۋالىينىڭ سوئالى ساقچى باشلىقىنى ئەجەبلەندۈردى .
— بار ، — دېدى ئۇ ، — مەن بالىغا خېلى باي . تۆت بالا بار .
— ھەممىسى خىزمەت قىلامدۇ ؟
— ئۈچى خىزمەتكە ئورۇنلاشتى .
— تۆتىنچىسىچۇ ؟
— كەنجىسى قىز ئىدى . سىفەننى پۈتتۈرۈپ كەلگىلى بىر يىل بولدى ، شەھەردە ھېچ ئورۇن چىقمايۋاتىدۇ ، مائارىپتىكىلەر بىلەن كۆرۈشسەم يېزا مەكتەپلىرىنى دەۋاتىدۇ ، قىزىم بولسا يېزىغا بېرىشقا ئۇنىمايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ .
«مۇنداق يېرىڭ بار ئىكەن - دە . بالدۇرراق دېسەڭ بولمامدۇ ؟ »… ياسىنجان ۋالىي ساقچى باشلىقىنىڭ ئىلتىجا بىلەن دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى - دە :
— شەھەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىدىڭلار مۇ ؟— دېدى توغرىدىن - توغرا دېمەستىن .
— كۆرۈشكەن ، تۇرغۇن شىجاڭغا دېگەنتىم ، ئۇ ئادەم شەھەردىكى مەكتەپلەردە شتات ئېشىپ كەتتى ، ئورۇن يوق دەيدۇ .
ئەسلىدە شەھەر باشلىقى تۇرغۇن ئۆز ۋاقتىدا بىر تۇغقىنىنىڭ نوپۇسىنى ھەل قىلىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ساقچى باشلىقىنى سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ قايتۇرغانىدى .
— مۇنداق دېسىلە ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي سائىتىگە قاراپ قويۇپ ، — سىلىدىمۇ بالا دەردى بار ئىكەن - دە . مۇنداق قىلايلى ، سىلى ئەتە بالىنىڭ ئەھۋالىنى يېزىپ ئىشخانامغا بېرىڭ. لا ، مەن تۇرغۇن شىجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي…
ساقچى باشلىقىنىڭ كۆتكىنىمۇ شۇ ئىدى . ئۇ خۇشاللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى .
— رەھمەت ، ۋالىي ،— دېدى ئۇ خۇشامەت بىلەن ئېگىد-

لىپ ،— نەچچە ۋاقىتتىن سىلىنى ئىزدەپ بارايمۇ دېگەن ، لېكىن سىلىنى بىسەرەمجان قىلىشقا پېتىنالمىدىم ، سىلىنىڭ بۇ غەم-خورلۇقلىرىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن···

— ئادىلجاننىڭ ئىشىنى قانداق قىلساق بولار ؟ — دېدى ياسىنجان ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ .

— ئادىلجاندىن خاتىرجەم بولسىلا ،— دېدى ساقچى باشلىقى دەرھال ، — مەنمۇ ئۇبدان نەسىھەت قىلدىم . سىلى دېگەن ئادەت-تىكى ئادەم ئەمەس ، بىر ۋىلايەتنىڭ رەھبىرى ، سىلىنىڭ ئابرۇي-لىرىنى قوغدىماسلىق قانداق بولىدۇ ؟ بىز ئادىلجاننىڭ ئىشىنى قايتا مۇزاكىرىلىشىپ باقارمىز ، ياش باللار ئەمەسمۇ ، تەربىيە-لىنىۋالساق بولىدۇ .

ياسىنجان ۋالىي ساقچى باشلىقىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ بولدى .

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي ئور-نىدىن تۇرۇپ ،— ھە ، يەنە بىر گەپ ، بۇنىڭدىن كېيىن ئادىلجانغا ماشىنا تۇتقۇزماڭلا بولامدۇ ؟

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، بىزمۇ شۇنداق ئويلاشقان ،— دېدى ساقچى باشلىقى ئالدىراپ ،— ئۆزىمۇ مۇشۇ ئىشتىن كېيىن ماشى-نىدىن تويغاندەك تۇرىدۇ ، مەن خىيالىمدا ئۇنى ئىدارىنىڭ تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا يۆتكىسەك قانداق بولاركىن ، دەۋاتىمەن . سىلىچە بولامدۇ ؟

— ئۇ ئىشخانىدا نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

— چەت ئەلگە چىقىدىغانلارنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ ، ئىشى ئېغىر ئەمەس .

ياسىنجان ۋالىي بىردەم تۇرۇپ كېتىپ :

— بوپتۇ ، ئىشقىلىپ چىڭراق تۇتۇڭلا ، — دېدى .

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، خاتىرجەم بولسىلا... ،— دېدى ساقچى باشلىقى ئۇنى ھويلىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ .

ياسىنجان ۋالىي ساقچى ئىدارىسىدىن كۆڭلى خاتىرجەم بو-
لۇپ يېنىپ چىقتى. ئۇ گويا يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈكنى
ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى. «دېمىسىمۇ، ناۋادا ئادىلجانغا
چارە كۆرۈلسە ئۇ باشقىلار ئالدىدا يۈزىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرە-
دۇ؟ بولۇپمۇ تۇردى ئوسماننىڭ ئادەملىرىگە بولۇپ بېرەتتى -
دە!... مانا هوقۇقنىڭ كارامىتى، ساقچى باشلىقىنىڭ بالىسىنى
سېتىۋالدى مۇدىرىغا دېسەملا پۈتمەمدۇ؟ مەكتەپنىڭ شتاتى ئوشۇق
بولسا نېمە بوپتۇ، هازىر قايسى بىر ئورۇننىڭ شتاتى ئوشۇق
ئەمەس... ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا هوقۇقى يوق ئادەتتىكى بىر
ئادەم بولغان بولسا ئادىلجاننىڭ بۇ ئىشى قانداق بولاتتى؟... ئەڭ
يېنىك بولدى دېگەندە ساقچى ئىدارىسىدىن قوغلىناتتى. هوقۇق
دېگەننىڭ قۇدرىتى مانا مۇشۇ، هازىرقى كۈندە هوقۇقۇڭ بولمىسا
يۈزۈڭمۇ بولمايدۇ، ھەرقانداق قانۇن، پرىنسىپلارمۇ هوقۇققا
بويۇن ئېگىدۇ...» ياسىنجان ۋالىي ئۆزۈن يىللىق هاياتىدىن
چىقارغان بۇ خۇلاسىسىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى. شۇڭا
ئۇ ئۆز ۋاقتىدا هوقۇق ئۈچۈن ئائىلىسىنى ۋەيران قىلدى. هو-
قۇق ئۈچۈن چىمەنگۈلنىڭ خورلۇقلىرىغا چىدىدى. ئاخىرى ئۇ-
نىڭ بېشىغا بۇ ئامەت قوندى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ هۇزۇرىنى
كۆرمەكتە. خۇدا بۇيرۇسا ئۇندىڭ هالاۋىتىنى بىر ئۆمۈر
كۆرىدۇ...

شۇ كۈنى كەچتە ئادىلجان تۈرمىدىن بوشاپ ئۆيگە يېنىپ
كەلدى. ئۇ ياداپ سولىشىپلا كەتكەنىدى. ياسىنجان ۋالىي كەچتە
ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. ئەتىسى چاي ئۈستىدە ۋالىي
ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇ يەر قانداقراق ئىكەن، ياخشى كۈتكەندۇ؟

ئادىلجان دادىسىنىڭ تۇرۇلگەن چىرايىنى كۆرۈپ، بۇگۈن
سوراقنىڭ خېلى قاتتىق بولىدىغانلىقىنى پەملىدى. شۇڭا ئۇ گەپ
ياندۇرماسلىقنى لايىق كۆردى.

— مەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان بولسام، — دېدى ياسىنجان ۋالىي ئوغلىغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، — سېنى ساقچىدا بىر كۈنمۇ ئىشلەتمەيتتىم... ئويلاپ باققىنا، ساقچى دېگەن نېمىش قىلىدۇ؟ خۇددى ساڭا ئوخشاش هاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ ماشىنا هەيدىگەنلەرنى جازالايدۇ، بۇنى بىلەمسەن؟ قانۇن-نى ئىجرا قىلغۇچىلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا بۇ دېگەن قوش جىنايەت بولىدۇ. ئۆزۈڭچە، مەن دېگەن ۋالىينىڭ ئوغلى، نې-مىش قىلساممۇ سورىقى بولمايدۇ، دەيدىغان ئوخشىمامسەن؟... يەنە كېلىپ، باشقا بىرى ئەمەس ئۆز ئاكاڭنى باستۇرغىنىڭنى كۆرمەمدىغان... هەي، ئۇنى ئۇرۇۋەتكەن ئادەم نېمىشقا ئۇنى كوچىغا تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كەتتىڭ؟ مەن گەپ سوراۋاتىمەن؟

ئادىلجان ياردەم سورىغاندەك يېنىدا ئولتۇرغان ئاپىسىغا قا-راپ قويدى. چىمەنگۈلمۇ ئارىغا چۈشمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭغا قاراپ:

— سىز ئارىلاشماڭ، مەن ماۋۇ نوچىدىن سوراۋاتىمەن، — دېدى قوپاللىق بىلەن.

باشقا چاغلار بولغان بولسا چىمەنگۈل ئېرىنىڭ بۇنداق قوپال-لىقىنى كۆتۈرمىگەن، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشقان بولاتتى. لېكىن بۈگۈن ئۇ يول قويۇشنى لايىق كۆردى. ئاپىسىدىن ياردەم ئالالمى-غان ئادىلجان سالپايغان هالدا يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي:

— قورقۇپ كەتتىم، — دېدى ئاستا.

— ئەگەر ئاسىيەگە ئۇچراپ قالمىغان بولسا سەن ئەنۋەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولاتتىڭ، بىلەمسەن؟ ئۆمرۈڭ تۈرمىدە ئۆتەت-تى، ئۆزۈڭ بىلەنلا كەتمەي بىزنىمۇ خانىۋەيران قىلاتتىڭ، ئەم-دىغۇ هاراققا تويغانسەن؟ ياكى...

چىمەنگۈل ئاخىرى چىدىمىدى.

— بولدى قىلىڭا ئەمدى، — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بالىنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيان تۈرمىدە تارتقان ئازابىمۇ

يېتەر ، دەۋەردىگىنز ، ئۆزىمۇ قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ .

— كۆرىمىز ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي تېرىكىپ ، — بۇچۇ ، ئۇنداق پۇشايماندىن نەچچە يۈزنى قىلغان ، ئۇرۇمچىدە نېمە ئىشلارنى قىلمىدى ، ئېسىڭىزدىن چىقىپ كەتتىمۇ ؟

— بۇ قېتىم راستتىنلا پۇشايمان قىلدى .

— مەن ساڭا دەپ قوياي ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي ئوغلىغا قولىنى جونۇپ تۇرۇپ ، — بۇ قېتىم تەلىيىڭ ئوڭدىن كېلىپ ئەنۋەرگە بىر ئىش بولمىدى ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا مەن سېنى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ بېرەتتىم ، ئەنۋەرنىڭ پوقىنى دورىغان بولساڭ كاشكى... سەن شۇنچىۋالا ئىشنى قىلساڭ ئۇ يەنە ساڭا ئىچى ئاغرىپ كەچۈردى ، قېرىنداشلىقنى يەتكۈزدى ، شۇنى بىلىۋاتامسەن ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىمەنگۈلنىڭ چىرايى خۇشياقمىغاندەك تۇرۇلدى :

— ئەمدى ئۆز ئىنىسىنى ئەرز قىلسىمۇ سەت تۇرار ؟ — دېدى ئۇ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ .

— خەقنى بىكاردىن ـ بىكار باستۇرۇۋەتسە گەپ قىلماي تۇرسا بولامتى ؟

— ئادىلجانمۇ قەستەن باستۇرمىدى ـ دە ؟

— ئەگەر ئەنۋەرنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى بولسىچۇ ؟ ئۇ بوش قويارمىدى ؟

— ياتلارنىڭ يولى باشقا...

ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئىدى . ياسىنجان ۋالىي ئادىلجانغا تۆت ئېغىز گەپنى قىلا ـ قىلمايلا چىمەنگۈل ئارىغا كىرەتتى ـ دە ، ئۇنىڭ تەنبىھلىرى بىكارلا بولاتتى . بۈگۈن ئۇ ئەسلىدە ئادىلجاننىڭ يۈرىكىگە تەگكۈدەك گەپ قىلماقچى ، چۆچۈتۈپ قويماقچى بولغانىدى ، لېكىن چىمەنگۈل ئۇنىڭ بۇ ئويىنى يەنە بۇزۇۋەتتى . ياسىنجان ۋالىي يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالماي دېدىمۇ ،

ئادىلجانغا قىلىدىغان نەسىھەتلىرىنىمۇ بولدى قىلدى .
— ئىدارەڭ مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ ساڭا يېنىكرەك چارە قوللىنىدىغان بولدى ، — دېدى ئۇ ئوغلىغا قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ ،— بۇنىڭدىن كېيىن ماشىنىغا يېقىن يولىمايسەن ، ئۇقتۇڭمۇ ؟... خىزمىتىڭنىمۇ باشقا بۆلۈمدە ئىشلەيدىغان بولدۇڭ .
ئادىلجان ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى :
— قايسى بۆلۈمدە ؟
— تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغا ئالمىشىدىغان بولدۇڭ ، بولامدۇ ؟
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئادىلجان ئىككى خىيال بولۇپ قالدى . «تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىغۇ بولىدىغان يەر ، ئۇ يەردە پاسپورت دېگەننى خالىغانچە ھەل قىلغىلى بولىدۇ ، پايدىسىمۇ نەقلا... لېكىن ماشىنىدىن قۇرۇق قالىدىغان بولدۇم - دە ! ماۋۇ قېرىنىڭ تاپقان ئەقلى ئىكەن - دە.... بوپتۇ ، ھازىرچە ماقۇل دەپ تۇراي ، ھەيدەيمەن دېسەم ماڭا ماشىنا كەممۇ ؟ بولمىغاندا ، پاسپورتلارنى سېتىپ شەخسىي ماشىنا ئالارمەن »... ئۇ شۇلارنى ئويلاپ دادىسىغا ماقۇل بولدى .
— ئەنۋەر سېنىڭ كاساپىتىڭ بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئاغزىغا بېرىپ ياندى ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي ، — ئۇ ھازىرمۇ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتىدۇ ، سەن ئۇنى يوقلىغاچ بېرىپ كەچۈرۈم سورا ! بولامدۇ ؟
ئادىلجان يا «ھە» ، يا «ياق» دېمىدى . ئۇنىڭ جىم تۇرغىنىنى كۆرۈپ ياسىنجان ۋالىي قايتىلاپ سورىدى :
— گەپ قىلمايسەنغۇ ؟
— قاچان بارىمەن ؟
— بۈگۈنلا بار...
چىمەنگۈل ئارىغا كىردى :
— ئادىلجان تۇرمىدىن ئاخشاملا چىقتى ،— دېدى ئۇ ئېرىگە

خاپا بولۇپ ،— بالىنىڭ چىرايىغا قاراپ بېقىڭە ، نەچچە يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك بولۇپ كەتكىنىنى ، بۈگۈن بىر ەر كۈن دېمىنى ئالسۇن ، ئەتە - ئۆگۈنگىچە بارسىمۇ قېچىپ كەتمەيدىغۇ ؟

— شۇنداق قىلايچۇ ، دادا ،— دېدى ئادىلجان خۇش بولۇپ ، — بۈگۈن پەقەت مىجەزىم يوق .

— مۇنچىغا چۈشۈپ يۆگىنىپ ياتقىن ،— دېدى چىمەنگۈل .

— ماقۇل...

— ئەمىسە ئەتىگىچە چوقۇم بارسەن جۇمۇ ! — ياسىنجان ۋالىي شۇنداق دېدى - دە ، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ،— مەن مەركەزدىن كەلگەن مېھمانلار بىلەن ناھىيىلەرگە بارىمەن ، كەچتە ماڭا قارىماڭلار !

— بىرنەچچە كۈن تۇرامسىلەر ؟ — چىمەنگۈل سورىدى .

— ئىككى - ئۈچ كۈن كېتىدىغۇ دەيمەن .

— دورىلىرىڭىزنى ئېلىۋالدىڭىزمۇ ؟

— ھەئە... ،— دېدى ۋالىي ، ئاندىن ئادىلجانغا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تەمشەلدىيۇ ، لېكىن يەنە خۇرسىنىپ قويدى - دە ، قوپۇپ ماڭدى .

دېرىزىدە قاراپ تۇرغان چىمەنگۈل ماشىنىنىڭ ئاۋازى يىتىكەندىن كېيىن «ئۇھ !» دېدى - دە ، ئۇستەلگە يېنىپ كەلدى . بۈگۈنكى سوئال - سوراقنىڭ بۇنداق تېز ئاخىرلاشقانلىقىدىن كۆڭلى خۇش بولدى . ئۇ ئادىلجاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ گەپ قىلدى :

— دادىڭ بولمىغان بولسا بۇ قېتىم ئىشىڭ چاتاقتى ، بالام ،— دېدى ئۇ ،— يەنە كېلىپ ئاشۇ ئەنۋەر دېگەن پالاكەتكە ئۈچرىغىنىڭنى دېمەمدىغان ؟ ئەگەر ئۇ ئۆچەكىشىپ ئەرز قىلغان بولسا قانداق قىلاتتۇق ؟

— ئۆلۈپلا كەتمەپتۇ ئۇ گۆي ، — دېدى ئادىلجان پەرۋاسىز ھالەتتە ، — بىراقلا قۇتۇلغان بولاتتۇق...

— ئۇنداق دېمە، — دېدى چىمەنگۈل ئەندىكىپ، — ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا سەنمۇ ساق قالامتىڭ؟ ھېلىمۇ خۇدايىم بىر ساقلىدى... شۇنىسى، مۇشۇ باھانىدە دادىڭ ئۇ بالىسىنى تېپىۋالدى.

— خاتىرجەم بول، ئاپا، مەن ئۇنى بوسۇغىغا يولاتمايمەن!

— مەنمۇ، بىر ساڭا ئىشىنىمەن، — دېدى چىمەنگۈل ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئاۋۇ ئاچاڭ دېگەن نېمە ئىچىمىزدىن چىققان ۋىجدانسىز خائىن بولدى. بىرنېمە دېسەم ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، دەپ قوقاق سالىدۇ. يا ئۇنى بىر ئەر ئالمىدى...

— چىقىمەن دېسە ھەيدىۋەتسەك بولمامدۇ؟

— دادىڭ ئۇنىمامدۇ، ئۇنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدۇ، ئەسلىدە بۇ نەس يەرگە كەلمەيدىغانمۇ ئىشكەن، ئۈرۈمچىدە بىر ئوبدان خاتىرجەم ياشاۋاتاتتۇق، داداڭنىڭ بەك كەلگۈسى كېلىپ كەتتى.

— بالىسىغا تارتىشقاندۇ؟

چىمەنگۈل ھەسرەت بىلەن «ئۇھ» تارتىپ قويدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان ياسىنجاندىن ئەنسىرەپ قالدى. ماشىنا ۋەقەسىنىڭ باھانىسى بىلەن ياسىنجان ئەنۋەرنى كۈندە دېگۈدەك يوقلاپ تۇردى. بۇ ئىش چىمەنگۈلنىڭ يۈرىكىنى ئازابلايتتى، ئەنسىزچىلىككە سالاتتى. ئۇنىڭغا ياسىنجان بارغانچە ئۆزگىچە بۇرۇنقىدەك مۇئامىلە قىلمايۋاتقاندەك، بارغانچە سالقىن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ بىئارام قىلاتتى. «ھەلىمە بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتامدۇ - يا؟» دەپمۇ ئويلىدى ئۇ ۋە ياسىنجانغا تۇيدۇرماستىن كۆزىتىپمۇ باقتى. لېكىن بۇ ھەقتە بىرەر گەپ - سۆزمۇ ئاڭلىمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. «بۇ كۈندە ئەر خەققە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئۇلارغا ئىشەنگەندىن يانچۇققا ئىشىنىش كېرەك... ئۇنىڭ مۇشۇنداق ھوقۇقى بار چاغدا پايدىلىنىپ، ئۆزۈمنى چىڭ-

دىۋالغىنىم تۇزۇك···» ، چىمەنگۈلنى خۇش قىلىۋاتقىنى نۇرىمان بىلەن قىلىۋاتقان ئوغۇت سودىسى ئىدى . هازىرغىچە پايدىسى «لوق ـ لوق» تېگىۋاتىدۇ . بۇ پۇللارنى ئۇ ياسىنجانغا بىلدۇرمەي ئايرىم تىقىپ قويدى . ئۇنىڭدىن باشقا كېلىۋاتقان سالام ـ سوۋغاتلارنىڭ كۆپ قىسمىنى سېتىپ ئۇنىمۇ جايلاشتۇردى . بۇ پۇللار ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر باياشات تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىگە يېتىدۇ···

— ئەنۋەرنى يوقلاپ قويامسەن ؟ — چىمەنگۈل ساپادا سوزۇلۇپ يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان ئوغلىدىن سورىدى .

ئادىلجان تەرىنى تۈرۈپ ئالايدى :

— بېشىمنى ئاغرىتمىغىنا ، ئاپا ،— دېدى ئۇ خۇشياقمىغاندەك بېشىنى چايقاپ ، — ئۇنىڭ ئالدىغا نېمىدەپ بارىمەن ؟··· مەنچۇ ، ئۆمرۈمدە بىرەرىدىن كەچۈرۈم سوراپ باقمىغان···

— داداڭ كېلىپ سورىسا نېمە دەيسەن ؟

— باردىم دەپ قويارمەن . دادام ئاڭغىچە ئۇنتۇپمۇ قالىدۇ .

شۇ ئارىدا ئۆمەكتىن تېلېفون كېلىپ ، چىمەنگۈل ئالدىراپ ئىدارىغا ماڭدى . ئادىلجان كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ كوچىغا چىقتى ـ دە ، يانفوننى ئېلىپ تېلېفون قىلدى :

— ئېلشاتمۇ سەن ؟ — دېدى ئۇ خۇشخۇي كۈلۈپ ، — مەن ئاكاڭ ، نېمىش قىلىۋاتىسەن ؟ مەنمۇ··· داشۆنى ئوقۇپ چىقتىم ، هە ، ئىچىم پۇشۇپ كەتتىغۇ ئاداش ، بىردەم هاردۇق چىقارمايلىمۇ ؟ ئەتىگەندىن بۇيان بوۋاينىڭ پەندى ـ نەسىھەتىنى ئاڭلاپ كاللا قاپاق بولۇپ كېتەي دېدى . نەگە بارىمىز ؟ «قىزىلگۈل»گىمۇ ؟ هە بوپتۇ ، شۇ يەردە كۆرۈشەيلى ! — ئادىلجان تېلېفوننى ئېتىپ خۇشخۇي ئىسقىرتىپ قويدى .

بۈگۈن هاۋا ئوچۇق ، سېنتەبىر قۇياشى شەھەرنى ئىللىق نۇرغا كۆمگەن ئىدى . كوچىدا رەڭگارەڭ ماشىنىلار ، قىزلار قەدەمدە بىر ئۈچراپ تۇراتتى . ئادىلجاننىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى . ئۇ پىيادىلەر يولىدا ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقان قىسقا يوپكا ، مەيدە-

سى يېرىم ئوچۇق كوپتا كىيگەن زىلۋا قىزغا كۆزى چۈشتى ۋە يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى . قىزمۇ ھەسودۇقىقان ھالەتتىە قايىرىلىپ قارىدى . «بولىدىغان نېمە ئىكەنا! » دېدى ئادىلجان ئىچىدە ۋە ئۆزىچىلا كۈلۈپ قويدى .

## 30

ياسىنجان ۋالىينىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن كۆڭۈلسىزلىك ئۆتۈپ كەتتى . پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكەن ، ھەممە سورۇنلاردا پاراڭنىڭ تېمىسىغا ئايلانغان ئادىلجان ۋەقەسى بىرنەچچە ۋاق قىزىق نۇقتا بولۇپ مۇھاكىمە قىلىنغاندىن كېيىن ، ئاخىرى ئۆز ئايىغىدىن جىمىپ قالدى . ھايات يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشتى .

چىمەنگۈل بىر ـ ئىككى ھەپتە تالا ـ تۈزدىمۇ كۆرۈنمىدى . ئۇلارنىڭ قاتار چېيىمۇ توختاپ قالدى . ئادىلجاننىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولۇپ كوچىدىكى گەپلەر بېسىققاندىن كېيىن چىمەنگۈل ئۆيدە ئولتۇرالمىدى . ئۇنىڭ ئويۇن خۇمارى يەنە تۇتۇپ نۇرىماننى ئىزدەپ باردى . نۇرىمان بولسا ئۇنى يېڭى بىر تەكلىپ بىلەن قارشى ئالدى :

— شاڭخەيدە بىر شېرىكىم بار ئىدى . قايسى كۈنى تېلېفون قىپتۇ ، يېڭى ماللار چىقتى ، كەلسىڭىز زاۋۇت باھاسىدا ئېلىپ بېرىمەن دەيدۇ . ھېسابلاپ باقسام ، بىرگە ئىككى پايدا قىلىدىكەن ، شۇنىڭغا «غاچچىدە» بېرىپ كەلسەم بولامدىكىن دەۋاتىمەن .

— ئۇ شېرىكلىرى ئەر كىشىدۇ ؟— چىمەنگۈل قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ سورىدى .

— ھاجىم ئادەم ، — دېدى نۇرىمان «ۋىللىدە» قىزىرىپ .

— ھازىرقى ھاجىملارنى ئوبدان بىلىمىز ،— دېدى چىمەنگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ ،— قايىر ھاجىمغا نۇرىماننى ئەۋەتمىسىلە ، دەپ قويىمەن جۇمۇ !

— ۋايىيەي ، بىزنىڭ ئۇ ھاجىمچۇ ، پۇل كېلىدىغان ئىش بولسا دوزاخقا ئەۋەتسىكىمۇ رازى . ئۇنىمايۋاتقان ئادەم باشقا .
— كىم ؟... ھە ، بىلدىم ، تۇرغۇن شىجاڭ ئىكەندە ؟
نۇرىمان كۆزلىرىنى ئويىنتىپ كۈلدى .
— سىلىنى يالغۇز ئەۋەتسىكە مەن بولسامىمۇ ئۇنىمايمەن ، ئويۇننى سىلى يالغۇز ئويناپ ، بىززە ماۋۇ يەردە چىۋىن قورۇپ يۈرىدىكەنمىز - دە ؟
— ئۇنداق بولسا بىللە بېرىپ كېلەيلى... يا بۇداقى چاينى شۇ ياققا بېرىپ ئۆتكۈزۈپ كېلەمدۇق - يا ؟
چىمەنگۈلگە بۇ تەكلىپ خۇشياقتى .
— بۇ يىل ئۈمەكتىن بىرنەچچە ياش ئارتىسلارنى شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتمەكچى بولغانتۇق . شۇنى ئالاقىلاشقاچ ئويناپ كەلمەيمەنمۇ ، بۇمۇ بولىدىغان گەپ بولدى ، قالغان خوتۇنلارنى قانداق قىلساق بولار ؟
— ھەممىسىگە دەپ باقايلى ، مېنىڭچە ، شاڭخەي دېسەك ھەممىسى بىر ئامال قىلىپ بارىدۇ جۇمۇ ! يول كىراسىنى ھەر-كىم ئۆزى چىقارسۇن ، سىلىنىڭكىنى خىزمەت ئۈچۈن بولىدىغان بولسا ھۆكۈمەت كۆتۈرىدۇ .
— بۇنچىۋالا خوتۇنلارنى ئېلىپ بارسىلا ، ئۇ ھاجىملىرى قورقۇپ قېچىپ كېتەرمىكىن ؟ ئۇ ياقنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ باردۇ ؟
— باردۇ ، زېرىكتۈرۈپ قويمايدۇ ، — دېدى نۇرىمان مەنىـ لىك كۈلۈپ ، — راست ، سىلىگە بىر مەسلىھەت بار ئىدى .
— نېمە ئىش ؟
نۇرىمان ئۈستەل تارتمىسىدىن بىر دەپتەرنى ئېلىپ ئاچتى .
— بۇ قېتىم سېتىلغان ئوغۇتنىڭ پۇللىرى يىغىلىپ بولـ دى ، جەمئىيسى ماۋۇ ،— دېدى ئۇ دەپتەرنى كۆرسىتىپ ،— مەن چايدىكى ئاياللارنىڭ قوشقان دەسمايىسى بويىچە پايدىنى بۆلۈپ چىقتىم ، كۆرۈپ باقامىلا .

چىمەنگۈل دەپتەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ رازى بولغان قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . چۈنكى ، چىمەنگۈلنىڭ ئا-لىدىغىنى باشقىلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە جىق ئىدى .

— بۇنى كۆرسەتسىلە ئاۋۇ خېنىملارنىڭ ئىچى ئۆرۈلۈپ كېتەرمىكىن ؟

— ئۇلارغا بۇنى كۆرستىمەن دەملا ؟ ئۇلارغا ئېلان قىلىدى-غىنىمىز ماۋۇ ، — دېدى نۇرىمان تارتمىدىن باشقا بىر دەپتەرنى ئېلىپ چىمەنگۈلگە بەردى .

— ھە ، ماۋۇ بوپتۇ ، — دېدى چىمەنگۈل دەپتەرنى كۆرۈپ چىقىپ ، — بار جاپانى ئىككىمىز تارتىپ ، يەنە ئۇلار بىلەن تەڭ ئالساق ئادىللىق بولمايدۇ - دە ! ھېلىمۇ شۇنچىلىك نەپ بېرىۋاتى-مىز ، شۇنداقمۇ ؟...

— مەنمۇ شۇنى دەيمەن...

— مېنىڭچە ، پۇلنى ھازىر تارقاتماي تۇرسىلا . شاڭخەيدىن كەلگەندىن كېيىن بەرسەكمۇ بولىدۇ... ھېلىقى ھاجىمىڭىز دېگەن ماللار ياخشى بولۇپ قالسا شۇ پۇلغا ئىككىمىز مال ئەكېلەرمىز .

— بۇمۇ بولىدۇ ، ھازىر ئۇ دېگەن ماللار بازاردا يوق ، جايىدا بولۇپ قالسا نەچچە يۈز مىڭ بىراقلا كېلىپ قالىدۇ .

— نۇرىمان ، — دېدى چىمەنگۈل خۇش بولۇپ ، — مەن سىلىگە ئىشىنىمەن ، سىلى مېنى زىيانغا ئۇچراتمايلىغۇ ؟

— خاتىرجەم بولسىلا ، شۇڭا بۇ سودىنى سىلىگىلا دەۋاتىمەن .

— سودىنىغۇ تەڭ قىلىدىغان بولدۇق ، — دېدى چىمەنگۈل كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، — تاماشىنىچۇ ؟ ئۇنىڭدا بىزنى ئايرىپ قويمايدىغانلا ؟

— سىلىنى تېخى تالاشتا قېلىپ مەن بوينۇمنى قىسىپ قالامدىمىكىن ، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن...

ئۇلار مەسلىھەتنى شۇنداق پىشۇرۇشتى . نۇرىماننىڭ تەكلى-

پى قالغان ئايالىلارنىمۇ قىزىقتۇردى . پەقەت ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان ئايشەم ئازراق كىچىكتۇرۇپ بېرىشنى ئىيتقانىدى، چىمەنگۈل ئۇنىمىدى .

— بۇ بىرىنچىمىزنىڭ ئىشى تۇگىمەيدۇ ، — دېدى ئۇ ، — بولدى ، ئۆزىمىز كېتىۋېرەيلى ! باشقىلار چىمەنگۈلنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى گەپ قىلالمىدى .

بۇ ھەيۋەتلىك شەھەرگە نۇرىماندىن بۆلەك ھېچقايسىسى كېلىپ باقمىغانىدى . ئاسمان - پەلەككە تاقاشقان چىرايلىق بىنالار ، كوچىلارغا پاتماي مېڭىۋاتقان پىكاپلار ، ئىچىگە كىرسە ئېزىپ قالغۇدەك چوڭ ماگىزىنلار ، ئۇ يەردىكى بىر - بىرىدىن ئېسىل ماللار ئايالىلارنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى . نۇرىماننىڭ شېرىكى ئەكبەر ھاجىم ئۇلارنى شاڭخەيىنىڭ ئەڭ گۈزەل ، مەنزىرىلىك يەرلىرىگە ئاپىرىپ كۆرسەتتى . خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىدا پاراخوتتا ئايلاندۇردى ، كەچلىرى بەزمىخانىلارغا ئەكىردى . ئەكبەر ھاجىم چىمەنگۈل پەرەز قىلغاننىڭ ئەكسىچە يېشى قىرىققا ئەمدىلا ئۇلاشقان ، ياۋروپاچە ياسىنىپ يۇرىدىغان يىگىت ئىكەن . ئۇنىڭ دۇنيادا بارمىغان دۆلەتلىرىمۇ ئاز ئىكەن . ھەرەمگە ئىككى قېتىم بېرىپتۇ ، لېكىن ھاراقنى سۇدەك ئىچىدىكەن . چىمەنگۈل ئۇنى بىر كۆرۈپلا يارىتىپ قالدى . ئۇمۇ چىمەنگۈلگە يەر ئاستىدىن مەنىلىك قاراپ قويىۋاتتى .

چىمەنگۈل بىلەن نۇرىمان ئىككىسى بىر ياتاقتا ياتقانىدى . ئۇلارنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولدى . چىمەنگۈل مۇزىكا ئىنستىتۇتىدىكى ئىشنى بىرەر سائەتتىلا تۇگەتتى . قالغان كۈنلىرى ئۇلار شەھەرنى ئايلىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى . بۈگۈن ئايالىلار ماگىزىنلارغا مال ئالغىلى چىقىپ كېتىشتى . چىمەنگۈل «ھېرىپ قاپتىمەن ، دەم ئالاي» دەپ ياتاقتا قالدى . نۇرىمان بولسا ئەكبەر ھاجىم بىلەن زاۋۇتقا بېرىپ مال كۆرمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتتى .

چىمەنگۈل ياتاقتا يالغۇز قالدى . ئۇ نەچچە كۈندىن بۇيان شەھەرنى كۆرۈپمۇ زېرىكتى . قاياقتا قارىساڭ مىغىلدىغان ئادەم ، ماشىنا… نۇرىماننىڭ تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولغان يىگىتىنىڭمۇ تايىنى بولمىدى . تۈنۈگۈن ئەكبەر ھاجىم دۇئىدەك يوغان ، قاپقارا بىر ئادەمنى باشلاپ كەلگەندى ، چىمەنگۈل ئۇنى كۆرۈپلا ئەرۋا-ھى ئۇچتى . ئۇ تىنماي ۋالاقلاپ سۆزلەيتتى ، ئاخىرى چىمەنگۈل-نىڭ ئىچى پۇشۇپ نۇرىماننى سىرتقا چاقىردى :

— ئاۋۇ ۋالاقتەگكۈرنى نەدىن تېپىپ كەلدىلا ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقى كېلىپ ، — كۆڭلۈمنى ئىلەشتۇرمەي كۆزۈمدىن يوق قىلسىلا !

«نۇرىمان مەندىن قورقۇۋاتامدۇ ؟ — چىمەنگۈل شۇنى ئەس-لەپ ئەلەم بىلەن ئويلىدى ، — شاڭخەيدەك شەھەردە سودىگەرلەر ئازمۇ ؟ ئەكبەر ھاجىممۇ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپلا تۇرىدىكەن ، باش-لاپ ئەكەلگەن ئادىمىنى كۆرمەمدىغان ، نۇرىماننىڭ شۇنچىۋالا نېمە خىسلىتى باردۇ ؟…— چىمەنگۈل ئويلىغانچە نۇرىمانغا ئۆچ-مەنلىكى قايناشقا باشلىدى ، — سېنىمۇ شەھەردە بېشىڭنى كۆ-تۈرگۈزۈپ قويغان ئادەم مەندۇرمەن ، بولمىسا ھالىڭ چاغلىق ئىكەندۇق . ئەمدى تۆت تەڭگە قولۇڭغا كىرىپ ماڭا تارلىق قىلى-ۋاتامسەن ؟ كونىلار : ‹ئايال خەقنىڭ ھەقىقىي دوستى بولمايدۇ› دەپ راست ئېيتقان ئىكەن . مەنمۇ ئەزەلدىن دوستقا ئىشەنمەيتتىم ، راست چىقتى ، شاڭخەيدەك يەرگە ئەكېلىپ قو-رۇق ئەكىتىدىغان ئوخشايدۇ بۇ ! شۇ قىلغىنىڭغا ئەكبەر ھاجىمنى ئۆزۈمگە تارتىۋالسام قانداق قىلىسەنكىن ؟…»

ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلىشى چىمەنگۈلنىڭ خىيالىنى ئۈزۈ-ۋەتتى ، ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ يايراپ كەتتى . ئىشىكتە چىرايلىق كىيىنگەن ، ئۆزىدىن گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ ئەكبەر ھاجىم تۇراتتى .

— كېلىڭ ، كېلىڭ ، — دېدى چىمەنگۈل ناز بىلەن ئەركى-

لەپ . ئۇنىڭ كۆزىگە ئەكبەر ھاجىم بۆلەكچە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى .

— ئۆزىڭىز يالغۇزمۇ نېمە ؟ — ئەكبەر ھاجىم ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ سورىدى ، — نۇرىمانچۇ ؟

— نۇرىمان بولمىسا قورقامسىز نېمە ؟

— ياق ، بۈگۈن زاۋۇتقا بىللە بارايلى دېگەن .

— بۇ گەپچە ، سىزنى تاشلاپ كېتىپتۇ ـ دە ،— دېدى چىمەنگۈل مىيىقىدا كۈلۈپ ، — ئەتىگەن زاۋۇتقا بارىمەن دەپ كەتكەن ئىدىغۇ ، سىزگە تېلېفون قىلمىدىمۇ ؟

— تېلېفونۇمنىڭ توكى تۈگەپ قاپتىكەن...

— ئولتۇرۇڭ ، — دېدى چىمەنگۈل كارىۋاتنى ئىما قىلىپ ، — ئۇسساپ قالغانسىز كولا ئىچەمسىز ؟

ھاجىم ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى . چىمەنگۈل توڭ-لاتقۇدىن بىر قۇتا كولانى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە ، ئەكبەر ھاجىمغا تۇتتى . قۇتىنى ئالغىچە ئۇنىڭ قولى چىمەنگۈلنىڭ نا-زۇك بارماقلىرىغا تېگىپ كەتتى . چىمەنگۈل ئۇنىڭغا قاراپ تەبەس-سۇم بىلەن جىلمايدى . بۇنى كۆرۈپ ئەكبەر ھاجىمنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ توك سوققاندەك تىترەپ كەتتى . چىمەنگۈلمۇ ئالدىدىكى يىگىتنىڭ ھاياجان بىلەن چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ بولدى .

— نۇرىمان بىلەن ئارىلىشىۋاتقىلى ئۇزۇن بولدىمۇ ؟ — چىمەنگۈل ئۇنى گەپكە سالماقچى بولۇپ سورىدى .

— ئۇزۇنمۇ ئەمەس ، ئۆتكەن يىلى ئۇرۇمچىدە بىر ئولتۇ-رۇشتا تونۇشۇپ قالغان ، ناخشىغا خېلى پەيزى بار ئىكەن... شۇنىڭدىن بۇيان تېلېفونلىشىپ تۇرۇۋاتىمىز ، يېڭى مال چىقسا خەۋەر قىلىمەن .

— نۇرىمانغا ھەيرانمەن ، — دېدى چىمەنگۈل مىيىقىدا كۈل-گىنىچە ، — تونۇشلىرىمۇ جىق ئىكەن ، ھەممىسىگە يېتىشىپ

ئۆلگۆرىدىكەن ، مەن ئۇنىڭغا قول قويدۇم .

— مەنمۇ بۇ ئايالنى چۈشىنىپ كېتەلمىدىم ، — دېدى ئەكـ-بەر ھاجىم ، — ئاغزى بىلەن يۈرىكى باشقا ئىكەن ، مەن بولمىسا ئۇنىڭغا ئاز پايدا بەرمىدىم ، ئىنساپ قىلمايدىغان ئايال ئىكەن...

— ئەرلەرمۇ ئەخمەق بولىدىكەن ، قاپاقنى ئەمەس باراڭنى پۇلغا ئالىدىكەن...

چىمەنگۈلنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزى ئەكبەر ھاجىمنى ئې-رىتىپلىۋەتتى . ئۇ دەسلەپ نۇرىمان ئۇنى تونۇشتۇرغاندا بۇ ئايال-دىن چۆچۈگەن ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى سىپايە تۇتۇشقا تىرىشقان ئىدى . نۇرىمانمۇ : «ئۇنى ئويۇن ـ تاماشىدا يوق ، تۈز ئايال ، يەنە چاقچاق قىلىپ يۈرمەڭ جۇمۇ» دېگەنىدى . «سەن ئەسلىدە مەندىن قورۇپتىكەنسەندە ، بۇنىڭ خۇلق ـ نازى سېنىڭدىن قې-لىشمىغۇدەك تۇرىدۇ ، كۆرۈپ باقايچۇ ؟... » ئەكبەر ھاجىم شۇ-لارنى ئويلاپ چىمەنگۈلگە يېقىن سۈرۈلدى .

— سىز بىلەن بالدۇرراق تونۇشماپتۇق ، — دېدى ئەكبەر ھاجىم چىمەنگۈلنىڭ قولىنى ئاستا تۇتۇپ ، — ھېلىمۇ كەچ ئەمەستۇ ؟

— بار نەپنى باشقىلارغا بېرىپ بولغاندىمۇ ؟

— سىزگىمۇ بار .

— تايىنلىق ،— چىمەنگۈل ئەركىلىدى ، — نۇرىمان ماۋۇ بۇرۇتىڭىزنى بىر تالدىن يۇلۇۋېتەرمىكىن ، پونى ئازراق ئېتىڭ .

— مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۇ نېمىدى ؟

ئەكبەر ھاجىم ئۇنى تارتىپ قۇچىقىغا ئالدى ـ دە ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى . چىمەنگۈل بولسا ئۇنىڭ قۇ-چىقىدا ناز بىلەن ئىڭرايتتى . ھاجىم ئۇنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى...

ئىشىكنىڭ شاراقلاپ ئېچىلىشىدىن ئۇلار چۆچۈپ قوپۇشتى .

كۆزلىرى ھەيرانلىق ، غەزەپ ئارىلاش چەكچەيگەن نۇرىمان ئى-
شىكتە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى . ئۇ كارىۋاتتا قىپيالىڭاچ ياتقان
چىمەنگۇل بىلەن ئەكبەر ھاجىمغا تىكىلىرقىغاندەك قاراپ تۇراتتى ،
چىرايى قورقۇنچلۇق تاتىرىپ كەتكەنىدى . ئۇ ۋۇجۇدىنى ئۆرتەۋات-
قان ئاچچىقىنى كۈچ بىلەن بېسىپ تۇراتتى . ناۋادا چىمەنگۇلنىڭ
ئورنىدا باشقا بىرى بولغان بولسا نۇرىمان بوش قويمىغان ، دوست-
لۇققا قىلغان خىيانىتى ئۈچۈن ئاللا - توۋىنى كۆرسەتكەن بولار
ئىدى . لېكىن ئۇ چىمەنگۇلگە ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى .
ئەقىل ئۇنىڭ ئاچچىقىنى بېسىپ چۈشتى . ئۇ زەھەرلىك كۈلگە-
نىچە ئەكبەر ھاجىمنىڭ ئالدىغا كەلدى :

— مېنى ئەخمەق قىلغىنىڭ يەتمەي ، ئەمدى دوستۇمنى
بوزەك قىلغىلى تۇردۇڭمۇ ؟— دېدى غەزەپ بىلەن ،— ھۇي ئىپ-
لاس ، يوقال بۇ يەردىن !...

ئەكبەر ھاجىم ئالمان - تالمان كىيىمىنى كىيدى - دە ،
ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . ئۆيدە ئەمدى نۇرىمان بىلەن چىمەنگۇل
قالدى . چىمەنگۇل بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئەس - ھوشىنى يىغىپ
بولالمىغانىدى ، ئۇ نۇرىمانغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلاپ بىر
يەرگە كېلەلمەيۋاتاتتى ، ئاخىرى نۇرىمان ئۇن قاتتى .

— بۇ سودىگەر دېگەن نېمىلەر ئېشەككە ئوخشاش ، كىم
ئۇچىقاشسا شۇنىڭغا ئارتىلىمەنلا ، دەپ تۇرىدۇ . ماۋۇ ئەكبەر دې-
گەننى خېلى تۈزۈكمىكىن دېسەم ، بۇمۇ شۇلاردىن قېلىشمايدىغان
نېمە ئىكەن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىمەنگۇلنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى .

— مەن ئۇقمايلا قالدىم قارىسىلا ،— دېدى چىمەنگۇل ئۆزد-
نى ئاقلاپ ،— ئۇ سىلىنى ئىزدەپ كەپتىكەن ، ھېچ گەپتىن -
ھېچ گەپ يوق ئېسىلىۋاتامدۇ ؟ قورقۇپ جېنىم چىقىپ كېتەي
دېدى ، ھېلىمۇ سىلى كېلىپ قالدىلا ، ۋاي توۋا !...

«قورقۇپ كېتىپتۇمىش ؟ — نۇرىمان ئاچچىق بىلەن كۈلۈپ

قويدى ، — نايناقشىپ بەرگەنسەن ؟… سەندە ئىنساپ دېگەن يوق ئىكەن . سەن ۋىلايەتكە كەلگەندىن بۇيان ، مەن ساڭا ئاز نەپ بەردىممۇ ؟ كىيىدىغان كىيىملىرىڭنى ، ئالتۇن جابدۇقلارنى بىر تىيىن ئالماي بىكارغا بېرىپ كېلىۋاتىمەن ، ئوغۇت سودىسىدىمۇ پايدىنىڭ جىقىنى ساڭا بېرىۋاتىمەن ، يەنە شۇنىڭغا رازى بولماي مېنىڭ نېسىۋەمگە چاڭ سېلىۋاتقىنىڭنى قارا… سەن نۇرىماننى بوش چاغلاپ قاپسەن . «نېمە قىلسام كۆتۈرىدۇ» دەيدىغان ئوخشايسەن ، ئۇنداق ئىش يوق ، ئەمدى نۇرىماننى كۆرۈپ قوي !… »

— چىمەنگۈل !— دېدى ئۇ ئىچ ئاغرىتقان بولۇپ ،— كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا ، ئالىدىغان مالنى دېمىگەن بولساق ئۇنداق نېمىلەرنىڭ چىرايىغا قارايدىغان ئىش يوق ئىدى ، مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا بەك خىجىل…

چىمەنگۈل نۇرىماننىڭ گېپىگە نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى . شۇنىڭدىن كېيىن نۇرىمان بۇ گەپنى ئىككىنچى تىلغا ئالمىدى . ئۇلارنىڭ شاڭخەيدىكى چاي ئويۇنىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى .

چىمەنگۈللەرنىڭ ئىچكىرىگە بېرىپ چاي ئويناپ كەلگەنلىكى بۇ كىچىككىنە شەھەرگە پۇر كەتتى . ئاياللار ئۇچۇن بۇنچىلىك گەپ تېپىلغۇسىز دەسمايە بولدى ، توي - تۆكۈن ، چايلاردا قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى . چىمەنگۈلنىڭ تەلىيىگە شۇ كۈنلەردە ياسىنجان ۋالىي ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەتكەنىدى . ئۇ ئېرى كەلگىچە بۇ گەپلەرنىڭ بېسىقىپ قېلىشىنى تىلەيتتى ، لېكىن بۇ گەپلەر بېسىقىش بۇ ياقتا تۇرسۇن ، تېخىمۇ ئاۋۇپ كېتىۋاتاتتى .

ئۇلار شاڭخەيدىن قايتىپ كېلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئايشەم نۇرىماننىڭ دۇكىنىغا كېلىپ ، ئۇلارنىڭ شاڭخەيدە قانداق ئوينىغانلىقلىرىنى سۈرۈشتۈردى . نۇرىمان ئۇنىڭغا ئەھۋاللارنى بىرقۇر دەپ بېرىپ كېلىپ :

— چىمەنگۈلنىڭ ئاجايىپ قىلىقى بار ئىكەن قارىسىلا ،

ئايشەمنى نەچچە كۈن ساقلايلى ، دەپ شۇنچە يالۋۇرۇپ كەتسەك ئۇنىمىدى دېسە . سىلى رەنجىتىپ قويغانمىتىلىمىكىن ؟

— مەن نەدە يۈرۈپ رەنجىتىمەن ، — دېدى ئايشەم ھەيران بولۇپ ، — ھېلىمۇ نېمە دېسە «ھە» دەپ تۇرۇۋاتىمەن . ئاڭلى- سام ، مېنىڭ ئۈستۈمدە خېلى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇ ، سىلىمۇ ئاڭلىغانلا ؟

— ياق… نېمە دەپتۇ ؟

— «ئايشەم باشقارمىنىڭ باشلىقى بولغان بىلەن قولىدىن پوق كەلمەيدىغان قۇرۇق ھەيكەل ئىكەن ، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام خېلى ئىشلارنى قىلاتتىم» دەپتۇ . ئۇ ياقنىڭ مېنىڭ ئورنۇمغا كۆزى چۈشكەن ئوخشايدۇ .

— ۋېيەي ، شۇنداق دەپتۇمۇ ؟ — نۇرىمان بېشىنى چايقىدى ، — بۇ ئايال دېسىمۇ دەيدۇ ، ھېچنىمىگە تويمايدىغان ئايال ئىكەن… تېخى تۇنۇگۇن كېلىپ ماڭا نېمىدەپ ماڭا ئوغۇت- نىڭ پايدىسىنى ئاز بەردىڭلار ، دەپ خاپا بولۇپ كەتتى . راست گەپنى قىلسام ، ئايشەم ، ئۇنىڭغا سىلەردىن بىر ھەسسە ئوشۇق بەرگەن .

— بۇ قانداق گەپ ؟— ئايشەم شۇ ھامان كۆكىرىپ كەتتى ، — ھەممىيلەن پايىنى ئوخشاش قوشقان تۇرساق ، نېمىدەپ ئۇ جىق ئالىدىكەن ؟ ئۇ «مەن دېگەن ۋالىينىڭ ئايالىمەن» دەپ ئالاھىدە بولامدىكەن ، سودا دېگەندە چوڭ - كىچىك يوق…

— ماڭىمۇ ئامال يوق ، ئايشەم ،— دېدى نۇرىمان ئۇنىڭغا تېخىمۇ يەل بېرىپ ، — چىمەنگۈل ھەممە يولنى مەن ھەل قىل- دىم ، شۇڭا ئىككى كىشىلىك ئالىمەن دەۋاتىدۇ .

— بىر پارچە قەغەزگە شۇنچىۋالا ھەق ئالامدىكەن ؟ بىزمۇ ئاز ئىش قىلمىدۇق ، پۈتۈن خېرىدارلارنى بىز تاپتۇق ، بۇ ھېساب ئەمەسمىكەن ؟

نۇرىمان ئايشەمنىڭ هازاز ۋللىقىنى ئوبدان بىلەتتى ۋە ئۇنىڭ

بۇرۇن تۇردى ئوسمان بىلەن يېقىنلىقىنى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى گەپلەرنىڭ چىققانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا بۇ ئايالدىن پايدىلىنىپ ئۇنى چىمەنگۇلگە قارشى سالماقچى بولدى.

— ئۇ يەرلەرنى دېسىلىغۇ، ئايشەم، ھەممىمىز تەڭ ئالساق بولاتتى، چىمەنگۇل ھېچ نەرسە بىلەن كارى يوق، ھەممە جاپانى سىلى بىلەن مەن تارتىۋاتىمەن، مۇشۇ ئىشقا ئاۋارە بولۇپ دۇكاندىمۇ قارىيالمايۋاتىمەن. راستىتىمنى ئېيتسام، مەنمۇ ھېرىپ قالغىلى تۇردۇم. بۇ دورەم شاڭخەيدىمۇ ھەممە چىقىمنى بىز كۆتۈرسەك يەنە رازى بولماي كەلدى.

— ۋايجانەي··· بۇ خېنىمنى ۋاي دەپ قويساق ھەددىدىن ئېشىپلا كەتكىلى تۇردى، ۋالىي بولسا ئېرى ۋالىي، بۇنىڭغا نېمە ئاتىكارچىلىق؟···

نۇرىمان ئايشەمنى يەنىمۇ ئېچىتماقچى بولدى.

— چىمەنگۇل چوڭ بولمىغان ئايال ئىكەن، — دېدى ئۇ، — بىز چايدىكىلەر بىر - بىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلساق بولاتتى، بۇ ئايالغا ھېچكىم يارىمايدىكەن، باشقىلار ئاڭلاپ قالار دېمەي خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋېرىدىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايشەم سەگەكلەشتى.

— مېنىڭ ئۈستۈمدە يەنە نېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ؟

— ئايشەم، بۇنى سورىمايلا قويسىلا، مەنمۇ ئاڭلىمىدىم.

— نۇرىمان! بىز نېمە بولسىمۇ مۇشۇ يەرلىك، تونۇگۇن - بۈگۈن ئارىلىشىۋاتقانلار ئەمەس، ماڭىمۇ ئىشەنمەمىلا؟

— ئۇنداق ئەمەس··· شۇنىسى چىمەنگۇلدىن چۆچۈپ قالدىم. مەنغۇ ئىنسانغا تىنمىدىم، ماۋۇ گەپنىمۇ مەن دېمىدىم جۇمۇسىلا!

— مەن سىلىنى ھەرگىز ساتمايمەن.

— سىلىنىچۇ تۇردى شۇجى بىلەن شۇنداق ئىكەن، دەيدۇ.

ئايشەم بىردەم تاتىرىپ تۇرۇپ كېتىپ ئاچچىقى بىلەن كۈلدى.

— شۇنداق دەمدۇ؟ — دېدى ئۇ دىمىغىنى قىقىپ قويۇپ، — بۇ خوتۇن تولا مېنىڭ ئاغزىمنى ئاچمىسۇن، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ باقسا بولىدۇ، مەنىغۇ ئۆزۈمگە ئاق… مەنچۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ ئېرىنى يولدىن چىقارمىدىم، نېمە يېتىم قوۋۇرغامنى ئېگىدۇ؟ ئۇنىڭچۇ، ئۆرۈمچىدە خېلى داڭقى بار نېمە ئىكەن…

نۇرىمان ئىچ - ئىچىدىن يايراپ كەتتى. ئاياللار ئۇچۇن شۇنچىلىك گەپنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئايشەمگە ياققان ئوت تېزلا تۇتاشتى. ئەمدى بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس… «چىمەنگۈل، — دېدى نۇرىمان ئايشەمنىڭ ئەلپازىغا قاراپ، — خەقنىڭ نېسىۋىسىگە كۆز ئالايتقاننىڭ دەردىنى ئەمدى تارتىلا، نۇرىماننى ئۇنچىۋالا بوش چاغلىمىسىلا! سىلى ئەكبەر ھاجىمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرمىغان بولسىلا ماڭا نەق يىگىرمە مىڭ پايدا بار ئىدى، قاراپ تۇرۇپ قۇرۇق قالدىم. ماڭىمۇ، ئۆزلىرىگىمۇ قىلدىلا، ماۋۇ ئايشەم دېگەن قىپقىزىل سارالڭ خوتۇن، ئەمدى بۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ باقسىلا…»

نۇرىمان ئويلىغاندەك نۆۋەتتىكى چايدا ئايشەم پارتلىدى.

— تەقسىماتتا ئادىللىق بولمايۋاتىدۇ، — دېدى قوپۇپ، — باشتا پاي قوشقاندا پۇلنى ھەممىمىز تەڭ چىقارغان، پايدىنىمۇ تەڭ كۆرىمىز دېيىشكەن. بىرنەچچە ئايدىن بۇيان قارىساق پايدىنىڭ تايىنى بولمايۋاتىدۇ، بىزلەرمۇ ئوقۇغان، تۆت ئەمەلنى ئوبدان بىلىمىز، بۇ پايدا نەگە كېتىپ بارىدۇ؟ بەزىلەر قىلغان ئىشنىڭ تايىنى يوق لوق - لوق ئېلىۋېتىپتۇ، نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

— كىم لوق - لوق ئېلىۋېتىپتۇ؟ — چىمەنگۈل ئۆزىگە ئېلىپ سورىدى.

— سىلى ئېلىۋېتىپلا…

— ئايشەم، — دېدى چىمەنگۈل كۆكىرىپ، — قارىسىغا ئۇسمەيلى، كېيىن دېگەنلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالمىسىلا جۇمۇ!

— قارا چاپلاش دېگەن سىلىدىن ئايلانسۇن ،— ئايشەم بوش كەلمىدى ،— خەقلەرنىڭ ئۈستىدىن ئۆزۈن ـ قىسقا گەپلەرنى قىلىۋاتقان كىم ؟… ئۇنداق ئادەم ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ باقساق بولىدۇ…

چىمەنگۈلنىڭ چىرايى قورقۇنچلۇق تاتىرىپ كەتتى .

— ئايشەم ، مەن نېمە دەپتىمەن ؟

— نېمە دېگەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئايان ، سىلى مەن دېگەن ۋالىينىڭ خوتۇنى ، نېمە قىلسام يوللۇق دەۋاتاملا ؟ بىزمىچۇ ، ئۆزىمىزگە تۇشلۇق ئادەم .

نۇرىمان ئارىغا كىرىپ يۈرۈپ جېدەلنى ئاران بېسىقتۇردى . ئايشەم دەيدىغاننى دەپ بولۇپ :

— شىركەتنىڭ ھېسابىنى ئېنىقلاش كېرەك . بولمىسا ، مەن تەكشۈرىدىغان يەرلەرگە ئىنكاس قىلىمەن ،— دېدى ـ دە ، چاي-دىن چىقىپ كەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، شەھەردە خېلى دەبدەبە قوزغىغان چىمەن-گۈل باشچىلىقىدىكى خەير ـ ساخاۋەت شىركىتى جەڭگى ـ جېدەل بىلەن ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇردى .

## 31

چىمەنگۈللەرنىڭ شاڭخەيگە بېرىپ چاي ئويناپ كەلگەنلىكى-نى ئاسىيەدىن ئاڭلىغان ياسىنجان ۋالىي دەرغەزەپكە كەلدى . ئۇ چۈشتە چىمەنگۈل ئىشتىن كېلىشىگە سوراققا ئالدى :

— بۇ ئەمدى نەدىن چىققان پەدە ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن ، — سىلەرگە مۇشۇ شەھەر تارلىق قىلىپ قالدىمۇ ؟

— مەن خىزمەت ئىشى بىلەن باردىم ، — دېدى چىمەنگۈل ئۆزىنى ئاقلاپ .

— قالغانلارمۇ خىزمەت بىلەن باردىمۇ ؟…

— ئۇلارنىڭمۇ ھەر خىل ئىشلىرى بار ئىكەن…

— بۇ گېپىڭىزگە كىم ئىشىنىدۇ ؟— ياسىنجان ۋالىي بېـ
شىنى چايقىدى ،— ئۆتكەندە ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوينىاپ كەپسىـ
لەر . «ھە» دەپ قويسا چەت ئەت ئەلگىمۇ چىقىپ چاي ئويناپدىـ
غان ئوخشىمامسىلە ؟
— بارساق ئۆز پۇلىمىز بىلەن باردۇق ، باشقىلارمۇ چىقىۋاـ
تىدىغۇ ؟
— سىز ´ئۇلارغا ئوخشاشمايسىز ، بىلەمسىز ؟
— ھېلىمۇ سىزنىڭ يۈزىڭىزنى ئاياپ ، چاقىرغان يەرلەرنىڭـ
مۇ ئوننىڭ بىرسىگە بارسام بارىمەن ، بولمىسا يوق . يەنە مەن
گۇناھكارمۇ ؟
— مەن ئۆز ۋاقتىدا سىزگە نېمە دېگەن ؟ — دېدى ياسىنجان
ۋالىي ، — بۇ يەر ئۇرۇمچىگە ئوخشاشمايدۇ ، ھەممە ئادەمنىڭ
كۆزى سىز بىلەن مەندە ، بۇنى نېمىشقا چۈشەنمەيسىز ؟...
ئادىلجاننىڭ ئاۋارىچىلىكىنى ئاران بېسىقتۇرۇپ تۇرسام ، سىز بۇ
قىلىقنى چىقاردىڭىز .
— مەن نېمە قىپتىمەن ، مەن خىزمەتكە بېرىپ كەلدىم .
— خەقلەر نېمە دېيىشىۋاتىدۇ ، ئاڭلاپ باقتىڭىزمۇ ؟
— ۋاي - ۋۇي ،— دېدى چىمەنگۈل قاش - قاپىقىنى
سۈزۈپ ،— بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام بۇ شەھەرگە كەلمەيدىـ
كەنمەن . ۋالىي بولدۇم دەپ ، بولۇپ بەردىمۇ دەيمەن . سىزنىڭ
دەستىڭىزدە ئەركىن دەسسەپمۇ يۈرگىلى بولمايدىكەن - دە . بولـ
دى ، بۇ يەردە ئۆزىڭىزلا تۇرۇڭا ، مەن ئۇرۇمچىگە كېتىپ كۆزدـ
ڭىزدىن نېرى بولاي...
باشقا چاغلار بولغان بولسا ياسىنجان ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ كۆڭـ
لىنى ياسىغان بولاتتى ، لېكىن بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدى .
— راست كېتەمسىز ؟ — دېدى ئۇ چىمەنگۈلگە قادىلىپ
تۇرۇپ .
— كېتىمەن !

— بۇ يەرنى ياراتمىغان بولسىڭىز ، بوپتۇ ، كېتىڭ !
چىمەنگۈل «ئېرىنى بۇنداق دەيدۇ» دەپ ئويلىمىغانىدى .
— نېمە دېدىڭىز ؟— دېدى ئۇ يېقىن كېلىپ ،— يەنە بىر دەڭا !
— كېتىمەن دېسىڭىز كېتىڭ !
— شۇنداقمۇ ؟— چىمەنگۈلنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى ،— ئەمدى مېنىڭ كېرىكىم يوق بولۇپ قالدىمۇ ؟ كۆزىڭىزگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىۋاتىمەنمۇ ؟... شۇنداق ، ئۆزىڭىزنىڭ يۇرتىغا كېلىۋالدىڭىز ، بالا - چاقىلىرىڭىزنى تېپىۋالدىڭىز ، مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتتىڭىز ، شۇنداقمۇ ؟ ئەمدى مېنى قوغلىماقچىمۇ ؟...
— چىمەنگۈل ،— دېدى ياسىنجان ۋالىي بوغۇلۇپ ،— گەپنى بۇرىماڭ !
— مەن بۇرىمىدىم ، يۈرىكىڭىزدىكى مەقسىتىڭىزنى دەۋاتىمەن ، مېنى بىلمەيدۇ دېمەڭ ، سىز بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزگىرىپ كەتتىڭىز ، مېنىڭ بىلەن كارىڭىز يوق بولدى ، ھازىر مەن نېمە ئىش قىلسام سىزگە يارىماي قېلىۋاتىمەن ، توۋا ، توۋا... ئادەم بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ ياخشىلىق قىلىدىغان نېمە ئەمەسكەن ، نېمە پوق يېدىمەن ؟— چىمەنگۈل مىچىلداپ يىغلىغىلى تۇردى ،— توۋا ، ھېچنىمىدىن - ھېچنىمە يوق كەت دەۋاتقىنىنى ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا شۇنچىلىك خار بولۇپ قالدىممۇ ؟
— كېتىمەن دېگەن ئۆزىڭىز...
— مېنى كەتكۈزۈپ بۇ ئۆيگە كىمنى ئەكىرمەكچى ، ھەلەكنىمۇ ؟ سىزنىڭ مەقسىتىڭىز شۇغۇ ؟
— چىمەنگۈل ، تۈز گەپ قىلىڭ ! — ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭغا دېۋەيلىدى .
— ھە ، ئۇرامسىز نېمە ؟ — چىمەنگۈل ئەزۋەيلىدى ، — ئەمدى سىز قىلمىغان شۇ قالغان... ئۇرۇڭ !...

ياسىنجان ۋالىي چىمەنگۈلگە گەپ يېگۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆ-
زى يېتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى . چىمەنگۈل بولسا ئۆينى بېشىغا
كىيىپ يىغلاپ قالدى . قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن ، ئۇ يىغلاپ
ھاردى ـ دە ، ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى . ئېرىنىڭ بۈگۈنكى ئەلپازى
ئۇنىڭغا ئەلەم قىلاتتى . «بۇ ئەبگارغىمۇ ھال كىرىپ قالدى ، ئۇ
بۇرۇن قانداق ئوينىسامۇ كارى يوق ، سورىقىنىمۇ قىلىپ قوي-
مايتتى ، ھازىر يۇرتىغا كېلىۋېلىپلا يوغانچىلىق قىلغىلى تۇردى .
بۇنى كۆشكۈرتۈۋاتقان ئادەملەر بار ، ئۇ ھە دېسىلا ئوغلى ئەنۋەر-
نىڭ يېنىغا يۈگۈرەيدىغان بولدى ، ئاۋۇ ھەلىمە بىلەن گەپنى بىر
قىلىۋاتامدۇ ـ يا ؟ زورىخان دېگەن قېرى جادىمۇ ھەلىمەنى ياخشى
كۆرىدۇ ، ئانىسىمۇ بۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋاتامدىكىن ؟ ھەي ،
ياسىنجان ! سېنى مۇشۇنچىلىك قىلىپ ياسىنجان قىلىپ قويغان
كىم ؟… مەن بولمىسام تاشيولدا توپىغا مىلىنىپ يۈرەتتىڭ ،
ئەمدى كېلىپ ماڭا ھۆركىرەيدىغان بولدۇڭمۇ ؟ توختاپتۇر ، چى-
مەنگۈل ساڭا بوزەك بولىدىغان خوتۇن ئەمەس… »

چىمەنگۈل ئۈرۈمچىگە — ئاقساقالغا تېلېفون قىلىۋىدى ،
كاتىپ ئۇنىڭغا ئاقساقالنىڭ ئاغرىپ بالنىستتا يېتىۋاتقانلىقىنى ،
تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن ئۇنىڭ پېنسىيىگە چىققانلىقىنى ئېيتقاند-
دى . چىمەنگۈل «لاسىسىدە» بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۈمىدى ئۈ-
زۈلدى . قايسى كۈنى ئايشەمنىڭ قىلغان ئاھانىتى ، بۈگۈن ياسىن-
جاننىڭ قوپاللىقى ، ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن بۇ كۆڭۈلسىزلىك-
لەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ئەلەم قىلاتتى . ئۇنىڭ ئىشقا بارغۇ-
سىمۇ كەلمىدى . ئۇ نۇرىماننىڭ قېشىغا بېرىپ ئىچ پۇشۇقىنى
چىقىرىپ كېلەي ، دەپ تۇرۇشىغا ئۆيگە شەۋكەت كىرىپ كەلدى .
ئۇنى كۆرۈپ چىمەنگۈل خۇش بولۇپ كەتتى .

— ياسىنجانكام ماتېرىيال سومكىسىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ ، ئىدا-
رىغا بېرىپ ئېسىگە كەلدى ، مېنى ئەكەل دەپ ئەۋەتكەنتى ، —
دېدى ۋە چىمەنگۈلنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرۈپ سورىدى ، —

نېمە بولدىڭىز ، يەنە ئادىلجان خاپا قىلدىمۇ ؟

چىمەنگۈل شەۋكەتنىڭ بوينىغا گىرە سالغىنىچە ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى . ھېچ نەرسىنى ئۇقالمىغان شەۋكەت :

— ۋالىي بىرنېمە دېدىمۇ - يا ؟ — دېدى گۇمانلىنىپ .

چىمەنگۈل «ھە» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى ئېغىتتى .

— ھېچنىمىدىن - ھېچنىمە يوق ۋارقىراپ يۈرىدۇ ، — دېدى ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ .

— بەلكىم شاڭخەيگە بارغىنىڭلارغا ئاچچىقى كەلگەندۇ ؟ — دېدى شەۋكەت ئۇنىڭغا ، — دېمىسىمۇ ھازىر شەھەردە بۇ گەپ پۇر بولۇپتۇ .

— راستمۇ ؟ — چىمەنگۈل ئەندىكىپ سورىدى ، — نېمە گەپلەر بار ؟

— نېمە گەپ بولاتتى ، ھەر قىسما گەپ . بەزىلەر بۇلار نەدىكى پۇلغا ئويناۋاتىدۇ ، دېگەنلەر بار . بەزىلەر بۇلار ساپلا باشلىقلارنىڭ ئايالى تۇرۇپ مۇشۇنداق ئويۇنسا باشلىقلارغا ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ دەۋاتقانلارمۇ بار . ئىشقىلىپ ، گەپ تولا...

— مەن دېگەن خىزمەت بىلەن باردىم ، ھەممىنى قىلغان نۇرىمان .

— سىز نۇرىماننىڭ كەينىگە ئاز كىرسىڭىز بولاتتى ، ئۇ دېگەن ھەممە قازاندا قايناپ چىققان نەرسە ، ئاڭلىسام شاڭخەيدە يىگىت تالىشىپ قاپسىلەرغۇ ؟

— نېمە دەيدىغانسىز ؟ — چىمەنگۈل «ۋىلىلىدە» قىزاردى ، — كىم دەيدۇ ؟

— ئەكبەر قاپاقنى مەن تازا ئوبدان بىلىمەن ، بىز بۇرۇن بىر كالوندا ئىشلىگەن ، ئۆزى ماڭا تېلېفون بېرىپ ھەممىنى دەپ بەردى .

— يالغان ئېيتىپتۇ ، — دېدى چىمەنگۈل ئەركىلەپ ، — سىز ئويلاپ بېقىڭا ، مەن ئاشۇ بىرنېمىنىڭ خىلىمۇ ؟ ئۇلار نۇرى-

مان ئىككىسى كونا تونۇشلار ئىكەن ، مەن نېمە بىلىمەن ؟
شەۋكەت ئىشەنمىگەندەك ئاچچىق كۈلۈپ قويدى .
— جېنىم شەۋكەت ،— دېدى چىمەنگۈل ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ ، — سىزمۇ مېنى چۈشەنمەمسىز ؟ مەن قاچان سىزگە ۋاپاسىزلىق قىلغان ؟ ئەگەر سىزمۇ مېنى رەنجىتسىڭىز ئۆلۈۋالىمەن ، راست...
شۇ ئەسنادا ئۆيگە ئالدىراپ ئاسىيە كىرىپ كەلدى . ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇچاقلىشىپ تۇرغان شەۋكەت بىلەن چىمەنگۈلنى كۆرۈپ بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە ، ئىتتىك بۇرۇلۇپ ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ ئىشىكنى شۇنداق چىڭ ياپتىكى ، تورۇستىكى چىراغلار تىترەپ كەتتى . بۇ تاسادىپىيلىق شەۋكەت بىلەن چىمەنگۈلنىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى . قورققىنىدىن چىرايىدا قان قالمىغان شەۋكەت ۋالىينىڭ سومكىسىنى ئالدى ـ دە ، سىرتقا ماڭدى . چىمەنگۈل بىرھازاغىچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ كاللىسى قېتىپ قالغاندەك ئىدى .
چىمەنگۈل خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ ئاستا مېڭىپ ئاسىيەنىڭ خانىسىغا كىردى . بۇ چاغدا ئاسىيە كارىۋىتىدا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە لېۋىنى چىشلەپ ئولتۇراتتى . چىمەنگۈل گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي تۇرۇپ كەتتى .
— ئاسىيە ، — دېدى ئۇ ئاخىرى دۇدۇقلاپ ،— شەۋكەت دېگەن بۇ بىرنېمىنى خېلى تۈزۈك ئادەممىكىن دەپ يۈرۈپتىكەنمەن ، ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق كېلىپلا...
— بولدى ، — ئاسىيە بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئۇنى قاتتى ، — مەن كىچىك بالا ئەمەس ، ماڭا چۈشەندۈرمەڭ !
— ئاسىيە ، خۇدا ھەققى راست گېپىم...
— ئاپا ، — دېدى ئاسىيە بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — سىز مۇشۇ ياشقا كەلگەندە نومۇس قىلسىڭىز بولمامدۇ ؟ دادامنىڭ يۈزىنى

قىلسىڭىز بولمامدۇ؟ سىزگە يەنە يەتمەيدۇ ـ ھە؟ دادام بىچارە نېمە دېسىڭىز قىلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۆي دېدىڭىز ئۆي سېلىپ بەردى، سودا قىلماقچى بولدىڭىز، ئۇنىڭغىمۇ يول قويىدى، ماشىنا دېدىڭىز، ئۆمەككە كىچىك ماشىنا تەستىقلاپ بەردى. سىزگە يەنە نېمە كېرەك؟ ئۆتكەندە ئادىلجان بىرمۇنچە خاپىلىقنى تېپىپ بەردى، بىچارە دادام ساقىلىنى سۆرەپ خەقلەرگە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ جازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. سىزنىڭ دادامغا ئېيتقان رەھمىتىڭىز مۇشۇمۇ؟ قىلغان ۋاپايىڭىز مۇشۇمۇ؟ سىز زادى قاچان چوڭ بولىسىز؟...

چىمەنگۈل قىزىدىن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلايمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. ئاخىرى ئۇ ئېسەدەپ يىغلاشقا ئۆتتى.

— ئاسىيە، — دېدى ئۇ مىچىلداپ تۇرۇپ، — سەن مېنىڭ تارتىۋاتقان دەردىمنى ئۇقمايسەن، داداڭ ئۆزىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ ئۆزگىرىپ كەتتى، كۆڭلى بۇزۇلدى...

— دادام ئۆزگىرىپ نېمە قىلدى؟

— بۇرۇنقى ئايالى بىلەن بالىسىنى تېپىۋالدى.

— ئەنۋەركامنى تېپىۋالسا نېمە بوپتۇ؟ ھېلىمۇ يىگىرمە يىلدىن بۇيان سىزنىڭ رايىڭىزغا بېقىپ قارىمىدى، دادىلىق بۇرچىنى ئادا قىلمىدى. ئەمدى ئالدىغا كەلگەن چاغدا قارىمىسا، تونۇمىسا بولامتى؟ خەقلەر نېمە دەيدۇ؟ ھېلىمۇ ئەنۋەركامنىڭ كۆكسى ـ قارنى كەڭ ئىكەن، دادامنى كەچۈردى. ئەگەر ئۇ ئۆچ ئالىمەن دېگەن بولسا ئادىلجان تۈرمىدە ياتقان بولار ئىدى. مەن دادامنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇنىڭ ئەنۋەركامنىڭ ئاپىسى بىلەن ھېچقانداق غەيرىي مۇناسىۋىتى يوق...

— سەن ئۇقمايسەن، — چىمەنگۈل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ھەممە سەن دېگەندەك بوش ئايال ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭ مەقسىتى بولمىسا نېمىدەپ موماڭنى ھازىرغىچە تاشلىماي

خەۋەر ئېلىپ تۇردۇ ، ئۇ داداڭنى شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە قاراتماقچى…

— ئەنۋەركامنى كىچىك ۋاقتىدا مومام كۆپرەك بېقىپتىكەن ، شۇڭا قارايدۇ ـ دە . ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۆزىڭىز مومامغا ياخشى مۇئامىلە قىلدىڭىزمۇ ؟ ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىمىزدىمۇ ھەر بارسا بىرمۇنچە ئازار بېرىپ رەنجىتىپ كەتكۈزۈۋېتىسىز ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ خاپا قىلدىڭىز ، ھازىر مانا ئۆيگە دەسسىمەيدىغان بولدى .

— ئۇ قېرىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋاتقانلار بار .

— ئاپا ، مەن سىزنى بۇنچىۋالا تاش يۈرەك ، رەھىمسىز دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ، سىز دادامغا قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرىڭىزنىڭ جازاسىنى تارتىپ قالىسىز ، مەنمۇ ھازىر بۇ ئۆيدە ئارتۇقچە ئادەم بولۇپ قالدىم . بۇنداق رەسۋاچىلىقنى كۆرگۈم يوق .

— سەن نېمە قىلماقچى ؟

— دوختۇرخانىغا كۆچۈپ كېتىمەن .

چىمەنگۈلنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى .

— نېمە دەۋاتىسەن ؟— دېدى ئۇ ۋارقىراپ ،— داداڭ بىلەن مېنى تىرىك ئۆلتۈرەي دەۋاتامسەن ، خەقلەر ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ ؟

— نېمە دېسە دېمەمدۇ ؟

— ئاسىيە ، — دېدى چىمەنگۈل بوشىشىپ ، ئۇ بىردىنلا تولىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى ،— بوپتۇ ، مېنى نېمە دېسەڭ دېگىن ، لېكىن مەن يەنىلا سېنىڭ ئۆز ئاپاڭ . داداڭ سېنى ئادىلجانغا قارىغاندا ياخشى كۆرىدۇ ، بۇنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن ، ئەگەر سەن مۇشۇنداقلا ئۆيدىن چىقىپ كەتسەڭ داداڭ نېمىدەپ ئويلاپ قالىدۇ ؟ داداڭنىڭ باققان ئەجرىگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىسەن ؟ داداڭنى ئايىغىن ، بالام…

ئاسىيە شۈكلەپ كەتتى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى قوقاسقا چۈشكەندەك پۇچۇلىنىۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دادىسى كېلىپ

تۇرۇۋالدى . «بىچارە دادام ، بۇ ئۆيدىكى مېنىڭ بىردىنبىر باشپا-
ناھىم !... سىزگە چىدىمايمەن...» ئۇ ھەر قېتىم ئاپىسىدىن
دەشىنەم يېگەندە دادىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ بېشىنى
سىلايتتى . ئاپىسىدىن يوشۇرۇنچە كېيىملەرنى ئېلىپ بېرەتتى .
ئۇ شۇ ياشقا كەلگۈچە دادىسى ئۇنى بىرەر قېتىممۇ سىلكىپ
دىلىنى رەنجىتكىنى يوق . شۇڭا ھازىر چىمەنگۈل ئۇنىڭغا دادىسى-
نى توغرا قويغاندا ، ئۇنىڭ يۈرىكى يىڭنە سانجىغاندەك ئېچىشىپ
كەتتى ۋە بايىقى ئاچچىقىدىن ياندى .
— بوپتۇ ، بۇ قېتىم دادامنىڭ يۈزىنى قىلاي ،— دېدى ئۇ
ئاخىرى چىمەنگۈلگە قارىماستىن تۇرۇپ ، — لېكىن سىزگە شۇنى
ئېيتىپ قوياي ، بۇنداق ئىش ئىككىنچى تەكرارلىنىدىغان بولسا
مەن بۇ ئۆيدە يوق ، ئانا - بالىلىقتىنمۇ كېچىپ كېتىمەن !...
قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چىمەنگۈل يېنىك «ئۇھ» تارتتى .
ئۇنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان تاش چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى .
ئاسىيە ئاپىسىغا قارىماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەرەددۇت-
لاندى .
— نەگە ؟— چىمەنگۈل ئېھتىيات بىلەن ئاستا سورىدى .
— ئەنۋەركام ئۆيگە چىقىپ كەتكەندىن بۇيان بارالمىدىم ،
دورا ئاپىرىپ بېرىمەن .
چىمەنگۈل گەپ - سۆز قىلمىدى . بۇرۇنقى ۋاقىت بولغان
بولسا ئۇ ئاسىيەنى تىللاپ قىمىر قىلغۇزمىغان بولاتتى ، لېكىن
بۈگۈن ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى .
— بالدۇرراق يېنىپ كەلگىن ، — دېدى پەقەت .
چىمەنگۈل ئۆيدە يالغۇز قالدى . جاراڭلاپ تۇرغان ئۆيلەردىن
يۈرەكنى سىققۇدەك بىر سوغۇقلۇق تۆكۈلۈپ تۇراتتى . دېرىزىلەر-
دىن چۈشۈۋاتقان كۈز قۇياشى شۇنچە ئاجىز ، سارغايغان غازاڭلار-
دەك نۇرسىز ئىدى . چىمەنگۈلگە ئۆي ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەر
كونىراپ رەڭگىنى يوقاتقاندەك تۇيۇلۇپ كۆڭلى بۇزۇلدى . ئۇ

ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم يالغۇزلۇقنىڭ ئازابىنى ھېس قىلدى··· ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن مەمنۇن ئىدى. گەرچە تۇنجى سۆيگۈنى ئۇنى داغدا قالدۇرغان، ۋاپاسىزلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ياراتقان ئىگىسىنىڭ رەھمى كەلدىمۇ، ئۇنى ياسىنجان بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇ ياسىنجاننى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭ تۈز كۆڭۈل، ساددا يىگىت ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ ئۇنى چىڭ تۇتتى. چىمەنگۈل خاتالاشمىغان ئىكەن، ياسىنجان ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقتى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. چىمەنگۈل- نىڭ بىر دوستى ئۇنىڭغا شۇنداق مەسلىھەت بەرگەنىدى: «ئايال- لارنىڭ گۈل پەسلى تولىمۇ قىسقا بولىدۇ، ئەر كىشىگە كۆڭلۈڭ- نىڭ ھەممىسىنى بېرىۋەتمە! چىش پاستىسىغا ئوخشاش ئاز - ئازدىن چىقارغىن؛ بولمىسا ئەرلەر سېنىڭدىن ئاسانلا زېرىكىپ قالىدۇ. بولسا، ئۇلار سېنى باشقىلاردىن كۆنلەپ تۇرسۇن» دېگە- نىدى. ئۇ ئۆز تۇرمۇشىدا دوستىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ياسىنجاننى يىگىرمە يىلدىن بۇيان ئۆزىگە مەھلىيا قىلدۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئېرىنى چىڭ تۇتتى، ئۇنىڭ ئەمەلدار بولۇشى ئۈچۈن ھەممە يولنى تەڭ ئېچىپ بەردى. ئۇ ھازىرقى چاغدا ئەمەل، ھوقۇق بولسا ھەممە نەرسىنىڭ بولىدى- غانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئاخىرى ئارزۇ قىلغان تۇرمۇشقا ئېرىشتى. پۇل، بايلىقنىڭ مېغىزىنى چاقتى. لېكىن، شۇنداق كۆنلەرگە ئېرىشكەن چاغدا كۆڭۈل ئاغرىقى، خاپىچىلىقمۇ تەڭلا كۆپىيىۋاتقانلىقىغا ئىچى پۇشاتتى. ئۇنىڭغا ھەممە ئىش ئۆز ئىزى- دىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، ھېلىلا يەر - جاھان تەۋرەپ ھەممى- سى ۋەيران بولۇپ ئىزسىز يوقىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. تۇرۇپلا ئۇنى قورقۇنچ بېسىپ، ۋۇجۇدىغا سوغۇق بىر تىترەك ياماشتى. ئۇ دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرالماي ھويلىغا چىقتى - دە، پەلەمپەيدە ئولتۇردى. كۈز قۇياشى ھويلىنىڭ ئېگىز تاملىرىنىڭ كەينىگە ئۆتكەن، ئۇنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى

هويلىدىكى قويۇق شاخلىغان سېدىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۇچىدا
چاقنايتتى . هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇغا چۆمۈلىدىغان كۆل-
چەكتىكى سۇ جىمىرلايتتى ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا تىكىلگەن نامازشام-
گۈللەر ئاق ، سېرىق ، كۆك رەڭدە چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەن-
دى . نېرىدىكى قويۇق شاخلىغان سۆگەتگۈلگە رەڭگى يېشىل ،
قۇيرۇقى ئۇزۇن بىر قۇش كېلىپ قوندى ۋە زوق - شوخ بىلەن
سايراشقا باشلىدى . چىمەنگۈلگە بۇ قۇش پەرياد سېلىۋاتقاندەك
تۇيۇلۇپ ، ئۇنىڭ غەمگە تولغان كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلدى .
گۈگۈم پەردىسى زېمىنغا يېيىلغانچە قورۇنىڭ ئىچى سۇرلۇك
كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇ قوپۇپ هويلىنىڭ چىرىغىنى يېقىۋەت-
تى . ئۇ هازىرغىچە هېچقاچان بۇگۈنكىدەك غېرىبسىنغان ، غەم-
كىن بولمىغانىدى . «ئادىلجان يېنىمدا بولغان بولسىمۇ گەپ
قىلىپ بېرەتتى… » چىمەنگۈل هىم يېپىلغان هەيۋەتلىك دەرۋازى-
غا تىكىلگىنىچە ئويلىدى . لېكىن ئوغلىنىڭ ئادەتتە يېرىم كېچى-
لەردە كېلىدىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ «ئۇھ» تارتىپ قويدى .
تۇرمىدىن چىققاندىن بۇيان ئۇ ئۆيدە تېخىمۇ كەم بولىدىغان ،
تولىسى ئىدارىدە «نۆۋەتچىمەن» دەپ كەلمەيدىغان بولۇۋالدى .
چىمەنگۈل ئۇنىڭغا گەپ قىلىپمۇ هاردى .

چىمەنگۈل هويلىدا غەمكىن خىياللارغا چۆكۈپ ئۇزاق ئول-
تۇردى . ئۇنىڭ ئۆيگە پەقەت كىرگۈسى يوق ، شۇ تاپتا بىرەرى
بىلەن مۇڭداشقۇسى بار ئىدى . لېكىن ، بۇگۈن بۇ ئۆيدىكى ھەم-
مىسى ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشتى . ئۇنىڭ هالىغا ئورتاق
بولۇپ ، كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان ئادەم چىقمىدى . ئۇ ئەلەم بىلەن
ئۇزاقتىن - ئۇزاق يىغلىدى…

## 32

بازاردىن كۆكتات ئېلىپ قايتقان هەلىمەنى ئارقىسىدىن بى-
رى چاقىرغاندەك قىلىپ قالدى . هەلىمە قايرىلىپ كەينىدە ئالدى-

راپ كېلىۋاتقان قوشنىسى ئىبادەتنى كۆردى .

— يېقىندىن بۇيان خالىدەنى كۆردىلىمۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ يېقىن كېلىپ .

— مەنمۇ ئەنۋەر بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنى يوقلىغۇدەك چولام بولمايلا كەتتى ، سىلى كۆردىلىمۇ ؟

ئىبادەت ئۇھ تارتىپ قويدى - دە :

— تۈنۈگۈن 5 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بىر نەزدىرگە بارغانتىم ،— دېدى ئۇ ، — خالىدەنى ئۇچرىتىپ قالدىم ، بىچارە ئورۇقلاپ بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ ، بۇرۇنقى خالىدە يوق ، قاراپ تونۇمايلا قاپتىمەن ، ئۇ سىلىنى سورىدى .

— كېسەل بولۇپ قالمىغاندۇ ؟

— ماڭا ئوچۇق دېمىدى . قارىسام ، كېسىلى خېلى بار ئوخ-شايدۇ…

ئىبادەتنىڭ دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ھەلىمە ساراسىمىگە چۈ-شۈپ قالدى . «خالىدەگە نېمە بولغاندۇ ؟ ئەجەب بىر يوقلاپ بارالماي كەتتىم . بىچارە مېنىڭدىن قانچە رەنجىۋاتقاندۇ ؟…»

ھەلىمە ئويلىغانسېرى بىئارام بولدى . ھەممىشە خۇشخۇي ، خاپىـ-لىقنى بىلمەيدىغان دوستىنى ئۇ تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى . ئۇلار پېداگوگىكا مەكتىپىدە بىللە ئوقۇدى ، كېيىن يەنە بىر مەكتەپتە ئىشلىدى . بۇرۇن مەكتەپتىكى چاغدا ئۇلار كۈندە دېگۈدەك كۆرۈ-شۈپ تۇراتتى . ھەلىمەمۇ خاپىلىق تارتسىمۇ ، خۇشاللىق كۆرسى-مۇ ئۇنىڭغا دەپ ئورتاقلىشاتتى . ئۇلار مەكتەپتىن كۆچۈپ كەت-كەندىن كېيىن ھەلىمەمۇ يالغۇزسىراپ قالغانىدى .

ھەلىمەنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى . ئۇنىڭ خىيالىغا خالىدە كىرىۋېلىۋالدى . ئاخىرى ئۇ بۈگۈن قىلماقچى بولغان ھەممە ئىشىـ-نى تاشلاپ ، دوستىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن جابدۇنۇپ ماڭدى .

10 - ئوتتۇرا مەكتەپ بۇرۇنقى يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنى ئاساس قىلىپ يېڭىدىن قۇرۇلغان مەكتەپ بولۇپ ، شەھەرنىڭ سىرتىدا

ئىدى . مەكتەپنىڭ بىر چېتى يېزىغا تۇتۇشۇپ كېتەتتى . ھەلىمە
مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ تاكسىدىن چۈشتى ـ دە ، ئەتراپقا
قاراپ تۇرۇپ كەتتى . بۇ يەر راستتىنلا سەھرا ئىدى . سوقما تام
بىلەن قورشالغان مەكتەپ قورۇسىدىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى .
قورۇنىڭ تۆرىدە سىنىپلار بولسا كېرەك ، بىر قەۋەتلىك كونا
ئۆيلەر بار بولۇپ ، خام كېسەكتە سېلىنغان بۇ ئۆيلەرنىڭ بەزى
يەرلىرىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن ، بەزىلىرىنىڭ دېرىزىلى-
رىگە ئەينەك ئورنىدا سۇلياۋ تارتىپ قويۇلغانىدى . قورۇنىڭ
ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان ۋاسكېتبول گارى بىر تەرەپكە قىيسى-
يىپ ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى . بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى
بولغاچقا ، مەكتەپنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى . ھەلىمە سىرلىرى
ئۆچۈپ كەتكەن تۆمۈر دەرۋازىدىن كىرىپ ، دەرۋازا تۈۋىدىكى
خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كىردى . زەي ئۆرلەپ تۇرغان ئۆينىڭ
تۆرىدىكى ياغاچ كارىۋاتتا مايلىشىپ كەتكەن دوپپىنى چۆكۈرۈپ
كىيگەن ، يۈز ـ كۆزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن بىرەيلەن يۆگەك-
لىك ئورۇن ـ كۆرپىگە قىيسايغىنىچە ياتاتتى . ئۇ ئىشىكتە
كېلىشكەن بىر ئايالنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن
قوپتى .
— جاپپار مۇدىرنىڭ ئۆيى قايسى تەرەپتىكىن ؟ — دەپ
سورىدى ھەلىمە .
كۆزەتچى ھەلىمەگە باشتىن بويي قاراۋېتىپ جاۋاب بەردى :
— ئاۋۇ تۆۋەندىكى قاتار ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكى
ئۆي شۇ ،— دېدى ئۇ ھويلىغا چىقىپ قولى بىلەن كۆر-
سەتتى ، — جاپپار مۇدىر ئەتىگەندە چىقىپ كېتىۋاتاتتى ، شەھەر-
گە كەتتىمىكىن ؟
— خالىدە باردۇ ؟
— خانىم ئۆيدە باردۇ...
ھەلىمە كۆزەتچى كۆرسەتكەن ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى . پارچە

كېسەكلەر بىلەن قىڭغىر - قىيسىق قوپۇرۇلغان، تېشىمۇ سۇۋالمىغان هويلا تېمى هېلىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى. پارچە - پۇرات تاختايلاردىن ئاندا - ساندا مىخلاپلا تۇرغۇزۇلغان هويلا ئىشىكى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ تۇراتتى. هەلىمە قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن هويلىغا سەپسالدى. هويلىنىڭ ئىچى قالايمىقان بولۇپ، بۇلۇڭدىكى چايخانىدا چاچلىرى پاخپايغان بىر ئايال ئىشىككە دۈمبىسىنى قىلىپ بىرنەرسە قىلىۋاتاتتى. «خالىدە شۇمىدۇ؟...» دېدى هەلىمە ئىچىدە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي ۋە ئىشىكنى ئېچىپ هويلىغا كىردى. هويلا ئىشىكنىڭ يېقىمسىز، ئاچچىق غىچىرلىشىنى ئاڭلىغان ئايال كەينىگە ئۆرۈلدى ۋە ئىشىكتە تۇرغان هەلىمەنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قېتىپ تۇرۇپ قالدى. خېلىدىن كېيىن، ئۇ ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ زورىغا كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— هەلىمە!...، — دېدى ئۇ هەيران بولغاندەك مىسكىن بىر هالەتتە، — قانداق شاماللار ئۇچۇرۇپ كېلىپ قالدى؟...

هەلىمە ئۇنى يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇچاقلاپ كۆرۈشىدىغۇ، دەپ ئويلىغانىدى، دوستىنىڭ بۇنداق قارشى ئېلىشىدىن هەلىمە ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ قالدى.

— قانداقراق ئەھۋالىڭ، تىنچ - ئامان تۇردۇڭمۇ؟ — دېدى هەلىمە.

— ياخشى، ئۆيگە كىرگىن.

دوستىنىڭ سالقىن كەيپىياتى هەلىمەنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. «مېنى يوقلىمىدىڭ دەپ قاتتىق رەنجىپتۇ - دە؟» دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئۇ ئۆيگە كىرىپ تېخىمۇ هەيران بولدى. ئۆينىڭ ئىچى شۇنچىلىك قالايمىقان ئىدىكى، هەلىمە بۇنىڭ خالىدەنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدى. ئىلگىرى خالىدە ئۆينى رەتلىك، پاكىز تۇتۇشى بىلەن مەكتەپتە نامى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىلا ئەمەس، هويلىسىمۇ قاچانلا كىرسە پارقىراپ تۇراتتى.

«خالىدەگە نېمە بولغاندۇ؟… ئەجەبمۇ ئۆزىنى تاشلىۋېتىپتۇ ـ يا؟…» ھەلىمە ئورۇندۇقتىكى چېچىلىپ ياتقان كىتابلارنى ئۈستەلگە ئېلىۋېتىپ ئولتۇردى. خالىدە بولسا تامغا تىرەپ قويغان قوش كىشىلىك كارىۋاتنىڭ لېۋىگە جايلاشتى. ھەلىمە ئۆيگە قاراپ دوستىغا نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. ئارىغا كۆڭۈلسىز، يۈرەكنى سىققۇدەك جىمجىتلىق چۈشتى.

— مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ — ھەلىمە ئاخىرى ئۈن قاتتى، — مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن سېنى ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدىم، نېمە دەپ قالدىڭكىن؟

خالىدە گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ يۈزى ئېسىلىپ، كۆزلىرىدە لىغىرلاپ ياش پەيدا بولدى. ئۇ يەرگە قارىغانچە قولىدىكى لۆڭگىنى ھەدەپ مىجىقلايتتى. ھەلىمە ئۇنىڭ مۈرىلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى. ئاخىرى ئۇ ئۈن ـ تىنسىز ئېسەدەشكە ئۆتتى. ھەلىمە ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەستىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نېمە بولدۇڭ، ئاداش؟

خالىدە ئۇنىڭغا ئېسىلغىنىچە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— مەن چىدىمىدىم، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — بىزگە بۇ نېمە تارتقۇلۇق؟… بىزنى نېمە قىلغانغا مۇشۇنچىۋالا قىينايدۇ؟…

— نېمە بولدى؟

— جاپپارنى مۇشۇ يەرگە پالىغىنى ئاز كېلىپ، مۇدىرلىقتىنمۇ ئېلىۋەتتى، بۇرۇنقى ئۆيدىنمۇ كۆچۈرۈپ مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى… بۇنىڭغىمۇ مەيلى دېسەك، قايسى كۈنى مۇدىر مېنى چاقىرىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن قورۇنىڭ تازىلىق ئىشلىرىنى قىلىڭ!» دەيدۇ، قارا…

— بۇ قانداق گەپ ؟ — ھەلىمە ھەيران بولدى ، — نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىكەن ؟

— «ياسىنجان ۋالىينى ئەرز قىلىپسىلەر» دەپ قىلىۋاتقىنى بولمامدۇ...

— ئەرزنى جاپپار قىلسا ساڭا نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ ؟

— شۇنىڭغىلا ھەيرانمەن ،— خالىدە كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ دېدى ،— بۇ جاپپارمۇ ئۆتۈپ كەتكەن جاھىل ، ئۆز ۋاقتىدا «ئالە» دەپ يەرنى بېرىۋەتكەن بولسىمۇ بۇ سورۇقچىلىقنى كۆرمەيتتۇق . خۇددى ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان زېمىندەك ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالدى . كېيىن يەنە بولدى قىلماي ئەرز قىلدى . مانا شۇ ئەرزلەرنىڭ دۆلىتىنى تازا كۆرۈۋاتىمىز...

ھەلىمە گويا بۇ ئىشقا ئۆزى مۇناسىۋەتلىكتەك بىئارام بولدى .

— جاپپار بولدى قىلسىمۇ بوپتىكەن ، — دېدى ئۇ ئاخىرى ، — ئۇلار بىلەن تەڭ بولغىلى بولامدۇ ؟ قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى ھەرگىز چوقۇمايدۇ .

— مەنمۇ شۇنى دەپ يالۋۇرۇپ كەتتىم ، يىغلىدىم ، ئۇرۇشتۇم . بىكار ، پەقەت ئاڭلىمايدۇ . جاپپارنىڭ مىجەزىنى سەنمۇ بىلىسەن ، بىر ئىشنى قىلىمەن دېدىمۇ كىرىشىپلا قالىدۇ . بىرنېمە دېسەڭ ، دەيدىغىنى «بۇ ئىشنىڭ سورىقىنى قىلىدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ» دەيدۇ ، ئۇلار سورىغىچە مەن تۇگەپ كېتىدىغان ئوخشايمەن .

— نېمە ، ئاغرىپ قالمىغانسەن ؟ چىرايىڭ بىرقىسىملا .

— قېنىم ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ ، سەللا ھەرىكەت قىلسام ، بېشىم قېيىپ بولالمايلا قالىمەن .

— دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقمىدىڭمۇ ؟

— كۆرۈندۈم ، ئۇلار : «بالنىستتا يات !» دەيدۇ ، شۇ تاپتا بالنىستتا ياتقۇدەك شارائىت نەدە دەيسەن ، جاپپاردىن ئەنسىرەي-

مەن ، ئۇنىڭ ئەھۋالى مەندىن ناچار .

— نېمە بولدى ؟

— ئۇ يۈرەك تىقىلمىسىغا گىرىپتار بولۇپ قالدى ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا تۇتۇپ كېتىدۇ . شۇڭا ئۆيىمنى تاشلاپلىۋەتتىم ، جان بولسا جاھان ئىكەنغۇ ؟... ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىچۇ ؟ مەن ئۆز دەردىمنى سۆزلەپلا كەتتىم ، ئادەم باشقا كەلگەندە بىلىدىكەن ، خاپا بولمىغىن...

ھەلىمە ئۇنىڭغا ئەنۋەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغان جەريانىنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى .

— شۇ ھەلەكچىلىكتە سىلەرنىمۇ يوقلاپ كېلەلمە-دىم ،— دېدى ھەلىمە ، — نېمە دەپ قالدىڭلاركىن... ھازىر ئەنۋەرمۇ سەللىمازا ياخشى بولۇپ ئۆيىگە چىقتى ، مەنمۇ ئەمدى ئۇھ دېدىم .

— مۇنداق ئىشلار بولۇپ كەتتى دە ؟ — دېدى خالىدە ھەيران بولۇپ ،— ئەجەب بىز ئاڭلىماپتۇق ، مەن تېخى سەندىن رەنجىپ يۈرۈپتىمەن ، ئۇنى ماشىنىدا ئۇرۇۋەتكەن كىم ئىكەن ؟

— ياسىنجاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىكەن...

— نېمە دەيدىغانسەن ؟ — خالىدەنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى ، — ياسىنجاننىڭ ساڭا قىلغىنى ئاز كېلىپ ئەنۋەرگىمۇ قەست قىلدىمۇ ؟ توۋا ، بۇ ياسىنجاننىڭ سەندە تۈگىمەيدىغان نېمە ئۆچى باردۇ ؟

ھەلىمە بۇ ۋەقەنىڭ قەستەن بولمىغانلىقىنى دېسىمۇ خالىدە چىنپۇتمىدى .

— سەن بەكمۇ ساددا ، ئاق كۆڭۈلغۇ سەن ، — دېدى خالىدە بېشىنى چايقاپ ، — شۇڭا ھەممە ئادەمنى ئۆزۈڭدەك چاغلايسەن ، ھازىرقى ئادەملەر مەككار ، قۇۋ بولۇپ كەتتى . ياسىنجانمۇ بۇ-رۇنقى ياسىنجان ئەمەس ، بولمىسا ئۆسۈپ ۋالىي بولۇپ كەتمەسسىدى ، سەن ئەخمەق ئۇنىڭغا يەنە ئىچ ئاغرىتىسەن ، يا

بىرەر تارتىشىدىغان يېرىڭ بارمۇ ـ يا ؟
— نەدىكى گەپنى قىلىدىغانسەن ؟
— هازىرمۇ ئۆيۈڭگە كېلىپ تۇرامدۇ ؟ ئەمدى يېقىن قوشنا بولۇپ قالدىڭلار .
— ياق ، شۇ بىر قېتىم كەلگەندىن كېيىن دەسسىمىدى...
خالىدە ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك قاراپ قويدى . خالىدە دوستىنى كۆرۈپ جان كىرگەندەك تېتىكلىشىپ قالدى . ھەلىمە ئۇنىڭغا مەكتەپتىكى يېڭىلىقلارنى — كىملەرنىڭ توي قىلغانلىقى ، يەنە كىملەرنىڭ پېنسىيىگە چىققانلىقى ، يېڭىدىن كىملەرنىڭ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى . ھەلىمە ئىككىسى پاراڭ قىلىشقاچ ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ تاماق ئېتىشتى . تاماق تەييار بولغاندا تەرلەپ ـ پىشىپ جاپپار ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۇ نېمىگىدۇر خۇشال ئىدى .
— پاھ ، ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كەپتىمەندە ،— دېدى ئۇ ھەلىمە بىلەن تىنچلىق سورىشىپ بولۇپ ئۇستەلگە كۆز يۈگۈرتۈپ ، — ھېلى يولدا كېلىۋېتىپ خالىدە بىرەر تاماق قىلغانمىدۇ ، دەپ ئويلاپ كەلگەنتىم ، قورساق دېگەن پىياز بولۇپ كەتكەنتى...
— قورساق پىياز بولغۇچە نەدە يۈردىڭىز ؟ — دېدى خالىدە خاپا بولۇپ ،— ھەلىمە كەلمىگەن بولسا بۈگۈن تاماق قىلغۇدەك ھالىم يوق ئىدى... كوچىدا ئولجا ئۇچراپ قالدىمۇ نېمە ؟ ئۆزلىرى خۇشالغۇ ؟...
جاپپار تاماقنى ئېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ دېدى :
— بۈگۈن خۇش خەۋەرلەر خېلى بار ،— دېدى ئۇ ،— بىرىنچىسى ، بۈگۈن ھېلىقى نۇرىمان دېگەن سودىگەر خوتۇننى ساقچىلار قولغا ئاپتۇ...
— نۇرىمانىنىمۇ ، نېمە دەپ ؟ — ئىككى ئايال تەڭلا سورىدى .
— خەقنىڭ ئاغزىدا ھەر خىل گەپ . ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ،

ئۇ دېھقانلارغا ساختا ئوغۇت ساتقانمىش ، دېھقانلار ئەرز قىپتۇ دەيدۇ .

— ئۇ خوتۇننىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ ،— دېدى خالىدە بېشىنى چايقاپ ،— كىم بىلىدۇ ، زەھەر سودىسىنىمۇ قىلدىمۇ ؟ ئۇ ئاۋۇ چىمەنگۈل بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ كېتىپتىكەن ، خەقلەر بۇلار مودا چىقىرىپ ئىچكىرىلەرگە بېرىپ چاي ئويناپ كەپتۇ دېيىشىۋاتاتتى .

— ئەمدى شۇ چاينىڭ خۇلاسىسى چىقىدىغان ئوخشايدۇ ،— دېدى جاپپار ، — بۇ ئىشتا چىمەنگۈلمۇ بارمىش ، ھازىر بۇ ئەنزىنى تەكشۈرۈۋېتىپتۇ .

— چىمەنگۈل دېگەن خوتۇن جاھانغا پاتماي كەتكەنتى ،— دېدى خالىدە يايراپ ،— ئەجەب ئوبدان بوپتۇ··· خۇدايىم ئاشۇنداق جايلايدۇ··· ھە ، يەنە نېمە خەۋەر ئاڭلىدىڭىز ؟

— يەنە بىر مۇھىم خەۋەر ،— دېدى جاپپار ھەلىمەگە قاراپ قويۇپ ، — پارتكومدىكى بىر تونۇشۇم دەيدۇ ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈشتىن ئادەملەر كەپتۇ ، ئۇلار ئاساسلىقى ۋىلايەتتىكى باشلىقلارنىڭ شەخسىي زېمىنلىرىنى ئېنىقلايدىكەن ، ھازىر ھەممە ئەمەلدارلارنىڭ پۇچقىقىغا پىت چۈشۈپ قاپتۇ···

— ئەجەب ئوبدان بوپتۇغۇ ،— خالىدە خۇشاللىقىدا تېتىكلىشىپ كەتتى ،— دېمىسىمۇ ، باشلىقلار بەس - بەس بىلەن زېمىن سېلىشىپ كەتكەنتى ، ئەمدى زېمىنغىمۇ تويغۇدەك - دە !··· ھۆكۈمەت دېگەن ئاشۇنداق جايلايدۇ···

— ئەتىگەن چىقىۋاتسام مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى مەن دەيدۇ ، بىرەيلەن مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن ، ئۇ ياسىنجان ۋالىينىڭ مەكتەپنىڭ يېرىنى ئىگىلەپ ئۆي سالغانلىقىنى تەپسىلىي سورىدى ، ئۇنىڭ ئۆيىنى سۈرەتكە تارتىۋالدى . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ئۇلار مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ئىچكى ماتېرىيال قىلىپ يۇقىرى ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلىدىكەن···

ھەلىمە جاپپارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى نېمىشقىدۇر پەرىشان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دەرھال ياسىنجان ۋالىي ، ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆيى كەلدى . «ياسىنجانغا بىرەر پالاكەت كېلىپ قالامدۇ نېمە ؟… ھەي ياسىنجان ، شۇ زېمىننى سېلىپ نېمىمۇ قىلاتتىڭ ؟ ساڭا ھۆكۈمەتنىڭ بەرگەن ئاشۇ كاتتا ئۆيلىرىمۇ يەتمەمتى ؟ مانا ئەمدى ئۆزۈڭگە ئىش تاپتىڭ ، بىز ئۆز ۋاقتىدا بىر ئېغىز ئۆيدىمۇ ئۆتكەنىدۇقنۇ ؟ مۇشۇ ھەشەمەتنى قىلىپ نېمىمۇ قىلار ئىدىڭ ؟ جاپپارنىمۇ ۋەيرانچىلىقتا سالدىڭ ، مەكتەپتىكىلەرمۇ كەيىنىڭدىن مىڭنى تىللاۋاتىدۇ ، سەن شۇلارنى ئاڭلامدىغانسەن ؟… » ھەلىمە ئويلىغانچە بىئارام بولدى . ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يېرى تىت - تىت بولاتتى . ئاخىرى ئۇ خالىدە بىلەن جاپپارنىڭ تۇتقىنىغا ئۇنىماستىن قايتماقچى بولدى .

— تۇنۇگۈندىن بۇيان ئەنۋەرنىڭ يېنىغا بارالمىدىم ، — دېدى ئۇ ئوغلىنى باھانە قىلىپ ، — ئاپام نېمە بولدى دەپ قالمىسۇن ، مەن قايتاي…

ھەلىمە ئۆيگە يېنىپ كېلىپمۇ خاتىرجەم بولالمىدى . جاپپار-نىڭ دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى . گويا ياسىن-جاننىمۇ نۇرىمانغا ئوخشاش تۇيۇقسىزلا تۇتۇپ كېتىدىغاندەك تۇ-يۇلاتتى . ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى ، ئاخىرى ئۆيدىمۇ ئولتۇرال-ماستىن سىرتقا چىقتى ۋە بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ ئۆزىمۇ بىلمەستىن ياسىنجان ۋالىينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى . نەقىش-لەپ ئىشلەنگەن تۆمۈر دەرۋازا ھىم تاقاقلىق تۇراتتى . قورۇدىمۇ ئادەم باردەك قىلمايتتى . ھەلىمە بىر مىنۇتچە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇردى - دە ، تۇيۇقسىزلا ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن چۆچۈپ قورۇ-نىڭ ئالدىدىن ئىتتىك كەتتى . ئۇ كېتىۋېتىپ : «بىرەرى كۆرۈپ قالغانمىدۇ ؟ » دېگەندەك ئەتراپقا قارىدى ۋە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقى-نى كۆرۈپ «ئۇھ» دېدى - دە ، ئىتتىك مېڭىپ چوڭ كوچىغا چىقتى . ئۇ يەردىن ئوڭغا قايرىلىسىلا مەكتەپكە كىرەتتى . ئۇ

دوقمۇشتىن قايرىلاي دېيىشىگە ئالدىدىن قولىدا ماتېرىيال سومـ.
كىسى كۆتۈرگەن ياسىنجان ۋالىي ئالدىغىلا چىقىپ قالدى . ئۇنى
كۆرۈپ ھەلىمە ھودۇقۇپ قالدى .
— ھەلىمە ، ئەھۋالىڭىز قانداق ؟ — دېدى ياسىنجان ۋالىي
ئۇنى كۆرۈپ .
— ياخشى… ،— دېدى ھەلىمە ئارانلا .
— ئەنۋەرنىڭ ئەھۋالچۇ ؟ مەن تېخى ھازىرلا ئۇنى ئويلاپ
كېلىۋاتاتتىم ، ئاسىيە : «ئۆيگە چىقىپ كەتتى» دەيدىغۇ ؟
— ئۆيدە دەم ئېلىۋاتىدۇ ، مەن شۇنىڭ قېشىغا ماڭغانتىم .
— شۇنداقمۇ ؟— دېدى ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ ، — مەن
ئەنۋەرنى كۆرۈپ كەلسەم بولاتتى ، دەۋاتاتتىم . ياخشى بولدى ،
مېنى باشلاپ بارامسىز ؟
ھەلىمە نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى . «ئۇنى باشلاپ بارسام
ئەنۋەر نېمدەپ قالار ؟ دادىسىنى كۆرۈپ خۇش بولارمۇ ؟…
تۇرغىنىمىزنى بىرەرى كۆرۈپ قالمىغاندۇ ـ ھە ؟…» شۇ ئارىدا
ياسىنجان ۋالىي يانفونىنى ئېلىپ تېلېفون قىلغانىدى ، ھايال
ئۆتمەي ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ماشىنىسى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ
توختىدى .
— قېنى ، ماشىنىغا چىقىڭ !— دېدى ياسىنجان ۋالىي ماـ.
شىنىنىڭ كەينى ئىشىكىنى ئېچىپ تۇرۇپ .
ھەلىمە ھودۇققىنىچە ماشىنىغا چىقتى . ئۇنىڭ كەينىدىن
ياسىنجان ۋالىي چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . ھەلىمە ئۆمرىدە
ئولتۇرۇپ باقمىغان بۇ ھەشەمەتلىك ماشىنىدا قورۇنۇپ بىر چەتتە
ئولتۇردى . ياسىنجان بولسا ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە
تاشلىغىنىچە سۆلەت بىلەن ئولتۇراتتى . ئۇ شوپۇردىن ئېھتىيات
قىلدىمۇ ، بۆلەك گەپ قىلمىدى . پەقەت ئەنۋەرنىڭ تاماققا كىرىشـ.
كەن ـ كىرىشمىگەنلىكىنى سوراپ قويدى . ھەلىمە بىلىندۈرمەسـ.
تىن ئۇنىڭغا سەپسالدى . ئۇنىڭ كۆزىگە يېنىدىكى بۇ ئادەمنىڭ

چاچلىرى تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەندەك ، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقلارمۇ بۇرۇنقىدىن كۆپەيگەندەك بىلىنىپ كەتتى . ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى . ماشىنا تولىمۇ سىلىق ، ئاۋازسىز كېتىپ باراتتى . ھەلىمەنىڭ ئېسىگە ياسىنجان بىلەن توي قىلغان چاغلار كەلدى . ئۇ ئەنۋەرگە ئېغىرئاياغ بولغاندىن كېيىن ، ياسىنجان ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ كونا ۋېلىسىپىتىگە مىنگەشتۈرۈپ مەكتەپكە ئەكېلىپ ـ ئەكېتەتتى . بىر قېتىم كېچىدە كېلىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ۋېلىسىپىتنىڭ ئوقى ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئىككىلىسى ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشتى . ياسىنجاننىڭ پۇتىغا ۋېلىسىپىتنىڭ پېدالى تېگىپ قان چىقىپ كەتتى ، لېكىن ئۇ پۇتىغا قارىماستىن يۈگۈرۈپ قوپۇپ ھەلىمەنى يۆلىدى ، بىر يېرىنىڭ ئاغرىغان ـ ئاغرىمىغانلىقىنى سورىدى… كېيىن شۇ پۇتى تاتۇق بولۇپ ساقايدى . ئۇلار بىرنەچچە ئاي قورساقنى قىسىپ يۈرۈپ يېڭى ۋېلىسىپىت ئالغانىدى . ئۇلار ئۆمرىدە شۇ كۈندىكىدەك خۇشال بولمىغانىدى : «… ياسىنجان بەلكىم ئۇ ئىشلارنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندۇ ؟ بۇنداق ئېسىل ماشىنىلار تۇرغاندا ئۇ ئىشلار ئېسىگە كېلەمدۇ ؟… »

ئەنۋەر ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ بىللە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ سەل ھەيران بولغاندەك بولدىيۇ ، لېكىن چاندۇرمىدى .

— مەن ئۇرۇمچىگە يىغىنغا كېتىپ ئۆيدە بولالمىدىم ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي نەرسىلەر سېلىنغان يوغان سومكىنى ئۇستەلگە قويۇپ تۇرۇپ ، — دادام كېلىپمۇ قويمىدى دەپ خاپا بولدىڭمىكىن ؟

— سىزنىڭ ئۇرۇمچىگە كەتكىنىڭىزنى ئاسىيە دېگەنتى .

— ئاسىيە كېلىپ تۇرامدۇ ؟

— كۈن ئارىلاپ كېلىپ تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ .

ياسىنجان ۋالىي مەمنۇن بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

— ئـاسيـەمۇ سىنـدـڭ ياخشى گىپىـڭنى قىلىدۇ ،— دېدى ئۇ ،— ئاسىيە ئەقىللىق قىز بولدى ، مومىسىنىمۇ مىنىڭ ئورنۇمدا يوقلاپ تۇردۇ . ئانامنىڭ يېنىغىمۇ بارالمىغىلى ئۇزۇن بولدى ، يېقىندىن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم ، ئىشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ تۇرغان ، ئۇرۇمچىدە خىزمەت بۇنچىۋالا بېسىق ئەمەس ئىدى ، يەرلىكنىڭ ئىشى تۈگىمەيدىكەن…

— ئۆزىڭىزگە دىققەت قىلىڭ ، — دېدى ئەنۋەر ، — ئىش ، خىزمەت دېگەن تۈگەپ قالمايدۇ… ئاسىيە «دادامنىڭ يۈرىكى چاتاق ، ئۆزى پەقەت دىققەت قىلمايدۇ» دەيدۇ ، دوختۇردا يېتىپ داۋالانسىڭىز بوپتىكەن .

— دوخـتۇر دېگەنلەر ساق ئادەمنىمۇ كېسەلگە چىقىرىۋې-رىدۇ ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي قولىنى سىلكىپ ، — ئاسىيە دېگەنچىلىكمۇ ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دورام يانچۇقۇمدا بار…

شۇ ئارىدا ئۇنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى . ياسىنجان ۋالىي سۆزلىشىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى .

— لى شۇجى تېلېفون قىپتۇ ، كەچتە پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى بار ئىكەن ، مانا مۇشۇنداق ئىشلار… ،— ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ خوش ئېيتتى ،— مەن يەنە كېلىپ تۇرد-مەن ، بىرەر ئىش بولسا تارتىنماي دېگىن جۇمۇ !

ھەلىمە باياتىن دادا ـ بالا ئىككىسىنى ئايرىم قويۇپ ياندىكى ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغانىدى ، ياسىنجان ۋالىينىڭ خوشلاشقىنىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئۇزاتقىلى چىقتى :

— سىز ئۆيگە كېتەمسىز ؟ — دەپ سورىدى ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭدىن ، — مەن ئاپىرىپ قوياي .

— ياق ، — دېدى ھەلىمە ، — بۈگۈن گۈلشەن كېچە ئىش-لەيدىكەن ، مەن ئەنۋەرنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولاي…

ياسىنجان ۋالىي نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالدى .

— بوپتۇ ئەمىسە ،— دېدى ئۇ ۋە قايرىلىپ ماڭدى .

— ياسىن !— ھەلىمە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنى چاقىر-
دى . ياسىنجان ۋالىي چۆچۈگەندەك بولۇپ توختىدى .
— ياسىن ! — دېدى ھەلىمە ھودۇقۇش ئارىلاش ، —
ئۆزىڭىزگە ئېھتىيات قىلىڭ !...
— بىرەر گەپ - سۆز ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ — ياسىنجان ۋالىي
ئەجەبلىنىپ سورىدى .
— ئۇستىڭىزدە خېلى گەپ بولۇۋېتىپتۇ ، بەزىلەر يۇقىرىغا
ئەرز قىپتۇ...
— ھەرقاچان ھېلىقى جاپپار دېگەن چېقىمچىدۇ ، —
ياسىنجان ۋالىي دىمىغىنى قېقىپ قويدى ،— قارىغاندا ، ئۇ تېخى
پۇشايمان قىلماپتۇ - دە ؟... مەن بىلەن ئاداققىچە ئېيتىشمەن
دەۋاتقان ئوخشىمامدۇ ؟ مەيلى ، ئۇنىڭ بىگىسىنى كۆرۈپ باقاي...
مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش سولتەكلەرنى جىق كۆرگەن...
ياسىنجان شۇنداق دېدى - دە ، قايرىلىپ ماڭدى . ھەلىمە
ئۇ ماشىنىسىغا چىققۇچە قاراپ تۇردى . «سىزنىڭ جاھىل خاراك-
تېرىڭىز تېخىچە ئۆزگەرمەپتۇ - دە ، —دېدى ھەلىمە
ئىچىدە ، — ئۆز ۋاقتىدىمۇ شۇ مىجەزىڭىزنىڭ كاساپىتى بىلەن
يۇرتىڭىزنى تاشلاپ كەتكەنىدىڭىز ، بىر ئوبدان ئائىلىمىزنى سو-
رۇۋەتكەنىدىڭىز . لېكىن سىز ھازىر يەنە بىر ئائىلىگە سورۇقچە-
لىق سېلىۋاتىسىز ، شۇنى بىلەمسىز ؟ كىشىگە قىلغان كىشىدە
قالمايدۇ ، مەنغۇ بوپتۇ ، كۆڭلۇمدىن چىقىرىۋەتتىم . لېكىن جاپ-
پارنى مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن ، ئۇ سىزدىن ئۆتەر جاھىل نېمە ،
سىزغۇ ھازىرقى ھوقۇقىڭىزغا تايىنىپ ئۇنى باسارسىز ، چارە
قوللىنارسىز ، لېكىن خەقمۇ جىم ياتمايدۇ - دە ! ئەگەر جاپپار
دېگەندەك تەكشۈرۈش كېلىپ قالسا گۇناھ سىزگە ئارتىلىپ قالار-
مىكىن... »

ھەلىمەنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. تۇرۇپلا ئۇ: «مەن نېمانچىلا غەم قىلىمەن، بولسا ئۇ بۇرۇنغا تازا بىر يېسۇن! سەن ئەنۋەر ئىككىمىزگە نېمە كۈنلەرنى كۆرسەتمىدىڭ، ئەمدى سەنمۇ كۆرۈپ باق، شۇ چاغدا ئاندىن ئادەم بولارسەن! ھازىر سەن ھوقۇقىڭغا ئىشىنىۋاتىسەن، لېكىن بۇ ئەمەل ساڭا مەڭگۈلۈك ئەمەس، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالساڭ ئورنىغا كەلمەيدۇ...» ھەلىمە ئۆزىگە شۇنداق دېگىنىچە ئەنۋەرنىڭ قېشىغا يېنىپ كىردى.

## 33

چىمەنگۈل نۇرىمانىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. «بىرەرى ئوغۇت سودىسىدىن چاتاق چىقاردىمۇ نېمە؟ — دەپ پەرەز قىلدى ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە تىت-تىت بولۇپ، — بۇ نۇرىمانىنىڭمۇ نەپسى بالادەك نېمىكەن، يەتمىش كويلۇق ئوغۇتنى قاراپ تۇرۇپ يۈز يىگىرمە كويدىن سېتىپتۇ، تېخى ماڭا ئۇقتۇرماي قانداق سودىلارنى قىلىپ كەتتى بۇ؟... ئەجەب بىر رەسۋاغا ئارىلىشىپ قاپتىمەن، ئەمدى بۇ مېنى چىشلەپ تارتمىسا بولاتتىغۇ؟...» چىمەنگۈلنى ئويلىغانچە قورقۇنچ باستى. ھېلىلا ئۆيىگە سۈرلۈك ساقچىلار كىرىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى.

ئۇ ئاخىرى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا تېلېفون قىلدى. ساقچى باشلىقى سوغۇقلا جاۋاب بەردى:

— ئالدامچىلىق جىنايىتى بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن قولغا ئېلىندى، — دېدى ئۇ، — ھازىر تېخى تەكشۈرۈش ئۈستىدە... ئۇنىڭدىن باشقا باج ئوغرىلىغان ئىشلىرىمۇ بار ئوخشايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىمەنگۈلنىڭ يۈرىكى سەل جايىغا چۈشتى.

— قارىسىلا ،— دېدى ئۇ ساقچى باشلىقىغا ،— ئۇ ماڭا كىيىم ئەكەلدۈرۈپ بېرىمەن دەپ پۇل ئالغانتى ، يا قولىدىن ھۆججەت ئېلىۋالمىغان ئىكەنمەن ، شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم . شۇ ئىش توغرۇلۇق كۆرۈشۈپ سۆزلەشسەم بولامدۇ ؟

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، — دېدى ساقچى باشلىقى ، — قاچان كۆرۈشەي دەيلا ، بىز تۈرمە باشقۇرغۇچىلارغا خەۋەر قىلىپ قويايلى .

— بۈگۈن ۋاقتىم يوق ، ئەته باراي دېگەن .

— بولىدۇ ، -- دېدى ساقچى باشلىقى .

چىمەنگۈل كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىمىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىنى قورقۇنچلۇق خىياللار ، ۋەسۋەسە چىرمىۋالغانىدى . ياخشى يېرى ، ياسىنجان ۋالىي بۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىگە پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا كەتكەنىدى . بولمىسا ، ئۇ تۈرغانلا گەپ : « مەن باشتىنا نېمە دېدىم ، نۇرىمان دېگەن بۇ ئايال بوش ئايالدەك قىلمايدۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئازراق ئارىلاش دەپ ، سودىگەر دېگەن خەقتىن ۋاپا كەلمەيدۇ ، ئەمدى مېنىڭ كارىم يوق ، نېمە چاتاق بولسا ئۆزىڭىز ئايرىڭ ، دەيتتى . ئۇ ھازىر بۇرۇنقى ياسىنجان ئەمەس ، بۇ يەرگە كېلىپ قىر كۆرسىتىدىغان بولۇۋالدى . ئوغلىنى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تېپىۋالدى ، ئەگەر مەندىن بىرەر ئېۋەن تېپىۋالسا ئاجرىشىشتىنمۇ يانمايدۇ ، ئاپىسى دېگەن جادىمۇ ھەلىمەنى ياخشى كۆرىدۇ ، ناۋادا ياسىنجان شۇنداق دەپ قالسا مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ ئەمەسمۇ ؟… ياق ، مەن ئۇنى ھەرگىز قولدىن چىقارمايمەن ، ئۇنىڭ ھوقۇقىنىڭ دۆلىتىنى كۆرىدىغان كۈنلەر تېخى ئەمدىلا باشلاندى . مەن قاراپ تۇرۇپ بۇ دۆلەتنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىمەنمۇ ؟ شۇڭا ئاۋۋال ماۋۇ نۇرىماننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش كېرەك !… »

ئۇ تۈرمىنىڭ كۆرۈشۈش بۆلۈمىدە نۇرىماننى كۆرۈپ تونۇيالمايلا قالدى . ئۇنىڭ بۇرۇنقى پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايى قو-

رۇلۇپ سولىشىپلا كەتكەنىدى . نەچچە كۈنىنىڭ ئىچىدىلا قىرلىق يەتكەندەك مۇكچىيىپ قالغانىدى . «سېنى پارقىرىتىپ تۇرغىنى پۇل بىلەن پەردازلا ئىكەن ـ دە ؟» دەپ ئويلىدى چىمەنگۇل ئۇنى كۆرۈپ ۋە ئىچى ئاغرىپ قالدى . چىمەنگۇلنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكى نۇرماندا ئۇمىد پەيدا قىلىپ تېتىكلەشتۇردى .

— مەن سىلىنى چوقۇم يوقلاپ كېلىدۇغۇ دېگەنىدىم ،— دېدى ئۇ ئېچىلىپ ،— تېخى ئاخشاملا چۈشۈمگە كىرىپتىكەنلا...

— بۇلار نېمىدەپ قاماشتى ؟— چىمەنگۇل ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدى .

— نېمە دەيتتى ، ئالدامچىلىق قىلىپلا دەيدۇ ، ئوغۇت ئالغان خېرىدارلارنىڭ بىرەرى ئەرز قىلغان ئوخشايدۇ .

چىمەنگۇل ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ پىچىرلىدى :

— ئىقرار قىلمىسىلا... مەن سىلىگە باشتىلا دېگەن ، مەن سىلىنىڭ ھېچقانداق ئىشلىرىدا يوق ، مېنى ئارىلاشتۇرمىسىلا جۇمۇ !

نۇرمان ئاچچىق كۈلۈپ قويدى .

— چىمەنگۇل ! — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ ،— مېنى قۇتۇلدۇرۇپ ئاچىقكەتسىلە ؟ !

— مەن قانداق قۇتۇلدۇرىمەن ؟

— ۋالىيغا دېسىلە ، ئۇ ئادەم گەپ قىلسا قويۇۋېتىدۇ .

— ياسىنجان بۇنىڭغا ھەرگىز ئارىلاشمايدۇ...

— بولمىسا ، پۇل تۆلەپ كېپىل بولۇپ ئاچىقىپ كەتسىلە ، مەن چىدىمىدىم...

—قايسى ھاجىمچۇ ، پۇلنى شۇ تۆلىمەمدۇ ؟

— ئۇنىڭدىن تىيىن چىقمايدۇ ، چىمەنگۇل ، ھازىرغىچە كېلىپمۇ قويمىدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىمەنگۇلنىڭ تەرى تۇرۇلدى .

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلىغۇ ؟ — دېدى چىمەنگۈل ئاچچىقى كېلىپ ، — ئەرلىرى ئىگە بولمىسا مەن نېمىدەپ كېپىل بولغۇدەكمەن ، مەن يا سىلى بىلەن شېرىك بولمىسام ؟...

— چىمەنگۈل ! — دېدى نۇرىمان يالۋۇرۇپ ، — ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن ، مەن شۇ كەمگىچە سىلىگە قولۇمدىن كەلگەن نەپنى بېرىپ كەلدىم ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خىزمەتلىرىدە بولىمەن ، قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەسسىلەپ ياندۇرىمەن ، ئۇنداق قىلماي ماڭا ياردەم قىلىپ بۇ يەردىن قۇتۇلدۇرسىلا !...

چىمەنگۈل ئاچچىقى بىلەن دىمىغىنى قاقتى :

— نۇرىمان ! مەن سىلىگە دەپ قوياي ، — دېدى ئۇ ساقچىلارمۇ ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئۈنلۈك قىلىپ ، — مېنىڭ سىلى بىلەن ھېچقانداق ئالدى - بەردىم يوق ، سىلىنى تونۇمايمەن ، سىلى مەسىلىلىرىنى ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇرۇپ ، قانۇننىڭ كەڭچىلىك قىلىشىنى قولغا كەلتۈرسىلە ، مەن كەتتىم .

ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، «شارتتىدە» بۇرۇلۇپ كۆرۈشۈش ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى . چىمەنگۈلنىڭ بۇنداق يۈزسىزلىك قىلىشىنى پەرەز قىلمىغان نۇرىمان بىرھازاغىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى . ئەلەم ، ئاچچىق ئۇنىڭ يۈرىكىنى چوغ بولۇپ كۆيدۈردى . «جىنايىتىمنى تاپشۇرىمەنمۇ ؟ — ئۇ چىمەنگۈل چىقىپ كەتكەن ئىشىككە قاراپ تىترىگىنىچە ، — ياخشى ، بولىدۇ !... سەن جالاپ ، نۇرىماننى بوش چاغلاپسەن . مېنى ئارىلاشتۇرماسىمىش ، سەن ناۋادا بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىمگە ياردەم قىلغان بولساڭ سېنى راستتىنلا چاتمايتتىم... ۋالىينىمۇ مېنىڭدىن قاچۇرۇۋاتىسەن... بوپتۇ ، ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ پايدام تەگكەندە يېقىن دوست ئىدۇق ، ئەمدى مېنى تونۇماس بولۇۋاتامسەن ؟ سىلەرنىڭ بىزدىن قانچىلىك پارا ئالغىنىڭلار ، ھاجىمدىن ئۆمەكنىڭ قۇرۇلۇشىنى بېرىپ قانچە ئالغىنىڭلار ، ئوغۇتتىن ئالغان پايداڭ ھەممىسى مېنىڭ كاللامدا ئېنىق . پايدىنى تەڭ ئالغاندىن كېيىن دەردنىمۇ

تەڭ تارتىمىز ، نۇرىمان بۇنداق قازاندا جىق قاينىغان ، ئەمدى مېنى كۆرگىن !… »

نۇرىمان بىرنەچچە كۈن ساقلاپ باقتى . ئۇ چىمەنگۈلنىڭ بۇنداق تېز يۈز ئۆرۈپ كېتىشىگە ئىشەنمەيتتى . «بەلكىم ئېھتىيات قىلىپ دەپ قويغان گېپىدۇ ؟ قاراپ تۇرۇپ مېنى ئوتقا تىقمۇەتمەس » دېدى . لېكىن كېيىنكى سوراقلاردا ساقچى ئۇنىڭغا بەزى يېڭى پاكىتلارنى قويغاندا ، ئۇ چۆچۈپ كەتتى . بۇ سىرلارنى پەقەت چىمەنگۈللا بىلەتتى . «سېنىڭدىن كەلگەن ۋاپا مۇشۇ بولدىمۇ ؟ — دېدى نۇرىمان ئەلەم بىلەن ، — ئۆزۈڭچە مەن ۋالىينىڭ خوتۇنى ، مېنى قانۇن ھېچنىمە قىلالمايدۇ… ‹سەن نېمە بولساڭ بولمامسەن » دەۋەتىپسەن ـ دە . ھوي ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ۋىجدانسىز ، قېنى ، سېنىڭ قۇتۇلۇپ كەتكىنىڭنى بىر كۆرەي… » نۇرىمان نۆۋەتتىكى سوراقتا چىمەنگۈلنى پاش قىلىشقا ئۆتتى .

چىمەنگۈل ئۆز تەقدىرىنىڭ بۇنداق بولۇشىنى پەقەت ئويلىمىغان ئىدى . بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئادىلجان ئىككىسى ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ خىزمەتكە بارغىلى كىيىمىنى ئالماشتۇرۇۋاتاتتى . ئۆيگە ئۈچ ساقچى كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئايال ، بىرى ئەر ئىدى . ئۇلارنى كۆرۈپ ئادىلجاننىڭ يۈرىكى «قارت » قىلىپ قالدى . ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ساقچى ئۇدۇل چىمەنگۈلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا قولغا ئېلىش قەغىزىنى كۆرسەتتى .

— ئالدامچىلىق ، پارا ئېلىش جىنايىتى بويىچە قولغا ئېلىندىڭىز ، قول قويۇڭ ! — دېدى ئۇ .

چىمەنگۈل بىرپەس موردىدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە ، ئاندىن ئېسىگە كېلىپ پەرياد سالدى .

— سىلەر مېنى نېمىدەپ قولغا ئالىسىلەر ؟ مەن ھېچ نەرسە قىلغىنىم يوق ، مېنى قويۇۋېتىڭلار !

ساقچىلار چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولىغا كويزا سالدى . شۇ ئارىدا ئادىلجان ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى :

— ئاپامنى قويۇۋېتىش ! — دېدى ئۇ يان قورالىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ، — بولمىسا ، ھەممىڭلارنى ئېتىپ تاشلايمەن !

ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇرغان ئەر ساقچى ئۇنى كەينىدىن كېلىپ قۇچاقلاپ قولىدىكى قورالىنى ئېلىۋالدى - دە :

— بىز ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتىمىز ، سەن ساقچى تۇرۇپ بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلساڭ جازاغا تارتىلىسەن ،— دېدى .

— ئاپام نېمە گۇناھ قىلدى ؟ نېمىگە تۇتىسىلەر ؟

— بۇنى ئىدارىغا بارغاندا بىلىسەن ، ھازىر سەن ئارىلاشما !

ساقچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئادىلجان بوشاپ قالدى . چىمەنگۇل بولسا ئۆينى بېشىغا كىيىپ ۋارقىرايتتى :

— سىلەرنىڭ مېنى تۇتىدىغان ھەققىڭلار يوق ، مەن ياسىنجان ۋالىيغا دەيمەن ، مەن ھېچ گۇناھ قىلمىدىم... ئادىلجان ، داداڭغا تېلېفون قىل !

ساقچىلار چىمەنگۇلنى سۆرىگەندەك قىلىپ ئۆيدىن ئاچىقىپ ماشىنىغا سالدى - دە ، ئېلىپ كەتتى . ساقچى ماشىنىسىنىڭ ۋەھىمىلىك سىگنالى خېلى بىر كەمگىچە ئاڭلىنىپ ، ئاندىن جىمىپ قالدى . كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ئادىلجان خۇدىنى يوقىتىپ قوياي دېدى . ئۇ ئاپىسىنىڭ جىنايەتچى بولۇپ قېلىشىغا زادى ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . «ئاپام نېمە قىلغان بولغىيتتى ؟ دادامغا ئۇقتۇرماي پارا ئالغان ئوخشىمادۇ ؟... ئۆيگە كېلىۋاتقان شۇنچىۋالا نەرسىلەر يەتمىگەنمىدۇ ؟... ھازىر خەقلەر ئەسكى بولۇپ كەتتى ، ماۋۇ ياقتىن بېرىپ ئۇ ياقتىن سېنى پۇتلاشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ... دادامغا خەۋەر قىلايمۇ ، قىلمايمۇ ؟ ئەگەر راستىنلا پارا ئالغان بولسا دادامۇ ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ ، دادامغا تەشكىلدىن ئۇقتۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن... » ئادىلجاننىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى ، ئۇ

ئەمدى ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالدى . «ھېلىقى پاسپورت ئىشىدىن
چاتاق چىقىپ قالارمۇ ؟ نۇرىمان دېگەن خوتۇنىنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋەـ
ـرى بارمىدۇ ؟ قايىر ھاجىم دېگەن نېمىگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايـ
ـدۇ . بۇ سودىگەر دېگەن خەق مەنپەئەت ئۈچۈن ، تاپقان ئاتا ـ
ئانىسىنىمۇ سېتىۋېرىدۇ ، ئەگەر ئۇ ئاپامنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىـ
ـنى ئاڭلىسا بىزدىن يۈز ئۆرۈشى تۇرغان گەپ . ئەگەر بۇ ئىش
پاش بولۇپ قالسا مەنمۇ ساق قالمايمەن··· » شۇلارنى ئويلاپ
ئادىلجاننىڭ ۋۇجۇدىغا مۇزدەك تىترەك ئولاشتى . ئۇنىڭغا بايىقى
ساقچىلار يېنىپ كېلىپ ئۇنىمۇ تۇتۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ،
ۋەسۋەسىگە چۈشتى . تالادا «تىرىق !» قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ
ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدى . «قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دەپ دەل
شۇ چاغدا دالاننىڭ ئىشىكى چېكىلدى . ئادىلجان قورققىنىدىن
نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى . ئىشىك يەنە چېكىلىپ تونۇش ئاۋاز
ئاڭلاندى :

— ئادىلجان ، ئادىلجان !··· بۇ مەن···

ئادىلجان ئۇنىڭ قايىر ھاجىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇپ
يېنىك تىن ئالدى ـ دە ، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم !··· ،— قايىر ھاجىم ئەتراپقا ئالاقزاـ
دە بولغاندەك قاراپ قويۇپ سورىدى ، — نېمە ئىشلار بولۇپ
كېتىۋاتىدۇ ، ئۇكام . ھېلى ئاڭلايمەن··· ئۆزلىرى تىنچلىقتۇ ؟

ئادىلجان بۇ سودىگەرنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىققا سىلىپ :

— ساقچىلار بەزىبىر ئىشلارنى ئېنىقلىماقچى بولسا
كېرەك ، ئاپامنى چاقىرىپ كەتتى ، بىردەمگىچە يېنىپ كېلىـ
ـدۇ ، — دەپ قويدى .

— ھەممە ئىشنى تېرىۋاتقان ئاۋۇ نۇرىمان دېگەن رەسۋا
خوتۇن ، — دېدى قايىر ھاجىم بېشىنى چايقاپ ، — مەن ئۆز
ۋاقتىدا دېگەن ، «ئايال كىشى سودىغا ئارىلاشسا بىر چاتىقى چىقىـ
ـدۇ» دەپ . دېگىنىمدەك بولدى ، مەن ئۇنىڭغا «مېنىڭ تېپىپ

بەرگىنىمنى خەجلەپ ئۆيدە ئولتۇر» دېسەم ئۇنىماي كەتتى ، مانا خۇلاسىسى چىقتى . ئۇنى ئاز دەپ بۇلارنىڭ چېپىنى دېمەملا ، چاي دېگەننى شاڭخەيلەرگە بېرىپ ئويناش كېتەمدۇ ؟ خەقلەر ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ ؟ تېخى ماۋۇ ئىش چىقمىغان بولسا چەت ئەلگە چىقىپ ئوينىماقچى بولۇشقانمىش ، شۇڭا ياراتقان ئىگەم بۇ خەقنى تۆت تامنىڭ ئىچىگىلا ياراتقان… ماڭا تېخى نېمە دەيدۇ ، پۇل تۆلەپ چىقىرىۋالغۇدەكمەن ، ئۇنىڭغا بېرىدىغان نەدىكى پۇل ، ئۆزۈڭ تېرىغان بالانى ئۆزۈڭ تارت ، دېدىم…

ئادىلجان ھاجىمنىڭ ئەزمىلەپ كەتكىنىدىن ئىچى پۇشتى .

— ھېلىقى ئىشلار توغرۇلۇق گەپ - سۆز يوقتۇ ؟— دېدى ئۇ ھاجىمنىڭ گېپىنى بۆلۈپ .

قايىر ھاجىمنىڭ چىرايى شۇئان جىددىيلەشتى .

— مەنمۇ شۇ ئىشلارنىڭ ۋەجىدىن كەلگەن ، — دېدى ئۇ ،— بۇ كۈندە ئىنسانغا ياخشىلىق قىلسا يامانلىق يانىدى-غان بولۇپ قاپتۇ ، سىلى بىلەن بىز نى - نى جاپالار بىلەن پاسپورتنى جۆندەپ بەرسەك ، شۇنىڭغا رازى بولماي ئىغۋا قىلى-ۋاتقانلار بار ئىكەن…

— نېمە دەپتۇ ؟

— «بىزگە پاسپورت سېتىپ پايدا ئالدى» دەپ يۈرگۈدەك ، مەنغۇ بىر - ئىككىسىنىڭ ئوبدان ئەدىپىنى بېرىپ قويدۇم ، بۇ كۈندە ئىنساپ دېگەن قالماپتۇ .

— ھاجىم ، — دېدى ئادىلجان جىددىي تۇردە ،— بۇ ئىشنى باشتا سىلى دېمىگەن بولسىلا مەنمۇ ھەرگىز ئارىلاشمايتتىم ، ئەگەر بۇ گەپ تەشكىلنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا ھەر ئىككىمىز-گە ياخشى بولمايدۇ ، مەن باشتا دېگەن ، مەن بۇ ئىشتا يوق جۇمۇسىلا !

— شۇنداق ، شۇنداق ، ئاش بەرگەن قازاننى چاقساق نائەھ-لى بولۇپ كېتىمىز ، مەندىن خاتىرجەم بولسىلا ، پېقىرنىڭ

ئاغزىدىن جان چىقىسا چىقىدۇكى ، سىلى توغرۇلۇق زۇۋان چىقمايدۇ .

— مۇشۇ گەپلىرىگە ئىگە بولسىلا ئەمسە .

— قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ ؟

— ياق ، بولدى ،— دېدى ئادىلجان . ئىچىدە بولسا : «سەندەك نېمىلەرنىڭ قەسىمى تايىنلىق» دەپ قويدى .

— شۇنىسى ، بىزنىڭ ئاۋۇ رەسۋا خوتۇن ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىغان نېمە ، مەن شۇنچىلا بىر مەزگىل ئۇنىڭ كۆزىدىن يىراق تۇرۇپ تۇرايمىكىن دېگەنتىم .

— نەگە باراي دەيلا ؟

— چەت ئەلگە چىقىپ تۇرايمىكىن ، شۇنچىلا بىرەر پاسپورت جۆندىگىلى بولغان بولسا .

«تىكمۇبېتەي دەپسەن ـ دە ؟... سەن مەن توغرۇلۇق نېمىلەرنى دەۋەتتىڭ خۇدا بىلىدۇ ، سەن قۇتۇلۇپ ، مەن تۇتۇلىمەنمۇ ؟ ياق ، بۇرادەر ، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق...»

— هازىر پاسپورت بېجىرىش چىڭ بولۇپ كەتتى ، ئىدارە باشلىقى ئۆزى تەستىقلايدىغان تۈزۈم چىقتى .

— ماڭىلا بىر ياردەم قىلسىلا ، ئادىلجان ، ئىلگىرىكىدىن ئىككى ھەسسە ئوشۇق تۆلەي ، سىلىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولاتتىم...

ئادىلجاننىڭ كۆڭلىگە باشقا بىر ئوي كەلدى .

— مەن بۇ يولنى قىلىپ باقاي ،— دېدى ئۇ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ .

قايىر ھاجىمىنىڭ چىرايى دەرھال ئېچىلدى . ئۇ ئالمان ـ تالمان قويۇن يانچۇقىدىن بىر باغلام يېچەت پۇلنى ئېلىپ ئادىلجاننىڭ ئالدىغا قويدى .

— ماۋۇ ئۇن مىڭنى ھازىرچە ئېلىپ تۇرسىلا ، پاسپورت پۈتكەندە قالغان يېرىمىنى بېرىمەن...

— ھاجىم ، ئەمىسە گەپ شۇ ، — دېدى ئادىلجان پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ، — بىز بىر - بىرىمىزنى تونۇمايمىز جۇمۇ !
قايىر ھاجىم ماقۇل دېگىنىچە كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى . ئادىلجان ئۆيدە يالغۇز قالدى . بۈگۈن يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ كەتتى . بۇ ئىشلار گويا بىر چۈشتەك ، ھېلىلا ئويغانسا ھەممە ئىشلار ئۆز جايىغا كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ پىكىرلىرىنى يىغىپ ، قانداق قىلىش ھەققىدە ئوبدانراق ئويلاپ باقماقچى بولۇپ تاماكا ئېلىپ چەكتى . «ساقچىلارنىڭ ئاپامنى تۇتۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا ئادەتتىكى ئىش ئەمەستەك قىلىدۇ ، دادام ئۇقتىمىكىن ؟ ئۇ ئۇتۇپ كەتكەن پىرىنسىپچى ئادەم ، بۇنى ئاڭلىسا ماڭا بىر بالاسى يوقىدۇ دەپ چەك - چېگرانى ئاجرىتىپ ، ئاپام بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشى مۇمكىن . بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ، دادام ئوبدانلا ئۆزگىرىپ قالدى . ئۇ بىزدىن قۇتۇلىدىغان بىرەر باھانە تاپالماي يۈرىدۇ ، ماۋۇ ئاسىيە دېگەن ۋىجدانسىزمۇ ئاشۇلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ يالىقىنى يالاپ يۈرىدۇ ، ئاپامغا بىرەر ئىش بولسا ماڭا بۇ ئۆيدە كۈن يوق… ئەگەر ھاجىم بايا دېگەن گەپلەر تەشكىلنىڭ قۇلىقىغا يەتسە مېنىمۇ بوش قويمايدۇ ، ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق چاغدا بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتسەم بولىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟ ئېپىنى تاپسام چەت ئەلگە چىقىپ كېتەرمەن… »
ئادىلجان ئويلا - ئويلا ئاخىرى شۇ قارارغا كەلدى - دە ، تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى . ئۇ يەر ئاستى ئۆيىنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ كىردى . ئىسكىلاتتەك چوڭ ئۆينىڭ ئىچى يۈگەپ قويۇلغان گىلەملەر ، پېچىتى بۇزۇلمىغان تېلېۋىزور ، توڭلاتقۇلار بىلەن تولغان ئىدى . بىر چەتتە ساندۇق - ساندۇقلاردا ئالىي دەرىجىلىك ھاراق ، تاماكىلار دۆۋىلەكلىك تۇراتتى . بۇ نەرسىلەرگە ئۆزۈندىن بۇيان قول تەگمىگەچكە توپا بېسىپ كەتكەندى . ئادىلجان بۇلارغا ياراتمىغاندەك قاراپ قويۇپ تامغا زەن سالدى ۋە

قورۇغا قارىغان تامدىكى تۆمۈر ئىشكاپنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى . ئىشكاپ ئاپتوماتىك قۇلۇپلانغانىدى . ئۇ ھويلىغا چىقىپ پالتىنى ئەكەلدى ــ دە ، ئىشكاپنىڭ ئاغزىنى قايرىدى . ئىشكاپ ناھايىتى چىڭ ئىكەن . ئۇ خېلى ھەپىلىشىپ تەستە بۇزۇپ ئاچ-تى . تامنى ئويۇپ ياسىغان ئىشكاپ خېلى چوڭ بولۇپ ، ئىچىدە بىرنەچچە خالتىلار تۇراتتى . ئادىلجان بىر خالتىنى تارتىپ چىقى-رىپ ئاغزىنى ئاچتى . خالتىنىڭ ئىچىدە باغلام ــ باغلام پېچەت پۇللار بار ئىدى . ئۇ ھەممە خالتىلارنى ئېلىپ يۇقىرىغا چىقتى . ئۇ بۇ پۇللارنى كىيىم چامادانىنىڭ تېگىگە جايلاشتۇردى ، ئاندىن ئاپىسىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى سالىدىغان ساندۇقنى ئاچتى . ساندۇقنىڭ ئىچى توشقۇچە ئالتۇن زەنجىر ، ئۈزۈك ، ھالقا ، مېدالىئونلار ئىدى . ئىككى جۈپ قاش-تېشىدا ئىشلەنگەن بىلەزۈكمۇ بار ئىدى . ئادىلجان ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ چامادانغا تۆكتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرقۇر كىيىملىرىنى سېلىپ تەييار قىلدى .

ئۇ — بۇ ئۆيدىن ، بۇ شەھەردىن كېتىش قارارىغا كەلدى . ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزىگە كېلىدىغان ئاپەتـنى سېزىـپ تۇراتتى . «ئاۋۋال ئۈرۈمچىگە بارىمەن ،— دېدى ئۇ ئىچىدە ، — ئۇ يەردىن بىر ئامال قىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىمەن ، ئۈرۈمچىدە يول تاپماق ئاسان… بۇ يەردە ئەمدى ماڭا ياخشى كۈن يوق ، ئاۋۇ قايىر ھاجىم دېگەن نېمىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ ، تېخى مەندىن بۇرۇن قۇيرۇقىنى تىكىۋەتمەكچى بولغىنىنى كۆرمەمدىغان ، مىنىزە قا-پاق كۆرىدىكەندە… پاسپورتلارنىڭ سورىقى بولۇپ قالسا ئۇنىڭ ھېسابىنى ئۆزۈڭ بېرەرسەن !… »

ئادىلجان ئۆيلەرگە بىرقۇر قاراپ چىقتى . ئادەمسىز ئۆيلەر گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەنىدى . ئۇ كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كارىۋات ، تامدىكى رەسىملەرگە قاراپ تۇردى . قىسمەت ئۇنى بۇ قەدىردان ماكانىدىن ئايرىۋاتىدۇ ،

ئۇنى ئەمدى يەنە قانداق تەقدىرلەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ… ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يېرى چىمىلداپ ئېچىشىپ ، كۆزىگە ياش كەلدى . ئۇ يەنە بىردەم تۇرسا پۇت - قولى بوشاپ ماڭالماي قالىدىغاندەك تۇيۇلدى . ئۇ كۆزىنى يۇمۇپلا كەينىگە ئۆرۈلدى ۋە ئېغىر چامادانىنى كۆتۈرۈپ قورۇدىن تېز - تېز مېڭىپ چىقىپ كەتتى .

## 34

ياسىنجان ۋالىي ئائىلىسىگە كەلگەن بۇ پالاكەتتىن تەمتىرەپ-لا كەتتى . ئايرودرومغا ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان ئاسىيە ئۆيگە كىلد-ۋېتىپ چىمەنگۈلنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى دېگەنىدى ، بۇ خەۋەر-نى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى ، خېلىغىچە ئاغزى گەپكە كەلمىدى .

— نېمە جىنايەت بىلەن قولغا ئالدى ؟ — ئۇ خېلىدىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سورىدى .

— «ئالدامچىلىق قىلغان دەپتۇ» دەپ ئاڭلىدىم ، خىمىيۋى ئوغۇت سودىسىدا بىر چاتاق چىققان ئوخشايدۇ .

ياسىنجان ئەلەم بىلەن ئېچىگە تىندى . «ئۇلارنىڭ شۇ سودى-سىدىن بىر چاتاق چىقارمۇ دېگەن ئىدىم ، دېگىنىمدەك بولدى ، مەن نېمە دەپ ئۇنىڭغا ماقۇل دېگەن بولغىيتتىم ؟… بۇنى ئېنىقلاپ كەلسە ماڭىمۇ چېتىلىدۇ ، ھەرقاچان ھېلىقى نۇرمان دېگەن خوتۇن ئىلەشتۇرگەن گەپ… ئەستەغپۇرۇللا … ، — ياسىنجان ۋالىي ئويلىغانچە كاللىسى پىرقىراپ كەتتى . لېكىن يەنە تۇرۇپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى ، — چىمەنگۈلنىڭ بىۋاسىتە جىنايەتكە چېتىلىشى ناتايىن بولۇشى مۇمكىن ، دېلونى ئېنىقلاش ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندۇ ؟… »

— قاچان تۇتۇپ كەتتى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ئۇچ كۈن بولدى .
— يوقلاپ باردىڭىزمۇ ؟ قانداقراق تۇرۇپتۇ ؟
— ئۆزىغۇ ياخشى تۇرۇپتۇ ، سىزنى دەرھال كېلىپ قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ كەتسۇن ، دەيدۇ .
ياسىنجان ۋالىينىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلدى .
— ئادىلجانچۇ ، ئۇ ساقتۇ ؟
ئاسىيە بىردەم ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئەسلىدە بۇگۈنچە دادىسىغا ئۇنىڭ گېپىنى قىلماي دەپ ئويلىغانىدى . ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇپ قالغىنىدىن كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەن ياسىنجان ۋالىي كوچىلاپ سورىدى :
— ئۇ يەنە نېمە ئىش تېرىدى ؟
— دادا ،— دېدى ئاسىيە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يالۋۇرۇپ ، — ئادىلجان ھازىر شەھەردە يوق···
— نەگە كەتتى ؟
— بىلمىدۇق ، ئاپامنى قولغا ئالغاندا ئۆيدە بار ئىكەندۇق ، شۇ كۈندىن باشلاپ يوق ، ھازىر ساقچىلار ئىزدەۋېتىپتۇ ، ئۆيدىكى نەق پۇللارنى ، ئاپامنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ئەكېتىپتۇ···
ياسىنجان ۋالىينىڭ مەيدىسىنىڭ بىر يېرى ئاچچىق ـ ئاچچىق سانجىپ كەتكەندەك بولدى ـ دە ، بېشى قايغاندەك بولدى . ئۇنىڭ ھالىتىگە سەپسېلىپ ئولتۇرغان ئاسىيە قورقۇپ كەتتى .
— دادا ، دادا ، نېمە بولدىڭىز ؟ — دېدى ئۇ دادىسىنى ئاستا سىلكىپ ۋە دەرھال ئۆيدىن ئېھتىماللىققا دەپ ئېلىۋالغان يۈرەك دورىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سالدى .
بىرئازدىن كېيىن ياسىنجان ۋالىي ئېسىگە كېلىپ كۆزىنى ئاچتى .
— دادا ، دوختۇرخانىغا بارايلىمۇ ؟ — دېدى ئاسىيە .
ياسىنجان ۋالىي «ياق» دېگەندەك بېشىنى چايقىدى ۋە ئۆي تەرەپنى ئىما قىلدى . ياسىنجان ۋالىي بۇ كېچىنى ئۇيقۇسىز

ئۆتكۈزدى . ئۇ ، ئائىلىسىگە تۇيۇقسىز كەلكۈندەك باستۇرۇپ
كەلگەن بۇ پالاكەتنى ئەقلىگە ھېچ سىغدۇرالمايتتى ، ئۇ بۇ ئاپەت-
تىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ كۆردى ، لېكىن ھېچبىر
چارە ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىمايتتى ، ئۇنىڭ بېشىدا ۋەھىمىنىڭ قارا
سايىسى ئەگىپ تۇرغاندەكلا تۇيۇلاتتى .
ئەتىسى ئۇ ئىدارىغا بارغۇسى يوق ياتقانىدى ، لېكىن لى
شۇجى تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم
ئىش بارلىقىنى ئېيتىپ ئىشخانىسىغا چاقىردى . ياسىنجان ۋالىي
ئامالسىز ئورنىدىن تۇردى . ئۇ كىرگەندە ئىشخانىدا لى شۇجىدىن
باشقا ئۇ تونۇمايدىغان ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى .
— بۇلار ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى-
دىن كەلگەنلەر ، — دېدى لى شۇجى ۋە ئۇلارنى بىر - بىرلەپ
تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ۋالىيغا ئۆرۈلدى ،—
چىمەنگۈلنىڭ ئىشىنى سىزمۇ ئۇقۇپ بولغانسىز ، مەنمۇ ئاڭلاپ
ھەيران بولدۇم . تەپتىش مەھكىمىسىدىكى يولداشلارنىڭ تونۇش-
تۇرۇشىچە ، ئۇلارنىڭ ساخاۋەت شىركىتى ئۈستىدە ئاممىنىڭ
ئەرزى خېلى بار ئىكەن ، ئۇلار دۆلەت كونترول قىلىپ تۇرۇۋات-
قان خىمىيىۋى ئوغۇتنى ھايىنىغا سېتىپ دېھقانلارغا زىيان
سالغان ، ھەتتا ساختا ئوغۇتنىمۇ ئېكىلىپ ساتقان مەسىلى-
لىرى بار ئىكەن . ئەلۋەتتە ، بۇنىڭغا بىزنىڭ بەزى مۇناسىۋەت-
لىك ئورۇنلاردىكى رەھبىري كادىرلار شارائىت يارىتىپ بەر-
گەن . بۇ مەسىلە ئاپتونوم رايوندىكى رەھبەرلىكنىڭ دىققىتىنى
قوزغاپ ، رېۋىزىيە كومىتېتى مەخسۇس بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى
ئەۋەتتى . بىز سىزنىڭ بۇ خىزمەتكە ماسلىشىپ بېرىشىڭىزنى
ئۈمىد قىلىمىز…
لى شۇجىنىڭ تەلەپپۇزىدىن ياسىنجان ۋالىي چۆچۈپ قالدى .
«رېۋىزىيە كومىتېتىدىن گۇرۇپپا كەلدى» دېگەن گەپ بۇ يالغۇز
چىمەنگۈللەرنىڭ مەسىلىسى ئەمەس . قائىدە بويىچە ئۇلار ئۇچۇن

ئاپتونوم رايوندىن گۇرۇپپا ئادەم كېلىپ يۇرمەيدۇ، بەلكى ئۇنى - بۇنى تەكشۇرگىلى كەلگەنلەر… ئۇنىڭ ئۇستىدە چوقۇم يۇقىرىغا ئىنكاس بارغان گەپ. «تۇردى ئۇسمانلار بىكار ياتماپتۇ - دە؟ ئەجەب ئۇلارغا سەل قاراپ قاپتىمەن؟ نېمىلەرنى يەتكۇزگەندۇ؟ ئۆينىڭ ئىشىنى دېگەنمىدۇ؟… قايسى كۇنى ھەلىمەنىڭ دىققەت قىلىڭ دېگىنى بىكار ئەمەسكەن - دە؟ مەن نېمىدەپ بىخودلۇق قىلغاندىمەن؟… »

ياسىنجان ۋالىي ئىشخانىسىغا چىقىپمۇ تىنچلىنالمىدى، قولمۇ ئىشقا بارمىدى. ئۇ كاتىپقا دوختۇرغا بارىمەن دەپ قويۇپ ئۆيگە يېنىپ كەلدى. ئۇ يۇز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلار توغرۇلۇق ئوبدانراق ئويلىنىۋالغۇسى بار ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ بىرەرىنىڭ كۆزىگە كۆرۇنۇشنىمۇ خالىمايتتى، ئۇ ھويلىدىكى ماشىنىنىڭ قېشىغا بارغۇچە يەرگە قارىغىنىچە بېشىنى كۆتۇرمەي ماڭدى. ئۇنىڭغا ئىدارىدىكى ھەممە ئادەم سىرلىق بىر نەزەردە قاراۋاتقاندەك، كەينىدىن ئۇنى كۆرسىتىپ پىچىرلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ مېھمانخانىدىكى ساپاغا ئۆزىنى تاشلىدى - دە، كۆزىنى يۇمدى. ئۇ پىكىرلىرىنى يىغىشقا تىرىشىپ باقتى. لېكىن، يۇرىكىنىڭ بىر يېرى سىقىلىپ يىڭنە سانجىغاندەك سىرقىراپ ئاغرىشى يەنە پەيدا بولدى، مېڭىسىگە گويا مىڭلاپ ھەرىلەر كىرىۋالغاندەك كاللىسى غوڭۇلدايتتى. ئۇ ئۆرە بولۇپ تاماكا چەكتى، لېكىن تاماكا ئىسى خۇددى مېڭىسىگە كىرىۋاتقاندەك كاللىسى تېخىمۇ تۇمانلىشىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن تاماكىنى ئۆچۇردى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا دالاندا بىرلىرىنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى كىردى ۋە ھايال ئۆتمەي خىزمەتچى قىز مېھمانخانىغا ئۇ ئەتىگەن لى شۇجىنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرۇشكەن ئىككەيلەننى باشلاپ كىردى.

— سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان ئازراق ئىش بار ئىدى، —

دېدى ئوتتۇرا ياش ئادەم ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، — سىزگە دەخلى بولماس…

— مەرھەمەت… ، — دېدى ياسىنجان ۋالىي ھودۇققىنىچە .

— ئايالىڭىز چىمەنگۈل ھازىر تەكشۈرۈش ئۈستىدە بولغاچ-قا ، سىزگە چېتىلىدىغان ئىشلار ھازىرچە ئېنىق ئەمەس ، — دېدى ئوتتۇرا ياش ئادەم سومكىسىدىن خاتىرىسىنى ئېلىپ ، — لېكىن بىزنىڭ ئۇقۇشىمىزچە ، ئۇنىڭ ئالدامچىلىق جىنايىتىدىن باشقا سىزنىڭ نامىڭىزدا باشقىلاردىن ئالغان پارىسى توغرۇلۇق ئىنكاس بار ، بۇ ھەقتە بىلىدىغىنىڭىز بولسا ئوبدان ئەسلەپ باقسىڭىز بولىدۇ . سىز بىر رەھبىري كادىر ، ئۇزۇن يىل پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ، قانۇندىن ، پارتىيە ئىنتىزامىدىن ئوبدان خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك . بۇ ھەقتە ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرەر-سىز ، بۈگۈن بىز باشقا بىر ئىشنى سىزدىن سوراپ باقماقچى…

ياسىنجان ۋالىي ھودۇققان ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى .

— ئۆيىڭىز بەك كاتتا ئىكەن ، قانچە پۇلغا پۈتتى ؟ — رېۋىزىيە خادىمى ئۆيگە كۆز يۈگۈرتكىنىچە سورىدى .

— مەن بۇنى ئېنىق ئۇقمايدىكەنمەن ؟ — دېدى ياسىنجان ۋالىي ھودۇقۇپ ، — ئۆينىڭ ھېساباتىنى ئايالىم قىلغان ، ئۆينى سالغاندىمۇ مەن يوق…

— باشقىلارنىڭ دېيىشىچە ، بۇ ئەسلىدە مەكتەپنىڭ يېرى ئىكەن ، بۇ يەرنى قانداق رەسمىيەت بىلەن ئالغانتىڭلار ؟

— مەكتەپنىڭ يېرى ئىكەنلىكىدىن مېنىڭ تازا خەۋىرىم يوق ئىكەن…

— سىز راستىنلا ئۇقمامسىز ؟

— مەن شەھەردىكىلەرگە ئۆيلۈك يەرنىڭ گېپىنى قىلسام ، ئۇلار مۇشۇ يەرنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى .

— ئۇلار كۆرسىتىپ بەردىمۇ ياكى سىز تاللاپ ئالدىڭىزمۇ ؟

ياسىنجان ۋالىي دۇدۇقلاپ قالدى .

— ئايالىم مۇشۇ يەرنى تاللاپتۇ .
— مەكتەپ يەرنى بېرىشكە قوشۇلغانمىدى ؟
— هەئە…
رېۋېزىيە خادىمى ئاچچىق كۈلۈپ قويدى :
— سىز راست گەپ قىلمىدىڭىز ، ياسىنجان ۋالىي ، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ ، — بىزنىڭ ئۇقۇشىمىزچە ، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئەسلىدە بۇ يەرگە ئوقۇتقۇچىلارغا ياتاق بىنا- سى سالماقچى بولۇپتىكەن ، شۇڭا يەرنى بېرىشكە قوشۇلمىغان ، سىز بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەھەر باشلىقىغا مەكتەپ مۇدىرىنى يۆتكىۋېتىشنى تاپشۇرغانسىز ، ئەينى ئەھۋال شۇنداققۇ دەيمەن ؟
ياسىنجان ۋالىي نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى .
— دېمەك ، سىز هوقۇقىڭىزدىن پايدىلىنىپ مەكتەپنىڭ يېرىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋالغانسىز ، ئۇنى ئاز دەپ پرىنسىپتا چىڭ تۇرغان مەكتەپ مۇدىرىنى چەتكە قېقىپ ئۆچ ئالدىڭىز ، بۇنى ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرۈڭ ! ئىككىنچى بىر مەسىلە : بۇ ئۆينى سىزگە «بوستان» شىركىتىنىڭ خوجايىنى قايىر هاجىم سېلىپ بەرگەن ، شۇنداققۇ دەيمەن ؟
— هەئە… لېكىن بىز هەققىنى تۆلىگەن ؟
— قانچە تۆلىگەن ؟
— مېنىڭ ئېسىمدە يوق ، ئۇنىڭ تالونلىرى ئايالىمدا .
— مەيلى ، سىلەر تۆلىگەنمۇ بولۇڭلار ، — دېدى رېۋېزىيە خادىمى ، — بىز ئۆيلەرنى قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسلىرىگە باهالى- تىپ كۆردۇق ، ئۆيگە ئىشلەتكەن نەرسىلەر ئالىي دەرىجىلىك ماتېرىياللار ئىكەن ، ئۇلار بۇ ئۆينى بىر مىليون باهالىدى ، سىز بۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تاپتىڭىز ؟
— ئۆزىمىز ئىقتىساد قىلغان نەچچە يۈز مىڭ بار ئىدى ، قالغىنىنى تونۇشلاردىن قەرز ئالدۇق .
— بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرىمىز ،— دېدى رېۋېزىيە خادى-

مى ،— بىزنىڭ ئىگەللىشىمىزچە ، سىز «بوستان» شىركىتىنىڭ خوجايىنىغا ھەق بەرمىدىڭىز ، ئەكسىچە ئۆينىڭ بەدىلىگە قايىر ھاجىمغا ئېچىۋېتىلگەن رايوندا تاۋار ئۆي سېلىشى ئۈچۈن يەر ئەستىقلاپ بەردىڭىز ، بانكىغا قەرز پۇل بېرىڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشۈردىڭىز ، ئەسلىي پاكىت شۇنداق بولسا كېرەك .

ياسىنجان ۋالىينىڭ دېمى تۇتۇلۇپ كەتتى . ئۇ بېشىنى ساڭ-گىلاتقىنىچە :

— خاتالىق مەندە... مەن ئېزىپتىمەن ،— دېدى ئارانلا .

— سىز ئۇزۇن يىللىق پارتىيە ئەزاسى ، پارتىيىنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى راستچىل بولۇش ئىكەنلىكىنى سىز ئوبدان بىلە-سىز ، شۇڭا مەسىلىڭىزنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا باردىنى بار دەپ تاپشۇرغىنىڭىز ياخشى ، بىز سىزنى كۈتىمىز...

رېۋىزىيە خادىملىرى ئۇزاپ ماڭدى . ياسىنجان ۋالىي ئۇلارنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقتى . ئۇنىڭ پۇت - قولى تىترەيتتى ، بېشى ئايلىناتتى . ئۇ ناھايىتى تەستە مېڭىپ سافاغا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆيلەر پىرقىراۋاتقاندەك ، ئالەم ئاستىن - ئۈستۈن بولۇۋاتقاندەك ئىدى . ئۇنىڭ كۆزى ئۇدۇل تامدىكى چىرايلىق رامكىغا ئېلىنغان چىمەنگۈل ئىككىسى-نىڭ رەڭلىك سۈرىتىگە چۈشتى . ئۇنىڭدىكى ئادەملەر بىردەم بېشى تۆۋەن ، پۇتى ئاسمانغا بولۇپ كۆرۈنەتتى ؛ بىردەم بولسا كىچىكلەپ يوقاپ كېتەتتى . تۇرۇپ ، چىمەنگۈل قاش - قاپىقىنى سۈزگەن ، زەھەردەك كۈلكىسى بىلەن پەيدا بولاتتى . ئۇ ياسىنجان-غا قاراپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى ، ئۇزۇن تىرناقلىرى بىلەن نەق ئۇنىڭ كۆزىگە جونۇيتتى . ياسىنجان بۇ مەنزىرىدىن قورقۇپ كۆ-زىنى يۇمۇۋالدى . قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، ئۇ كۆزىنى ئاچتى-يۇ ، ھەيران بولۇپ قېتىپ قالدى . رامكىدا ئەمدى چىمەنگۈل ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ يېنىدا ھەلىمە تۇراتتى . ئۇ مىسكىن ،

مۆڭلۈق بىر قىياپەتتە ئۈنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى . ئۈنىڭ كۆزلىـ
ـرىدىن ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چىقىپ مەڭزىنى بويلاپ تۆۋەنگە
سىيرىلدى ، لەۋلىرى بولسا نېمىدۇر دېمەكچى بولغاندەك بوشقىنا
مىدىرلايتتى… ياسىنجان هاڭ ـ تاڭ بولۇپ قولى بىلەن كۆزىنى
ئۇۋۇلاپ يەنە رەسىمگە تىكىلدى . رەسىمدە يەنە هەلىمەنىڭ سۈرىـ
ـتى… ئۈنىڭ كۆزلىرى هارغىنلىق ، مەيۈس ۋە ئىلتىجا بىلەن
تەلمۈرۈپ تۇراتتى . ياسىنجان ۋالىي ئەلەم ـ هەسرەت بىلەن
«ئۇھ» تارتتى . شۇ خۇرسىنىش بىلەن ئۈنىڭ مەيدىسىنىڭ بىر
يېرى گويا نەيزە سانجىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى ، ئۈنىڭ كەينىدىنـ
ـلا بىرنەرسە ئۈزۈلگەندەك بولدى ـ دە ، نەپىسى سىقىلدى . ئۇ
بار كۈچىنى يىغىپ ساپادىن تۇرماقچى بولدىيۇ ، لېكىن قوزغىلالـ
ـمىدى ، ئەكسىچە ، يۇمشاق ساپا خۇددى دەم تارتقاندەك ئۈنى
چۆكتۈرۈپ ئەكېتىشكە باشلىدى . ئۇ ئاۋازىنى چىقىرىپ ۋارقىرىـ
ـغاندى ، لېكىن ئاۋازىنى ئۆزىمۇ ئاڭلىمىدى . ئۈنىڭ يۈرىكىنىڭ
بىر يېرى يەنە بىر قېتىم ئاچچىق قىسقىرىدى ـ دە ، كۆز ئالدى
قاراڭغۇلاشتى . ئۈنىڭ ئاق ئارىلىغان يوغان بېشى ساپانىڭ يۆلەنـ
ـچۈكىگە ئاستا قىڭغايدى…

ئىشتىن قايتىپ كەلگەن ئاسىيە ئۆيگە كىرىپ خىزمەتچى
قىزدىن سورىدى :

— دادام كەلدىمۇ ؟

— كەلدى ، مېھمانخانىدا… تاماقنى ئۇسۇۋېرەيمۇ ؟

ئاسىيە «هەئە» دېدى ـ دە ، مېھمانخانىغا كىردى . ئۇ ساپادا
قىڭغىيىپ ياتقان دادىسىنى كۆرۈپ ئۇخلاپ قالغان چېغى دەپ
ئويلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولدىيۇ ، لېكىن دادىسىنىڭ ئوچۇق
تۇرغان كۆزىنى كۆرۈپ يۈرىكى «قارت» قىلدى ـ دە ، ئىتتىك
كېلىپ دادىسىنى چاقىردى . لېكىن دادىسىدىن زۇۋان چىقمىغانـ
ـدىن كېيىن ، يېقىن كېلىپ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ چۆچۈگىنىدىنـ
ـچە پەرياد سېلىپ ۋارقىرىدى .

— دادا ، جېنىم دادا !...
ئاسىيەنىڭ پەريادى ئۆينى كۆتۈرۈۋەتتى . ئاشخانىدا ئاش
ئۇسۇۋاتقان خىزمەتچى قىز قورقۇپ كېتىپ چۆمۈچنى پىرقىر-
تىپ تاشلاپ مېھمانخانىغا يۈگۈردى ۋە ئاسىيەنىڭ ياسىنجان ۋا-
لىينى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېسىدىن كېتىپ يى-
قىلدى . ئاسىيە بىردەم يىغلىغاندىن كېيىن ئېسىگە كەلدى ۋە
ھەممىدىن ئاۋۋال ئەنۋەرگە تېلېفون قىلدى .
بىردەمدىن كېيىن ئەنۋەر مومىسىنى ئېلىپ ماشىنىدا يېتىپ
كەلدى . ئۇلار ياسىنجاننىڭ سوۋۇپ كېتىۋاتقان تېنىنى قۇچاقلاپ
تۇرۇپ ھازا ئېچىشتى ، ھەشەمەتلىك قورۇدىن چىقىۋاتقان
يىغا ـ زار بىردەمدە شەھەرگە تارقالدى . بۇ خەۋەرگە ھەممىسى
ھەيران بولۇپ پەتىگە كېلىشكە باشلىدى . زورىخان موماي مەك-
تەپتىكى ئاياللار قاتارىدا كىرگەن ھەلىمەنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ
پەرياد سالدى :
— ئەجىلىدىن بۇرۇن كەتكەن بالام ، مۇرادىغا يەتمىگەن
بالام ، سېنى شەيتان ئازدۇردىغۇ ، ساڭا كەلگەن ئەجەل ماڭا
كەلسە بولمامدۇ ؟... بىزنى ھەسرەتتە قويۇپ كەتتىڭغۇ بالام ،
ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن ؟...
مومايىنىڭ ھازىسى ھەممىنى يىغلىتىۋەتتى . زورىخان موماي
ھەلىمەنى قويۇۋەتمەي يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ بېشىغا ئاق سالدى :
— خەق نېمە دېسە دېسۇن ،— دېدى ئۇ ئۈنلۈك
قىلىپ ،— ياسىنجانغا سىلى بىر ئۆمۈر ئەقىدە باغلىدىلا ، بۇنىڭغا
ياراتقان ئىگەم گۇۋاھ ، مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرسىلا !
ياسىنجان ۋالىينىڭ تويۇقسىز قازا قىلىشى پۈتۈن شەھەرنى
تەۋرىتىۋەتتى ، كېلىۋاتقان پەتىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى .
ۋالىينىڭ ئۆلۈمىنى ھەركىم ئۆزىچە مۇھاكىمە قىلىشاتتى . دوخ-
تۇرلار تەكشۈرۈپ جىددىي خاراكتېرلىك يۈرەك تىقىلمىسى دەپ
دىئاگنوز قويۇشتى . كىشىلەر بولسا بۇ ئائىلىگە ئارقا ـ ئارقىدىن

كەلگەن پاجىئەگە ھەيران بولۇشاتتى .

— ياسىنجان ۋالىيىنىڭ ئۆزىدىنمۇ كەتتى ، مۇشۇ جايىنى سالمىغان بولسىمۇ بۇ پېشكەللىك يوق ئىدى .

— ئۇنى ۋەيران قىلغان ئاۋۇ ئارتىس خوتۇن ، ۋالىيىنىڭ نامىنى سېتىپ جىق ئوقەت قىپتۇ ئەمەسمۇ ؟

— چىمەنگۈلنى ئېلىشىپ قاپتۇ دەيدىغۇ ؟

— ئېلىشىسمۇ ئېلىشقاندۇ ، ھەممە نېمىدىن ئايرىلدى .

— ئاۋۇ ساقچى ئوغلى كۆرۈنمەيدىغۇ ؟

— ئاڭلىمىدىڭلىمۇ ، چىمەنگۈل قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن قېچىپ كېتىپتۇ دەيدۇ ، ساقچىلار ئىزدەۋاتقانمىش .

— ئۇمۇ ئاپىسى بىلەن شېرىك ئوخشايدۇ ـ دە ؟

— شۇنداق بىر يېرى باردە ، بولمىسا قاچامدۇ ؟

— بۇمۇ باشقا كەلگەن قىسمەت دەڭلا ، بولمىسا ياسىنجان ۋالىيدەك جاي سالغانلار ئازمۇ ؟ ئادەمدىن ئامەت قاچسا ئامال يوق .

— ئەمدى تۇردى ئوسمان ۋالىي بولارمۇ ؟

— كىم بىلىدۇ ، ھەر ھالدا تۇردى شۇجىنىڭ ئۆيگە سالامغا بارىدىغانلار باشلىنىۋەتتى بولغاي ، باياتىن دىققەت قىلدىڭلىمۇ ، نۇر-غۇن ئىدارە باشلىقلىرى بىردەم ئولتۇرۇپلا مېڭىشتى . ئۇلار چوقۇم تۇردى شۇجىنىڭ ئۆيىدە جۇمۇ !...

يىغا ـ زار بىلەن مېيىتمۇ ئۆزىدى . ئەنۇەر تاۋۇتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ، تاكى قەبرىستانغىچە ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭدى . يەرلىككە قويۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يىغىلىشىپ نەزىر-نىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشتى :

— ياسىنجان بالامنىڭ بېشىغا چىققان بۇ ئۆيدە نەزىر قىلمايلى ، رەھمەتلىكنىڭ روھىمۇ قورۇنىدۇ ، — دېدى زورىخان مو-ماي ، — مېنىڭ گېپىمگە كىرسەڭلار ، نەزىر ـ چىراغنى ياسىن-جان تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيدە بەرسەك...

ھەممەيلەن موماينىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆرۈشتى .
ئۇرۇق - تۇغقانلار نەزىرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا تارقاپ ، ئۆيدە ئاسىيە يالغۇز قالدى . ئۆي بىردىنلا ئۇنىڭغا يات تۇيۇلدى . ھېلىدىن - ھېلىغا كۆز ئالدىغا دادىسى كېلىۋېلىپ ئىچ - ئىچىدىن يىغا تۇتاتتى . ئۇنىڭغا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار گويا قاباھەتلىك چۈشتەك ، دادىسى ھېلىلا سالماق دەسسەپ كىرىپ كېلىدىغاندەك ، ئاسىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ : «قىزىم ، نېمىگە يىغلاۋاتىسىز ؟ » دەپ بېشىنى سىلايدىغاندەك تۇيۇلۇپ يۈرىكى ئاغدۇرۇلاتتى . شۇنداق تۇرغاندا ، ھويلىدا بىرىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى كېلىپ ھايال ئۆتمەي ئۆيگە راخمان كىرىپ كەلدى . ئۇنى كۆرۈپ ئاسىيەنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى .
— سىزنى يالغۇز قالدى دەپ ئەنسىرەپ مېنى ئەۋەتتى ،— دېدى راخمان قىزنىڭ يىغىدىن ئىششىپ كەتكەن قاپىقىغا قاراپ قويۇپ ،— ئاسىيە ، سەۋر قىلىڭ . بۇنداق يىغلاۋەرسىڭىز ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز ؟...
— راخمان ، — دېدى ئاسىيە ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ ، — مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن ، مەن تىرىك يېتىم بولۇپ قالدىمغۇ ؟... مەن نېمانچە شور پېشانە...
— ئۇنداق دېمەڭ ، ئاسىيە ، — دېدى راخمان ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — سىز يالغۇز ئەمەس ، ئەنسىرەپ ئاكىڭىز بار ، مەن بار... كۆڭلىڭىزنى ھەرگىز يېرىم قىلماڭ !
راخماننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاسىيە يىغىدىن توختىدى .
— بۇ ئۆيدە ئەمدى يالغۇز قانداق تۇرارسىز ؟— راخمان بىرئازدىن كېيىن سورىدى .
— ئەمدى بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن ،— دېدى ئاسىيە لېۋىنى چىشلەپ ، — باشتا موماملىڭ يېنىغا كۆچۈپ كېتەي دېگەن ، لېكىن ئىشىمغا قۇلايسىز ئىكەن ، دوختۇرخانىدا تۇرغىنىم ئوڭ ئىكەن ، ئۇلارمۇ بىر ئېغىزلىق ياتاق بەردى .

— بۇمۇ بوپتۇ ، — دېدى راخمان ماقۇللاپ ، — قاچان كۆچىسىز ؟

— بۇگۇنلا كېتىمەن ، راخمان ، ماڭا ياردەملىشىپ بېرەمسىز ؟

ئۇلار ئىككىسى ئاسىيەنىڭ نەرسىلىرىنى بىردەمدە يىغىشتۇرۇپ بولدى . ئاسىيە ئىشىكلەرنى ئېتىپ ، دەرۋازىغا يوغان قۇلۇپنى سالدى .

— ماڭا قويسا ، دادامنىڭ بېشىغا چىققان بۇ ئۆيگە ئوت قويۇۋېتەتتىم ، — دېدى ئاسىيە ئۆيلەرگە ئاچچىقى بىلەن قاراپ . ئاندىن راخمانغا ئەگىشىپ تېز - تېز ماڭدى...

## 35

تۇردى ئوسمان ھاشىمنىڭ دېگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى .

— نېمە دېدىڭلا ؟ — دەپ سورىدى ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي .

— ياسىنجان ۋالىي ئۆلۈپ قاپتۇ .

— نەدە ؟

— ئۆيىدە ، بالىلىرى يىغا - زار قىلىشىۋېتىپتۇ .

تۇردى ئوسمان ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي تۇراتتى . شۇ ئارىدا تېلېفون كېلىپ پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياسىنجان ۋالىينىڭ باياتىن تۇيۇقسىز قازا قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى . ئويلىمىغان بۇ خەۋەر تۇردى ئوسماننى تەمتىرىتىپلا قويدى . «بۇ ئوڭۇمىمۇ ، چۈشۈممۇ ؟...— دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ، — قارىغاندا ، چىمەنگۈللەرنىڭ مەسىلىسىگە چېتىشلىق يېرى بولۇپ ، شۇ پاش قىلغان بولسا ئېغىر كەلگەن ئوخشايدۇ - دە . مەن باشتىلا مۇشۇ خوتۇن ئاخىر بىر كۈنى سېنى ۋەيران قىلىدىغۇ دېگەنتىم ، دېگىنىمدەك بوپتۇ . ھەلىمەگە قىلغانلىرىڭنىڭ جازاسىنى تارتتىڭ

مانا... ۋالىيلىق ئەسلىدىلا ساڭا ئەمەس، ماڭا مەنسۇپ ئىدى. ئۆزۈڭگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىگە چاڭ سالساڭ بۇنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ، ئەمدىغۇ ماڭا قالغاندۇ؟...» تۇردى ئوسماننىڭ ۋۇجۇدىغا جان كىرگەندەك بولدى. ئۇ شوپۇرغا تېلېفون بېرىپ دەرھال ماشىنىنى ئەكېلىشنى ئېيتتى.

ئۇ ياسىنجان ۋالىينىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ھويلىنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن تولغانىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئاياللارنىڭ يىغا - زارى-سى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇردى ئوسمان ئۇدۇل كېلىپ ئەنۋەر بىلەن كۆرۈشۈپ سورىدى:

— تېخى تۈنۈگۈنلا ساپساق ئىدىغۇ، نېمە گەپ بۇ؟

— بىزمۇ ئۇقمىدۇق، ئىداردىن كېلىپ ساپادا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپلا جېنى چىقىپ كېتىپتۇ...

ئاڭغىچە شەھەر باشلىقى تۇرغۇن كېلىپ ئۇنىڭ بىلىگە ئاق باغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ۋالىينىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قانداق قىلىمىز؟ ئۆز-لىرى يوليورۇق بەرگەن بولسىلا، — دېدى.

— پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ ئادەملىرى كەلدىمۇ؟

— كەلدى، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ...

— ئۇنداق بولسا ھېلى بىر باش قوشۇۋالايلى...

تۇردى ئوسمان ئەمدى ھازىدارلار سېپىنىڭ بېشىدىن ئورۇن ئېلىپ تۇردى. ئۇ مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممى-سىگە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى. پەتىگە كەلگەن جامائەت ئۇنىڭ رەقىبى ئۈچۈن بۇنچىلىك ئەستايىدىل خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا قاراپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى.

ئۇ مەرھۇمنى يەرلىككە قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە يې-نىپ كەلدى. بىر كۈن ئۆرە يۇرۇش ئۇنى كەتمەن چاپقاندىن بەكرەك ھاردۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ شەھەر باشلىقى تۇرغۇن باغلاپ قويغان ئاقنى يېشىپ پىرقىرىتىپ چۆرىدى - دە، ئۆزىنى ساپاغا

تاشلىدى . بۈگۈن يۈز بەرگەن بۇ تاسادىپىيلىقتا ئۇ تېخىچىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . ئەتىگەن ھاشىمنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ بارغاندىن كېيىن ، ئەنۋەردىن دادىسىنىڭ مېيىتى ياتقان ئۆينى سوراپ ، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بېقىش ئۈ-چۈن كىردى . ئادەمسىز ئۆيدە بىرلا كارىۋات بولۇپ ، مېيىت ئاق رەخت بىلەن يېپىپ قويۇلغانىدى . تۇردى ئوسمان ئېھتىيات بى-لەن يېقىن كېلىپ ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئاچتى . كارىۋاتتا ئۇخلىغىدا ياتقان ياسىنجان ۋالىينىڭ چىرايى خۇددى بىرى كېلىپ گېلىدىن بوغۇپ قىينىغاندەك تاتىرىپ ئېچىنىشلىق ھالەتكە كېلىپ قالغا-نىدى . كۆزىنىڭ ئەتراپى ، ئاغزىنىڭ چۆرىلىرى قارىداپ كۆكى-رىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ كالپۇكلىرى يېرىم ئېچىقلىق بولۇپ نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ ئۈلگۈرەلمىگەندەك تۇراتتى . «خەقنىڭ رىزقىغا چاڭ سېلىپ مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ ، بۇرادەر ،— دېدى تۇردى ئوسمان ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە ، — سەن ئەسلىدە بۇ يەرگە كەلمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى ، ۋالىيلىق ئورۇن مېنىڭكى ئىدى ، مەن بۇ ئورۇن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىپ كۈتۈۋاتقانتىم ، لېكىن سەن بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ چاڭ سالدىڭ ، سەن ئۆزۈڭچە مېنىڭدىن كونا ئۆچۈڭنى ئېلىپ دەسسەپ - چەي-لەيمەن دەپ ئويلىغانتىڭ ، ئاخىرى نېمە بولدى ؟ ئۆزۈڭ تۈگەش-تىڭ ، ئائىلەڭ ۋەيران بولدى ، تۇردى ئوسمان بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغانىنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇ ، قېنى ئەمدى مەندىن كىم تالىشاركىن ؟… » ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ۋۇجۇدىغا شېرىن ، راھەت بىر سېزىم تارقالدى ، يۈرىكى ھاياجان بىلەن سوقۇپ كەتتى .

دالاندا بىرلىرىنىڭ گۇدۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئارقىدىن ئىشىكتە ئاتىكەمنىڭ گۆشلۈك يۈزى پەيدا بولدى .

— ھاشىم شىجاڭلار كەپتىكەن ، — دېدى ئۇ ئېھتىيات بىلەن .

— كىرسۇن ، كىرسۇن ، — دېدى ئۇ قولى بىلەن ئىشارەت

قىلىپ ۋە ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى .

مېھمانخانىغا ھاشىم باشلىق بىرنەچچەيلەن خۇشامەت بىلەن ئېگىلىپ كىرىپ كەلدى . تۇردى ئوسمان ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئاتىكەمگە «گۆش سېلىڭلار» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى .

— بىزنىڭ ۋالىيدىن تازا تەلىيىمىز يوق ئىكەن ، — دېدى تۇردى ئوسمان چىرايىغا غەمكىن تۈس بېرىپ ، — ئابلىز ۋالىي ئىككى يىل تۇرمايلا يۆتكىلىپ كەتتى ، ياسىنجان ۋالىينى مۇشۇ يەرلىك بولغاندىن كېيىن خېلى ئىشلەيدىغۇ دېسەك ، بۇ ئادەممۇ مانا ئەسقاتمىدى . ئەمدى قانداقراق بىرى كېلەركىن ؟

— ئەمدىغۇ سىلى ۋالىي بولالا ؟— ھاشىم ئورنىدىن يېرىم كۆتۈرۈلۈپ دېدى ،— سىلى دېگەن ۋىلايەتنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىلا ، يۇقىرىمۇ بۇنى ئويلىشىپ كۆرەر ؟... ياسىن دېگەن ئاداش كېلىپ نېمە قىلىپ بەردى ؟ قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق ، خىزمەتلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى . ئۇ ئەسلىدە بۇ يەرگە كونا ئۆچىنى ئالغىلى كەپتىكەن...

— «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك دېگەن» شۇ ، — تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سامساق — تۇردى ئوسمانغا قاراپ قوشۇمچە قىلدى .

«ماۋۇنىڭ دەۋاتقان گېپىنى؟ نەچچە ۋاقىتتىن ياسىننىڭ قولتۇقىدىن چىقماي يۈرەتتىڭ ، خوجايىنىڭ ئەسقاتمىدىمۇ ؟ توختاپتۇر ، سەن چوقۇردىن ئالدىرىماي ھېساب ئالىمەن... » تۇردى ئوسمان ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى .

— تۇردى شۇجى ! — دېدى ھاشىم ئۆرە بولۇپ ، — ياسىن دېگەن بۇ نېمىنىڭ جازاسىنى خۇدايىم ئۆزى بەردى . بۈگۈن بېشىمىزدىن بىر تاغنى يۆتكىۋەتكەندەك بولدۇق . بىز مۇشۇ خۇشاللىقنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ سۈرەيلى دەپ كەلدۇق ، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا ، — ئۇ يېنىدىكى سومكىسىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى

ئېلىپ ئۇستەلگە قويدى .

— ھوي ، ھوي ، بۇ ئىشىڭلار بولمىدى ، — تۇردى ئوسمان بوتۇلكىغا قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى ، — مەن دېگەن مۇسىد- بەتلىك ، بۇنداق قىلساڭلار قانداق بولىدۇ ؟

— ئەمدى… تۇردى شۇجى ، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ ، — دېدى سامساق چۇجاڭ ، — بىزنىڭ ئويىمىز ئۆزلى- رىنىڭ قارىسىنى ئۇشتۇپ قويايلى دەپ…

— بۇ كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت ، لېكىن ماۋۇ ئۇسسۇزلۇقنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىڭلار بولماپتۇ… مېنى ئۇنچىۋالا كەمىبەغەل كۆرۈپ كەتمەڭلار ، ئۆيدىمۇ ئاز - تولا بىرنېمىلەر چىقاتتى .

— ئەمدى سىلى ئىچمىگەندىن كېيىن ساقلىمايدىغۇ دەپتۇق .

— تېخى ئۇنچىۋالا سوپى بولۇپ كەتمىدۇق .

— مۇنداق دېسىلە ، شۇجى…

تۇردى ئوسمان ئورنىدىن قوپماي تۇرۇپ ئاتىكەمنى چاقىردى .

— ئىشكاپقا قاراپ بېقىڭلا ، ئاچچىقسۇدىن باردۇ - ھە ؟— دېدى ئاتىكەمگە .

ئېرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن ئاتىكەم بېشىنى چايقىدى :

— سىلىگە دوختۇر نېمە دېدى ، ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ ؟

تۇردى ئوسمان مېھمانلارغا قاراپ بوينىنى قىستى .

— بىزنىڭ مۇدىر مۇشۇنداق قاتتىق باشقۇرىدۇ ئەمەس- مۇ ؟— دېدى ئۇ كۈلۈپ ، ئاندىن ئاتىكەمگە ئۆرۈلۈپ ، — ماڭا قاراڭلا ، مەن ئىچمەيمەن ، ماۋۇ ئاغىنىلەر ئۇساپ كىرىپتۇ ، ئۇنداق قىلماي ماڭا يۈز بېرىڭلا !

— ئاتىكەم مۇدىر بۇنداق ئەمەستى ، — دېدى ھاشىم ئارىغا كىرىپ ، — قوشنىلىرىنىڭ خۇيى يۇقتۇمۇ نېمە ؟

— ئاتىكەم مۇدىر ئۇ ياقنى دورىمىسۇن جۇمۇ ! — سامساق

چۆجاڭ گەپ قىستۇردى .
بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاتىكەمنىڭ قاشلىرى سوزۇلدى :
— ئۇنداق چوڭ شەھەرنىڭ چوكانلىرىنى بىز دورىيالماي-مىز ، — دېدى ئۇ دىمىغىنى قېقىپ تۇرۇپ ، — ئۇنى دورىغانلار-نىمۇ كۆرۈۋاتىمىز .
سامساق چۆجاڭنىڭ چوقۇر يۈزى دەرھال قىزىرىپ ، كەينى-دىن تامدەك تاتىرىپ كەتتى . ئاتىكەم بۇ گەپنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېيتقانىدى . چۈنكى ، سامساق چۆجاڭنىڭ ئايالى بۇھەجەر چىمەن-گۈلنىڭ چېيىدىكى ئاياللارنىڭ بىرى ئىدى . چىمەنگۈل بىلەن نۇرىمان قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ، ئۇ ئاغرىپ بالنىستتا يېتىۋا-تاتتى ، ئۇمۇ ئاتىكەمنىڭ ئورنىنى تالىشىۋاتقانلارنىڭ بىرى ئىدى··· تۇردى ئوسمان ئاتىكەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ياي-راپ كەتتى . «ھە ، تويدۇڭمۇ چوقۇر ، قالغىنىنى كېيىنچە مەن-دىن كۆرىسەن ، مەن ھەممىڭلارنى كۆرۈپ قويدۇم ، كىمنىڭ ماڭا سادىق ئەمەسلىكىنى تارازىغا سېلىپ ئايرىپ قويدۇم ، ئاۋۋال مېنىڭ قولۇمغا ۋالىيلىق كىرسۇن ، ئاندىن كېيىن ھېساب - كىتابنى بىر - بىرلەپ قىلىشىمىز···»
ئاتىكەمنىڭ گېپى بىلەن ئوتتۇرىغا چۈشكەن ئوڭايسىزلىقنى يەنە تۇردى ئوسمان ئۆزى ئوڭشىدى .
— ئاتىكەم مۇدىر ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى زادى ياندۇرۇپ باقمىغان ، — دېدى ۋە ئاتىكەمگە قاراپ چاندۇر-ماي ئالايغانىدى ، ئېرىنىڭ ئەلپازىنى سەزگەن ئاتىكەم دەرھال يۇمشىدى - دە :
— مانا ھازىر ، — دېگىنىچە نېرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى .
تۇردى ئوسماننىڭ بىر ئادىتى بار ئىدى . ئۇ ئەزەلدىن ئۆزى-دىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەرگە ھاراق قۇيۇپ خىزمەت قىلمايتتى ، بۈگۈن ئۇ بۇ ئادىتىنى بۇزدى . ئۇ بوتۇلكىنى ئالدىغا تارتىپ رومكىلارغا تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ قۇيۇپ ، مېھمانلارغا تۇتتى .

ئۆزى بىر رومكىنى قولىغا ئېلىپ قەدەھ سۆزى قىلدى :
— ئاغىنىلەر ،— دېدى ئۇ دائىم ئادەتلەنگەن سۆزىنى ئىشلە-
تىپ ، — بۇ هاراق دېگەننى ، بىرى ، خۇشاللىق ئۈچۈن ؛ يەنە
بىرى ، قايغۇنى يۇقىتىش ئۈچۈن ئىچىدىغان گەپ . بۈگۈن بىزگە
قايغۇلۇق كۈن ، بىز ياخشى بىر يولداشتىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ
قالدۇق . بەزى يولداشلار ئۇنى - بۇنى دېدى ، لېكىن ياسىنجان
ۋالىي ۋىلايىتىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى ، بۇ-
نىڭدىن كېيىنمۇ قىلماقچى ئىدى . لېكىن ئەجەل يول قويمىدى .
بىز بۇنىڭغا قاتتىق قايغۇرۇۋاتىمىز ، لېكىن قايغۇ بىلەنلا ئىش
تاڭ ئاتمايدۇ ، بىز هاياتلار قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ ، ئۇنىڭ
تېخى قىلىپ ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كې-
رەك . مەن شۇنىڭغا مۇشۇ رومكىنى رەهمەتلىكنىڭ روهىغا ئاتاپ
ئىچسەك دەيمەن !
بىر بوتۇلكا ئىچىلگەندىن كېيىن كەيپىيات باشقىغا ئۆزگەر-
دى . ئۆپكىدەك قىزارغان هاشىم ئورنىدىن قوپتى :
— ياسىن دېگەن قانچىلىك نېمىتى ؟ — دېدى ئۇ قولىنى
پولاڭلىتىپ ،— ئۆز ۋاقتىدا تاشيولدا شېغىل تاسقاپ يۈرگەن
ئەبگار ئىدى ، تۇردى شوجى دېگەن ئۇ چاغدا بىر ناهىيىنى باشقۇ-
رۇۋاتقان مۇدىر ئىدى . ئۇنى ۋالىي قىلىپ قويغان ئاۋۇ خوتۇنى ،
شۇڭا خوتۇنىنىڭ سىزىقىدىن چىقالماي كەتتى··· خۇدايىمنىڭ
كۆزى بار ئىكەن ، ئۆزى جاجىسىنى بەردى ، ئاغىنىلەر ، ۋالىيلىق-
نى تۇردى شوجىدىن بۆلەك هېچكىم ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ جۇمۇ !
قېنى ، تۇردى ۋالىي ئۈچۈن ئىچەيلى !
— ماۋۇ جىك گەپ بولدى .
— ياشىسۇن تۇردى ۋالىي !
«هۇررا» ساداسى ئۆينى بىر ئالدى ، تۇردى ئوسمان قولىنى
كۆتۈردى :
— ئاغىنىلەر ، بۇنداق دېمەڭلار ، تەشكىل تېخى نېمە دەيدۇ ؟

— ئەمدى سىلى چوقۇم بولىلا !
— سىلىدىن بۆلەك كىم بار ؟
— ئاڭلىساق ، لى شۇجىمۇ سىلىنى كۆرسىتىپتۇ...
— «بوستان» لىقلارمۇ سوراپ بولدى ئەمدى...
— بىرىنچى بولۇپ تۇرغۇننى يوقىتىش كېرەك !...
سامساق چۇجاڭ بىر رومكا هاراقنى كۆتۈرۈپ تۇردى ئوسمانىڭ يېنىغا كەلدى :
— تۇردى شۇجى !— دېدى ئۇ خۇشامەت بىلەن ئېگىلىپ ،— سىلى بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە ئىشلەپ كەپتىمەن ، سىلى دېگەن مېنى ئۆزلىرى تەربىيىلەپ ئۆستۈردىلە ، مەن سىلىنىڭ غەمخورلۇقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم... ياسىنجان ۋالىي مېنى سىلىنىڭ ئادىمى دەپ چەتكە قېقىپلا كەلدى ، بۇ ئادەم بەك يۇرتۋاز ، مەزھەپچى ئىكەن ، بەزى كادىرلارنى ئۆستۈرۈشكە مەن قوشۇلمىغان ، قارىسىلا...
«يالغانچىلىقنىڭ چىرايىڭدىن چىقىپ تۇرىدۇ ، خوتۇنۇڭ ئىككىڭنىڭ كۆن ئارىلاپ داستىخان كۆتۈرۈپ ياسىننىڭ ئۆيىگە سوكۇلداپ كىرىشكىنىڭنى كۆرمىدى دەۋاتامسەن ! سەن ئۆزۈڭچە مېنىڭ ئورنۇمنى كۆزلىگەنىنىڭ ، ئاۋۇ بۇھەجەر دېگەن جالىپىڭنى ئاتىكەمنىڭ ئورنىغا ئۆستۈرمەكچى بولۇشتۇڭ ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋىرىمىز بار . سەن ئەمدى مۇشۇ ئورنىڭدا تۇرالامسەن ، يوق ؟ تېخى قاراپ باقمىز ، بىكار ئاۋارە بولما !...» تۇردى ئوسمان ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈپلا قويدى .
تۇردى ئوسمان توسۇغانىغا قارىماي ئىچىۋەردى . دەرۋەقە ، ئۇ بۇگۈن ئىچمەي قاچان ئىچىدۇ ؟ ئۇ بۇگۈن خۇشاللىق ئۈچۈن ئىچىۋاتىدۇ . «خۇشاللىق ئۈچۈن ئىچكەن ھاراق ئاسان مەست قىلمايدۇ» دەۋاتاتتى ، راست ئوخشايدۇ . مانا ئارقا ـ ئارقىدىن بەش ـ ئالتە رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى ، لېكىن ھوش ـ كاللىسى جايىدا . ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن مۇشۇلار بىلەن تازا

ئىچكەنىدى . ئۇ ئابلىز ۋالىي يۆتكىلىپ كەتكەن كۈن ئىدى . مېھمانلار «ئەمدى تۇردى ئوسمان ۋالىي بولىدۇ !» دەپ تەبرىكلەشىپ كەلگەنىدى . لېكىن ئۇ كۈنكى ئولتۇرۇش ياراشمىدى ، نەچچە كۈن ئۆتۈپ ھېچكىم كۈتمىگەن يەردىن ۋىلايەتكە ئۇنىڭ ئەشەددىي رەقىبى ياسىنجان ۋالىي بولۇپ كەلسە بولىدۇ ، شۇنىڭدىن بۇيان تۇردى ئوسمان بۈگۈنكىدەك كۆڭلى يايراپ خۇش بولمىدى . ئىككى يىلنى ئاچچىق ھەسرەت ، خاپىلىقلار بىلەن ئۆتكۈزدى . لېكىن ، ئۇ ئۈمىدىنى ئۈزۈۋەتمىدى ، چىدام بىلەن كۈتتى . مانا ، ئۇ تەقەززا بولۇپ كۈتكەن كۈنمۇ ئاخىرى كەلدى ، ئۇنىڭ ئۈچۈن زۇلمەت تۈيۈلغان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى . ئەمدى ئۇنىڭ يايرايدىغان دەۋرى كەلدى… تەقدىر ، قىسمەت دېگەن مانا شۇنداق بولىدىكەن…

مېھمانلار يېرىم كېچىگىچە ئىچىشىپ ئولتۇرۇشتى ، يۈرەك سۆزلىرىنى ، قەلبىنى ئىزھار قىلىشتى . تۇردى ئوسمان ئىچىۋېرىپ ئاخىرى مەست بولۇپ قالدى . ئۇزۇندىن بۇيان ئىچمىگەچكىمۇ ھاراق ئۇنى ئاخىرى ئېلىپ قويدى . ئۇ ھاشىم باشلىق ئىككىسىنىڭ ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ ياتاق ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇشقانلىرىنى پەقەتلا تۇيمىدى .

تاڭغا يېقىن ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى . ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا سەپسالدى . ئۆي ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى . ئۇ ئۇسساپ ئاغزى قۇرۇپ كەتكەنىدى ، بېشى بولسا تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى . ئۇ يېنىغا قارىدى ، كارىۋات بوش ، ئاتىكەم يېنىدا يوق ئىدى . ئۇ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى ، چىراغنى يېقىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى ، لېكىن ئىچكۈدەك بىر نەرسە كۆرۈنمەيتتى . «كالىۋا !… دۆت ! — تۇردى ئوسمان ئىچىدە ئايالىنى تىللىدى ، — ساڭا ئۆگىتەلمەيلا ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتىغۇ ؟… توختاپتۇر ، ئاۋۋال ۋالىي بولاي ، ئاندىن سېنىمۇ ئويلىشىپ كۆرىمىز… » ياندىكى ئۆيدىن خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى ، ئۇ يىرگەن-

گەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى .

ئۇ ئاشخانىغا چىقماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ، تۇردىيۇ ، بېشى «پىررىدە» پىرقىراپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى . ئۇ ھاۋادا لەيلەپ قالغاندەك بولدى . شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى ئۇقمىدى .

ئۇ دوختۇرخانىدا ئېسىگە كەلدى . ئۇنىڭ بېشىدا ئاتىكەم يىغلاپ ئولتۇراتتى . تۇردى ئوسمان گەپ قىلماقچى بولۇپ تەمەشەلگەن ئىدى ، لېكىن ئاغزى ھەرىكەتكە كەلمىدى . ئۇ قولىنى كۆتۈرمەكچى بولدى ، لېكىن قولىمۇ ھېچ نەرسىنى سەزمەيتتى ، ئۇ بەدىنىنى مىدىرلىتىپ كۆردى ، ئوڭ پۇتى ياغاچتەك قېتىپ تۇراتتى . تۇردى ئوسمان چۆچۈپ كېتىپ ئاتىكەمگە ئىشارەت قىلدى :

— ھاراقنى ئىچمىسلە دېسەم ئۇنىمايلا ، مانا شۇنىڭ خۇلاسىسى چىقتى ، — دېدى ئاتىكەم يىغىن كېلىپ ، — ھېلىمۇ دوختۇرلار قۇتقۇزۇپ قالدى ، مېڭىلىرىگە قان قۇيۇلۇپتۇ...

تۇردى ئوسمان يەنە گەپ قىلماقچى بولۇپ كۈچىنىپ كۆردى ، لېكىن تىلى قېتىپ قالغاندەك ھەرىكەتكە كەلمىدى . «مەن نېمە بولدۇم ؟ — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن ،— تېخى تۈنۈگۈنلا ساپساق ئىدىمغۇ ، ۋالىيلىق ئۇستەل مېنى كۈتۈپ تۇراتتىغۇ ، مەن راستىنلا پالەچ بولۇپ قالدىمۇ ؟ ماۋۇ قىسمەتنى كۆرمەمدىغان ، ئەمدى مەندەك پالەچنى ھۆكۈمەت ۋالىي قىلامدۇ ؟ ھەي ، ئاتىكەمنىڭ گېپىگە كىرسەم بوپتىكەن ، ئەمدى مۇشۇنىڭ قولىغا قاپتىمەن - دە ؟...»

ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى . ئەلەم ، پۇشايمان يۈرىكىنى چوغ بولۇپ كۆيدۈرمەكتە ئىدى . ھېلىدىن - ھېلى كۆز ئالدىغا ياسىنجان كېلەتتى . ئۇستىدە ئاق كېپەن ، چىرايى سۇرلۇك ياسىنجان ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ : «بۇرادەر ، سەن بەك بالدۇر خوش بولۇپ كەتتىڭ ، مانا ساڭىمۇ تەگمەيدىغان بولدى ، بىلەمسەن ، ئەسلىدە

ھەر ئىككىمىزگە بىۋنى بىۋيرۈمىغان ئىكەن ، تەقدىرگە تەن بېرەيلى… »

تۇردى ئوسمان چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى ۋە بېشىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشقان ئەنۋەر بىلەن گۇلشەننى كۆردى .

## 36

شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى تاغ باغرىدا «ئاقتاش» دەپ ئاتىلىدىغان قاقاس سايلىق بار ئىدى . گىياھ ئۈنمەيدىغان بۇ يەرنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھۆكۈمەت قەبرىستانلىق قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن ، بۇ يەر ئاۋاتلىشىپ كەتتى . شەھەردىن قەبرىستانلىققا بارىدىغان ئاسفالت يول ياسالدى ، تۇرۇبا بىلەن سۇ ئاچىقىپ كۆچەتلەر تىكىلدى ، قەبرىستانلىققا قارايدىغان ئادەملەر قويۇلدى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، كىشىلەر قەبرىگە ئالاھىدە ئىشلەيدىغان بولۇپ كەتتى . بەزىلەر تۆمۈردىن رىشاتكا چۆرۈپ ، قەبرە بېشىغا تاش قويىدىغان ، يەنە بەزى قول ئىلكىدە بار بايلار شام گۈر ياسىشىپ گۈمبەز قاتۇرىدىغان بولۇپ كېتىشتى . ئاشۇ ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنىڭ يېنىدا يېقىندا يېڭى بىر قەبرە پەيدا بولدى . ئاددىيلا سېمونت بىلەن قاتۇرۇلغان قەبرىنىڭ پېشانىسىگە قويۇلغان ئاق تاشقا «بۇ يەرگە مەرھۇم ياسىنجان ئۆمەر دەپنە قىلىندى» دېگەن خەتلەر ئويۇلغانىدى .

بۇ قەبرىنىڭ بېشىغا پات - پاتلا كىچىك ماشىنىدا ئىككى ئايال بىلەن ياش بىر يىگىت چىقىدۇ . ئاياللارنىڭ بىرى چېچى كۈمۈشتەك ئاقارغان ھاسىلىق موماي ئىدى . يەنە بىرى يېشى ئەللىكلەردە بار بوغداي ئۆڭ ، ئوتتۇرا بوي ئايال ئىدى . موماي قەبرىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆزى بىلىدىغان ئايەتنى شىۋىرلاپ ئوقۇپ بولۇپ ئۆزۈندىن - ئۆزۈن دۇئا قىلىدۇ ، ئاندىن ئۇلار ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ .

بۈگۈنمۇ ئوتتۇرا ياش ئايال بىلەن يىگىت مومايىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ قەبرە بېشىغا كەلدى . مومايىنىڭ پۇت - قولى تىترەپ ھاسىراپ كەتكەنىدى ، ئايال ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ :

— ئانا ، بىردەم دەملىرىنى ئېلىۋالسىلا ، — دېدى .

موماي يىگىت سېلىپ بەرگەن گىلەمگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . ئۇ خېلىغىچە دېمىنى رۇسلىيالمىدى ، بىرھازادىن كېيىن «ئۇھ» دەپ يىنىك تىنىپ ، ئاندىن پىچىرلىغىنىچە ئايەتنى ئوقۇدى . تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ قالاتتى ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى . ئۇ ئايەتنى تەستە تۈگىتىپ دۇئا قىلىپ بولۇپ يېنىدىكى ئايالغا ئۆرۈلدى :

— ھەلىمە بالام ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ ، — مېنىڭمۇ رىزقىم توشۇپ قېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ .

— ئۇنداق دېمىسىلە ، ئانا…

— يېقىندىن بۇيان ، ياسىنجان چۈشۈمگە تولا كىرىدىغان بولۇپ كەتتى . كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ ، مېنى يېنىغا چاقىرىۋاتىدۇ… ناۋادا ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ كۆز يۇمسام ، مېنى مۇشۇ بالامنىڭ يېنىغا قويۇڭلار ، مەن ئۇ دۇنيادا بولسىمۇ ھەمراھ بولاي… ئەنۋەر بالام ، سەنمۇ ئاڭلاپ قوي !…

— ئاڭلىدىم ، چوڭ ئانا…

— مەن سىلىدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى ، بالام ، — دېدى ئۇ ئايالغا قاراپ ، — كېلىنلىكنى يەتكۈزدىلا… ياسىنجان ئۆز ۋاقتىدا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىگەن بولسا بۇ كۈنمۇ يوق ئىدى . بۇمۇ قىسمەت… ئاندىن يەنە بىر گېپىم… ، — دېدى ئۇ سەل توختاپ دېمىنى ئېلىۋېلىپ ، — ياسىنجاننىڭ ئىككى بالىسى ئەنۋەر بىلەن ئاسىيە قالدى ، ئاسىيە بۈگۈن ئىشلىگەچكە دادىسىنىڭ بېشىغا چىقالمىدى . سىلىدىن ئۆتۈنىدىغىنىم ئاشۇ قىزغا بۇنىڭدىن كېيىن ئانا بولۇپ ئۆتسىلە…

— ئانا ، خاتىرجەم بولسىلا…
— رەھمەت ، بالام …
ئىككى ئايال سۈرلۈك قەبرىستانلىقتا ئۈزۈندىن - ئۈزۈن مۈگدىشىپ ئولتۇرۇشتى…

2005 - يىل ، دېكابىر

**图书在版编目(CIP)数据**

命运：维吾尔文 /阿力木江·斯马义著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2007.3
ISBN978— 7—5371—4699—9

Ⅰ.命… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第037759号

责任编辑：尼加提·穆合力斯
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

**命运**（维吾尔文）
（长篇小说）
阿力木江·斯马义　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　14.375印张
2007年3月第1版　2007年3月第1次印刷
印数：1—4060

ISBN978－7－5371－4699－9　定价：25.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换